ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان
# ئەدەبىيات تارىخى



شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى(W)
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك
ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان
ئەدەبىيات تارىخى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى(W)
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇراخمان ئابلىز



ISBN 7-5372-3427-2
ISBN 7-5372-3427-2
G·165(维课) 定价 38.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالىي مەكتەپلەر ئۇچۇن دەرسلىك

# ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى
ئالىي مائارىپ باشقارمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتتى

تۈزگۈچى: ئازاد سۇلتان
كېرىمجان ئابدۇرېھىم

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔当代文学史/阿扎提・苏里坦,克力木江・阿布都热衣木编著. —乌鲁木齐:新疆科技卫生出版社(W),2002.9
ISBN 7 — 5372 — 3427 — 2

Ⅰ.维... Ⅱ.①阿... .②克... Ⅲ.维吾尔族—少数民族文学—文学史—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I207.915

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第073007号

审　　定: 吐尼牙孜・阿比地
责任编辑: 伊布拉音・哈木都拉
责任校对: 阿达来提・亚合甫

# 维吾尔当代文学史

阿扎提・苏里坦,克力木江・阿布都热衣木　著

新疆科技卫生出版社(W)
(乌鲁木齐市龙泉街66号,邮政编码:830001)
新疆大学出版社
(乌鲁木齐市胜利路14№号,邮政编码830046)
新疆金光印务有限公司印刷
787×1092毫米　1/16　印张: 23.75
2002年9月第1版　2002年9月第1次印刷
印数: 0001 — 2500册

ISBN 7 — 5372 — 3427 — 2/G・165
(维课) 定价: 38.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئۇزاق تارىخقا، مول ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتكە، ناھايىتى كەڭ تەسىرگە، شۇنداقلا قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈردى. شۇنداقتىمۇ ئاز بولمىغان ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى يەنە بىر ئالتۇن دەۋر بولۇپ قالدى. ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىجادىيەتنىڭ خاراكتېرى، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ـ شەكىللىرى جەھەتتە روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، تارىخىي يوسۇندا تەتقىق قىلىش، باھالاش — نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلاندى.

بولۇپمۇ مىللىي ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن بىرگە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت دۆلەت دەرىجىلىك يەن قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە يەن تەتقىقاتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق يەن تۈرلىرىدىن بولۇپ قالدى. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» قاتارلىق يەنلەر ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ نۇقتىلىق يەنلىرىدىن، چوقۇم ئوقۇيدىغان دەرسلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئەمما ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر دەرسلىك كىتابلار كەم بولۇپ كەلدى. مانا مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىز كۆپ يىللىق ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات جەريانىدا توپلىغان ماتېرىيال ۋە تەجرىبىلەر ئاساسىدا ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق بۇ دەرسلىكنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈپ چىقىپ، كەسىپداش ئۇستازلارنىڭ ۋە ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق. بۇ كىتاب دەرسلىك نۇقتىسىدىن مۇشۇ ساھەدىكى تۇنجى سىناق

بولغانلىقى ئۈچۈن يېتەرسىزلىكلەرگە يول قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، كىتابنىڭ كېيىنكى نەشرلىرىدە تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرسىزلىكلەر، كەمچىلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

هۆرمەت بىلەن: ئازاد سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم

2001 - يىل 10 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


I باب «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................................ 1
§ 1 . «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» چۈشەنچىسى.................. 1
§ 2 . ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى .............. 3
§ 3 . ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ......... 6
II باب 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى .................. 9
§ 1 . قىسقىچە بايان ........................................ 9
§ 2 . نىمشېھىت ........................................ 15
§ 3 . تېيىپجان ئېلىيوپ ........................................ 28
III باب 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتى ........................ 41
§ 1 . قىسقىچە بايان ........................................ 41
§ 2 . زۇنۇن قادىرى........................................ 54
IV باب «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ۋە «ئۆتكۈنچى» باسقۇچتىكى ئەدەبىيات ........................................ 63
§ 1 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................................ 63
§ 2 . «ئۆتكۈنچى» باسقۇچتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە قىسقىچە بايان ......... 66
§ 3 . قەييۇم تۇردى ........................................ 70
V باب يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى(1) ........................ 77
§ 1 . قىسقىچە بايان ........................................ 77
§ 2 . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ........................................ 80
§ 3 . ئەھمەد زىيائى........................................ 97
§ 4 . ئابدۇكېرىم خوجا ........................................ 111
§ 5 . مۇھەممەتجان سادىق ........................................ 117
§ 6 . بوغدا ئابدۇللا ........................................ 126
VI باب يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى (2) ........................ 141
§ 1 . قۇربان بارات........................................ 141
§ 2 . ئوسمانجان ساۋۇت........................................ 148
§ 3 . ئىمىن ئەخمىدى ........................................ 158
§ 4 . مۇھەممەتجان راشىدىن ........................................ 165

§5 . روزى سايىت ............ 172
VII باب يېڭى دەۋردىكى پروزا ئىجادىيىتى (1) ............ 180
§1 . قىسقىچە بايان ............ 180
§2 . زوردۇن سابىر ............ 184
§3 . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ............ 198
§4 . خېۋىر تۆمۈر ............ 206
§5 . ئەخەت تۇردى ............ 213
§6 . جالالىدىن بەھرام ............ 221
VIII باب يېڭى دەۋردىكى پروزا ئىجادىيىتى (2) ............ 225
§1 . مەمتىمىن هوشۇر ............ 225
§2 . مۇھەممەت باغراش ............ 235
§3 . خالىدە ئىسرائىل ............ 245
§4 . ئەختەم ئۆمەر ............ 254
§5 . توختى ئايۇپ ............ 263
§6 . ئەبەيدۇللا ئىبراهىم ............ 274
§7 . نۇرمۇھەممەت توختى ............ 279
§8 . ئابدۇللا ساۋۇت ............ 289
IX باب ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان دىرامىچىلىقى ............ 294
§1 . قىسقىچە بايان ............ 294
§2 . مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ............ 300
§3 . تۇرسۇن يۇنۇس ............ 308
§4 . تۇرسۇنجان لېتىپ ............ 315
X باب ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان نەسرچىلىكى ............ 329
§1 . قىسقىچە بايان ............ 329
§2 . ئەخمەت ئىمىن ............ 337
XI باب ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ............ 350
§1 . قىسقىچە بايان ............ 350
§2 . مۇھەممەت پولات ............ 364

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

# I باب «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ھەققىدە قىسقىچە بايان

## 1 § . «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» چۈشەنچىسى

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى — 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنگىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىدۇ.

XX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل چوڭ ئۆزگىرىشلەر، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان يېڭىلىقلار، ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرى، باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ قىسمەت ـ سەرگۈزەشتىلىرى، ئارزۇ ـ ئارمان، ھېس ـ تۇيغۇلىرى شۇنداقلا ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلىرى بۇ ئەدەبىياتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بۇ يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىيات ئەمەلىيەتتە خەلقىمىز ھاياتىنىڭ مۇشۇ يېرىم ئەسىردىكى بەدىئىي خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى — بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئادەتتە ئۈچ چوڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن. 1 ـ باسقۇچ: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» باسقۇچى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا يازما ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەن ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇن بىر مەزگىللىك ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەدەبىيات تارىخى ئۇزۇن، مەشھۇر ۋەكىللىرى، كلاسسىك ئەسەرلىرى كۆپ، شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان، دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، لىرىكا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئەدەبىيات بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەسىرى ناھايىتى چوڭ. 2 ـ باسقۇچ: «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» باسقۇچى بولۇپ، بۇ ئەدەبىيات XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەدەبىيات رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، ئەدەبىي شەكىللەر كۆپ خىللاشقان، خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ـ ئازادلىققا بولغان تەلپۈنۈشى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىيات

بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئەدەبىيات كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى باغلاشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ناھايىتى ئۇنۇملۇك ئارتقۇرغان «ئۆتكۈنچى دەۋر» ئەدەبىياتىدۇر. 3 ـ باسقۇچ: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» باسقۇچى بولۇپ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تەخمىنەن 50 يىللىق ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەدەبىيات تەرەققىيات مۇساپىسى ئەگرى ـ توقاي، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي كۈرەش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، ئىزدىنىش روھىغا باي، ئەدەبىي ژانىر ـ شەكىللىرى نىسبەتەن مول، پروزىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى زور، يېڭى ئەدەبىي شەكىللەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن، ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر قىزىغان ئەدەبىيات بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىي مەنبەسى جەھەتتىن ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى راۋاجى ۋە داۋامى؛ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنبەسى جەھەتتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ۋە مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئىنكاسى؛ خاراكتېرى جەھەتتىن، سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە مىللىي ئەدەبىيات؛ ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن قارىغاندا، رېئالىزمنى ئاساس، رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشنى قوشۇمچە، مودېرنىزمنى ئۆزلەشتۈرۈشنى سىناق قىلغان كۆپ قاتلاملىق ئەدەبىيات.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەرەققىيات مۇساپىسى ئەگرى ـ توقاي، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى گەۋدىلىك، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلىي مەسىلىلىرى كۆپ، ئىجادىيەت ھادىسىلىرى نىسبەتەن مۇرەككەپ بىر ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن، بولۇپمۇ بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئەدەبىياتشۇناسلىق جەھەتتىنمۇ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش جەھەتتىنمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» پەن نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان، باھالايدىغان بىر خىل ئەدەبىياتشۇناسلىق پېنى. ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش، باھالاش بىلەن ئۇنى ئادەتتىكى ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش، باھالاش خېلى روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تارىخىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، باھالىغاندا ئەشۇ ئەدەبىيات ھادىسىسى مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شارائىتقا قويۇلۇپ، شۇ تارىخىي شارائىتتىكى سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئەدەبىيات مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقى، قوشقان تۆھپىسى، ئەدەبىيات تارىخىدىكى قىممىتى، ئورنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن شان ـ شەرىپى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مۇشۇ ئاساستا باھالاش ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا، تارىختىكى ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىنىدۇ ۋە باھالىنىدۇ. بۇنداق تەتقىقات ئادەتتىكى تەنقىدچىلىكتىن، ئوبزورچىلىقتىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئادەتتىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن بىر ئالاھىدىلىكى دەل مانا مۇشۇ.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى تارىخىي نۇقتىسىدىن، يەنى ئەدەبىيات تارىخى ئىلمى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىشقا، باھالاشقا ۋە ئوقۇتۇشقا بولامدۇ ـ يوق؟ بەزىلەر «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» تېخى داۋاملىشىۋاتقان، ئاخىرلاشمىغان ئەدەبىيات، شۇڭا

ئۇنى رېئال ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە كۆرۈپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ باھالاشقا بولسىمۇ، ئەدەبىيات تارىخى ئىلمى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، باھالاشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراشنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى يوق ئەمەس. ئەمما ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تەخمىنەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى، ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى، نۇرغۇن يازغۇچى ـ شائىرلاردىن تەشكىل تاپقان ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنى ياراتتى، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگە ئىگە بولدى، مۇشۇ جەرياندا يەنە ھەر خىل ئەدەبىيات خاھىشلىرى پەيدا بولدى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىنىڭ نىسبەتەن ئورتاق بولغان ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى ياراتتى. يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلگىنىمىزدىن بېرى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخقا ئايلاندى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى 50 يىلدا ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئەدەبىيات تارىخىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ 50 يىللىق ئەدەبىياتنى بىر ئالاھىدە ئەدەبىيات تارىخى دەۋرى دەپ قاراشقا، ئۇنى ئەدەبىيات تارىخشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، ئەشۇ تەتقىقاتلار ئارقىلىق مۇشۇ يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىياتنى تارىخىي يوسۇندا تامامەن بولىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ناھايىتى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى.

بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزنىڭ ئەدەبىياتى بولغاچقا، ئۇنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەر بار. يەنى ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بىزگە ناھايىتى تونۇشلۇق، بۇ ئەدەبىياتنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بولغان كۆپلىگەن يازغۇچى ـ شائىرلار تېخى ھايات، ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى بار، ئەسەرلەر نىسبەتەن تولۇق، يازغۇچى، ئەسەرلەر ھەققىدىكى باھالارنى دائىم ئاڭلاپ تۇرغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پايدىلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنى تارىخىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، باھالاش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر بۇ ئىشقا سەل قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلانمىغان بولۇپ قالىمىز.

## 2 § . ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مۇنداق بىرقانچە تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى.

1. 17 يىللىق ئەدەبىيات باسقۇچى بولۇپ ،بۇباسقۇچ ئادەتتە 1949 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 17 يىللىق ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچ ئادەتتە 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئىجادىيەت باسقۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ باسقۇچ ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى، شۇ

يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق زور تارىخىي ۋەقەلەر تەبىئىي رەۋىشتە شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى بىر بەت ئاچتى. شۇندىن تارتىپ ئۇيغۇرلار يېڭى بىر تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئازادلىق خەلقنى يېڭىچە ھاياتقا، يېڭىچە تۇرمۇشقا، يېڭىچە پىكىر ـ ئىدىيىگە ئىگە قىلدى. بۇنداق يېڭىچە ھايات، يېڭىچە تۇرمۇش يېڭىچە ئەدەبىياتنى تەقەززا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا پارتىيىنى، داھىينى، ئازادلىق ئارمىيىنى مەدھىيىلەشنى، خەلقنىڭ ئازادلىققا بولغان سۆيۈنۈشىنى، يېڭى جەمئىيەتتىن تاپقان خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشنى، كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىيەتنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى جەمئىيەتنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى، شۇنداقلا يېڭى جەمئىيەتتىكى يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت، يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، يېڭى جەمئىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، مىجەز ـ خاراكتېرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلدى. دەسلەپكى 17 يىللىق ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى مانا مۇشۇنداق دەۋر روھىغا باي، ئىلغار، ئاكتىپ، ئىنقىلابىي بولدى. نىمشېھىت، قۇربان ئىمىن، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ؛ زۇنۇن قادىرى، ئابلىمىت مەسئۇدى، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ؛ بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، زۇنۇن قادىرى قاتارلىق دراماتورگلارنىڭ بۇ مەزمۇنلاردىكى ئىجادىيىتى ناھايىتى ھوسۇللۇق بولدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، دەسلەپكى 17 يىللىق ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە نېمىنى يېزىشقا كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ، قانداق يېزىشقا ئانچە دىققەت قىلىپ كېتەلمىدى، يەنى مەزمۇن ئامىللىرىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، شەكىل ئامىللىرىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن «تۈگىمەس ناخشا»غا ئوخشاش شېئىرلار، «چېنىقىش»قا ئوخشاش ھېكايىلەر كۆپ بولمىدى. ئەمما شۇنى چوقۇم مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، دەۋر چەكلىمىسىگە، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىقلارغا قارىماستىن، بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىيات ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

17 يىللىق ئەدەبىياتتا ھازىرقى دەۋر باسقۇچىدىكى ئەدىبلەرنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ھاياتىغا ماسلىشىشى بىر ئەمەلىي مەسىلە بولدى. ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى گەۋدىلىك بولدى. گەرچە مەدھىيە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە تەنقىدىي ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا چىقىپ، بەلگىلىك تەسىرلەرنى قوزغىدى. بۇ باسقۇچتا يەنە ئەدەبىي شەكىللەر كۆپ خىللاشتى، پروزىنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق تۈرلىرى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بويىچە مۇھەببەت لىرىكىسى، ئىنتىم لىرىكىسى، تەبىئەت لىرىكىسى، سىياسىي لىرىكا، ھەتتا پەلسەپىۋى شېئىرلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى، داستانچىلىق جانلىنىپ، بىرقانچە مۇنەۋۋەر داستانلار ئىجاد قىلىنىپ، بۈگۈنكى دەۋر داستانچىلىقىغا ئاساس سېلىندى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئاز بولمىغان دراممىلار، نەسرلەر، كىنو سېنارىيىلىرى يېزىلدى.

2. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچ 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەخمىنەن 10 يىللىق ئەدەبىيات باسقۇچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرستىدۇ.

تەخمىنەن 1962 ـ، 1963 ـ يىللىرىدىن تارتىپلا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى سىياسىي كۆرەشلەر ئەۋج ئېلىپ، ئىلگىرىكى يىللاردا ياخشى يازغان يازغۇچىلار، ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەر تەنقىد قىلىنىشقا باشلىدى. ئەدەبىيات ساھەسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن بولسا، باش ـ ئايىغى چىقماس ناھەقچىلىقلار، زورلۇقلار، زىيانكەشلىك ـ سۈيىقەستلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ باسقۇچ ئۇيغۇر بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ يىللاردا زۇنۇن قادىرى، ئەھمەد زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوپقا ئوخشاش نۇرغۇن يازغۇچى ـ شائىرلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نىمشېھىتقا، روزى قاسىمغا ئوخشاش بىر تۈركۈم شائىر ـ يازغۇچىلار ھەتتا زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئىجادىيەتتە ئەركىنلىك بولمىدى، ئىجادىيەت ئۈچۈن ھېچقانداق مەتبۇئات سورۇنى بېرىلمىدى، ھەتتا ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ھېچقانداق بىر ئىجادىيەت ساھەسىدە ياخشىراق، يىرىكرەك ئەسەر مەيدانغا چىقمىدى. ئەدەبىيات ساھەسىدە سىنىپىي كۆرەش باشقا ساھەلەردىكىدىنمۇ بەك «قىزىپ» كېتىپ، ئەدەبىيات ئىشلىرى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولدى. شۇڭا، بىر قىسىم يوشۇرۇن ئىجادىيەتنى ۋە خاتىرە ـ قولىيازما ھالىتىدە مەخپىي تارقالغان ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يىللار ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەيدانغا چىقمىدى. پەقەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتىن تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بولسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋرلەر رېئاللىقىدا «ئەدەبىي ئەسەر» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بىر قىسىم ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولدى. بۇ باسقۇچتا خاراكتېر جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل ئىجادىيەت بار بولدى. بۇنىڭ بىر خىلى، شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ تەلىپى بويىچە يېزىلغان، ھەق ـ ناھەق ئايرىلمىغان، سىياسىي پۇرىقى كۈچلۈك، ھېچبىر ئەدەبىي قىممىتى بولمىغان ئىجادىيەت؛ يەنە بىرى، شۇ دەۋر ئېقىمىغا قارشى يېزىلغان، يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ھەق ـ ئادالەت قارىشى، ياخشى كۆنلەرگە بولغان تەلپۈنۈشى ئىپادىلەنگەن ئىجادىيەت. كېيىنكى خىل ئىجادىيەتتىكى ئەھۋال نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن، نىمشېھىتنىڭ شېئىرلىرىغا ئوخشاش ھەقىقەتەن شۇ دەۋر رېئاللىقىدا يېزىلغان، يەنە بەزىلىرى بولسا شۇ يىللاردىكى تەسىرات ـ تۇيغۇلار ئاساسىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن يېزىلغان.

3. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئەسىر ئاخىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 20 يىللىق ئەدەبىياتنى كۆرستىدۇ. 1976 ـ يىلى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدە تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە پايدىلىق شارائىت ھازىرلاندى. مۇشۇنداق ياخشى شارائىتتا ئەدەبىيات ئىشلىرىمۇ گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇ يېڭى تارىخىي شارائىتتا يولغا قويۇلغان ئىسلاھات ـ

ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇنداق دەۋر ئالاھىدىلىكى تەبىئىي يوسۇندا ئەدەبىياتىمىزدىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى ۋە ئەدەبىياتىمىزغا چەكسىز ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتىمىز يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا — گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ دەۋردە يازغۇچى ـ شائىرلار قوشۇنى تېز سۈرئەتتە زورىيىپ، تارىختىكى ئەڭ زور قوشۇنغا ئايلاندى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەندى، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئەدەبىي ژانىرلار تولۇقلاندى، پروزىچىلىق بارغانسېرى گۈللىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى، رومان ئىجادىيىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، «رومانچىلىق قىزغىنلىقى» شەكىللەندى. ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش خاھىشى كۈچىيىپ، «ئىزدەنمە ھېكايىلەر»، «گۇڭگا شېئىرلار» ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە پۈتۈن ئەدەبىياتقا تەسىر كۆرسەتتى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تېمىسى كېڭەيدى، مەزمۇنى چوڭقۇرلاشتى، ئىدىيىسى كۈچەيدى، بەدىئىي سەۋىيىسى ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن ئەسىر ئاخىرىدىكى بۇ بىر مەزگىللىك ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن ئەدەبىيات دەۋرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىجادىيەت ئەڭ گۈللەنگەن، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىر باسقۇچ بولدى. بۇ باسقۇچتا يازغۇچى ـ شائىرلار قوشۇنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زورايدى، ئەسەرلەرنىڭ سانىمۇ غايەت زور دەرىجىدە كۆپەيدى، ئەسەرلەر ئىچىدە مۇھىم، ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ سالمىقى ئاشتى. بۇ باسقۇچتا ژانىرلار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆپ خىللاشتى. پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز، ھوسۇلى مول بولۇپ، ئەدەبىياتتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، بولۇپمۇ رومانچىلىقتىكى قىزغىنلىق بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى شەكىللەندۈردى. شېئىرىيەتنىڭ ئورنىدا ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولدى، شېئىرىيەتكە بولغان قىزغىنلىق سۇسلاپ قالدى، يېڭىچە شېئىرىيەت ھادىسىسى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل مۇنازىرە قوزغىدى. درامىچىلىق بىر قېتىملىق دولقۇن پەيدا قىلغاندىن كېيىن قايتا كۆتۈرۈلۈش پەيدا قىلالمىدى. بازار ئىگىلىكى ۋە زامانىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىلىرى درامىچىلىقتا ئېغىر كرىزىس پەيدا قىلدى. نەسر ئىجادىيىتى رەسمىي ساھە بولۇپ شەكىللەندى ۋە گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈردى. كەڭ مەنىدىكى نەسر ئىجادىيىتى ئەسىر ئاخىرىدا شەكىللەنگەن مىللەت ۋە ئىللەت ھەققىدىكى ئويلىنىشقا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. قىسسەچىلىك، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىجادىيىتى بويىچىمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلدى. ئادەمنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ئىجادىيەتنىڭ سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئۇسلۇبى كۆپ خىللاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئەسىر ئاخىرىدىكى ئەدەبىيات بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر ئالتۇن دەۋرى بولۇپ قالدى.

## 3 § . ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىزچىل تۈردە ناھايىتى ئاجىز بىر ساھە بولۇپ كەلدى. بۇنداق ئاجىزلىق ئەدەبىيات ئىشلىرى ئەڭ گۈللەنگەن بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى دەۋرىدىمۇ يەنىلا تۈگىمىدى. ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ باشقا ساھەلىرىدىنمۇ بەك ئاجىز ساھە بولۇپ كەلدى. ھازىرغىچە سىستېمىلىق، نوپۇزلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» يېزىلمىدى. گەرچە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» نىڭ، «ئۇيغۇر ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتى» نىڭ تارىخلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى يېزىلمىدى. پەن تەتقىقات ئىشلىرى شۇنچىلىك گۈللەنگەن بۈگۈنكى كۈندە «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ بولماسلىقى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە ھازىرغىچە ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدە مەخسۇس، سىستېمىلىق ئىلمىي ئەسەرلەر مەيدانغا چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزىبىر تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقمايمۇ قالمىدى. بىزدە ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسەن 80 ـ يىللاردىن كېيىن ئاندىن باشلاندى. بۇ ساھەدە يول ئېچىش خاراكتېرلىك ئەمگەك قىلغىنى مۇھەممەت پولات بولدى. ئۇ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭىچە رېئالىزملىق پروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخىنى تۇنجى قېتىم ۋە نىسبەتەن سىستېمىلىق ھالدا مۇھاكىمە قىلدى. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر»، «ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر» قاتارلىق ماقالىلىرىدا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ، پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى سۈرەتلەپ بەردى.

بۇ جەھەتتە سالمىقى زور تەتقىقات نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغىنى ئەدەبىياتشۇناس ئازاد سۇلتان بولدى. ئۇنىڭ «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مۇشۇ 50 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى تۇنجى قېتىم نىسبەتەن سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە باھالانغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى يارىتىپ چىقىپ، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخى» ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس تۇرغۇزۇپ بەردى.

بۇ جەھەتتە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەتقىقات نەتىجىسى مۇھەممەت ئەيسا جامىنىڭ «ئۇيغۇر دىرامچىلىق تارىخى» ناملىق ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتچى بۇ ئەسىرىدە ئۇيغۇر دىرامچىلىقىنىڭ ئومۇمىي تارىخىنى يورۇتۇپ بەردى. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دەۋر دىرامچىلىقى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ، بۈگۈنكى دەۋردىكى دىرامچىلىقنىڭ تارىخي تەرەققىياتىنى، ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنى، مۇنەۋۋەر دراما ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى تارىخى يوسۇندا تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى تارىخى يوسۇندا باھالاپ چىققان.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار جۈملىدىن يەنە ئابلىمىت ئىسمايىل بىلەن ماخمۇتجان ئىسلام بىرلىكتە تۈزگەن «ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابنى، كېرىمجان ئابدۇرېھىم تۈزگەن «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى لۇغىتى» نى كۆرسىتىش مۇمكىن. تەتقىقاتچى قاۋسىلقان قامىجان داڭلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ يازغۇچىلار تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، سىستېمىلاشتۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى. مۇھەممەت

ئەيسانىڭ «ئۇيغۇر دراماچىلىقى تارىخى» ژانىرلار تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ماقالىلەردىن ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تەرەققىيات يولى» ناملىق ماقالىسى، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن ئابدۇللا مەتقۇرباننىڭ «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسى، ۋاھىتجان غوپۇرنىڭ «تېپىچان ئېلىيوپنىڭ 17 يىللىق ئىجادىيىتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى، قۇربان باراتنىڭ «شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى خاس ئۇسلۇبى توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن چىقىپ تەھلىل - تەتقىق قىلغان، باھالىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى دەرۋەقە ئازراق بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى زاماندىكى ھەر خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئەدەبىيات رېئاللىقىغا قويۇپ ئېلىپ بارغان تەنقىد خاراكتېرىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاز ئەمەس. دەۋرنىڭ تەقەززاسى ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا پات ئارىدا تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخى» يېزىلغۇسى.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قانداق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن؟

2. ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى قايسى دەۋردىكى ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇنىڭ قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

3. ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى قانداق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن؟ ھەر بىر باسقۇچنى قىسقىچە سۆزلەڭ.

4. ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە قانداق ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى؟

5. مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باسقۇچىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى قانداق باھالاش كېرەك؟

6. مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ: ئەدەبىياتنى تارىخى جەھەتتىن تەتقىق قىلىپ باھالاش بىلەن ئەدەبىيات رېئاللىقى ھەققىدىكى تەتقىقات - تەنقىدچىلىكنىڭ قانداق ئورتاقلىقى ۋە پەرقى بار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# II باب 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى

## § 1 . قىسقىچە بايان

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى دېگەندە ئاساسەن 50 ـ يىللاردىكى ۋە 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بەزىدە «17 يىللىق ئىجادىيەت باسقۇچى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ 17 يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن تەكشىسىز بولدى، يەنى بۇگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتى 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلاپ، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۈللەندى، 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن بىر مەزگىل پەسكويغا چۈشۈپ، 60 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە يەنە بىر قېتىم گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى، 1963 ـ يىلىدىن كېيىن ئاساسەن ئىجادىيەت بولمىدى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات بولدى. بۇ يىللاردا گەرچە پروزا، دراما، نەسر قاتارلىق ژانىرلار بويىچە بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان ئىجادىيەت يەنىلا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بولدى. شېئىرىيەتنىڭ بۇنداق ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب شېئىرىيەتنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا قەدىمدىن تارتىپ ئەڭ ئاساسلىق، ھەتتا بەزىدە بىردىنبىر ئەدەبىي ژانىر بولغانلىقىدەك ئەنئەنىنىڭ داۋاملىشىشى بولسا، يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، دەۋرنىڭ ئەدەبىياتقا قويغان تەلىپى ئىدى. چۈنكى بۇ يىللاردا دەۋر ئەدەبىياتتىن مەدھىيىنى، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشنى كۆپرەك تەلەپ قىلغانىدى. شېئىرىيەت چاققان، يىقىشلىق، ھېسسىياتلىق، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بىر خىل ئەدەبىي شەكىل بولۇش سۈپىتى بىلەن دەۋر تەلىپىدىن ھەممىدىن ئۈنۈملۈك چىقالايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ھازىرقى دەۋردىن بۇگۈنكى دەۋرگىچە ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى شائىرلار ئىدى، يېڭىدىن يېتىشىپ چىققانلار ئىچىدىمۇ ئەلۋەتتە شائىرلار كۆپ ئىدى. مانا مۇشۇنداق بىرقاتار سەۋەبلەر بىلەن شېئىرىيەت 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئەدەبىياتتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئەدەبىي ژانىر بولۇپ قالدى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئەگرى ـ توقاي بولدى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى دەۋر شائىرلىرىنىڭ يېڭى دەۋرگە تېزدىن ماسلىشىپ بولالماسلىقى، يېڭى شائىرلارنىڭ دەرھال يېتىشىپ چىقىپ بولالماسلىقى سەۋەبىدىن، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى قىسقا بىر مەزگىل تازا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنالمىدى. ئەمما ئىجادىيەت توختاپ قالمىدى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيەتتە كونا جەمئىيەتكە نەپرەتلىنىپ، يېڭى دەۋرگە تەنتەنە قىلىش، پارتىيىنى، داھىنى، ئازادلىق ئارمىيىنى مەدھىيىلەش، خەلقنىڭ خۇشاللىقىنى ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى ۋەتەن قۇرۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلەش — بۇ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسىغا ئايلاندى. شائىرلار شېئىرلىرىدا سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە بەك بېرىلىپ كېتىپ، مەزمۇننى قانداق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. ھەتتا نىمشېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق قەلەمى پىشقان، ئىلگىرىكى ئىجادىيىتىدە بەدىئىي پەللىلەرنى ياراتقان شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ يىللاردا يېزىلغان شېئىرلار ئاساسەن سىياسىي لىرىكىلار بولدى، كۆرۈنۈشتە تەبىئەت لىرىكىسى، مۇھەببەت لىرىكىسى بولغان شېئىرلاردىمۇ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مەزمۇن گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. مەسىلەن، نىمشېھىتنىڭ «قىز»، رەخىم قاسىمنىڭ «خوش!» قاتارلىق شېئىرلىرىدا گەرچە مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا يېزىلغىنى ساپ ئىشقى ـ مۇھەببەت ھېسسىياتى بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك بىر خىل سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تەشەببۇستىن ئىبارەت.

بۇ خىل ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تۆۋەندە رەخىم قاسىمنىڭ «خوش!» ناملىق شېئىرىدىن پارچە كۆرۈپ باقايلى:

— تىرىق. . . تىرىق. . .  
چەكمىگىن دېرىزەمنى،  
سۇنۇق كۆزنەكتىن گۈلمۇ تاشلىما!  
بەربىر ئالدىڭغا چىقمايمەن، جېنىم،  
سۆيگۈ ئوتىدا كۆزۈڭ ياشلىما!

يېتەر،  
يېتەر كۆپ دەۋر  
رايىڭغا بېقىپ،  
تەنتەك ئىشقىڭدا كۆيۈپ ـ ئۆچكىنىم.  
— ئامرىقىم چىقار! — دەپ  
ھەر تۈن كوچاڭدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەڭۋاش ناخشىلار ئېيتىپ ئۆتكىنىم.
. . . . . . . . .
ئاڭلا!
ئاڭلا بۈگۈن
چېلىش گۈدۈكى،
باشقىچە ئاۋازدا ياڭراۋاتىدۇ.
ئۇ
بوراندا تۇغۇلغان
مەرت يىگىتلەرنى
ئوتلۇق باغرىغا چىللاۋاتىدۇ.
. . . . . . . . .
قارا،
هايات قانداق چىرايلىق،
قانداق گۈزەل،
خۇددى دېڭىزدەك شاۋقۇن سالسىمۇ.
شۇ دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى بولساڭ،
ئېيتقىنا ئامرىقىم،
كۆڭۈلدە نېمە ئارمان قالىدۇ!

خوش!
خوش!
كېتىپ بارىمەن جېنىم،
كېتىپ بارىمەن سەندىن ئۇزاققا. . .
هەر تاڭ ئاخشىمى بەس ـ بەستە قايناپ،
چېلىش ناخشىلىرى
ياڭرىغان ياققا!

ئەگەر،
بارغىنىڭ كەلسە مېنىڭ كەينىمدىن،
بارارسەن —
كەتمىنىڭ،
ئوغىقىڭ بىلەن
ئايدىڭ كېچىدە سەيلىگە ئەمەس،
چېلىشقا!
ئىدراكىڭ،

غەيرىتىڭ بىلەن.

* *

— تىرىق... تىرىق...
چەكمىگىن دېرىزەمنى،
سۇنۇق كۆزنەكتىن گۈلمۇ تاشلىما!
بەرىبىر ئالدىڭغا چىقمايمەن، جېنىم،
سۆيگۈ ئوتىدا كۆزۈڭ ياشلىما!

بۇ شېئىردا ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش، شەخسىي ئارزۇ ـ هەۋەسلەر بىلەن خوشلىشىپ، «چېلىش ناخشىلىرى» ياڭراۋاتقان يېزا قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتەك قىزغىن روھى ناھايىتى جانلىق، شۇنداقلا ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ تېما شۇ دەۋر رېئاللىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شېئىرنى دەسلەپتە ئوقۇغان كىتابخان ئۇنى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ئايرىلىش ئازابى ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت لىرىكىسىمىكىن، دەپ قالىدۇ. ئەمما ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا مۇھەببەت كوچىلىرىدا كۆڭۈللىرىنى بەختىيارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بۇنداق ھاياتتىن بىمەنىلىك ھېس قىلغان لىرىك قەھرىماننىڭ ۋەتەن قوينىدىكى جۇشقۇن، كۆللىكتىپ ھاياتقا ئۆزىنى ئېتىپ، بۇ ئارقىلىق ھاياتقا مەنە بېرىشتەك ئۇتلۇق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بىر پارچە ئىنتىم لىرىكىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايمىز. بۇ شېئىردا يەنە رەخىم قاسىم شېئىرلىرىنىڭ ھېسسىياتقا باي بولۇش، رىتىمى جۇشقۇن بولۇش، ئەركىن شەكىلدە يېزىلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتى نىسبەتەن ئەركىنلەشتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەشەببۇسىمۇ ئانچە قاتتىق تەكىتلىنىپ كەتمىدى، ئىجادىيەتكە قويۇلغان تېما چەكلىمىسىمۇ سەل بوشاشتۇرۇلدى. 1958 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» فاڭجېنى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بولغان ئىجادىيەت ئىمكانىيەتلىرىنى ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزمۇ يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا»، نىمشېھىتنىڭ «سېغىندىم»، «ئالدىدا»، ئەھمەد زىيائىينىڭ «نەي ساداسى»، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «قۇمۇل ھەققىدە ئىككى غەزەل»، مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «تارىم قىزى»، رەخىم قاسىمنىڭ «ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى»، مىرزاھىت كېرىمنىڭ «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» قاتارلىق شېئىرلىرى مانا مۇشۇ مەزگىللەردە مەيدانغا كەلدى. بۇ شېئىرلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلار تېما جەھەتتىن خېلى زور دەرىجىدە كېڭەيدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت، تەبىئەت خېلى بىۋاستە يېزىلدى، شائىرلىرىمىز ھەتتا كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى، ھەم پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئىپادىلەشكىمۇ تىرىشتى. شېئىرلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ رەڭدارلاشتى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردا «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ ئىلھامى بىلەن شائىرلىرىمىز شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە تەنقىدىي خاھىشنىمۇ ئېلىپ كىرىپ، مەدھىيە ئاساس قىلىنغان شېئىرىيەتنىڭ قىياپىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. يەنى بۇ يىللاردا ساتىرا ئىجادىيىتىگە ئاساس سېلىندى ۋە بىر تۈركۈم ياخشى ساتىرالار مەيدانغا چىقتى. بۇ يىللاردىكى ساتىرالارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى سۈپىتىدە تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى»، «ساڭ مۇدىرىنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى› ئاجايىپ تەدبىرى ھەققىدە قوشاق» قاتارلىق ساتىرالىرىنى، مۆمىن سەيپىرىنىڭ «مەجلىسلەر ماجىراسى»، «بىر مۇتىھەم كۆردۇممەن»، «قۇلۇپلانغان كابىنېت» قاتارلىق ساتىرالىرىنى، رەخىم قاسىمنىڭ «باشلىق چۈشكەن پايىدا» نامىلىق ساتىراسىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ بىر قاتار ساتىرالاردا شائىرلىرىمىز مەسئۇلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ، دەۋر رېئاللىقىدا، ئىجتىمائىي ھاياتتا، خىزمەت ئىستىلىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، تەرەققىياتقا، جەمئىيەت كەيپىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقان ھەر خىل ئىللەتلەرنى مەسخىرە، تەنقىد قىلدى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئاساسلىق بىر مۇۋەپپەقىيىتى بۈگۈنكى دەۋر داستانچىلىقىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى بولدى. بۇ يىللاردىكى داستانچىلىق ئۇيغۇر كلاسسىك داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن كۆرە، خەنزۇ ۋە چەت ئەل داستانچىلىقىنىڭ تەسىرىنى كۆپرەك قوبۇل قىلدى. داستانلار رېئال تۇرمۇشنى، جەڭگىۋار ھاياتنى تېما قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ رېئاللىققا ياندىشىپ، رېئاللىقتىن تېما ئېلىپ يېزىشى تۈنجى قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇ يىللاردىكى داستانلار ئاساسەن مەدھىيە خاراكتېرىدىكى داستانلاردىن ئىبارەت بولدى. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز» (1950 ـ يىل)، ئەلقەم ئەختەمنىڭ «سائادەتخان» (1956 ـ يىل)، رەخىم قاسىمنىڭ «چولپان» (1957 ـ يىل)، مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقىگە» (1958 ـ يىل)، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئايخان» (1959 ـ يىل)، مۇھەممەت رېھىمنىڭ «ئانا» (1959 ـ ـ يىل) قاتارلىق داستانلىرى مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان مۇنەۋۋەر داستانلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ داستانلاردا ئاساسلىق قىلىپ يېڭىچە ھايات ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ھەر قايسى سەپلەردە مەيدانغا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شائىرلار قوشۇنى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، نىمشېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، قۇربان ئىمىن، ئابلىز نازىرى، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق بىر تۈركۈم شائىرلار يېڭى دەۋردە ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۈگۈنكى زاماندىكى

شېئىرىيەتكە ئاساس سالدى. گەرچە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دەماللىققا يېڭىچە ئەدەبىيات تەلىپىگە كۆنۈپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى تېزلا بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتىنى باشلىۋالدى، يەنە بىر قىسىم شائىرلار بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنى بەرپا قىلىشتا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئاۋانگارت بولۇشىغا ئەگىشىپ، شېئىرىيەت ساھەسى تېزلا جانلاندى ۋە يېڭىدىن بىر تۈركۈم شائىرلارنى ئىجادىيەت ساھەسىگە باشلاپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىم، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، غەنىزات غەيۇرانى، مىرزاھىت كېرىم، ھاجى ئەھمەد قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش شائىرلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىجادىيىتى تېز گۈللىنىپ، 50 ـ، 60 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي كۈچىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن 50 ـ، 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتى تارىخىدىكى تۇنجى ئالتۇن دەۋر مەيدانغا كەلدى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەتتە، دەۋرنىڭ شېئىرىيىتىنى يارىتىش بىر خىل خاھىشقا ئايلانغان بولغاچقا، بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى. كۆپلىگەن شېئىرلار ئاساسەن مۇشۇ خىل شەكىلدە يېزىلدى. كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم شائىرلار گەرچە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىشنى توختاتمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قىسمەنلىك بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارمۇ بارماق ۋەزنىگە قىزىقتى. بۇ يىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ شەكىل جەھەتتە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ يىللاردا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە چاچما شېئىرلار كىرىپ كەلدى ۋە خېلى ئومۇملاشتى. بۇ خىل شېئىر شەكلىدە «خوش!»، «تارىم قىزى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلار يېزىلدى. رەخىم قاسىم، مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىقلار بۇ خىل شېئىر شەكلىدە ئەڭ ياخشى يازغان شائىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەتتە گەرچە سىياسىي لىرىكىلار كۆپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاندا ـ ساندا ھەقىقىي مۇھەببەت لىرىكىلىرى ۋە تەبىئەت لىرىكىلىرىمۇ يېزىلدى. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «يوللۇق ئالما»، «تۇگىمەس ناخشا» قاتارلىق شېئىرلىرى شۇ يىللاردا يېزىلغان مۇھەببەت لىرىكىلىرىغا ۋەكىللىك قىلسا، شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ «پارچە» (1956 ـ يىل) ناملىق لىرىكىسى شۇ يىللاردا يېزىلغان ساپ تەبىئەت لىرىكىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ:

كۈز كېلىپ تۈندە
سوققاندا بوران،
غازاڭلار باغدا
قۇيۇلۇپ قالدى.
گۈللەرمۇ شۇ چاغ
بولۇپ يالىڭاچ،
نومۇسچان قىزدەك
ئۈيۈلۈپ قالدى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەتتە گەرچە كۆپلىگەن شائىرلار ئىجادىيەت بىلەن

www.uyghurkitap.com

شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك بولغانلار: نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، قۇربان ئىمىن، رەخىم قاسىم، مۆمىن سەپىرى، مىرزاھىت كېرىم، مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىگە ئاساس سالدى، ئەگرى ـ توقاي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى، دەۋر روھىغا باي بولدى، سىياسىي لىرىكىلارنى ئاساس قىلدى، ساتىرا ۋە داستانچىلىقتا گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، شائىرلار قوشۇنىغا باي بولدى، شېئىر شەكىللىرى كۆپ خىل بولدى.

## § 2 . نىمشېھىت

نىمشېھىت (1906 — 1972) ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن، شۇنداقلا مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئۇيغۇر هازىرقى دەۋر ئەدەبىياتىغا، كېيىنكى يېرىمى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئىجادىيىتىدە كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك، ئۇ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنى هازىرقى دەۋر شېئىرىيىتىمىزگە، هازىرقى دەۋر شېئىرىيىتىمىزنى بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىمىزگە باغلاشتا، مۇشۇ ئارقىلىق شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنى ئىزچىللىقتا ئىگە قىلىشتا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى بېيىتىش، شېئىر شەكىللىرىنى رەڭدارلاشتۇرۇش، شېئىرىي تىلدا پاساھەت يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تۆھپىسى ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

### 1 . ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

نىمشېھىت 1906 ـ يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىغا قاراشلىق تېزەك قاغا كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپكى ساۋادىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە چىقارغاندىن كېيىن، 1922 ـ يىلدىن 1930 ـ يىلغىچە باي ۋە كۇچادىكى مەدرىسلەردە ئوقۇغان. نىمشېھىت ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى مۇشۇ مەزگىللەردىلا باشلىغان بولۇپ، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان ۋە بۇ شېئىرلىرى ئاساسىدا «بازار ۋە مازار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن. بۇ توپلام قولىيازما ھالىتىدە كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغان.

باي، كۇچا مەدرىسلىرى نىمشېھىتنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالمىغان. ئۇ تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىش، ئىلىم ئەھلى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش مەقسىتىدە، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ

مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەرگە بېرىپ، مەشھۇر «خانلىق مەدرىس» كە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر ئىككى جەھەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن جامائەت ئىچىدە تېزلا تونۇلۇشقا باشلىغان. قەشقەردە ئۇ «مادارا ئەگىزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن ھەمدە «ئەنۋارلھۇدا» (ھىدايەت نۇرلىرى) ناملىق ئىشقى قەسىدىسىنى يازغان. 1933 ـ يىلى نىمشېھىت ھاياتىدىكى ناھايىتى ئېغىر بىر يىل بولدى. شۇ يىلى قەشقەردە، قەشقەر خەلقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا، ۋەتەننى پارچىلاشقا، ئىچكى قالايمىقانچىلىققا قارشى بىر قېتىملىق قوراللىق كۈرەشى بولغاندا، نىمشېھىت شۇ كۈرەشكە قاتنىشىپ ئېغىر يارىلانغان. بۇ ئىش ھەققىدە ئۇ «ئۆمۈر خاتىرەمدىن» ناملىق شېئىردا مۇنداق يازغان:

«تەگكەن ئىدى گەردەندىن، / ئۆتۈپ چىقتى دەنداندىن، / پارچىلىنۋەتتى ئېڭىكىمنى، / جاندىن ئايرىلا بولدى؛ ئوق تەگدىيۇ ھۇش كەتتى، / دوستلارغا خەۋەر يەتتى، /‹ئۆلگەن› دەپ گۇمان ئەتتى، / گۆرگە ئۈزىتا بولدى؛ كۆپ ئاقتى مېنىڭ قانىم، / چىقىپ كەتتى يېرىم جانىم، / ئەمدى ‹نىمشېھىت› نامىم، / تارىختا قالار بولدى».

بىر مەزگىللىك جىددىي داۋالاش ئارقىلىق شائىر گەرچە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كېلەلمىگەچكە قەشقەردىكى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي بايغا قايتىپ كېتىپ، بىر تەرەپتىن داۋالىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن قۇرۇلغان يەنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، شۇنداقلا يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىمۇ تاشلىمىغان. نىمشېھىت بايدا يازغان «بىلىم ئىشقىدا»، «باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك تارىخى» قاتارلىق شېئىرلار شائىر ئىجادىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ھەمدە ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

1936 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق گېزىت چىقارغاندا، نىمشېھىت شۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىكىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. شائىرنىڭ مۇشۇ چاغدىن باشلىنىپ، 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئاقسۇدىكى ئەدەبىي ھاياتى ناھايىتى نەتىجىلىك ھەم مول مەزمۇنلۇق بولغان. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ «بۆيۈك جۇڭگو»، «قىزىم يىغلىماڭ»، «ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا خەت» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى لىرىكىلارنى، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات ـ شېرىن» ناملىق داڭلىق داستانىنى يازغان. ئۇ يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، خەلق ئەدەبىياتى ئاساسىدا «لەيلى ـ مەجنۇن» ئوپېراسىنى يازغان. نىمشېھىتنىڭ ئاقسۇدىكى يەنە بىر چوڭ ئەمگىكى شۇكى، ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە گېزىت سەھىپىلىرى ئارقىلىق ئىلغار ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلغان ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

نىمشېھىت 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاقسۇدىن غۇلجىغا قايتقان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىدە غۇلجىغا بارغان. شۇندىن تارتىپ شائىرنىڭ غۇلجىدىكى جەڭگىۋار ھاياتى باشلانغان. ئۇ غۇلجىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلغان تارىخ يېزىش ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئىلى،

چۆچەك ئەتراپلىرىدا ئۇرۇش بولغان يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، شۇ يەرلەردە بولغان ئۇرۇشلار ھەققىدە ماتېرىيال توپلاپ خاتىرە قالدۇرغان. 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، ئىمشىھىت بۇ ئىتتىپاقنىڭ كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى بولغان ۋە ئۇنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى سۈپىتىدە ژۇرنالچىلىق ساھەسىدىمۇ مۇناسىپ خىزمەتلەرنى قىلغان. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، شائىرنىڭ غۇلجىدىكى بەش يىللىق ئىجادىيىتى ناھايىتى ھوسۇللۇق بولغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ «ئىلھامغە ئىلھام»، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب»، «ئالدىدا»، «جىنايەتتىن شىكايەت»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «خاتا»، «غەلەت»، «غەزەل»، «سەپەردىكى يارىمغا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ، كۆرەشچان يىللارنىڭ جەڭگىۋار شائىرىغا ئايلانغان. شۇ مەزگىللەردىكى غۇلجىدىكى جەڭگىۋار ھايات ئىمشىھىت ئىجادىيىتىگىمۇ ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ يەردە ئۇ «مىلىك ئۆي ۋە پەرھات ـ شىرىن» داستانىنى قايتىدىن يېزىپ، زۇنۇن قادىرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرغان، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «پەرھات ـ شىرىن» دراممىلىرىنى قايتىدىن يېزىپ، سەھنىلەشتۈرگەن، ئىجادىي چۆچەكلەرنى ۋە يەنە بىر قىسىم ئەدەبىي ـ نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ، ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر پەللە ياراتقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىمشىھىت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر خىل ئىجتىمائىي ـ سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. بۇ يىللاردا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يىللىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مەدھىيىلىنىدىغان، يېڭىچە تۇرمۇش پەيدا قىلغان ھېس ـ ھاياجان ئىپادىلىنىدىغان، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى.

60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئىمشىھىت ھاياتىدىكى تولىمۇ كۆڭۈلسىز شۇنداقلا ناھايىتى ئازابلىق بىر مەزگىل بولدى. «سولچىل» ئىدىيىنىڭ ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن شائىر خىزمەتتىن توختىتىلىپ، باي ناھىيىسىگە قايتۇرۇلدى. جازا ھېسابىدىكى ئېغىر ئەمگەك، تۆگمەس قىيىن ـ قىستاقلار شائىرنىڭ ھېچ ھالىنى قويمىدى ۋە سالامەتلىكىنى تولىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. شائىرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئەھۋالى خۇددى شېئىرلىرىدا يازغىنىدەك شۇنداق ئېغىر ئىدى:

ھۇزۇرۇم يوق تېنىمدە، بىماجال، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر،
يېغىپ باشىمغا بوھتانلار ئوسال، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر،
نىتەي توغرا سۆزۈم بولۇپ مالال، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر،

قىلىندىم بى ئاساس دۈشمەن، كېلىپ زاۋال، ئەمدى ئۆزۈم هازىر،
ئۈمىدىم: دوستلىرىم مەندەك قېرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.
. . . . . . . . . . . .

شائىر ئەشۇ تۈگىمەس ھەرىكەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئەشۇ يىللارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، 1972 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى باي ناھىيىسىدە 66 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

نىمشېھىت 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە تەخمىنەن 40 نەچچە يىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئەگەر ئىنچىكىلىك بىلەن ئايرىشقا توغرا كەلسە، مۇشۇ 40 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىنى باي، كۇچا ۋە قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدىكى ئىجادىيىتى، ئاقسۇدىكى ئىجادىيىتى، غۇلجىدىكى ئىجادىيىتى، ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىللىق ئىجادىيىتى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت بەش باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدىنقى ئۈچ باسقۇچ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ھازىرقى دەۋر دەۋرىگە، كېيىنكى ئىككى باسقۇچ بۈگۈنكى دەۋر دەۋرىگە مەنسۇپ.

نىمشېھىتنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتى گەرچە ھازىرقى دەۋر باسقۇچىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە ئىلگىرىكى ئىجادىيىتى بىلەن بىر مۇنچە جەھەتلەردە ئورتاقلىقىقا ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن يەنە بەزى تەرەپلەردە ماھىيەتلىك ئۆزگىچىلىكلەرگىمۇ ئىگە بولدى. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر ئاساسەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا ئىپادىلەندى. نىمشېھىت ئازادلىقتىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىدا، ئۇزاقتىن بېرى كۈتكەن ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىنكى خۇشاللىقىنى، ئازادلىق ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە ھايات، يېڭىچە ھېس ـ تۇيغۇنى، پارتىيىگە، داھىغا بولغان رەھمىتىنى، ۋەتەندىكى يېڭىلىق ـ ئۆزگىرىشلەردىن سۆيۈنۈشلىرىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تېما ھېسابلىنىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىمۇ يېڭىچە مەزمۇن، يېڭىچە پىكىرلەر ئارقىلىق تېخىمۇ بېيىدى، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. نىمشېھىت بۇ مەزگىلدە ئۇنىدىن باشقا يەنە مۇھەببەت، ئىلىم ـ پەن تېمىسىدىمۇ بىر قىسىم لىرىكىلارنى ئىجاد قىلدى.

ئۆلكە ئازاد بولغاندىن تارتىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغۇچە بولغان 17 يىللىق ئىجادىيەت مەزگىلىدە نىمشېھىت «مەرسىيە»، «ئالدىدا»، «رەھبەر خاتىرىسىگە»، «مەكتەپ ئىلھامى»، «لەززەت ئالغاندا»، «بىر دىلبىرىمگە»، «چىقسام ناگاھ ئىشىككە»، «بەخت تويى»، «داغ قوندۇرمايمەن يۈزۈڭگە» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە شېئىر يازدى. شائىر ئىجادىيىتىدە، شۇنداقلا 17 يىللىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «ئالدىدا» (1950 ـ يىل)، «ئۇسسۇل»، «ئالدىدا»، (1955 ـ يىل)، «سېغىندىم»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«تارىم قىزى»، «ئالەم يولۇچىسىغا»، «يۈرەك سۆزى» قاتارلىق داڭلىق لىرىكىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلدى. بۇ لىرىكىلاردا شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئازادلىق 17 يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تېمىلارنىڭ بىرى ئىدى. بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋر دەۋرىدىن بۈگۈنكى دەۋرگە ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ تېما خېلى گەۋدىلىك ئىدى. نىمشېھىت ئازادلىق تېمىسىدا كۆپ يازغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىنكى ھېسسىياتىنى بىر مۇنچە شېئىرلىرىدا:

يۈرەك بۈگۈن ئاجايىپ تېپىدۇ،
بىر يوقاتقان ئاجايىپنى تاپقاندەك.
خىرە كۆڭلۈمگە ئىلھام نۇرلار سېپىدۇ،
مەيۈس دىلىمنى ۋىسال ياپقاندەك.

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىدى. شائىرنىڭ بۇنداق ھېسسىياتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. بىز شائىرنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىققا بولغان تەنتەنىسىنى، ئەشۇ يىللاردىكى قاينام تاشقىنلىق ۋەزىيەتنى، خەلقنىڭ پارتىيىگە، داھىغا بولغان چەكسىز ئېتىقادىنى، جان پىدالىق بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئېتىقادىنى كۆرۈۋالايمىز. بۇلار ئەمەلىيەتتە شۇ يىللاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى ھېسابلىناتتى. نىمشېھىت كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق، ئازادلىقتىن كېيىنكى بەختىيار ھاياتنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى گەۋدىلەندۈردى، شۇنداقلا كىشىلەرنى بۇنداق بەختىيار ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ھەر قايسى ساھەلەردىكى جاپالىق ئەمگەك مېھنىتى ئارقىلىق ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە چاقىردى:

ئەي ۋەتەن ئەھلى غەنىيمەت دەۋرنىڭ قەدرىنى بىل!
تاشلا ھۇرۇنلۇقنى، باشلا ئىشنى، ھەممىنى ئورنىدا قىل!
. . . . . . . . .
ھەر كىشى قىلماقچى بولسا ئەل ـ يۇرتنى بەختىيار،
ئىشلىسۇن جان كۆيدۈرۈپ، ئىلكىدە باردۇر ئىختىيار،
يېڭى خەلقچىل تۈزۈمدۇر بىزگە ئەڭ ئالىي شوئار،
بەرگۈسى بۇ يول ۋەتەنگە، خەلقىمىزگە ئېتىبار.

نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى بۇنداق چاقىرىق شۇ دەۋر رېئاللىقىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى كۈچلۈك ھېسسىيات، جەڭگىۋار روھ ئەمەلىيەتتە شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

نىمشېھىت ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يىللىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭىچە نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ھەممىدىن بەك سۆيۈنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ مۇشۇ يىللاردا يازغان «مەكتەپ ئىلھامى»، «ئالەم يولۇچىسىغا»، «تارىم قىزى»، «كۆرگەزمىدىن خاتىرە»، «يېڭى شىنجاڭىم مېنىڭ» قاتارلىق شېئىرلىرىدا پەن ـ مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە بولغان سۆيۈنۈشىنى ئىپادىلىدى، ھەر قايسى ساھەلەردە جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا تۆھپە قوشۇۋاتقان قەھرىمانلارنى مەدھىيىلىدى، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئىپادىلىدى.

نىمشېھىت پۈتۈن ئىجادىيىتىنى ۋەتەنگە، ۋەتەننى مەدھىيىلەشكە، ۋەتەننى ئۇلۇغلاشقا، ۋەتەن تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە بېغىشلىغان مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى «ئالدىدا»، «سېغىندىم»، «يۈرەك سۆزى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ بىر ۋەقە بولغانىدى. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن نىمشېھىت «ئالدىدا» ناملىق شېئىرنى يازدى ۋە شېئىرىدا ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى، ھاياجىنىنى ۋە ئىرادىسىنى قايناق ھېسسىيات، شېئىرىي ئوبرازلار ۋە پاساھەتلىك تىل بىلەن مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىدى:

رۇخسەت ئەيلەڭلار بۇگۈن سۆزلەشكە مەيدان ئالدىدا،
ئېيتايىن كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى ۋىجدان ئالدىدا،
بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغ ئىچرە رويمان ئالدىدا،
تەنگە جان سىغماس خۇشالمەن خۇددى بوستان ئالدىدا،
ياش يىگىتنىڭ كۆڭلى ئوخشاش يارى ـ جانان ئالدىدا.

. . . . . .

«ئۆلكىمىز مۇختارىيەت» دەپ باشلىنىۋەتتۇق يېڭى توي،
پارتىيىدىن كەلدى بىزگە بۇ شەرەپلىك ئابرۇي،
كۆتۈرۈلدى شادۇ ـ خۇراملىقتىن پەلەككە ھايىو ـ ھۇي،
ئەل ئامان، ئازاد دەۋر، كۈلدى ۋەتەن بولغاندا توي،
كۆپ ئاش ئالغان دېھقان ئوخشاش كۈزدە خامان ئالدىدا.

. . . . . .

باسىمىز ئالغا قەدەملەپ پارتىيىنىڭ ئىزىدىن،
ئالىمىز كۆپلەپ ھوسۇل شۇندا ھەر بىر يېزىدىن،
سۆيۈنەر بوۋاي، مومايلار ئوغلىدىن ھەم قىزىدىن،
كەتكۈسى غەملىك ئالامەت ھەممە ئادەم يۈزىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويغا يەتكەن قىزغا ئوخشاش ئۆيدە مېھمان ئالدىدا.

«ئالدىدا» ناملىق بۇ شېئىر نىمشېھىتنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، شۇنداقلا نىمشېھىتنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن سىياسىي لىرىكىلارنىڭ بىرى. شېئىردىكى لىرىك قەھرىمان «مەن» چەكسىز ھاياجان ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ھاياجىنى ئەمەلىيەتتە زۇلمەتلىك رېئاللىقنىڭ دەردىنى بولۇشىچە تارتىپ ئاخىرى پارتىيە ئېلىپ كەلگەن يورۇق تاڭغا ئۇلاشقان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خۇشاللىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا «مەن» ئالدى بىلەن ماۋجۇشىغا، پارتىيىگە، ئارمىيىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، رەھمەت ئېيتىدۇ، شۇنداقلا ئۆلكىمىزدە «مۇختارىيەت» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىدىن چەكسىز بەختىيارلىق ھېس قىلىدۇ. بۇنى ۋەتەن، خەلق ئىستىقبالىنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ ھەمدە كەلگۈسى گۈزەل، بەختىيار ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

1962 ـ يىلى يېزىلغان «يۈرەك سۆزى» ناملىق شېئىر نىمشېھىتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى داڭلىق لىرىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىردا شائىر ئالدى بىلەن سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، باي ھالىتىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق خۇشاللىقنىڭ، بەختنىڭ مەنبەسى مۇشۇ ۋەتەن، بۇ ۋەتەندىكى ئاددىي ھايات پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇشىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق، دېگەن قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شائىر شېئىردا يەنە:

شەرقى تەيۋەندىن يۈرۈپ، غەربىي جەنۇب تاكى خوتەن،
يالۇجياڭدىن تاكى شىزاڭ قوشۇلۇپ بىر گەۋدە تەن،
كۆكرىكىمنى يارسا گەر سوققان يۈرەك دەيدۇ: ۋەتەن!
قەشقىرىمدە چىلگە يەپ، چاڭجياڭدا ئويناقلاپ ئۈزەي.

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈن زېمىنىنى ماھىرلىق بىلەن شېئىرىي يوسۇندا كۆرسەتكەن، شۇنداقلا يەنە ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە نەگىلا بارسا خۇددى ئۆز ئۆيىدەك ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئاددى پاكىت ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىر پۈتۈن ھالىتىنى، تىنچ ـ ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنى نامايان قىلغان. شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتلىرىدا بولسا، ۋەتەن دۈشمەنلىرىگە، خائىنلىرىغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، شائىر شېئىردا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىر ئىدىيىسىنى جانلىق كونكرېت شېئىرىي ئوبرازلار ۋە پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى بولغان بەدىئىي ئۈنۈم ياراتقان.

مەسىلەن:

كۆز قاراسىدەك نىگارىم، تاجۇ ـ تەختىم سەن ۋەتەن،
لالىزارىم، نامىدارىم، ھەرنە بارىم سەن ۋەتەن،
تەندە جانىم، كۈچ ـ مادارىم، سايىۋانىم سەن ۋەتەن،
. . . . . . . .
سەندىكى ئاددىي ھايات ئارتۇق فىردون تەختىدىن،
بەلكى ئالىي كۈنلىرىم ھەم ئالىي جەمشىت بەختىدىن،
بەلكى پارلاق كەلگۈسىمىز ئەۋزەل سۇلايمان تەختىدىن،
يۈرىكىم سەندە تۇرۇپ ياتقا قانداق تەلمۈرەي.

بۇ مىسرالاردا شائىر ۋەتەننى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى «نىگارىم»، «تاجۇ ـ تەختىم»، «لالىزارىم»، «تەندە جانىم»، «كۈچ ـ مادارىم»، «سايىۋانىم» دېگەندەك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئۇلۇغلىغان، ۋەتەن قوينىدىكى بەختىيارلىقنى ئۆزىنى رىۋايەتلەردىكى فىردون، جەمشىت، سۇلايمانلاردىنمۇ ئۈستۈن قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرى شائىر ئۈچۈن ناھايىتى ئازابلىق يىللار بولدى. ئۇ مۇشۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىدا ئاساسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابلىرىنى، تېڭىرقاشلىرىنى، ئۈمىد ئۈزۈلمىگەن ئۈمىدسىزلىكلىرىنى، رېئاللىققا بولغان تەئەججۈپلىرىنى ئىپادىلىدى. نىمشېھىت بۇ يىللاردا قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا قېلىپ، ھېچقانداق ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ھەر خىل ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنى، «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ 1500كۇپلېتىنى، كۆپلىگەن شېئىرىي رۇبائىيلىرىنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. پەقەت «ئۈمىدىم»، «پېقىرنىڭ ئىقرارى» قاتارلىق بىر قانچە شېئىرلىرى بىلەن بىر قىسىم رۇبائىي ـ پارچىلارلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ شېئىرلاردا شائىر:

«مېنىڭدەك زارۇ ـ سەرسان ھەم جاپاكەش بولمىسۇن ھېچكىم»،
«يامانلىق يوق ئىدى مەندە، لېكىن ماڭا يامان قىلدى،
قاۋاندەك ھۆكىرەپ ۋەھشىي ماڭا كۆپلەپ زىيان قىلدى»
«كۆڭۈلگە تولغۇزۇپ زەرداب، يۈرەكنى لەختە قان قىلدى».

دېگەندەك مىسرالارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بايان قىلدى. كۆڭۈلسىز مۇھىت، ئازابلىق ھايات شائىرنى ئۆزى ھەققىدە كۆپ سۆزلەتكەنىدى. دېمىسىمۇ، بارلىقىنى ۋەتەنگە بېغىشلىغان، قەلبىدە ياخشىلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، كېچە ـ كۈندۈز تىنچلىقنى، ئاسايىشلىقنى تىلىگەن شائىر كۆز ئالدىدىكى مۇدھىش

رېئاللىقنى يا چۈشىنىپ، يا چۈشەندۈرۈپ بولالمايتتى. شائىرنىڭ:

قانمىدۇر، مارجانمىدۇر، يا قەترە شەبنەم ياشىمىز،
تاشمىدۇر يا تاغمىدۇر، قايغۇدا قاتقان باشىمىز،
يوقمىدۇر دۇنيادا بىزنىڭ ئىچ كۆيەر يولداشىمىز.
دائىما قايغۇ ـ ئەلەم، ھەسرەتمىدۇر قۇرداشىمىز،
سورۇلۇپ باش ئۈستىگە تۇپراقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
بولدىغۇ زىندان كەبى ھەر ياقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.
........
مۇھەببەت ئەيلىبان ئاخىرى مەندەك ئەيىبكار بولمىسۇن ھېچكىم،
مېنىڭدەك زارۇ ـ سەرسان ھەم جاپاكار بولمىسۇن ھېچكىم،
بىراۋغا ئېتىقاد ئەيلەپ ئۆزى بى ئېتىبار بولمىسۇن ھېچكىم،
كۆزى ياشلىق، يۈرىكى زەردە، دىل ئازار بولمىسۇن ھېچكىم.

دېگەن مىسرالىرىدا، ئۇنىڭ ئەشۇ يىللاردىكى ئىزتىراپلىق ھېسسىياتى گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. نىمشېھىت بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىپ «ئۈچتى شەمئىي كۆزلىرىمدىن ئۈچتى ئۈمىدىنىڭ نۇرلىرى،.. كۆزىمىزنى باستى زۇلمەت قاپقاراڭغۇ تۈنلىرى» دېگەندەك مىسرالارنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مىسرالاردا ئىپادىلەنگىنى ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئىدى، ئۇ كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز ئۈمىدىنى:

«نىمشېھىت كۆرەرگە شەك قىلماس يېڭى ـ سۈبھى سائادەتنى،
ئەگەرچە تارتسامۇ ھازىر ئەلەم رەنجۇ ـ پالاكەتنى»،
«نىمشېھىت قايغۇرمىغىن كۆپ كەلگۈسىڭ پارلاق بولۇر،
نىسپىي ئاي بولسا قاراڭغۇ، نىسپىي روشەن ئاق بولۇر.»

دېگەن مىسرالىرىدا ئىپادىلىگەنىدى.

نىمشېھىت ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىي ھاياتىدا ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

1) نىمشېھىت ئىجادىيىتى ئالدى بىلەن تېما ئىزچىللىقىغا ئىگە.

نىمشېھىت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن، ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېمىنىڭ ئىزچىللىق شەكىللەندۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئەھۋال نىمشېھىت ئىجادىيىتىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، باشقا شائىرلار ئىجادىيىتىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېما — ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىجادىيىتىنى ۋەتەننى ئۇلۇغلاشقا، كۈيلەشكە بېغىشلىغان، ئەڭ قىزغىن

ھېسسىياتى، ئەڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى، ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى ئارقىلىق ۋەتەننى مەدھىيىلىگەن. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىلگەن بولساق شۇنى روشەن ھېس قىلالايمىزكى، نىمشېھىت ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا نىمشېھىتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ بولۇپ، بەزىلىرىدە ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىۋاستە ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بەزىلىرىدە ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەش، ۋەتەن خائىنلىرىغا نەپرەت ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا كىشىلەرنى ۋەتەننى سۆيۈشكە، ۋەتەننى قوغداشقا، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىرىش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن، ۋەتەننىڭ شان - شەرەپلىرىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. نىمشېھىت شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ھەرگىزمۇ قۇرۇق شوئار ياكى مۇبالىغە شەكلىدىكى مەدھىيە بولماستىن، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدىكى لىرىك ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. يەنى، ئۇنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى لىرىكىلىرىدا ئىدىيە بىلەن ھېسسىيات ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن.

2) نىمشېھىت ئىجادىيىتىدە سىياسىي لىرىكا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

نىمشېھىت ئىجادىيىتىدە ئېپىك شېئىرلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇگۈنكى دەۋر باسقۇچىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت. ئەمدى بۇ لىرىك شېئىرلارنىڭ خاراكتېرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلاردا ئاز بىر قىسىم مۇھەببەت لىرىكىلىرى بولغاندىن سىرت، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى سىياسىي لىرىكىلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ۋەتەن ھەققىدە يېزىلغان لىرىكىلىرى ئىچىدە بىز تەبىئەت لىرىكىلىرىنى زادىلا ئۇچراتمايمىز، دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى سىياسىي لىرىكىلار بولۇپ، ئۇلاردا ۋەتەن، خەلق دۇچ كەلگەن مۇھىم مەسىلىلەر، رېئاللىقتىكى ئۆزگىرىش - تەرەققىياتلار، ۋەزىيەت ئەھۋالى، خەلق ئىرادىسى، شائىرنىڭ چاقىرىق - خىتابى قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن.

نىمشېھىت ئىجادىيىتىدە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رېئاللىققا يېقىندىن يانداشتى، ئىنچىل ئىنقىلابىي مەيداندا تۇردى، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولدى. ئۇ ھەتتا بىر قىسىم مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەيدانىنى، ئىلغار ئىدىيىسىنى، ئاكتىپ تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3) نىمشېھىت ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك نىمشېھىت ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نىمشېھىتنىڭ شېئىرىي تىلى ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ھەر بىر پارچە مۇنەۋۋەر شېئىرى ئۇنىڭ تىل قوللىنىشتىكى ماھارىتى، ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نىمشېھىت قوللانغان شېئىرىي تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاممىباب، يەڭگىل، ئىپادىلىك ھەم ئوبرازلىق دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن. شېئىرىي شەكىل جەھەتتە نىمشېھىت ئارۇز ۋەزنىدىمۇ، بارماق ۋەزنىدىمۇ يازغان. ئۇ كلاسسىك ئەدەبىيات مۇھىتىدا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن شائىر بولغاچقا، ئەسەرلىرىدە كلاسسىك شېئىرلارنىڭ تەسىرى نىسبەتەن گەۋدىلىك. ئەمما، ئۇنىڭ كلاسسىك شەكىلدە يازغان ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلىرىنىڭ تىلىمۇ ئوخشاشلا ئاممىباب، يەڭگىل، ئىپادىلىك ھەم ئوبرازلىق بولۇپ، مىسرالار چۈشىنىشلىك، راۋان، قاپىيىلەر تولۇق چىققان. نىمشېھىت گەرچە پۈتۈن ئىجادىيىتىدە مەنە ـ پىكىرنى قانداق ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما مەنە ـ پىكىرنى قانداق ئىپادىلەشكىمۇ سەل قارىمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نىمشېھىت ئىشلەتكەن شېئىرىي تىل ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ناھايىتى ئوبرازلىق. ئۇ ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر، تۇراقلىق ئىبارىلەر، خەلق ئارىسىدىكى ئىپادىلىك تىل ۋە ئۆزى ياسىغان شېئىرىي تىللار ئارقىلىق تىلنى ناھايىتى ياخشى ئوبرازلاشتۇرۇپ، خېلى يۇقىرى ئىپادىلەش ئۈنۈمى ياراتقان. نىمشېھىت شېئىرلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان «يۈزلىرىم شەرمەندە بولسۇن تاڭلا سۇبھان ئالدىدا»، «بىر تىلەمچىدەك قىسىلدىم يازدا خامان ئالدىدا»، «مېنىڭ ھالىمنى سورىساڭ، لەيلىنىڭ ۋەسلىدىكى مەجنۇن»، «بوينى باغلانغان مۇشۇكتەك ساڭدا چاشقان ئالدىدا»، «تامچە سۇغا زار بولدۇم بەھرى ئوممان ئالدىدا» دېگەندەك مىسرالارنى ئەنە شۇنداق ئوبرازلىق تىلنىڭ مىسالى سۈپىتىدە كۆرسىتىش مۇمكىن.

نىمشېھىتنىڭ بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرلىرىدا ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەن نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرلىرى خۇددى خەلق قوشاقلىرىغا، ياكى بولمىسا شېئىرىي ئېيتىشىش ـ لەپەر تېكىستلىرىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق شېئىرلارنىڭ تىلى تېخىمۇ ئاممىباب، دەل، ئەركىن بولۇپ، ئۇلارغا قىزغىن ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەن:

قامىتىڭ ئەجەب زىبا،
ساڭا كۆيمىگەن كىم بار؟
سەن ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن،
بولمىغاندۇ سەرسان، قىز.

ئەي لېۋى قىزىل قىزىل ياقۇت،
قىلمىغىن مېنى نابۇت .
ھەممىسى لېكىن مەندە،
ئىشق ئەھلىگە سۇلتان قىز.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز نىمشېھىتنىڭ بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نىمشېھىت بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇرر ئەدەبىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىمۇ، تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ داڭلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر لىرىكىلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى ھەم شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ دەۋر رېئاللىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ياراتقان بەدىئىي پەللىسىمۇ خېلى يۇقىرى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەم ئىجتىمائىي قىممەتكە ھەم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنىپ، كىتابخانىلارنىڭ ئاۋۋالقىدەكلا سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىي ئەسەرلىرى ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ۋەتەن ئۇلۇغلانغان، ئىلىم ـ مەرىپەت تەشەببۇس قىلىنغان، كىشىگە ئۈمىد، ئىلھام بەخش ئېتىدىغان شېئىرلىرى خەلقىمىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ.

## 2. «سېغىندىم»ناملىق شېئىرى

«سېغىندىم» نىمشېھىت ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

«سېغىندىم» ناملىق بۇ شېئىرنى شائىر 1956 ـ يىلى جۇڭگو ھەج قىلغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە چەت ئەللەردە زىيارەتتە بولغان مەزگىللىرىدە يازغان. بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى بۇ ئۆمەك يېڭى ھۆكۈمەت جۇڭگودىكى مۇسۇلمان مىللەتلەردىن تەشكىللىگەن تۇنجى قېتىملىق ھەج ئۆمىكى بولۇپ، چەت ئەللەردە، بولۇپمۇ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان. ئەشۇ ئۆمەكنىڭ بىر ئەزاسى بولغان نىمشېھىت ۋەتەنگە بولغان چەكسىز سېغىنىشىنى، شۇنداقلا ۋەتەنىنىڭ دۇنيادا بارغانسېرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ئىززەت ـ ھۆرمىتىدىن پەيدا بولغان پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى مانا مۇشۇ شېئىرىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن.

«سېغىندىم» 30 كۇپلېتتىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك شېئىر. بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ئەشۇ قېتىملىق ھەج سەپىرىدىكى پائالىيەتلىرى كۆن تەرتىپ بويىچە خاتىرىلەنگەن. يەنى ئۇنىڭدا ھەج ئۆمىكىنىڭ سەپەرگە چىققىنىدىن تارتىپ، ھەج قىلىپ قايتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى پائالىيەتلىرى، بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى، زىيارەت قىلغان دۆلەت ـ رايونلىرى ئەينەن خاتىرىلەنگەن. ئەمما، شېئىرنىڭ قىممەتلىك تەرىپى بۇ ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

شائىر ھەج سەپىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى، ۋەتەندىن ئايرىلغان كۆڭلىدىكى كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتىنى، شۇنداقلا ۋەتىنىنىڭ دۇنيادىكى ئىززەت ـ ھۆرمىتى، شان ـ شەۋكىتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قايناق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ۋەتەن ھەققىدە يېزىلغان قەسىدىلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. بۇ شېئىر مۇنداق مىسرالار بىلەن باشلانغان:

سېغىندىمەن، سېغىندىمەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ سېغىندىم،
مېھرىڭ تولغان يۈرىكىمدىن سېغىندىم،
دولقۇنلىغان كۆكرىكىمدىن سېغىندىم.

بۇ مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، شېئىرنىڭ مۇقەددىمىسىدىلا شائىرنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان كۈچلۈك ھېسسىياتى ناھايىتى جانلىق، ھاياجانلىق ئىپادىلەنگەن. ئەلۋەتتە بۇنداق كۈچلۈك سېغىنىش پەيدا قىلىۋاتقىنى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ئوتلۇق مۇھەببەت، يەنى ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتتىن ئىبارەت. شائىر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختمۇ، ئەڭ يۈكسەك ۋىسالمۇ يەنىلا ۋەتەن قوينى، ئۇ ئەڭ تاتلىق لەززەتنى ۋەتەندىن ئالىدۇ. شۇڭا:

ئۆلسەم تېنىم قۇچىقىڭدىن جاي ئالسۇن!....
پاك ۋەتىنىم روھىم سەندە شادلانسۇن!.....
شۇنىڭ ئۈچۈن، تېزرەك ساڭا يەتسەم دەپ،
تۆت كۆز بىلەن كېچە ـ كۈندۈز سېغىندىم.

دېگەندەك مىسرالارنى يازغان. شائىر باشقا شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ يازغىنىدەك، ئۇنىڭ قىبلىسى، ئۇنىڭ جەننىتى مۇشۇ ۋەتەن. شۇڭا ئۇ ۋەتەننى سېغىنىدۇ، ۋەتەنگە تېزراق قايتىپ كېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ مۇشۇ قېتىملىق ھەجگە بارالىغانلىقىنى ۋەتىنىنىڭ ياردىمىدىن دەپ، چەت ئەللەردىكى دوستانە مۇئامىلىلەرنى، ھۆرمەت ـ ئىززەتلەرنى ۋەتىنىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ۋە تەسىرىدىن دەپ بىلىدۇ. ئۇ، ھەج قىلغۇچىلارغا كەمدىن ـ كەم نېسىپ بولىدىغان بەيتۇللانى يۇيۇش، پادىشاھ ئوردىسىدا مېھمان بولۇشقا ئوخشاش كاتتا شەرەپلەرگە ئېرىشكەندىمۇ، بۇ شەرەپنى باشقا ئامىللار بىلەن ئەمەس، دەل ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ شان ـ شۆھرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدۇ ھەم بۇ شان ـ شەرەپلەرنى پەقەت ۋەتەنگىلا تالىق دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى، سېغىنىشى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. شائىر شېئىرنى:

نىمشېھىتنىڭ سېغىنىشلىق سالامى،

سېغىنغاندىن باشقا يوقتۇر كالامى،
قىزىلگۈلگە بۇلبۇل شەيدا بولغاندەك،
سەن گۈلىستان ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

دېگەن مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. دېمەك، شېئىرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بىر كۆچلۈك ھېسسىيات — شائىرنىڭ ۋەتەننى سېغىنىش ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن.

«سېغىندىم» ئىمشېھىت ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر. ئىمشېھىت ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسلىق شۇنداقلا ئىزچىل ــــــقا ئىگە تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «سېغىندىم» شائىرنىڭ مۇشۇ تېمىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، بىرىنچىدىن، شېئىرنىڭ ھېسسىيات تۇسى ناھايىتى كۆچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ۋەتەنگە بولغان ھېسسىيات شائىرنىڭ بەدىئىي كامالىتى ئارقىلىق شۇنداق چىن، سەممىمي ھەم قايناق ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، بۇ شېئىر كىشى قەلبىدە ئاجايىپ كۆچلۈك بىر ھاياجان پەيدا قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، شائىر ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ رولىدىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. شېئىردىكى ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سېلىشتۇرۇش، تەكرارلاش. . . قاتارلىق تىل سەنئىتى بىر تەرەپتىن، شېئىرىي تىلنى رەڭدارلىققا، پاساھەتكە ئىگە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شېئىرنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. بولۇپمۇ شېئىردىكى «سېغىندىم» دېگەن بۇ سۆزنىڭ تەكرارلىنىشى شېئىردا ناھايىتى كۆچلۈك ئاھاڭدارلىق پەيدا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېئىردىكى ئاساسلىق پىكىر بولغان «سېغىنىش»نى تېخىمۇ كۆچەيتىپ ئىپادىلىگەن. ئۈچىنچىدىن، شېئىرنىڭ تىلى جانلىق، ئاممىباب، لىرىكىلىق بولۇپ، قاپىيىلىرى تولۇق، ئاھاڭدارلىقى كۆچلۈك. شائىرنىڭ شېئىرىي تىل جەھەتتىكى پاساھىتى بۇ شېئىردا ئەڭ تولۇق گەۋدىلەنگەن بولۇپ، شېئىرنى ئوقۇغان كىشىدە بىر خىل مۇكەممەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

## 3 § . تېيىپجان ئېلىيوپ

تېيىپجان ئېلىيوپ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئەڭ داڭلىق شائىرلىرىنىڭ بىرى. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، ئاساسىي خاھىشى، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەسىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە نامى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇ ھەقىقەتەن مول ھوسۇللۇق شائىر، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاز بولمىغان ئېسىل شېئىرلىرى بىلەن بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ سەركەردىسىگە ئايلانغان، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ئەدەبىيات ساھەسىدە يۇقىرى ئابرۇي تىكلىگەن. تېيىپجان ئېلىيوپ تۆھپىكار شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىمىزگە قوشقان تۆھپىسى كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قازىنىپ، 50 يىللىق شېئىرىيەتنىڭ سەركەردىسىگە ئايلانغان، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ــ ئالاھىدىلىك ياراتقان، بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بىلەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي مەنىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى جۇڭگوغا، دۇنياغا تونۇتۇشتا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشتە غايەت زور رول ئوينىغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 50 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىگە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

تېيىپجان ئېلىيوپ 1930 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1938 ـ يىلىدىن 1948 ـ يىلىغىچە قورغاس ناھىيىسىدىكى دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1948 ـ يىلى يېڭى مەدەنىيەت، جۇملىدىن ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بولغان غۇلجىغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئالغا» گېزىتىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ 1955 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1953 ـ يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئالدىنقى سەپتىكىلەردىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بارغان. 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە باشقا نۇرغۇن يازغۇچىلارغا ئوخشاش كۆپ سورۇقچىلىقلارنى تارتقان. 1979 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 1985 ـ يىلىدىكى 4 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا يەنە بىر قېتىم مۇئاۋىن رەئىسلىككە ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلانغان. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1982 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ يۇگوسلاۋىيىگە بېرىپ، 21 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا شېئىرىيەت بايرىمىغا قاتناشقان ھەم ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى دۇنيا سەھنىسىدە جاراڭلاتقان. بۇلاردىن باشقا ئۇ يەنە تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئەللەردە زىيارەت ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىلەردە بولغان

ۋە ئەدەبىي ئالاقىلەرنى ئىلگىرى سۈرگەن. تېيىپجان ئېلىيوپ ئۇزۇن مەزگىل ئەدەبىيات ساھەسىدە تەشكىلاتچىلىق خىزمەتلىرى بىلەن ۋە كەسپىي يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1989 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن شېئىرىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە بېغىشلانغان.

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيىتى 1945 ـ يىلى يېزىلغان «جەڭچى ئاكامغا» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. ياش يىگىتنىڭ ئىنقىلابىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ، ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىش ئىرادىسى سەممىمىي ھېسسىيات، ئاممىباب تىل، ئىخچام قۇرۇلما ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بۇ شېئىر كەڭ كىتابخانلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. شائىر ئەشۇ مەزگىللەردە شېئىر ئىجادىيىتىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ئەشۇ شېئىرلىرى ئىچىدە يۇكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن «جانان ئۈچۈن»، گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش ئىپادىلەنگەن «گۈلۈمگە»، كونا جەمئىيەتنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن «قىش كەتتى»، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن يېڭى تاڭ تىلەنگەن «كۆكلەم جىلۋىسى»، «ئاداققى سۆزۈم»، كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن «كۈرەش»، «كۆت مېنى»، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى لېنىننىڭ ئىنقىلابىي روھى ئىپادىلەنگەن «لېنىن ئۆلمىدى»، تاڭ ئالدىدىكى تەلپۈنۈش ئىپادىلەنگەن «تاڭمۇ يېقىن»، «تاڭ ناخشىسى»، «خىتابىم» قاتارلىق شېئىرلىرى داڭلىق بولۇپ، بۇ شېئىرلار تېيىپجاننىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئازادلىق تېڭى ۋە شۇ سەۋەبتىن پەيدا بولغان يېڭىچە ھايات خۇشاللىقى شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئىلھام بۇلىقى بولغان.

1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن شائىرنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. 50 ـ، 60 ـ يىللار شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى. شائىرنىڭ كۆپلىگەن ۋەكىللىك شېئىرلىرى مۇشۇ باسقۇچتا يېزىلدى، شائىرنىڭ ئىجادىيەت تالانتى مۇشۇ دەۋردە ھەممىدىن بەك جارى بولدى، شۇنداقلا ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىمۇ مۇشۇ باسقۇچتا شەكىللەندى.

تېيىپجان ئېلىيوپ 1949 ـ يىلى ئۆكتەبىردە غۇلجىدا يازغان «كۈن چىقىشنىڭ تېڭى ئاتتى» ناملىق شېئىرى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتىنى باشلىدى. شائىرنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى بۇ تۇنجى شېئىرىدا ئازادلىققا بولغان تەنتەنە ئىپادىلەنگەن. شۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە شائىر كونا جەمئىيەتكە بولغان نەپرەت، يېڭى دەۋرگە بولغان مۇھەببەت، پارتىيە ـ داھىيغا، ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان رەھمەت، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە تۇرمۇشى، كۈرەش ئىرادىسى، مەردانە قىياپىتى ئىپادىلەنگەن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دەۋر تۈسى قويۇق بولغان «خىتابىم»، «بۈگۈن»، «توي»، «گۈلچەنداڭ ھەققىدە قەسىدە»، «دەرد»، «ماۋجۇشىغا خەت» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشىنى، خۇشاللىقىنى تەسۋىرلىگەن. «دېھقان قىزنىڭ ناخشىسى»، «كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىداكارلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىي دۇنياسى ئىپادىلەنگەن.

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى تېمىسىدىكى شېئىرلار مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تېيىپجان ئېلىيوپ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر شۇنداقلا ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھقا ئىگە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى دەۋر تارىخىدىكى چوڭ ۋەقە ھېسابلىنىدىغان ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ مۇشۇ ئۇرۇش تېمىسىدا «نېگىر سولداتنىڭ خېتى»، «قىزنىڭ ناخشىسى»، «سالام مەردلەر ۋەتىنىگە»، «دوستلۇق قوشىقى»، «قېنى، دوستۇم، كۆتۈر قەدەھنى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، تاجاۋۇزچىلىقتا، زورلۇقتا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى، ئەركىنلىككە، ئادالەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنى، شۇنداقلا جۇڭگو ـ چاۋشيەن خەلقلىرىنىڭ مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان جەڭگىۋار كۈرەشلىرىنى، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇق ـ قەھرىمانلىق روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئەللىرى خەلقىنىڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان قەتئىي ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن. شائىر ئۆزىمۇ ئالدىنقى سەپتىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ، پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىگە ئىلھام بەرگەن، شۇنداقلا چاۋشيەن خەلقى بىلەن دوستانە پائالىيەتلەردە بولغان.

50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئىجادىيەت تېمىسى ئاساسەن بىر خىل خاھىشتا، بىر خىل مەزمۇندىلا بولۇپ، بۇ، شۇ يىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغانىدى. تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇكى، ئۇ ئىجادىيەتتە ئومۇمىي خاھىش، ئورتاق تېما بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇ يۇقىرىقىدەك بىر تۈركۈم سىياسىي لىرىكىلارنى يېزىش بىلەن بىرگە يەنە ئاز بولمىغان ئېسىل مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى، تەبىئەت لىرىكىلىرىنى، ئىنتىم لىرىكىلىرىنى ۋە ناھايىتى ياخشى بىر تۈركۈم ساتىرالارنى يازدى. بۇ شېئىرلار بىر تەرەپتىن، شۇ يىللاردىكى ئىجادىيەتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى يارىتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. شائىرنىڭ بۇ يىللاردا يازغان «سېغىنىش»، «يوللۇق ئالما»، «تۇگىمەس ناخشا» قاتارلىق مۇھەببەت لىرىكىلىرى بۈگۈنكى زاماندىكى مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى.

يىللارنى ئۆتكۈزدۈم لېۋىمنى تامشىپ،
بىراق ئاي سانىماق تەس ئىكەن ئاندىن.
ھەپتە سانىغاندا خىيالچان بولۇپ،
كۆنلەرگە ئۆتكەندە ئۈيقىدىن قالدىم.
سائەتنىڭ ئۆتمىكى ئۆمۈردىن ئۇزاق،

مىنۇتلار ئازابى كەتكۈزدى ھالدىن.
مۇبادا ئالدىمغا چىقمىغان بولساڭ،
ئېھتىمال، خوشلاشقان بولاتتىم جاندىن.
«سېغىنىش» (1953 ـ يىل)

شائىرنىڭ «سېغىنىش» ناملىق بۇ لىرىكىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى ناھايىتى چىن، سەمىمىي ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، شائىر يارىنى سېغىنغان بىر ئاشىقنىڭ يار ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى سېغىنىشىنى يىل، ئاي، ھەپتە، كۈن، سائەت، مىنۇت تەرتىپى بويىچە ئىپادىلەپ، سېغىنىش ئوتىدا كۆيگەن بىر قەلبنىڭ چىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ شېئىردا بىرىنچىدىن، شائىرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى كامالىتى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، ئىككىنچىدىن، سېغىنىش ھېسسىياتى ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك، چىن، شۇنداقلا شېئىرىي تۈستە ئىپادىلەپ بېرىلگەن؛ ئۈچىنچىدىن، شېئىرغا ھېچقانداق سىياسىي، ئىجتىمائىي پۇراق ئارىلاشتۇرۇلماي، پەقەت قەلبتىكى چىن ھېسسىياتلا ئىپادىلەنگەن؛ تۆتىنچىدىن، شېئىردا كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى ناھايىتى روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، كىشىگە ئىختىيارسىز نەۋائى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېپىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇنىڭ «كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا»، «يوللۇق ئالما» قاتارلىق شېئىرلىرىدا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاممىباب، يەڭگىل، يېقىشلىق، تاۋلانغان، مەزمۇنى چوڭقۇر، پىكرى يېڭى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئوقۇغان كىشىدە ناھايىتى تاتلىق شېئىرىي لەززەت پەيدا قىلىدۇ. شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇكى، شائىر ئىجادىيىتىدىكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ مۇھەببەتنى ئۇنداق ئاددىي ھېسسىيات، ئاددىي پائالىيەت سۈپىتىدە كۆرمەستىن، بەلكى ئۇنى ھاياتنىڭ، قەلبنىڭ، گۈزەللىكنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى، پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرنى، سىرلىق تەرەپلەرنى، گۈزەللىك ئۇچقۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ گۈلتاجىسى دەپ تەرىپلىنىدىغان «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرىدا شائىر ئالدى بىلەن مۇھەببەتنى يازغان. شېئىرنىڭ كۆرۈنۈشتىكى مەزمۇنى شۇنداق تەبىئىي: يىگىت قىزغا ئاشىق، ئەمما قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگەن، ئەمما ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزمەي، قىزنى كۆزلەپ ھەر ئاخشىمى «ناخشىسى بىلەن دېرىزە چېكىپ، ئەشۇ كوچىدىن ئۆتىدۇ». يىگىتنىڭ تۈگىمەس ناخشىسىدىن يا ئۇيقۇسى بۇزۇلغان، ياكى بولمىسا ياشلىقىنى ئەسلەپ بىئارام بولغان بوۋاي يىگىتنى «يا ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن، / قانداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان؟» دەپ ئەيىبلەيدۇ. يىگىت بوۋايغا: «سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن، / شۇنداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. يىگىتنىڭ بۇ جاۋابى ئەمەلىيەتتە پۈتۈن شېئىرنىڭ جان تومۇرى بولۇپ، شېئىردىكى بارلىق پىكىر، بارلىق ئىدىيە، بارلىق دىت، بارلىق سەنئەت مانا مۇشۇ ئىككى مىسراغا مۇجەسسەملەشكەن. شائىر

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ئۇتىدا كۆيگەن ئاشىقنىڭ سىمۋولى بولغان يىگىتنىڭ ئوبرازلىق تىلى ئارقىلىق مۇھەببەت ناخشىسى مەڭگۈلۈك ناخشا، ئۇ ھاياتلىقتا ئوخشاش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، بوۋايلارنىڭ ئەسلىمىسىدە ئاجىزلاشسا، يىگىتلەرنىڭ قەلبىدە يالقۇنجايدۇ، ئۇ مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن. شېئىردا ئىپادىلەنگەن بۇ پىكىر نوقۇل ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقى ـ مۇھەببەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتۈن ھاياتلىقتا، ھاياتلىقتىكى ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە، ئۇنىڭ يەتكىلى بولمايدىغان، ئەمما ھەر بىر ئىنسان چەكسىز ئۇمىدۋارلىق بىلەن قوغلىشىدىغان يۈكسەك مەنزىللىرىگىمۇ تەتبىقلانغان. شېئىرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى كۆپ قاتلاملىقتا، ئابستراكتلىقتا، شەكىل قۇرۇلمىسى سەنئەت يۈكسەكلىكىگە ئىگە بولۇپ، كىشىدە يېڭىدىن ـ يېڭى پىكىرلەرنى، ئېستېتىك تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. « ‹تۈگىمەس ناخشا› دا ‹يېتىپ بولالماس پەللە› ۋە ‹تۈگىمەس ناخشا› دىن ئىبارەت ئىككى ئېستېتىك بوشلۇق بار بولۇپ، بۇلار شېئىرنى يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغان»[①] ، « ‹تۈگىمەس ناخشا› رېئال تۇرمۇشتىن، مىللىي تۇرمۇش زېمىنىدىن ئۈنۈپ چىققان. . . رېئال تۇرمۇش ۋە چىن ھېسسىيات بۇ شېئىرنىڭ جېنى، مىللىي ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ قانىتى»[②] .

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە ساتىرالىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نىسبەتەن گەۋدىلىك بولدى. ئۇ مۇشۇ ئىجادىيەت باسقۇچىدا «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» (1955 ـ يىل) ، «ساڭ مۇدىرنىڭ ‹زىياندىاشقا قارشى› ئاجايىپ تەدبىرى ھەققىدە قوشاق» (1957 ـ يىل) ، « ‹ئاساسەن› نىڭ شىكايىتى» (1962 ـ يىل) قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ساتىرالارنى يېزىپ، شۇ دەۋر رېئاللىقىدا مەۋجۇت بولغان مەجلىسۋازلىق، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى شەخسنىڭ قىلىۋېلىش، مۇبالىغىچىلىك قىلىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلماسلىقتا ئوخشاش بىرقاتار ئىللەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان. تېيىپجان ئېلىيوپ بۇ بىر قاتار ساتىرالىرى بىلەن شۇ يىللاردىكى ساتېرا ئىجادىيىتى ئۈچۈن يول ئاچتى، شۇنداقلا ساتېرا ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. شائىرنىڭ ساتىرالىرى ئىچىدە «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا يىغىن ئېچىشقا، قۇرۇق گەپ قىلىشقا خۇشتار، يىغىن ئېچىپ قۇرۇق گەپ قىلىشنى ھەممىدىن مۇھىم خىزمەت دەپ قارايدىغان، كىشىلەرنى يىغىۋېلىپ، ئەتىدىن كەچكىچە يىغىن ئېچىپ، ئايىغى چىقماس قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئۇلارنى ئەخمەق قىلىپ، ئۇلارغا ئەمەلىي ئىش قىلدۇرمايدىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىد ئاڭلاپ، ئەدىبىنى يېگەندىمۇ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلمايدىغان تىپىك ۋالاقتەگكۇر كىشىلەرنى قاتتىق مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان. شائىر ۋالاقتەگكۇروپ ئوبرازىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى كىشىلەرنى يىغىۋېلىپ كېچىچە يىغىن ئېچىپ، ئاخىرىدا ئۆزى يالغۇز قالغانلىقى، يىغىندا ئېشىپ قالغان گەپلىرىنى ئايالى ئايخانغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىمۇ ئۇخلاتمىغانلىقى، بىر سۆزلىسە توختىماي

---

① ئەخمەتجان ئوسمان: « ‹تۈگىمەس ناخشا› ھەققىدە تەھلىل» ، «تەڭرىتاغ» 1992 ـ يىل، 4 ـ سان.
② ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ، 152 ـ بەت.

سۆزلەيدىغانلىقى، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سۆزىنىڭ مۇقەددىمىسىنىمۇ تۈگىتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن رادىئو ئۈزۈلىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى، ئامبارغا ئوت كەتكەندە كىشىلەر ئوت ئۆچۈرۈش كويىدا ئالدىراش يۈرسە، ئۇنىڭ «شۇ ئوتنى چۈشەنمەي ئۆچۈرگەن بىلەن بولمايدۇ، ئىش چوڭقۇر ئۇتۇقتا ئىگە» دەپ كىشىلەرنى يىغىنغا چاقىرىپ ئاۋارە بولغانلىقى، ۋالاقتەگكۈروپنىڭ يىغىنىدىن، تۈگىمەس لېكسىيە ـ نۇتۇقلىرىدىن زېرىككەن كىشىلەرنىڭ ئۇنى «ۋاقىتنىڭ خىيانەتچىسى» دەپ ئەيىبلىگەنلىكى، يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭمۇ ئۇنى تەنقىدلىگەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى . . . قاتارلىق تەپسىلاتلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىن، جانلىق، تىپىكلىكى ۋالاقتەگكۈروپ خاراكتېرىنى ناھايىتى جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ شېئىرنىڭ ھەجۋىي تۈسى كۈچلۈك، تەنقىدى خاھىشى ئۆتكۈر، تۈرمۈش چىنلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇر ساتىراچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. شېئىر مۇنداق مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشقان:

«مىڭ ئېغىز گەپ قىلغان ئۆلىدۇ» دەپتۇ،
دەرۋەقە ئاغىنەم شۇ ۋەجدىن ئۆلدى.
ئۇنىغۇ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدۇق،
ئەمدى گەپ تىرىكلەر ئۈستىدە قالدى.

«ۋالاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق بۇ ساتىرادا بىر تەرەپتىن، شۇ دەۋر رېئاللىقىدىكى ۋالاقتەگكۈروپلار مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلىنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋالاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى باشقىلارغا ۋە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىنغان. شېئىرنىڭ «ئەمدى گەپ تىرىكلەر ئۈستىدە قالدى» دېگەن مىسراسى شېئىرنى ئۆز دەۋرىدىن ھالقىتىپ، كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك قىلىپ كەلمەكتە. تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغاندا يالغۇز ئۇنىڭ مەدھىيە خاراكتېرىدىكى شېئىرلىرىنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ۋە قىممەتكە ئىگە بولغان تەنقىدىي خاھىشتىكى شېئىرلىرىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك.

تېيىپجان ئېلىيوپ بۈگۈنكى زاماندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتىنى باغلاپ تۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا دۇنيانى، دۇنيادىكى باشقا ئەللەرنى، باشقا ئەل خەلقلىرىنى يېزىپ، 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ تېمىسىنى كېڭەيتكەن، دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرغان. ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان چاۋشيەن تېمىسىدا يازغان شېئىرلىرى، 1956 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە بارغاندا يازغان «موسكۋادا 1 ـ ماي»، «رازلېۋ بويىدىكى كەپە» ، «سالام، قازاقىستان» ، «ئىسسىق كۆل» ، «ئاۋرورا» قاتارلىق شېئىرلىرى، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ئەيىبلەنگەن «مىللىتىمنى بەرگىن قولۇمغا» (1956 ـ يىل) ، كېنىيە خەلقىنىڭ مۇستەملىكچىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان قەيسىرانە كۆرەشلىرى مەدھىيىلەنگەن «سارىيە»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(1959 — 1960 ـ يىللار) قاتارلىق شېئىرلىرىنى مانا مۇشۇ تېمىدىكى شېئىرلىرى ئۈچۈن مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن. شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرىدا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار كۈرەشلىرى، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى مەدھىيىلەنگەن، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق قىزغىن كۈيلەنگەن.

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلارمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تېمىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېما جەھەتتىن باغلاپ كەلدى. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردىكى شائىرلار، يازغۇچىلار بۇ تېمىغا ھەم ۋارىسلىق قىلدى ھەم بۇ تېمىنى يېڭىدىن يېڭى مەزمۇن، پىكىرلەر بىلەن بېيىتىپ كەلدى. بۇ تېمىنى يېڭىلاش، بېيىتىشتا تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ھەسسىسىمۇ خېلى گەۋدىلىك بولدى. ئۇ «ئانا تۇپراق» (1954 ـ يىل)، «ۋەتىنىم» (1956 ـ يىل)، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» (1962 ـ يىل)، «ۋەتەن بايرىمىغا» (1962 ـ يىل)، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» (1963 ـ يىل) قاتارلىق لىرىكىلىرىدا ۋەتەنگە بولغان چەكسىز ساداقىتىنى، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە بولغان ئىشەنچ ـ ئىرادىسىنى، ۋەتەنگە بولغان يالقۇنلۇق ھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىپادىلىگەن بولسا، «سۇ كەلدى» (1960 ـ يىل)، «مەلىمىزدىن پويىز ئۆتىدۇ» (1963 ـ يىل)، «بەخت باھارى» (1963 ـ يىل) قاتارلىق شېئىرلىرىدا يۇرتىمىزدا مەيدانغا كېلىۋاتقان مۆۋەپپەقىيەتلەر، يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن، «مېيخۇا گۈلىگە مەدھىيە» (1964 ـ يىل)، «يۇخۇاتەيگە زىيارەت» (1964 ـ يىل) قاتارلىق شېئىرلىرىدا ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى، تارىخى ـ مەدەنىيىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋەتەندىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

## 2. تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

تېيىپجان ئېلىيوپ مول ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئىگە شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شائىر. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى روشەن، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

1) تېيىپجان شېئىرلىرىنىڭ دەۋر رېئاللىقى بىلەن، سىياسىي ـ تارىخىي شارائىت بىلەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئالاھىدە قويۇق. تېيىپجاننىڭ بوگۇنكى دەۋر باسقۇچىدىكى 40 يىللىق ئىجادىيىتىدە ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى 40 يىللىق تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەينەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققان ھەرقانداق كىشى 40 يىللىق تارىخنى بىر قۇر ۋاراقلاپ چىققاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. ئەمما، تېيىپجان شېئىرلىرى كالېندارچىلىق خاھىشىدىكى شېئىرلار ئەمەس، ئۇ شېئىرىيەت

ئىجادىيىتى ئارقىلىق دەۋرنىڭ ھەر بىر تىنىق، ھەر بىر نەپىسىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن.

2) تېيىپجان رېئالىزمچى شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى رېئاللىقنى مەنبە قىلغان، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرگەن، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋر باسقۇچىدا باشتىن كەچۈرگەن تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلىرى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇلارنى تەسۋىرلىگەندە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇ بۈگۈنكى زاماندىكى رېئالىزملىق شېئىرىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئېپىك شېئىرلارمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، لىرىك شېئىرلىرىمۇ دەۋر رېئاللىقى كۈچلۈك لىرىكىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3) تېيىپجان كۆزىتىش، بايقاش ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى شائىر بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق بىر تۇرمۇش دېتالىدىن، ھەرقانداق بىر يېڭىلىق ـ ئۆزگىچىلىكتىن، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر نەرسە ياكى مەلۇم ھالەتتىن ھامان شېئىرىي پىكىر تاپالايدۇ. ئەسكەرلىككە تىزىملاتقاندا كومىسسىيىنىڭ «يېشىڭ كىچىك ئىكەن» دېيىشلىرى، ئالدانغان قىزنىڭ ئېسەدەشلىرى، باجىن سوۋغا قىلغان قەدەھكە دەز كېتىشى، ئالما شاخلىرىنىڭ ئېگىلىپ كېتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شائىردا يېڭىچە ئىلھام بەخش پىكىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

4) تېيىپجان شېئىرلىرى ئۇسلۇب جەھەتتىن يەڭگىل، يېقىملىق، پىشقان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ كەم تېپىلىدىغان بەدىئىي كامالىتى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا خەلق قوشاقلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، ھەتتا ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلىرىمۇ شۇنداق راۋان، ئاممىباب، يېقىملىق، يەڭگىل بولۇپ، كىشىدە كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇسلۇب سەۋەبىدىن تېيىپجاننىڭ شېئىرلىرىنى خەلقىمىز تولىمۇ قىزىقىپ ئوقۇغان، تېيىپجان يازما شېئىرىيەتنى خەلق ئارىسىغا ئېلىپ كىرىشتە ھەقىقەتەن ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان.

5) تېيىپجان شېئىرلىرى يۇمۇرغا، قىزىقچىلىققا، كىنايىگە ناھايىتى باي. تېيىپجان بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىگە يۇمۇر، قىزىقچىلىق، كىنايىنى ئەڭ دەسلەپ ۋە ئەڭ ئۇنۇملۇك ئېلىپ كىرگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ياكى كۈلكە ـ چاقچاق پەيدا قىلىدىغان تەركىبلەر بىلەن تولغان بولۇپ، كىشىدە بىر خىل ئازادىلىك، كۆڭۈل خۇشلۇقى پەيدا قىلىدۇ. قىزغىن كەيپىيات، كۈلكە ـ چاقچاقلار ئارقىلىق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش تېيىپجان ئىجادىيىتىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

6) تېيىپجان شېئىرلىرى شېئىرىي شەكىللەرگە ناھايىتى باي. تېيىپجان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدىكى بىلىملەرگە ناھايىتى پىششىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، مۇشۇ بىلىملىرى ئاساسىدا بىر تەرەپتىن، كلاسسىك شېئىر شەكىللىرىنى دەۋرىمىزدە يېڭىچە مەزمۇنلار بىلەن جارى قىلدۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىمۇ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، ھەر خىل يېڭىچە شېئىر شەكىللىرى، شېئىر تۇرلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىر شەكىللىرى تېخىمۇ كۆپ خىللاشقان. شائىر بۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى زاماندىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ رەڭدارلىقىغا كۆپ ھەسسە قوشقان.

7) تېيىپجان شېئىرلىرىنىڭ تىلى ناھايىتى پاساھەتلىك بولۇپ، شائىر ئۆزىگە خاس شېئىرىي تىل ئالاھىدىلىكى ياراتقان. ئۇنىڭ شېئىرىي تىلى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلارغا ئىنتايىن باي، ئېنىق قاپىيىلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ غەزەل قاتارلىق كلاسسىك شەكىللەردە يازغان شېئىرلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى پاساھىتى يۇقىرى، بارماق ۋەزنىدە يازغان شېئىرلىرىنىڭ تىلى ناھايىتى يەڭگىل، ئاممىباب، ئەمما ناھايىتى ئىپادىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## 3. «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1962 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە يېزىلغان. بۇ شېئىردا تېيىپجان ئىجادىيىتىنىڭ بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەيلى ئىپادىلىگەن ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتە بولسۇن، ياكى قوللانغان بەدىئىي ماھارەتلىرى جەھەتتە بولسۇن 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان.

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق بۇ شېئىر ئەشۇ يىللاردىكى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شائىر ۋەتەن ئالدىدىكى بىر خىل يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن بۇ شېئىرنى يېزىپ چىققان. بۇ شېئىر يېزىلغان يىللاردا مەملىكىتىمىز ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت تۇغدۇرغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان بولۇپ، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەر جۆر بولۇشۇپ، ھەر خىل ئىغۋاگەرچىلىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قايمۇقتۇرماقتا ئىدى. ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇشۇ يىللاردا «چۆچەك ۋەقەسى» بولۇپ، بىر قىسىم كىشىلەر ۋەتىنىنى تاشلاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ياكى چىقىپ كېتىش نىيىتىدە بولغانىدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا شائىر «ۋەتەن بىر مۇقەددەس ئانا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىغان ھاياتنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ» دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈپ بۇ شېئىرنى يېزىپ چىققان.

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» 22 كۇپلېت، 44 مىسرادىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك شېئىر. شائىر بۇ شېئىردا ۋەتەننى ئۇلۇغلاپ، ۋەتەن مېنىڭ ئانام، بارلىقىم ئۇنىڭغا بېغىشلانغان، ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن بولغان، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى قوغداش، ئۇنى كۈيلەش مېنىڭ بۇرچۇم، ئۇنىڭسىز ياشىغان بىر مىنۇتمۇ مەن ئۈچۈن خۇددى دوزاخ ئوتىدا قىينالغاندەك ئازابلىق تۇيۇلىدۇ، ۋەتەننىڭ قوينى ئانامنىڭ باغرىدەك ئىللىق، ۋەتەننىڭ قەيەرىگە بارسام، ئوخشاشلا ئائىلىق مېھىر ھېس قىلىمەن، ۋەتەننىڭ جاپالىق چاغلىرىمۇ ماڭا راھەتلىك تۇيۇلىدۇ، شۇڭا ۋەتەن ئۈچۈن تاغنىمۇ يەلكەمدە كۆتۈرۈشكە رازى، شۇنداق

قىلسامۇ سېنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقلىرىڭنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ماۋزۇسىدىنلا بىلىنىپ تۇرغىنىدەك بىر پارچە ناھايىتى ياخشى يېزىلغان قەسىدە. بۇ قەسىدىدە ۋەتەن ئۇلۇغلانغان، شۇنداقلا ۋەتەن بالىسىنىڭ ئۆز ئانىسىغا بولغان ساداقەتمەنلىكى، پىداكارلىقى ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ نەزەرىدىكى ۋەتەن قانداقتۇر ئابستراكت ۋەتەن ئەمەس، بەلكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى. شائىر:

جان ئانام، جانان ئانام جۇڭگو، ئۇنىڭ پەرزەنتى مەن،
مېھرىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندە مەن.
. . .   . . .   . . .   . . .   . . .
نەگە بارسام ئۆز ئانام قويىندا مەن، ئۆگەي ئەمەس،
مەيلى خوتەن، مەيلى ئەنشەن، مەيلى تەيخاڭشەندە مەن.

دېگەن مىسرالىرىدا بۇ قارشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر تۆۋەندىكى بىرقانچە مىسرالىرىدا ۋەتەننى ئۇلۇغلىغان:

شۇ مۇھەببەتسىز، شۇ مەشئەلسىز، شەرەپسىز بىر مىنۇت —
ياشىسام جەننەتتىمۇ، دەيمەن: «دوزاختا بەندە مەن».
. . . .   . . . . .   . . . . .   . . . . .
ئانا تۇپراق توپىسى گويا كۆزۈمگە تۇتىيا،
چۆلدە يۈرسەممۇ ئۆزۈمنى سېزىمەن گۈلشەندە مەن.
. . . . . . . .   . . . . . . .   . . . . . . .   . . . . .
ئۆلمىدى دەڭلار مېنى، ئۆلسەممۇ ياتسام كۆز يۇمۇپ،
شۇ ئانا تۇپراقتا قېزىلغان ئەزىز قەبرەمدە مەن.
. . . . . . . . .   . . . . . . . . . .   . . . . . . . .
بار ئۈچۈن سەن مەنمۇ بار، سەنسىز ھاياتىم يوق مېنىڭ،
چۈنكى مەنمۇ سەن بىلەن بىر جاندا مەن، بىر تەندە مەن.

شائىر بۇ مىسرالاردا ۋەتەننىڭ ھەرقانداق بىر ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن ئۇلۇغ، مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئادەمدە نە ئەركىنلىك، نە بەخت، نە راھەت ـ پاراغەت بولمايدىغانلىقىنى، ۋەتەن دېمەك ھايات دېمەك بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ۋەتەننى قەدىرلەش، ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر شېئىردىكى :

سۇلىرى ئابىھايات، كەۋسەر خىجالەت ئالدىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نە ئۇچۇن موھتاج بولاي، خۇشتار بولاي زەمزەمگە مەن.

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۇلاھۇ جەندىمەن.

دېگەن مىسرالىرىدا ۋەتەننى تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ، كىشىلەرنى ۋەتەننى سۆيۈشكە، باشقا ئەللەرنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىگە قىزىقماسلىققا چاقىرغان. بۇ مىسرالار شېئىرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى، شۇنداقلا شېئىرنىڭ يېزىلىشتىكى مۇددىئاسىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان، ۋەتەن ئۇلۇغلانغان، ۋەتەنگە بولغان ساداقەت ئىزھار قىلىنغان، شائىرنىڭ ۋەتەن قوينىدىكى ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، كىشىلەر ۋەتەنسىزلىك ئازابىنى تارتماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئېسىل قەسىدە. ئۇنىڭدا تېپىپچان ئىجادىيىتىنىڭ دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇلۇغ ۋەتەندىن پەخىرلىنىش، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىش، تىلنى پاساھەتلىك قوللىنىش، پىكىرنى ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەش، شېئىرنىڭ ئاممىباب، راۋان، يېقىشلىق، تەسىرلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئوخشاش بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئەمدى شېئىرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، بىرىنچىدىن، ئالاھىدە گەۋدىلىنىدىغىنى شېئىرنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى. شائىر غەزەل شەكلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە شېئىرنىڭ تىلىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تاللىغان ۋە تاۋلىغان بولۇپ، شېئىرنى تەشكىل قىلىدىغان ھەر بىر سۆز ـ جۈملە كىشىدە ئۆزگىچە ئېستېتىك لەززەت پەيدا قىلىدۇ، شېئىرنىڭ تىلى مەنا ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە ئۆز ئالدىغا ئېستېتىك قىممەت ياراتقان. ئىككىنچىدىن، شېئىردا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، سىمۋوللاشتۇرۇش، جانلاندۇرۇشقا ئوخشاش ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىپ، شېئىرنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۈچىنچىدىن، شېئىردا خەلقنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان ئادەت سۆزلىرى، تۇراقلىق ئىبارىلىرى، ماقال ـ تەمسىللىرى قوللىنىلىپ، شېئىرىي تىلنىڭ رەڭدارلىقى، پاساھىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا، شېئىرنىڭ قاپىيىلىرى تولۇق، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، ۋەزنى كۈچلۈك، جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى بولۇپ، كىشىدە بىر خىل جانلىق كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى قانداق بولدى؟
2. 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرلارنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكى نېمە؟

3. 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى داستانچىلىق ئىجادىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.
4. نىمشېھىتنىڭ ئىجادىيەت يولىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
5. نىمشېھىت ئىجادىيىتى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟
6. «سېغىندىم» ناملىق شېئىردا قانداق ئىدىيە قانداق بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن؟
7. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيەت يولىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
8. تېيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتى قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟
9. «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىڭ.
10. مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ: تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىغا قانداق قارايسىز؟
11. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭ.

www.uyghurkitap.com

# III باب 50 ـ ، 60 ـ يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتى

## 1 § . قىسقىچە بايان

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەدىمدىن تارتىپ شېئىرىيەت ئاساسلىق، ھەتتا بىردىنبىر ئەدەبىي شەكىل بولۇپ كەلگەنىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە زۇنۇن قادىرى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ھازىرقى دەۋر پروزىچىلىقى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى ھەم «ماغدۇر كەتكەندە» گە ئوخشاش بىر قىسىم نادىر پروزا ئەسەرلىرى مەيدانغا چىقتى. 50 ـ يىللارغا كەلگەندە بولسا، ھازىرقى دەۋر باسقۇچىدىكى پروزىچىلىق ئاساسىدا بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقى مەيدانغا كەلدى. زۇنۇن قادىرى بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىنىڭ ئاساسچىسى ۋە بايراقدارى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئابلىمىت مەسئۇدى، تۇردى سامساق، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىق بىر تۈركۈم يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ئىجاد قىلغان «چېنىقىش» (زۇنۇن قادىرى) ، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ، «ساراڭ ساقايدى» ، «دەسلەپكى قەدەم» (ئابلىمىت مەسئۇدى) ، «تىيانشان باغرىدا» ، «بەش تال ئوق» ، «قەشقەر گۈزىلى» (تۇردى سامساق) ، «سىناق» ، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» (ئەرشىدىن تاتلىق) قاتارلىق ئەسەرلەر 50 ـ ، 60 ـ يىللاردىكى پروزىچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ قالدى.

50 ـ ، 60 ـ يىللاردىكى پروزىچىلىقنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، كۆپلىگەن ئەسەرلەردە ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور يېڭىلىقلار، يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر قاتار زور ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەر، «كونا جەمئىيەتتە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خاراب بولغان كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋردە قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشىپ، ياخشى تۇرمۇش كاپالىتىگە ۋە يېڭىچە ياشاش ئىرادىسىگە ئىگە سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن بولغانلىقى» دەك باش تېما گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

50 ـ ، 60 ـ يىللاردىكى پروزىچىلىقتا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، بىر تۈركۈم يازغۇچىلار پروزا ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، دەسلەپكى قەدەمدە مەلۇم كۆلەمدىكى يازغۇچىلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. زۇنۇن قادىرى، ئابلىمىت مەسئۇدى،

تۇردى سامساق، ئەرشىدىن تاتلىق، قەييۇم تۇردى، ئەخەت تۇردى قاتارلىقلار بۇ قوشۇننىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىگە ئايلاندى.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان زۇنۇن قادىرى، ئابلىمىت مەسئۇدى، تۇردى سامساق، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىق يازغۇچىلار ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، تېمىسىنىڭ رەڭدارلىشىشى، ژانىرلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىغا ئاساس سېلىندى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىلدى.

ئابلىمىت مەسئۇدى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ 50 ـ يىللاردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىنى جانلىق ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلەشتىن كۆرە، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىش، سۇژىت ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئوخشاش بەدىئىي ماھارەتلەردە يارىتقان يېڭىلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئابلىمىت مەسئۇدى 1932 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. يۇرتىدا باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1951 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۆلكىلىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ بىر مەزگىل «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە مۇھەررىر، كېيىنچە «1 ـ ئاۋغۇست» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشچى، مائارىپ ساھەسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1981 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 50 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھېكايىچىلىق بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چىنلىقى، يارىتىلغان پېرسوناژلىرىنىڭ جانلىقلىقى، خاراكتېرلارنىڭ يارقىنلىقى، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇقلىقى، شۇنداقلا ھەر خىل بەدىئىي ماھارەتلىرىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن شۇ يىللاردىكى ئەدەبىيات ساھەسىدە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان.

ئابلىمىت مەسئۇدى ئاساسەن 50 ـ يىللاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يازغۇچى. ئۇ ئەشۇ يىللاردا «مەتۋاقى»، «ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى»، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى»، «ساراڭ ساقايدى»، «دەسلەپكى قەدەم»، «كارىز پالۋانلىرى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. بۇ ھېكايىلىرى 1957 ـ يىلى «دەسلەپكى قەدەم» دېگەن نام بىلەن توپلام بولۇپ نەشر قىلىنغان. بۇ ئەشۇ يىللاردا ۋە ئەشۇ يىللارغىچە نەشر قىلىنغان بىردىنبىر ھېكايىلەر توپلىمى ئىدى. شۇڭا بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ ھېكايىلىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار، يېزا

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشى، دېھقانلار ھاياتى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «ساراڭ ساقايدى» ناملىق ھېكايىسىدە، باش قەھرىمان داۋۇتنىڭ ئىككى جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان تەقدىرى ئارقىلىق، كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىيەت سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. داۋۇت كونا جەمئىيەتتە بىر يوقسۇل دېھقان بولۇپ، نامراتلىق دەستىدىن پۈتۈن ئائىلىسى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، ئۇ باشقا جايلارغا بېرىپ ئىشلەپ ئاز - تولا پۇل تاپماقچى، شۇ ئارقىلىق ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ. ئۇ يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ھېدايىتۇللا ھاجىنىڭ قورۇقىغا كېلىپ قالىدۇ ھەم بۇ يەردە ئىشلەمچى بولىدۇ. ئۇ نەچچە يىل جېنىنى سېتىپ جاپالىق ئىشلىسىمۇ ئاخىرىغا بارغاندا پومېشچىككە قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ. بۇنداق ناھەقچىلىق ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئازاب ئۇنى ساراڭغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. يۇرت ئازاد بولۇپ، يېزىغا يەر ئىسلاھاتى ئەترىتى كېلىدۇ، ئۇلار خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ ھېدايىتۇللا ھاجىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. داۋۇتمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىدە ئېسىگە كېلىپ ساقىيىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن «ساقىيىپ قاپسەنغۇ؟» دەپ سورىسا ئۇ: «مەن ساراڭ ئەمەس ئىدىم، مېنى دەۋر ساراڭ قىلغان. ماڭا چاپلاشقان جىننى گۆڭشەنداڭ ئېتىپ بەرسە ساقايماي تۇراتتىممۇ؟!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ھېكايىدە ئابلىمىت مەسئۇدنىڭ ھېكايىچىلىق ئالاھىدىلىكى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزا تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي - سىياسىي ئىسلاھاتلارنىڭ يېزىغا، دېھقانلار ھاياتىغا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلىرى تەسۋىرلەنگەن، يازغۇچى داۋۇتتىن ئىبارەت بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىدىكى ئۆزگىرىشنى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يېڭىچە قىياپىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ باشقا ھېكايىلىرىدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئابلىمىت مەسئۇدى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقى تېخى ئەمدىلاتىن شەكىللىنىۋاتقان ئەشۇ يىللاردا «ساراڭ ساقايدى»، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى»، «كارىز پالۋانلىرى»، «ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى» قاتارلىق دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، چىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، پېرسوناژلىرى روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئىگە، تەسۋىرلەنگەن زىددىيەت - توقۇنۇشلار بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن، بەدىئىي تەسۋىرلەش سەنئىتىدە مەلۇم پەللە ياراتقان بىر تۈركۈم ھېكايىلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىمىزنىڭ شەكىللىنىشىگە، تەرەققىي قىلىشىغا، شۇنداقلا مەلۇم بەدىئىي سەۋىيە يارىتىشى ۋە مەلۇم كۆلەم شەكىللەندۈرۈشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ رېئال قىممىتىدىن كۆرە، تارىخىي قىممىتى يۇقىرى.

ئابلىمىت مەسئۇدنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بىرىنچى، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە يېزا تۇرمۇشى، بولۇپمۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تۇرپان يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئاساسلىق تېما قىلىنىپ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي - سىياسىي ئىسلاھاتلار، بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا،

ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا، ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرىدە پەيدا قىلغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭىچە تۇرمۇش ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ تەسۋىرلىنىپ، يېڭى تۇرمۇش، يېڭىچە ھاياتنىڭ جانلىق كارتىنىسى سۈرەتلىنىپ، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا پەيدا بولۇۋاتقان يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت، جۇشقۇن، قاينام ـ تاشقىنلىق كوللېكتىپ ھايات قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. ئابلىمىت مەسئۇدى ھېكايىلىرىدە ئەڭ گەۋدىلىك قىلىپ يېزىلغىنى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، يېڭى دەۋر ئېلىپ كەلگەن يېزا ھاياتىدىكى، دېھقانلار تۇرمۇشىدىكى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى، ئىدىيە ـ ھېسسىياتتىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى، ئىشقىلىپ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن تەرەپلەردىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى ئىدى.

ئابلىمىت مەسئۇدى دەۋرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئاساسىي مېلودىيىسىنى ئەسەرلىرىدە جانلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق ، بولۇپمۇ مەلۇم بەدىئىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى زور دەرىجىدە يېقىنلاشتۇردى. ئۇنىڭ «ساراڭ ساقايدى» ناملىق ھېكايىسىدىمۇ، «ئۇ، ئۆز يولىنى تاپتى» ناملىق ھېكايىسىدىمۇ، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىسىدىمۇ، ھەتتا تېمىسى باشقا ھېكايىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان «مەتۋاقى» ناملىق ھېكايىسىدىمۇ شۇ بىرلا باش تېما — «ئۆزگىرىش» باش تېمىسى ئىپادىلەنگەن. «ساراڭ ساقايدى» ناملىق ھېكايىدە كونا جەمئىيەتنىڭ زۇلمىدا ساراڭ بولۇپ كەتكەن نامرات دېھقان داۋۇتنىڭ يېڭى جەمئىيەتتە ساقايغانلىقى يېزىلغان؛ «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى» ناملىق ھېكايىدە يېزىدىكى دېھقانچىلىق ئەمگىكىنى جاپا دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن قېچىپ، ئاسان پۇل تېپىش مەقسىتىدە سودا بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان جامالنىڭ ئاخىرىدا سودا قىلىپ پۇل تاپماقتا يوق، ئەكسىچە يېرىگە تېرىغان بۇغدىيىنىڭ يېرىم ھوسۇلىدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن قاتتىق پۇشايمان ۋە خىجىللىق ھېس قىلىپ، ئىدىيە، كۆز قاراشتا، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا، كوپېراتسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تۈپكى ئۆزگىرىش ياساپ، يەرنى، دېھقانچىلىق ئەمگىكىنى قەدىرلەپ، كوللېكتىپ بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىشتەك يېڭى يولنى — ئۆزىنىڭ يولىنى تاپقانلىقى يېزىلغان. «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئۆزگىرىش تېخىمۇ گەۋدىلىك. ئۇنىڭدا ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ ئاكىسىنىڭ ھامىيلىقىدا چوڭ بولغان يېزا قىزى ھاۋاقىزنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان يىگىت بىلەن توي قىلىشتەك مەجبۇرلاشقا قارشى چىقىپ، ئاخىرى غەلىبە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك ئازاد يېزىلاردىكى ئۆزگىرىشلەر، يەنى يېڭى دەۋرگە خاس بولغان ئەركىن مۇھەببەت، ئەركىن نىكاھنىڭ كونىچە فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى، ئائىلىدىكى، مۇھەببەتتىكى ئورنىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقى، نىكاھ ئەركىنلىكى، ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسىگە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى يېزىلغان. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ھاۋاقىز ئاددىي بىر يېزا قىزى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ ، بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكىنى، شۇنداقلا ھايات ئەركىنلىكىنى بوغۇپ كېلىۋاتقان فېئوداللىق نىكاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇزۇمىگە، قالاق ئاڭ ـ چۈشەنچىلەرگە، كونىچە ئادەت كۈچلىرىگە دادىللىق بىلەن قارشى چىققان يېڭى دەۋردىكى ئىسيانكار قىز. 1954 ـ يىلى يېزىلغان بۇ ھېكايىدە ئەركىن مۇھەببەت، ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسىنىڭ مۇشۇنداق جانلىق، تەبىئىي ۋە تەسىرلىك قىلىپ يورۇتۇپ بېرىلىشى يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ خېلى يۇقىرى بەدىئىي ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ھېكايىچىلىقىمىزنىڭمۇ تېما جەھەتتىن رەڭدارلىشىپ، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇرلىشىپ ۋە ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتە پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

ئابلىمىت مەسئۇدى ھېكايىلىرىنىڭ ئىككىنچى روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا دېھقانلارنىڭ ئوبرازى ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان. ئابلىمىت مەسئۇدى ئادەمنى يېزىشقا ماھىر يازغۇچى بولۇپ، ئادەمنى جەمئىيەت بىلەن، كىشىلەر بىلەن، ئۆزى بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ئىچىگە قويۇپ يازىدۇ. پېرسوناژلارنى يازغاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، خاراكتېر ـ مىجەزىنى، ئوي ـ خىيالىنى ئىپادىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى كىشىگە ھەقىقىي دېھقانلىق تەسىراتى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇش ۋە ئىدىيىدە، جۈملىدىن خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش ياسىغان پېرسوناژلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشى ھېكايىلەرگە سۇژېت قىلىنغان.

ئابلىمىت مەسئۇدى ھېكايىلىرىنىڭ ئۈچىنچى روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەسەرلىرىدە يالغۇز دەۋر رېئاللىقىنى، جەمئىيەت ۋە كىشىلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزى ھېكايىلىرىنىڭ تۇرمۇش بازىسى قىلغان تۇرپان يېزىلىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرە ـ ئالاھىدىلىكلىرىنى، مەدەنىيەت ـ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش، تەپسىلاتلارنى تەسۋىرلەش بىلەن ئورگانىك ھالدا زىچ بىرلەشتۇرۇپ، ناھايىتى يۇقىرى بولغان بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇنۇمى ياراتقان. بۇ ھال ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى پارچىلارنى كۆرۈپ باقساق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلالايمىز:

«شامال خۇددى سۇدەك يالاپ كەتكەن يەر — كەڭ كەتكەن قۇملۇق ۋە قۇمۇشلۇق جاي، گۈزەل تۇرپاننىڭ بىر چېتىدە يەرگە تاشلانغان ئەسكى پالازدەك پەرۋاسىز ياتىدۇ. تەشمىلەردىن كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ ئەتراپىغا چىقىرىلغان لاي لاتقىلىرى خۇددى گۆرىستاندىكى قەبرىلەردەك ئۇزۇن سەپ تارتىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز قۇم تۆپىلىكتە 25 ياشلار چامىسىدىكى كۆزلىرى قىزارغان بىر يىگىت ھاراقنىڭ كۈچىدىن ئېگىز ـ پەس دەسسەپ، ئاللىقانداق خىياللار بىلەن قوشدۆڭ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ.

. . . . . . ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ مېڭىشىغا بېقىپ، ئۇنىڭ دوگاڭخوغا يېرىم جىسىڭ پاختا ئەۋەتىپ، ئالاھىدە توقۇتقان ئىشتان بېغىنىڭ قارا، يېشىل، ئاق رەڭلىك چۇچىلىرى تىزىغىچە ساڭگىلاپ ئۇيان ـ بۇيان پۇلاڭشىپ تۇرىدۇ». . . . . .

. . . «ھاۋاقىز يېنىك بىر تىنىۋالدى ـ دە، قولىغا سېۋەتنى ئېلىپ ئۆگزىگە چىقتى. ئۇ ئېچىلىپ ئۇلگۇرەلمىگەنلىكتىن ئۆگزىگە يېيىپ قويۇلغان غوزىلارنى يىغدى. كۈن

‹چۆلتاغ› ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز نۇر چاچماقتا. ھاۋاقىز سېۋىتىنى تۇتقىنىچە خىيالچان كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكتى. تۆۋەندە چۆلتاغنىڭ بېرىسىدە پايانسىز جاڭگاللىقتا سۇنايلىنىپ ياتقان توقسۇن ئېقىنى كۈمۈشتەك پارقىراپ كۆزنى چاقنىتاتتى. ھاۋا سالقىن، باھاردىن دېرەك بېرىدىغان ئىللىق شامال غۇرقىراپ بۇ ئانا دىيارنىڭ ھەر بىر چالمىسىنى قويماي سۆيۈپ ئۆتمەكتە، ھاۋاقىزنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى سىيپىماقتا. . . ئازاد يېزىنىڭ ئەركىن قىزىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەقسىتىمگە چوقۇم يېتىمەن. بۇ ئوي ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن زەرداب بولۇپ كەتكەن دىلىنى قۇم بىلەن چىلاپچىنى ئاقارتقاندەك ئاقارتىپ، خىرەلىشىپ كەتكەن كۆڭلىنى كېچىنى يورۇتقان ئايدەك ئايئاق يورۇتۇپ تۇراتتى.» . . .

«مانا بۇ تۇرپاننىڭ ھەقىقىي بەدىئىي مەنزىرىسى، ئاپتورنىڭ تۇرمۇشقا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئەقىدە بىلەن ياندىشىدىغان، ھاياتنىڭ ھەممە لەززەت ۋە خۇشاللىقىنى ئۆزى ياشاۋاتقان ئەشۇ بىر پارچە زېمىن بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ساددا ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىسىدە دەپ بىلىدىغان ھالال ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىنىڭ قەلب سۈرىتى.» (م. پولات: «ئۇ، سەنئەت ۋە گۈزەللىكنىڭ ئۆمۈرلۈك شەيداسى ئىدى» دىن).

تۇردى سامساق بۇگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت، پروزا، دراما قاتارلىق ھەممە شەكىللىرىدە يېزىپ ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى يەنىلا پروزىچىلىقتا گەۋدىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ بۇگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقى تېخى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان 50 ـ يىللاردا «بەش تال ئوق»، «تىيانشان باغرىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان ۋە ھېكايىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋار كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش پۇرىقىغا باي، ئوبرازلىرى جانلىق، قۇرۇلمىسى ماھارەتلىك بىر تۈركۈم «ئۇرۇش ئېمىسىدىكى ئەسەرلىرى» بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

تۇردى سامساق 1923 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بىر مەزگىل ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقى ۋە مەكتەپ شارائىتى سەۋەبىدىن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالمىغان. 1942 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قەشقەردىن يۇرت ئاتلاپ چىقىپ كېتىپ ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا، پىدائىي بولۇپ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئارمىيىدە تەشۋىقاتچى، ھەربىي مۇخبىر ۋە كېيىنچە ئوفىتسېر بولغان. بىۋاسىتە كۆرۈپ باشتىن كەچۈرگەن جەڭگاھ تۇرمۇشى ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن. 1949 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە قوشۇۋېتىلگەندە، تۇردى سامساق ئازادلىق ئارمىيە 14 ـ دېۋىزىيىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمدە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، سىياسىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شىنجاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1954 ـ يىلىدىن كېيىن نەشرىيات ـ مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن سول سىياسەتنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، ناھايىتى قىيىن تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1979 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان. 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئېغىر ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

تۇردى سامساق كىچىكىدىن تارتىپلا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە قىزىقىپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا شېئىرلارنى يېزىشقا كىرىشكەن. دەسلەپكى شېئىرلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئەشۇ يىللاردا «بۈيۈك بايرام»، «خوش قال» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئازاب چېكىۋاتقان خەلققە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ۋە ئىنقىلاب ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن ھۆر ھاياتقا قىزغىن تەنتەنە قىلغان. تۇردى سامساق ئەشۇ يىللاردا يەنە دراما ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «قەھرىمان قىز»، «تۇرمۇشتا كۈرەش»، «مەستلەر» قاتارلىق درامىلارنى يازغان. بۇ درامىلار ئارمىيىنىڭ سەنئەت ئۈمەكلىرىدە ئوينىلىپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىگە سازاۋەر بولغان ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تۇردى سامساق ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە رەسمىي كىرىپ كەلگەن.

50 ـ يىللار تۇردى سامساق ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرى بولغان. بۇ يىللاردا ئۇ بىر تەرەپتىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر ئىككىسىدە ناھايىتى ياخشى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ئېرىشىپ، ئەشۇ يىللاردىكى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان «دوستلۇق تەشەككۈرى»، «قانۇن»، «يۈرەك»، «كۆكلەم»، «كېچەش» قاتارلىق شېئىرلىرى ئازاد زامانىنى، يېڭىچە ھاياتنى، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بولۇپمۇ، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئىنسان ھاياتى قاتارلىق ئەشۇ دەۋرلەردە كەم يېزىلىدىغان تېمىلارغا ناھايىتى ياخشى ياندىشالىغانلىقى بىلەن شۇ دەۋردە يېزىلغان باشقا شېئىرلاردىن پەرقلىق ھالدا ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىغان. شائىرنىڭ 50 ـ يىللاردا يېزىلغان شېئىرلىرى «كۆكلەم» دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

تۇردى سامساق ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شۇ يىللاردىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان «خۇشاللىق» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ «بەش تال ئوق»، «تىيانشان باغرىدا» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئەشۇ يىللاردىكى ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان، ھەم بۈگۈنكى زاماندىكى پروزىچىلىقىمىزغا تونجى بولۇپ ئۆرۈش تېمىسىنى

ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىپلىپ كىرگەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى مانا مۇشۇ ھېكايىلىرى بەلگىلىگەن. «بەش تال ئوق» 1957 ـ يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئەسەر قەھرىمانى پولاتنىڭ ناتونۇش قىزدىن خەت تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنكى بىر قاتار سەرگۈزەشتىلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇش قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۇرۇش مەيدانىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مىللىي ئارمىيە مەلۇم قىسمىنىڭ ئاشپەز جەڭچىسى پولات قىشلىق ھەربىي كىيىم ئالغاندا ئۇنىڭ يانچۇقىدىن: «مەن تىككەن مۇشۇ كىيىم مىللىي ئارمىيىنىڭ قانداقلىكى جەڭگىۋارىغا نېسىپ بولسا، مەن شۇنىڭكى. مۇشۇ كىيىمنى كىيگەن ئەي مەردانە يىگىت، سىز ئەگەر ھۇجۇم پەيتىدە، مېنىڭ نامىمدىن 5 تال ئوق بىلەن 5 دۈشمەننى يەرگە يانقۇزۇپ، غەلىبە بىلەن كەلسىڭىز، مېنى تېپىۋېلىڭ، مەن سىزنىڭ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان خەتنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ خەت پۈتۈن قىسىمدىكىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. پولات بۇ خەتنى ئېزىلگەن خەلقنىڭ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدى، دەپ ئويلاپ، خەت يازغان قىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئاشپەزلىكتىن ئۇرۇش قىلغۇچى ئەسكەرلىككە ئالمىشىدۇ. ئۇ جەڭ مەيدانلىرىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، قىسمىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشىدۇ، شۇنداقلا ناتونۇش قىز نامىدا ئايرىم ئېلىپ قويغان 5تال ئوق بىلەن 5 دۈشمەننى يوقىتىدۇ. يازغۇچى ھېكايىدە ئۇرۇش بىلەن مۇھەببەتنى بىر گەۋدە قىلىپ يېزىپ، ئۇرۇش تېمىسىنىمۇ، مۇھەببەت تېمىسىنىمۇ ئوخشاشلا گەۋدىلەندۈرگەن. ناتونۇش قىزنىڭ خېتى نوقۇل مۇھەببەت خېتىلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇدھىش كونا جەمئىيەتتە زۇلۇمدىن زارلىنىپ، يېڭى بەختىيار ھاياتقا تەشنا بولغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ، كۈچلۈك ئارزۇ ـ ئۈمىدىنىڭ ئىپادىلىنىشى. باشتىلا ئوتتۇرىغا چىققان ئەشۇ خەت گەرچە ھېكايە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە بولغان ئۈمىدىنىڭ، ئۇنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش ئىرادىسىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. يازغۇچى بۇ ئەسەردە، ئەسەر باش قەھرىمانى پولاتنىڭ ئەشۇ ناتونۇش قىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش جەريانىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەڭچىلىرىنىڭ خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. «تىيانشان باغرىدا» ناملىق ھېكايىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگىنىمۇ يەنىلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئىشلار، ئۇنىڭدا يېزىلغىنىمۇ مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇرۇش جەريانىدىكى قەھرىمانلىقى. بۇ ھېكايىدە ئاساسلىق قىلىپ ئەسەر باش قەھرىمانى كېرىمنىڭ قىسمىدىكى بىر قانچە تىپىك ئىش ئىزى يېزىلغان. كېرىم سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم دەستىدىن ئۆز يۇرتىدا ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، يۇرتىنى، قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىگە پىدائىي بولۇپ كىرگەن باتۇر، جەسۇر جەڭچى. ئۇ ئازاب چېكىپ ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئازاد

www.uyghurkitap.com

قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، شۇڭا، بىتىمدىن كېيىن ئەسكەر قىسقارتىلغاندا، ئۇ تەلەپ قىلىپ قىسىمدا قالىدۇ. ئۇ ھەربىي تۈزۈمنى كۆز قارىچۇغىنى قوغدىغاندەك قوغدايدۇ. ئۇ ئىنتايىن باتۇر، قەيسەر، شۇنداقلا ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە، يېڭى كۆندۈرۈلگەن شاش ئاتلار زەمبىرەكنى ئېلىپ قاچقاندا، ئۇ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئاتلارنى توسۇپ، يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا ياتقاندا، سېسترا قىز مارىيە بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. كېرىمنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى قىزدا مۇھەببەت ئويغىتىدۇ، ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىشىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسى ۋەتەن، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ، ئازادلىق كۈنىنى ئۆزلىرىنىڭ توي كۈنى دەپ بىلىدۇ. ئەشۇ قۇتلۇق كۈننى دەپ كېرىم جەڭگە كېتىدۇ. ئۇ جەڭلەردە ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ۋەتەن، خەلق يولىدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى تىيانشان باغرىدا قالىدۇ. تۇردى سامساق بۇ ھېكايىسىدىمۇ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ باتۇر، قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، ۋەتەن، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. تۇردى سامساقنىڭ بۇ ھېكايىلىرى ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ھېكايىلەر ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغان، جەڭگاھلار پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ سورۇنى قىلىنغان. ھېكايىلەردە ئۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە مۇھەببەتمۇ يېزىلغان، ئۇرۇش بىلەن مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى تېما بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇلگەن ھالدا بىر - بىرىنى گەۋدىلەندۇرگەن. ھېكايىلەردە گەرچە ئەسكىرىي تۇرمۇش ئاساس قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما يازغۇچى ئەسكەرلەر بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ئىنقىلابنىڭ «مىللىي دېموكراتىك» خاراكتېرىنى ئىزچىل گەۋدىلەندۇرۇپ بارغان. ھېكايىلەردە يەنە باش قەھرىمانلار ئوبرازى ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرى روشەن بېرىلگەن، خاراكتېرنىڭ تەرەققىياتى ئەسەر سۇژىتىنىڭ ئاساسى قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەسەردە جەڭچىلەر كوللېكتىپىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. يازغۇچى ھېكايىلەردە كوللېكتىپ پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بايانىنى «بىز باتۇر يولداشلىرىمىزنىڭ پاك قېنى تامغان يەرگە ئىسسىق ياشلىرىمىزنى ئاققۇزۇپ، بېشىمىزنى تۆۋەن ئەگكەن ھالدا مۇڭلۇق ماتەمدە تۇردۇق» دېگەن شەكىلدە كۆپ بەرگەچكە، ھېكايىلەرنىڭ چىنلىق تۈسى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ھېكايىلەردە ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىشلىتىلگەن ماقال - تەمسىللەر، خەلقنىڭ ئادەت سۆزلىرىمۇ ھېكايىلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە جەلپكارلىقىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. قىسقىسى، تۇردى سامساق ئۇرۇش تېمىسىدىكى مانا مۇشۇ ياخشى ھېكايىلىرى بىلەن 50 - يىللاردىكى ھېكايىچىلىقىمىزغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان.

60 - يىللارغا كەلگەندە تۇردى سامساق مۇھەببەت ۋە ئائىلە ئەخلاقى تېمىسىدىكى داڭلىق ھېكايىسى «قەشقەر گۈزىلى»نى ئېلان قىلىپ، يەنە بىر قېتىم چوڭ تەسىر قوزغىغان. بۇ ھېكايە ئەر - ئاياللىق مۇھەببەت ۋە ئەخلاق مەسىلىسىگە مۇراجىئەت قىلغانلىقى بىلەن ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. قەددى - قامىتى كېلىشكەن، خۇش - خۇي، مۇلايىم زەرگەر يىگىت ئىمام

مۇھەممەت ناھايىتى كېلىشكەن، ئاجايىپ چىرايلىق قەشقەر گۈزىلى گۈلنەزەر بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تويدىن كېيىنكى بەختلىك تۇرمۇشىغا ھەسەت قىلغان كىشىلەر ئۇلارنى ئەخلاقسىزلىقتا ئەيىبلەپ، بولۇپمۇ ئىمام مۇھەممەتنى تالاغا قارايدىكەن دەپ ئۆسەك سۆز تارقىتىدۇ. بۇ گەپلەر گۈلنەزەرنى ناھايىتى بىئارام قىلىدۇ، قاتتىق ئازابلايدۇ. ئەمما ئۇ يىغلاپ قاقشاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئېرىنى سىناپ باقماقچى بولىدۇ. ئىمام مۇھەممەت ئايالىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىمام مۇھەممەت بىردىنلا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ نەپسى بوغۇلۇپ تىنالمايۋاتقاندەك قېتىپلا قالدى. گۈلنەزەر قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ قاتتىق كۈلكىنىڭ كۈچىگە چىدالماي قالدىمۇ، كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ بارغىنىچە، يول بويىدىكى ئېرىقنىڭ كۆك چىملىق قېشىغا كېلىپ ئەركەكچە زوڭلا ئولتۇردى. ئاندىن كۈلكىدىن توختاپ شۇنداق قاتتىق يىغلاشقا باشلىدىكى، ئۇنىڭ يىغانىنى ئاڭلار بولسا تاغمۇ تاقەت قىلالماي، تاشمۇ ئېرىپ كەتكەن بولار ئىدى. . . .

تاتلىق كۈلكە ھەم ئاچچىق يىغا. . .

بۇ ھاقارەتلەنگەن مۇھەببەتنىڭ نەپرەتلىك غەزەپ كۈلكىسى، ئېغىر نومۇسنىڭ ئاچچىق يىغىسى ئىدى. . . .»

تۇردى سامساق ئەسەرلىرىدە مۇھەببەتتىكى ئەخلاقنى ئىزچىل تۈردە تەشەببۇس قىلىدىغان يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق ئىدىيىسى بۇ ھېكايىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يازغۇچى مۇھەببەت سىنىقىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتە ئەخلاقلىق، بىر ـ بىرىگە ۋاپادار بولۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە گۈلنەزەر ئوبرازى ئارقىلىق ئويغانغان، مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان، ئائىلە بەختىنى قوغدايدىغان ئاياللارنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى مەسىلىسىنى، ئاياللارنى خورلايدىغان، شەخسىي مۈلۈك قاتارىدا كۆرىدىغان دەۋرنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئەمەلىيەتنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ ھېكايىنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى، ئۇنىڭ تېمىسىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى بولسا، يەنە بىرى، ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى ماھارىتىنىڭ ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى ئەسەر تىلىنى ناھايىتى ئاممىباب، ئىپادىلىك، يەرلىك تۈسكە ئىگە، شۇنداقلا ئىستىلىستىكىلىك ۋاسىتىلەرگە باي، ئاھاڭدار قىلىپ يازغان. ئەسەرنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ناھايىتى روشەن خاسلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتە تۇردى سامساق ھېكايىلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئەرشىدىن تاتلىق ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ھېكايىچىلىقى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان مەزگىللەردىكى مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ «سادىق باپكار»، «پۇشايمان»، «تۈنجى پويىز شوپۇرى»، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۈنجى پوۋېست ھېسابلىنىدىغان «سىناق» ناملىق پوۋېستى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان.

ئەرشىدىن تاتلىق 1927 ـ يىلى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ھاياتىدا تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆپ تارتقان، نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، بۇنداق مول تۇرمۇش ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ 1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى غۇلجىدىن ئاقسۇغا چۇشۇپ باي، كونىشەھەر ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلغاندا ئەرشىدىن تاتلىق پىدائى بولۇپ مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ، ئارمىيىدە ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىگەن. 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم» ) ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىدە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1999 ـ يىلى ـ ئاينىڭ ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەرشىدىن تاتلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1948 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن بالىسىغا» ناملىق شېئىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن. ئۇ شۇندىن تارتىپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1957 ـ يىلى «ئاقسۇ دەرياسى» دېگەن نام بىلەن، 1981 ـ يىلى «قەلب كۈيى» دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

ئەرشىدىن تاتلىق 1955 ـ يىلدىن تارتىپ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئەمدىلا تىن شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان پروزىچىلىق ساھەسىگە دادىللىق بىلەن كىرىپ كېلىپ، قىسقىغىنە بىر مەزگىلدە ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي ھايات، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار، كىشىلەر ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «سادىق باپكار» ، «ھاراق ئىچسە ئىلھام كېلەمدۇ؟» ، «توغرا يول» ، «تۇنجى پويىز شوپۇرى» ، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى، شۇنداقلا «سىناق» ، «تاڭ ئالدىدىكى يۇلتۇزلار» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازغان.

ئەرشىدىن تاتلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرىدا ئاساسلىق قىلىپ، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، كوپېراتسىيە قۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ يېزىلارغا ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلىرى، دېھقانلارنىڭ مۇشۇ ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا تۇتقان ئوخشىمىغان پوزىتسىيىلىرى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەرەققىياتلار ۋە ئاخىرىدا كوپېراتسىيىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرلەردىكى ئاساسلىق سۇژېت يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى قوللاش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ زىددىيىتى ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان. بۇ ئەسەرلەردە يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار، بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈرەشلەر جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن كادىرلارنىڭ، ئاكتىپ ئاممانىڭ ئوبرازلىرىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرشىدىن تاتلىق ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە بەك دىققەت قىلىدىغان يازغۇچى بولغاچقا، ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا راستىنلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يېزىپ، ئەسەرلىرىنىڭ چىنلىق تۈسىنى، دەۋر تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالغاندا: «مېنىڭ پوۋېست ۋە ھېكايىلىرىمدىكى ۋەقەلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى ئويدۇرمىمۇ ئەمەس، يالغانمۇ ئەمەس، ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە

ۋە ئىشلار. مۇشۇ ئىشلارنى بۇگۈنكى كۈندە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن خاتىرىلىك ئىزلىرى سۈپىتىدە ئوقۇپ كۆرگىنىمىزدە، ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن نامسىز قەھرىمانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەن بولسام ئۇلار ئېيتىپ بەرگەن ۋەقەلىكلەرنى تېپىكلەشتۈرۈپ يازدىم» دېگەنىدى. يازغۇچىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بىز يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا ۋە ئەسەر ۋەقەلىكىگە تۇتقان «تۇرمۇشنى ئەينەن يېزىش» تەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋالالايمىز. مەلۇم جەھەتتىن قارىغاندا، بۇنداق يېزىش — ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ئەمدىلا تىن شەكىللىنىۋاتقان ئەشۇ دەۋرلەردىكى يازغۇچىلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان بىر خىل يېزىش ئۇسۇلى بولۇپ، دەل شۇنداق بولغاچقا، بۇ دەۋرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، دەۋر ئالاھىدىلىكى روشەن، ئەمما بەدىئىيلىك جەھەتتە ئانچە پىشىپ يېتىلمىگەن ئەسەرلەردىن بولغان.

ئەرشىدىن تاتلىق ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى پوۋېست ھېسابلىنىدىغان «سىناق» ناملىق پوۋېستنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ پوۋېستتا، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، مۇشۇ ھەرىكەت جەريانىدا يېزىلاردا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار زىددىيەت ـ كۈرەشلەر، دېھقانلار ئىدىيىسىدىكى ئارىسالدىلىقلار ئارقىلىق ئاخىرى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىنىڭ مۇقەررەرلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. كوپېراتسىيە قۇرۇلىدىغان دەسلەپكى مەزگىلدە دېھقانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولمىغاچقا، ئۇلار كوپېراتسىيىگە كىرىشتىن باش تارتىدۇ. ساۋۇت ئىسىملىك دېھقان ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوغلى ۋە تۇغقىنى بىلەن كۆرۈشۈپ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى، كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ دېھقانلارنىڭ نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قايتىپ كېلىپ كوپېراتسىيىگە قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېزىدىكى دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كوپېراتسىيىگە كىرىدۇ. ئەمما ئارىلىقتىكى بەزىبىر ئوڭۇشسىزلىقلار دېھقانلارنى يەنە ئارىسالدى قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى كوپېراتسىيىدىن چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولىدۇ، ئىلگىرى نۇرغۇن يامانلىقلارنى قىلىپ، ئەمدى بولغاندا بىر ياخشى ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان سېتى ئاتنىڭ پۇتىغا مىق قېقىپ، كالىنىڭ يېمىگە يىڭنە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، جىنەستەمنى بوغۇزلىۋەتمەكچى بولۇپ ۋە ئاخىرىدا تىلەك قۇربانىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كوپېراتسىيە قۇرۇلۇشىغا، دېھقانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ناھايىتى يامان تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما تىلەك قۇربان، تاش مەمەت، سابىر قاتارلىق كادىرلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كوپېراتسىيىنىڭ نەتىجىلىرى بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىپ، ھوسۇلى ئېشىپ، دېھقانلارنى رازى قىلىپ ئاخىرى ھەممە مول ـ ھوسۇل شادلىقىغا چۆمىدۇ. بۇ پوۋېستتا تۇرپان يېزىلىرىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ باش ـ ئاخىرى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئەينى يىللارنىڭ رېئاللىقى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەر كۆپلىگەن كىچىك تەپسىلاتلاردىن، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، روشەن بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرەر پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلمىغان، بەلكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتناشقان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئوبرازى يارىتىلغان. يازغۇچى ئەسەردە پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىشقا ئانچە دىققەت قىلمىغىنى بىلەن، ئەسەر ۋەقەلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەسەردە يازغۇچى كوپېراتسىيىنى قۇرغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار، كوپېراتسىيىنى قوللىغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلمەي، ئىدىيىدە ئارىسالدى بولغۇچىلارنىڭ زىددىيىتى ئارقىلىق ئەسەر سۇژېتىنى قانات يايدۇرغان. شۇڭا ئەسەرنىڭ سۇژېتى خېلى تېپىك، جەلپ قىلارلىق، قىزىقارلىق چىققان.

ئەرشىدىن تاتلىق ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇ «تۇنجى پويىز شوپۇرى» ، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» غا ئوخشاش ھېكايىلىرى بىلەن ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ئەشۇ يىللاردا ئەڭ ئاساسلىق، بىردىنبىر تېما يېزا ئىگىلىكى تېمىسى ئىدى، بۇنداق ئەھۋال خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشقانىدى. ئەرشىدىن تاتلىق «تۇنجى پويىز شوپۇرى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن پرولېتارىيات ساناڭەت تېمىسىنى، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇشى تېمىسىنى ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن پرولېتارىياتنىڭ تېما دائىرىسى كۆرۈنەرلىك كېڭەيدى، بۇنداق دادىللىق كېيىنكى مەزگىللەردە ئىجادىيىتىمىزدە تېمىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ «تۇنجى پويىز شوپۇرى» ناملىق ھېكايىسىدە ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر پويىز شوپۇرى ھوشۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ھېكايە قىلىنغان. يازغۇچى بۇ ھېكايىدە بىر تەرەپتىن ھوشۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئىدىيىۋى كەچۈرمىشلىرىنى، كۆڭلىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى نىسبەتەن چىن، چوڭقۇر ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ پويىز شوپۇرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا تېخنىكا جەھەتتە رېن چۈڭلۈڭ قاتارلىق ئۇستىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ياردىمى بولغانلىقىنى بايان قىلغان. تۇنجى ئۇيغۇر پويىز شوپۇرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مانا مۇشۇ ئىككى نۇقتىدىن كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ھېكايىنىڭ بىر قىممەتلىك تەرىپى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى تېما — ساناڭەت تېمىسىغا بېغىشلانغانلىقى بولسا، يەنە بىر قىممىتى، ئۇنىڭدا يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«خالتا كوچىدىن يانغاندا» ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ مۇھىم ھېكايىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا 60 ـ يىللاردا ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولغان ھېكايىلەرنىڭ بىرى. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىگە «چاقىدا گۇناھ يوق، تانىسى بۇزۇق. قىزىدا گۇناھ يوق، ئانىسى بۇزۇق» دېگەن خەلق ماقالىنى ئېپىگراف قىلغان بولۇپ، بۇ ئېپىگراف ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھېكايىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك يېزىلغان: ئانىسىدىن مىراس قالغان پاھىشىلىك بىلەن جان باقىدىغان قېرى دەللە ئايىمنىساخان چوڭ قىزى تۇرسۇنخاننى ئۆزى شۇغۇللىنىدىغان ناشايان ئىشلارغا ئۆگىتىپ، بۇنىڭ «پايدىسى»

نى كۆرگەندىن كېيىن كىچىك قىزى قەمبەرنىسانىمۇ بۇ يولغا مېڭىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەمما ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، بىلىم خۇمار چوڭ بولغان بۇ قىز ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشىغا بويسۇنمايدۇ. ئەمما ئانىسى ئۇنى ھەر خىل يوللار بىلەن قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، ئالدى بىلەن ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا «خېرىدار» ئىزدەيدۇ. ھېچ كۈتۈلمىگەندە قەمبەرنىسا ئانىسى بىلەن ئاچىسى تاپقان لايىقنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، تويدىن كېيىن ئۇلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. قەمبەرنىسانىڭ بۇنداق بەختى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قىزىنى ئاجراشتۇرۇۋېلىپ، بىر قانچە ئەرگە بېرىپ ياكى پاھىشە قىلىپ كۆپ پۇل، بايلىق تېپىشتەك شېرىن خىيالىنى يوق قىلىۋەتكەچكە، ئۇ قىزىنىڭ بەختىنى بىر ئاماللار بىلەن يوق قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. قەمبەرنىسا تۇغۇتلۇق ياتقان كۈنلەردە ئۇنىڭ يولدىشى خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. ئايىمنىساخان بۇ ۋاقىتنى بىر پۇرسەت دەپ قاراپ قەمبەرنىسانى ئالداپ ئېلىپ كېلىپ، بىرسىگە تۇتۇپ بېرىدۇ. قەمبەرنىسا ئۆز ئېپىپتىنى ساقلاشقا قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ رەزىللىككە تاقابىل تۇرۇپ بولالمايدۇ. بۇنداق ئىش بىر قانچە قېتىم داۋاملىشىدۇ، قەمبەرنىسا ئۆزىنى يولدىشى ئالدىدا، كىشىلەر ئالدىدا گۇناھكار ھېسابلاپ روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، كادىرلارنىڭ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ياردىمىدە روھىي جەھەتتىن قايتا تىرىلىپ، يېڭى بىر ھاياتلىق يولىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇرۇمچىدىكى تېببىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە ئەۋەتىلىدۇ، ئۇ ياخشى ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز كەسپىدە نەتىجە يارىتىپ بىر ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ قالىدۇ. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇپ، ئۆز باللىرىنى ۋەيران قىلغان بىر يىرگىنچلىك ئانىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىكى ساپلىقنىڭ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى، ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇشنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتكە، ئائىلىگە ئېلىپ كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلىرىنى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋر ئادەملىرىنى ئەخلاقىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىككە دەۋەت قىلغان. شۇنداقلا يەنە قەمبەرنىسانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا خالتا كوچىدىن قايتىپ، توغرا يولغا — خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ھاياتلىق يولىغا قەدەم قويغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق يېڭى تۈزۈم، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ھالاكەت يولىغا ماڭغان، چىقىش يولى تاپالمىغان، ھاياتلىق ئۈمىدىنى يوقاتقان ئادەملەرگە يېڭى بىر ھاياتلىق يولى بېرىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ھېكايىدە يازغۇچى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېرىش جەريانىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان سۆز ـ جۈملىلەرنى، ۋەقە ـ تەپسىلاتلارنى دەل جايىدا ئىشلەتكەن.

## § 2 . زۇنۇن قادىرى

ئۇيغۇر ھازىرقى دەۋر ۋە بۈگۈنكى دەۋر ھېكايىچىلىقىنىڭ، دراماچىلىقىنىڭ

www.uyghurkitap.com

شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان، شۇنداقلا ھېكايىچىلىق ۋە دراماچىلىقنىڭ ئەشۇ يىللاردىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ھېكايىچىلىقى ۋە دراماچىلىقى ئۈچۈن ئۇستاز ھېسابلىنىدىغان يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇشى تىپىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى، جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، مىللىي پۇرىقى قويۇق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

زۇنۇن قادىرى 1911 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە شەھەر كەمبەغەلى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باللىق مەزگىلىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كىرىپ ئولتۇراقلاشقان. مەكتەپ يېشىغا توشقاندا، دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى غۇلجىدا ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرگەن. كېيىنكى يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، غۇلجا شەھىرىدىكى بەيتۇللا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1937 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 2 يىل، ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە 1 يىل ئوقۇغان. بۇ مەزگىللەردە يېڭىچە ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن تونۇشۇپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1941 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سانايى نەفىسەدە ئارتىس، ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا، ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، دەسلەپ ھەربىي مۇخبىر، كېيىنچە «كۆرەش»، «ئىتتىپاق» ژۇرناللىرىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە غۇلجا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1954 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئىجادىيەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1957 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. سول ئىدىيىنىڭ زىيانكەشلىكى سەۋەبىدىن 1962 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە ئاقسۇ تارىمدا نەزەربەند ھېسابىدا جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنغان. 1979 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئالمۇتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى 1937 ـ يىلى يېزىلغان رېئال تۇرمۇش تېما قىلىنغان، ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك، تەربىيىۋى قىممىتى يۇقىرى دراممىسى «جاھالەتنىڭ جاپاسى» بىلەن باشلانغان. تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ۋەقەلەر ئاساسىدا خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى، نادانلىق ـ بىلىمسىزلىك سەۋەبىدىن تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، خەلق ئىلىم ـ مەرىپەتكە سەپەرۋەر قىلىنغان ئۈچ پەردىلىك بۇ دراما

سەھنىلەردە ئوينىلىشى بىلەنلا كۆپچىلىك تەسىر قوزغىغان. تۇنجى ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئىلھاملانغان يازغۇچى دراما ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، «ئۇچىراشقاندا»، «پارتىزانلار ئەترىتى»، «ھەر ئىشنىڭ يولى بار»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق بىر تۈركۈم درامىلارنى يازدى. دەۋر رېئاللىقىدىن تېما ئېلىنغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ تەسۋىرلەنگەن، ئىدىيىۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بۇ بىر تۈركۈم درامىلار، بولۇپمۇ «غۇنچەم» درامىسى ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلغانىدى.

«غۇنچەم» درامىسى 1941 ـ يىلى غۇلجىدا يېزىلغان ۋە شۇ مەزگىللەردىلا سەھنىلەردە ئوينالغان. 3 پەردە 5 كۆرۈنۈشلۈك بۇ درامىدا ئۆمەر شائىيۇ ۋەكىللىكىدىكى زالىم، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئاددىي ئەمگەكچىلەردىن بولغان غۇنچەمنى ھەر خىل ھىيلە ـ مىكىر، رەزىللىك، زورلۇق كۈچ ۋاستىلىرى ئارقىلىق قۇل قىلماقچى بولغانلىقى، غۇنچەم، نۇرۇم ۋەكىللىكىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قۇل قىلىنىشقا قارشى چىقىپ، زالىم، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى باتۇرلۇق، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغانلىقى، درامىنىڭ باش قەھرىمانى غۇنچەمنىڭ ئەركىنلىك، مۇھەببەت يولىدا قۇربان بولغانلىقى، نۇرۇم باشلىق كىشىلەرنىڭ ئۆمەر شائىيۇنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، قىساس ئالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. دراما گەرچە باش قەھرىمان غۇنچەمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما يازغۇچى درامىنىڭ مانا مۇشۇ تراگېدىيىلىك تۈسىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. ئەينى دەۋردە مانا مۇشۇنداق ئاكتىپ ئىدىيىنى ئىپادىلەش، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۈرەش قىلىش روھىغا ئىلھام بېرىش ھەقىقەتەنمۇ درامىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر قىممىتى ھېسابلىنىدۇ. درامىدا رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن، تۇرمۇش زىددىيىتى ئارقىلىق سىنىپىي زىددىيەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇنىڭ بەزى فولكلور تەركىبلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، شۇنچىلىك نەپىس ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ يۇقىرى پەللە يارىتىلغان.

زۇنۇن قادىرنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا ھېكايە ئىجادىيىتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ 40 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ھېكايە ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن «مۇئەللىمىنىڭ خېتى» (1945 ـ يىل)، «رودىپاي» (1945 ـ يىل)، «كۈچۈككە ھۇجۇم» (1946 ـ يىل)، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «گۇمان» (1947 ـ يىل)، «ماغدۇر كەتكەندە» (1948 ـ يىل) قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىچىلىقىغا ئاساس سالدى ھەم ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھېكايىدە ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر يېزىلىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، زامانىنىڭ زۇلۇمى، تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى، تەقدىرنىڭ كاجلىقى ۋە ئاخىرىدا ياشاش ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى بىلەن ھەممىدىن ئايرىلىپ، يوقسۇزلۇق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئاددىي دېھقان باقىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

تەسۋىرلەنگەن. ئەسەردە كونا جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش مەنزىرىسى ناھايىتى جانلىق، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك، شۇنداقلا ناھايىتى تەسىرلىك سۈرەتلەنگەن. يازغۇچى ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە پسىخىك ئامىللارنىڭ قانداق قىلىپ ئەسلىدە قىزغىن، خۇشچاقچاق، ئۈمىدۋار بىر يىگىتنى كاردىن چىقىرىپ، دەردمەن، ئاجىز، ئىرادىسىز، ھاياتتىن كۆڭلى سوۋۇغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەش، پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا دەۋر رېئاللىقىنى يورۇتۇپ بېرىش، ئەسەردە كۈچلۈك لىرىك كەيپىيات پەيدا قىلىش — بۇ ھېكايىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئاپتور ئەسەرنى باشتىن ـ ئاخىر تراگېدىيىلىك كەيپىيات بىلەن يۈرەكنى ئەزگۈدەك مىسكىنلىك ئىچىگە ئوراپ، باقى ۋە ئۇنىڭ خۇۋلۇق كۆرمىگەن قەددىناسى باھارخان، يېشىغا توشمىغان شور پېشانە بالىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تىپىك شارائىت ئىچىدىكى تۇرمۇش مۇقەررەرلىكى بويىچە تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ يازغۇچىنىڭ روشەن ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ، تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشتەك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ، شۇنداقلا خېلىلا مۇكەممەللەشكەن تراگېدىيىلىك ئېڭىنىڭ مەھسۇلىدۇر»①.

50 ـ يىللاردىن باشلاپ زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇ يېڭى تارىخىي دەۋردە زۇنۇن قادىرى يەنىلا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى. 1954 ـ يىلى ئۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدە قەد كۆتۈرگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يېڭىچە بەختىيار ھاياتى، خۇشاللىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن «توي» ناملىق درامىنى يېزىپ، يېڭى تارىخىي دەۋرنى دراما شەكلىدە ئەكس ئەتتۈردى. بۇ دراما 1955 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك دراما ـ تىياتىر كۆرىكىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۇنجى ئەسەر بولۇپ قالدى. 50 ـ يىللاردا زۇنۇن قادىرى يەنە پروزا ئىجادىيىتىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن يېڭىچە تۇرمۇشقا، يېڭىچە روھىي قىياپەتكە ئىگە بولغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن «چېنىقىش»، «رەھمەت»، «ئەسلەش»، «قىزىل گۈل» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى يازدى. بۇ ھېكايىلەر بولۇپمۇ «چېنىقىش» ھېكايىسى دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈكلىكى، دېھقانلار ھاياتىدىكى ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بۈگۈنكى زامانىنىڭ دەسلەپىدىكى ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

زۇنۇن قادىرى ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ياراتقان يازغۇچى. (1) ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەيلى ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان ئەسەرلىرى بولسۇن، مەيلى ئازادلىقتىن كېيىن يازغان ئەسەرلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئاساسىدا شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى، خەلق ھاياتىنىڭ ئورتاق تەرەپلىرى ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. (2) زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىنىڭ مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى

① ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، 114 ـ بەت.

ناھايىتى كۆچلۈك. زۇنۇن قادىرى مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ناھايىتى ماھىر يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە زۇنۇن قادىرى ئۆزگىچە بىر بەدىئىي يۈكسەكلىك ياراتقان بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر پەللە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. (3) زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان كەيپىيات ناھايىتى كۈچلۈك. زۇنۇن قادىرى ھەممە ئەسىرىدە دېگۈدەك شۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇشقا ماس كېلىدىغان كەيپىيات ياراتقان. «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدە يارىتىلغان كەيپىيات ئومۇمەن مۇڭلۇق بولۇپ يۈرەكنى ئېزىدۇ، «چېنىقىش» ھېكايىسىدە يارىتىلغان كەيپىيات قىزغىن بولۇپ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇنداق كەيپىياتلار تەبىئىي رەۋىشتە ئەسەرنىڭ ئېستېتىك كۈچىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. (4) زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ناھايىتى تاۋلانغان تىل بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى تاۋلانغان، نەپىس، رەڭدار، ئىپادىلىك، يۇمۇرغا باي، خەلق تىلىغا يېقىن بولۇپ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ ۋە دىرامىچىلىقىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ياراتقان.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى سەۋىيىسى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا ئاساس سېلىش، كېيىنكى دەۋردىكى يازغۇچىلىرىمىزغا ئۈلگە بولۇش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مەملىكەتكە، دۇنياغا تونۇتۇش رولىنى ئوينىغان.

## 2. «چېنىقىش» ھېكايىسى

«چېنىقىش» زۇنۇن قادىرىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان، شۇنداقلا بۈگۈنكى دەۋر ھېكايىچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نادىر ھېكايىلەردىن بىرى. بۇ ھېكايە ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن يىرىم ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ گۈلتاجىسى بولۇپ كەلمەكتە.

زۇنۇن قادىرى خەلقىنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان يازغۇچى. بۇ ھېكايىدە يازغۇچىنىڭ مۇشۇ خىل ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە يېزىلاردا كىچىك تىپتىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، تارقاق، يەككە - يېگانە ھالەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلىدىغان ھالەتكە دەسلەپكى قەدەمدە خاتىمە بېرىلدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ئاساسىدا

بارا ـ بارا يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ناھايىتى زور بىر ۋەقە بولدى. يېزىلاردا ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى قۇرۇش ۋە كېيىنچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى بىر يېڭىلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەرنى تېڭىرقىتىپ قويدى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزگەرتىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلىدى. زۇنۇن قادىرى 1955 ـ يىلى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى مانا مۇشۇ بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھېكايىسى «چېنىقىش» نى يېزىپ چىقتى.

«چېنىقىش» ھېكايىسىدە يېزىلاردا ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئەسەرنىڭ باش قاھرىمانى بولغان مەتنىيازنىڭ مۇشۇ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە خاراكتېر جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى يېزىلغان. مەتنىياز دەسلەپتە ئىشقا خوشى ياقمايدىغان ھۇرۇن، ھېچ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئىرادىسىز بىر دېھقان سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئۇ شەھەردە، ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، ئۇششاق تىجارەتلەر بىلەن جان باقىدۇ. ئەمما ئوقەتنىڭ پېيىغا چۈشمەي لايغەزەللىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ تېزلا ۋەيران بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسىدىن قالغان يېزىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيىگە قايتىپ چىقىپ، شۇ يەردە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇ جاپا تارتىدىغان ھېچقانداق ئىشقا قىزىقمايدۇ، شۇڭا، ئازادلىقتىن كېيىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرگە ئىشلەشنىمۇ خالاپ كەتمەيدۇ، باشقىلارنىڭ زورى بىلەن تېرىغان قونىقىنى ئۇرۇق چېغىدىلا يەپ تۈگىتىدۇ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ھەمرانىڭ دەۋىتى بىلەن تېرىغان قىچىسى پىشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇ ئېتىزغا بىرەر ئورغاق سېلىپ قويۇپلا ئىسسىقتىن قورقۇپ قېرى ئۈژمىنىڭ ئاستىغا كېلىپ، ئېرىقتىكى نەمگە مەيدىسىنى يېقىپ ياتىدۇ. ئۇسسۇزلۇق ئۇنى قىينايدۇ، ئەمما نېرىراقتىكى ئۆستەڭگە بېرىپ سۇ ئىچىپ كېلىشكە ئېرىنىدۇ، ھەمرانىڭ سىڭلىسى ئىززەتخاننىڭ ھەمرالار گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىچكۈسى كېلىدۇ، ئەمما سوراشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇ ھەمرانىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، ئىززەتخاننى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما ھۇرۇنلۇقى، لايغەزەللىكى، ئىرادىسىزلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىپ بولالمايدۇ. ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ ھۈنەرلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسىنى جارى قىلدۇرمايدۇ، پىگولو ھارۋىنىڭ چاقىنى ئالتە ئايدا ئاران ياساپ بېرىدۇ، چاچ ئېلىشقا بىر تۇتۇنسا، جەڭنامە سۆزلەپ كۈننى كەچ قىلىۋېتىدۇ، شۇ قاتاردا ئىززەتخانغا تىكىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئاياغنى قولدىن چىقارمايدۇ. ئېتىزلىقتا ئىززەتخاننى كۆرۈش ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئوتنى ئۇلغايتىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورمىنى تاشلاپ ئىززەتخاننىڭ ئايغىنى پۈتتۈرىدۇ، ئاياغنى ئېلىپ ئىززەتخانلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇ تولىمۇ قىزغىن

كۆتۈۋېلىنىدۇ. ئىززەتخاننىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى، ھەمرانىڭ دەۋەتلىرى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ كۆڭۈللۈك ئەمگىكى ئۇنى بارا ـ بارا كوللېكتىپ ئەمگەككە قىزىقتۇرىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى بىراقلا يېڭىپ كېتەلمەيدۇ، ئۆستەڭ چېپىش ئەمگىكىگە ئاتلانغاندا، ئۇ جاپادىن قورقۇپ، ئەمگەكتىن قاچماقچى بولىدۇ. بۇ ئىشى پاش بولۇپ قالغاندا بولسا، سەممىيلىك بىلەن سەۋەنلىكىنى بوينىغا ئالىدۇ ھەمدە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كەمچىلىكىنى تۈزىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا ـ بارا ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ، كوپېراتىپنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرىدۇ، ئىززەتخان بىلەنمۇ توي قىلىشىۋالىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىدە ئەسەر باش قەھرىمانى مەتنىيازنىڭ مانا مۇشۇ بىر قاتار سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىسلاھاتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى چىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە كونا جەمئىيەت يارامسىز، ئىقتىدارسىز، لايغەزەل ـ ھۇرۇن قىلىۋەتكەن بىر دېھقاننى سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرتىپ يېڭىچە بىر دېھقان قىلىپ چىققانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا تۇرمۇش خۇشاللىقى، ھايات لەززىتى ئاتا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئۆزگىرىش — ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش بىلەن، ئۆزگەرتىش — سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزگەرتكەنلىكى بۇ ھېكايىنىڭ ئاساسلىق باش تېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«چېنىقىش» ھېكايىسىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى مەتنىياز ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىدا گەۋدىلىنىدۇ. مەتنىياز ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتتە ئۆزگەرگەن دېھقانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ دەسلەپتە ئىنتايىن ھۇرۇن، لايغەزەل، ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان، ناھايىتى ئاددىي بىر دېھقان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق خاراكتېرىنى كونا جەمئىيەت بىلەن ئۇنىڭ تەبىئىي مىجەزى شەكىللەندۇرگەن. يازغۇچى نۇرغۇن سەھىپە ئاجرىتىپ مەتنىياز خاراكتېرىدىكى ھۇرۇنلۇق، لايغەزەللىك، ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماسلىقتا ئوخشاش تەرەپلەرنى جانلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئاساسىدا كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەمما مەتنىياز قەلبىدە ياخشىلىقنىڭ ئىزناسى يوق سەلبىي پېرسوناژ ئەمەس. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ساتىراشلىق، موزدۇزلۇق، رېمونتچىلىق. . . قا ئوخشاش بىرمۇنچە ھۈنەرلىرى بار. ئۇ بۇ ھۈنەرلىرى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن باشقىلار ھەق بەرسە ئالىدۇ، بەرمىسە رەنجىمەيدۇ، ئوخشاشلا خۇشال بولۇۋېرىدۇ، باشقىلارنىڭ كىچىككىنە بىر ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن ئالەمچە خۇشال بولىدۇ. ئۇنىڭ نىيىتى ناھايىتى ياخشى، مىجەزىمۇ ناھايىتى مۇلايىم، قەلبىدە باشقىلارغا يامانلىق يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىدە كەمچىلىك بارلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ سەممىي تەنقىد ـ تەكلىپلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى بۇنداق ئاكتىپ تەرەپلەر بىلەن ئىززەتخانغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش ياسىشىنىڭ ئىچكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئامىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاشقى ئامىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى، ھەمكارلىق كوللېكتىپى، يېزا كوپېراتسىيىسىدىكى قىزغىن ئەمگەك ھاياتى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسەتكەن تاشقى ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەمرالارنىڭ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭغا غايىبانە تەلپۈنىدۇ، ئەمما ئۆز خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقنى يېڭەلمەيدۇ. ھەمرانىڭ سەمىمىي ياردىمى، ئىززەتخاننىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇ بارا ـ بارا كوللېكتىپكە يېقىنلىشىدۇ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارنى تىرىشىپ يېڭىپ ئاخىرى يېڭىچە بىر دېھقانغا ئايلىنىدۇ، كوپېراتسىيىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ، شۇنداقلا ئىززەتخان بىلەن توي قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك ئائىلىنىڭ بەختىگە چۆمىدۇ.

قىسقىسى، مەتنىياز سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتتە ئۆزگەرگەن دېھقانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. يازغۇچى مەتنىياز ئوبرازى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتە ئۆزگەرتكەنلىكىدەك ناھايىتى چوڭ بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەمما، بۇ ھېكايىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇكى، يازغۇچى ئادەمنىڭ ئۆزگىرىشىنى نوقۇل ئىجتىمائىي شارائىتقىلا باغلاپ قويماستىن، بەلكى يەنە ئۆزگىرىشنىڭ مەنىۋى ئاساسلىرىنى كۆرسىتىشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۆزگىرىش تېمىسى ۋە خاراكتېردىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرلەنگەن.

«چېنىقىش» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، زۇنۇن قادىرى ھېكايىچىلىقىنىڭ يەنە بىر يۇقىرى پەللىسى، شۇنداقلا 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى پروزىچىلىقنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇشقا مۇناسىپ. (1) ئالدى بىلەن ھېكايىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك، چىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى رېئالىزملىق پروزىچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىنى ياراتقان. (2) ھېكايىدە تەپسىلاتلار تەسۋىرىنى يېزىش جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى پەللە يارىتىلغان. پۈتۈن ھېكايىنىڭ ھاياتىي كۈچى جانلىق، ئىنچىكە، ئىپادىلەش كۈچىگە باي بولغان تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق نامايان قىلىنغان. يازغۇچى پېرسوناژ خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تەپسىلاتلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن، ئەسەر سۇژېتىنىمۇ يەنە شۇ تەپسىلاتلار ئارقىلىق قانات يايدۇرغان. (3) ھېكايىدە مىللىي ئالاھىدىلىكنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن، ھېكايىنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى كۆرۈنۈشلىرىدىن، ئۇيغۇرلار خاراكتېرى تەسۋىرلىرىدىن ناھايىتى كۈچلۈك ئېستېتىك لەززەت ئالماي قالمايدۇ. (4) ھېكايىنىڭ كومېدىيىلىك تۈسى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، بۇنداق كەيپىيات ئەسەرنىڭ خاراكتېرىگە ناھايىتى ماس كەلگەن، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش، زوقلاندۇرۇش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. (5) ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئەسەر باش قەھرىمانى مەتنىيازنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ھېكايە قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسى قىلىنىپ، ئەسەر سۇژېتى مۇشۇ مەركەز ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان. (6) ھېكايىنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا زۇنۇن قادىرىنىڭ تىل سەنئىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

2. 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەڭ.

3. ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ ھېكايىلىرى ئاساسىدا ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.

4. تۇردى ساماساقنىڭ ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىـــى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى سۆزلەڭ.

5. ئەرشىدىن تاتلىق ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا نېمە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كىردى؟

6. زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيەت يولىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

7. «چېنىقىش» ھېكايىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسىنـــى سۆزلەڭ.

8. مەتنىياز قانداق ئوبراز؟ ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.

9. مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ: نېمە ئۈچۈن زۇنۇن قادىرىنى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئاساسچىسى دەيمىز؟

www.uyghurkitap.com

# IV باب «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ۋە «ئۆتكۈنچى دەۋر» دىكى ئەدەبىيات

## 1 § . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات ھەققىدە قىسقىچە بايان

جۇڭگودا 1966 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىلدا كۆلىمى ناھايىتى كەڭ، بالايىئاپەتلىكى ناھايىتى ئېغىر بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىنقىلاب — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئىنقىلاب نۇرغۇن ساھەلەرنى، شۇ قاتاردا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىمۇ زور دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرى تېخىمۇ ئېغىر بولدى.

بىر قىسىم ئەدەبىياتچىلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھېچقانداق بىر ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيىتى مەيدانغا چىقمىدى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق، مۇبالىغە شەكلىدىكى مەدھىيە ياكى زىيانكەشلىك مەقسىتىدىكى تەنقىد ـ سۆيىقەست ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىيات ئوتتۇرىغا چىقمىدى، شۇڭا بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك بەك گەۋدىلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئالاھىدە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇڭا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدىكى ئىجادىيەتنى تارىخىي نۇقتىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا يازغۇچى ـ شائىرلار ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ئىجادكارلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بىر خىل ھەرىكەت سۈپىتىدە گەرچە 1966 ـ يىلى باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شاماللار 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىلا چىقىشقا باشلانغان بولۇپ، بۇ شاماللار ئالدى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە تېگىپ، بۇ ساھەدە قارا بوران چىقىرىۋەتتى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى «ئوڭچىللارغا قارشى ھەرىكەت» ، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» لەر

ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات ساھەسىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇ ھەرىكەت نىمشېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى، تېيىپجان ئېلىيوپ، زۇنۇن قادىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم پېشۋا يازغۇچىلارغا، شۇنداقلا ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇكېرىم خوجا، رەخىم قاسىم، ئابلىمىت مەسئۇدى، تۇردى سامساق، روزى قاسىم قاتارلىق يېتىلىۋاتقان ياش شائىر ـ يازغۇچىلارغا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسلىق زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا نىمشېھىت، ئابلىمىت مەسئۇدى، روزى قاسىم قاتارلىق ئەدىبلەر مۇشۇ ھەرىكەتنىڭ بىگۇناھ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى ـ شائىرلارمۇ ساق قالمىدى. ئومۇمەن يازغۇچى ـ شائىرلار بولسا، ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلدى، ھەر خىل دەرىجىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇچۇن ھېچقانداق مۇمكىنچىلىك بولمىدى. پەقەت مەدھىيە خاراكتېرىدىكى مۇبالىغە بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىجادىيەتكىلا رۇخسەت قىلىندى. رېئاللىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، كىشىلەرنىڭ ئىزتىراپلىق روھىي دۇنياسى ئىپادىلەنگەن ئىجادىيەت بىردەك مەنئى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتە مەدھىيە قوشاقلىرى يېزىلسا، يەنە بىر تەرەپتە يوشۇرۇن ئىجادىيەت ئەۋج ئالدى. شۇنىڭ بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىر قانچە خىل خاھىشتىكى ئىجادىيەت پەيدا بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەيدانغا چىققان ئەسەرلەرنى چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، دەۋر پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان، سىياسىي مەزمۇندىكى، قۇرۇق مەدھىيە ۋە زەھەرلىك تەنقىد بىلەن تولغان ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بولدى. بۇ خىل ئىجادىيەت دەۋر تەلىپى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئىجتىمائىي مەنا، بەدىئىي پۇراق، ئېستېتىك قىممەت يوق، پەقەت ئىجادىيەت ئۇچۇنلا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شائىرلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ئەمما خەلق ئاممىسى نامىدا ئېلان قىلىنىدىغان قىزىل قوشاقلاردىن ئىبارەت بولدى.

ئىككىنچى خىلى، شۇ دەۋرلەردە يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان، دەۋر تەلىپىدىن ھالقىپ چىقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما رېئاللىق مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، رېئالىزمنىڭ ئاز ـ تولا پۇراقلىرى بار بولغان ئەسەرلەر ئىجادىيىتى. بۇ خىلدىكى ئىجادىيەتتە زوردۇن سابىرنىڭ 1972 ـ يىلى يازغان «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە» ناملىق ھېكايىسىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ ھېكايىدە كوللېكتىپنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇندىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۇچۇن ئۇچ مالچىنىڭ تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى تەسۋىرلىنىپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلىكى يېزىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى خېلىلا كۈچلۈك چىققان.

ئۈچىنچى خىلى، دەۋر ئېقىمىغا قارشى مەزمۇندىكى، ئىنقىلابنىڭ بالايىئاپەتلىرى پاش قىلىنغان ۋە تەنقىد قىلىنغان، پاراكەندىچىلىك ـ سورۇقچىلىق، ئازاب ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلەملەردىن تېزراق قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم، بەختلىك كۆنلەرگە بولغان تەلپۈنۈش ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر ئىجادىيىتى. بۇ خىل ئىجادىيەت يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ قەلبىدىن تەبىئىي ئۇرغۇپ چىققان بولۇپ، ئۇلاردا يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ئادالەت يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى، ۋەتەن، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، خەۋپ ـ خەتەرلەرگە پىسەنت قىلماي، ھەقىقەت ئۈچۈن چۇقان سېلىشلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل مەزمۇندىكى ئىجادىيەتكە يول قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمەن يوشۇرۇن ھالەتتە ئېلىپ بېرىلغان. كۆپ قىسىملىرى خاتىرىلەردە قول يازما ھالىتىدە ساقلاپ قويۇلغان. يەنە بىر قىسىملىرى بولسا، قولدىن ـ قولغا يەتكۈزۈلۈپ تارقىتىلغان.

«خاتىرە ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان، قوليازما ھالىتىدە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تارقىلىپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك تەشنالىقىنى قاندۇرغان بۇ خىل ئەسەرلەرنى ۋە ئۇلار پەيدا قىلغان ئىجادىيەت ھادىسىسىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى مۇھىم بىر ئىجادىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە كۆرۈش كېرەك.

تۆتىنچى خىلدىكى ئىجادىيەت ھادىسىسى نىسبەتەن مۇرەككەپ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا يېزىلغان دەپ قارالغان بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاساسەن 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدىغان ئۆتكۈنچى ئەدەبىيات باسقۇچىدا ئېلان قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا يېزىلغان دەپ قارالغان، ئۆتكۈنچى دەۋردە ئېلان قىلىنغان بۇ بىر تۈركۈم ئەسەرلەر ئاساسەن شېئىرىي ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا شائىرلىرىمىزنىڭ ئەشۇ ئاپەتلىك يىللارغا، رەھىمسىز سىنىپىي كۈرەشلەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى، تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى، ياخشى كۈنلەرگە بولغان ئۈمىدۋارلىقى ئىپادىلەنگەن. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا» قاتارلىق شېئىرلىرى، قۇربان باراتنىڭ «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر تۈركۈم شېئىرلىرى، ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىننىڭ «ۋىسال ئارزۇسى» ، «قەلب ساداسى» قاتارلىق شېئىرلىرى مۇشۇ تۈردىكى ئىجادىيەتكە مىسال بولالايدۇ. ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىننىڭ :

كىشىلىك قەدرىنى يەرگە ئۇرۇپ، زورلۇققا تىز پۈكۈپ،
ياشاشتىن قۇل بولۇپ ئارتۇق ئاھانەت بارمۇ ئىنسانغا.
ۋۇجۇدۇمدىن ئالالماس جان مېنى ئۆلتۈرسىمۇ ، چۈنكى
پىدا قىلىپ جاننى تىككەنمەن ئۇلۇغ غايەمگە ـ ئارمانغا.

دېگەن بۇ بىر كۇپلېت شېئىرىدا شائىرلىرىمىز ئۈچۈن ئورتاق بولغان ۋىجدان بىلەن ياشاپ، غايە يولىدا كۈرەش قىلىدىغان مەڭگۈ تىز پۈكمەيدىغان روھىي ئومۇملاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا يېزىلغان دەپ قارىلىدىغان ئەسەرلەر نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، ھەقىقەتەن شۇ يىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەرگە نىمشىبھىتىنىڭ «پېقىرنىڭ ئىقرارى» ۋە «ئۈمىدىم» قاتارلىق شېئىرلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

چۈنكى بۇ شېئىرلارنى نىمشىھتنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازدىم دېيەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە ئەشۇ ئىنقىلابنىڭ بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، بەختىيار، خاتىرجەم كۈنلەرگە بولغان تەلپۈنۈش ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان، شۇنداقلا يەنە «ئىز» ناملىق شېئىرغا ئوخشاش ئاز بىر قىسىم ئەسەرلەر بۇنداق تۇراقلىشىپ قالغان مەزمۇنلاردىن ھالقىپ چىقىپ، مىللەتنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرى، رېئال ئەھۋالى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلىگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن بەزىبىر ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى. گەرچە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بەك كەڭ بولۇپ كەتمىگەن، سىياسى تەلەپ يەنىلا كۈچلۈك بولغان بولسىمۇ، ئىجادىيەت ئۈچۈن يارىتىلغان كىچىككىنە شارائىتتا بىر تۈركۈم ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى، قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىلتاغ چىراغلىرى» ناملىق رومانى مانا مۇشۇ ئالاھىدە دەۋرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدىكى ئەدەبىيات تېخى تەتقىق قىلىنمىغان چوڭ بىر بوشلۇق بولۇپ، بۇندىن كېيىن بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپرەك ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## § 2 . «ئۆتكۈنچى باسقۇچ» تىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە قىسقىچە بايان

1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ، جۇڭگو جەمئىيىتى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. شۇ قاتاردا ئەدەبىياتمۇ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى سولچىل خاتا سىياسەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن، ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن نەپەس ئالدى، ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە، تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە قايتتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. شۇندىن تارتىپ ئەسىر ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىيات ئادەتتە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت گەرچە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ئالدىغا بىر قاتار ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئىجادىيەتتە ئاز ـ تولا ئەركىنلىك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ژانىر ـ شەكىللەر بويىچە بىر تۈركۈم ئەسەرلەر يېزىلدى، بۇ ئەسەرلەردە سىياسىينىڭ پۇرىقى كۈچلۈك بولدى، مەدھىيە ـ تەنقىد روشەن بولدى، ئاددىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش، مۇبالىغە قىلىش خاھىشى گەۋدىلىك

www.uyghurkitap.com

بولدى، قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىلتاغ چىراغلىرى» رومانى مانا مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيەتكە ۋەكىللىك قىلدى. بۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيەتنىڭ گەرچە ئانچە ئىلغار مەزمۇن ـ ئىدىيىسى، ئانچە يۇقىرى بولغان سەۋىيىسى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئەدەبىيات يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات گۈللىنىشىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. 1976 ـ يىلىدىن كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەت يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندى، يېڭى دەۋردىكى قاينام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيىتى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ھوسۇلى ناھايىتى مول بولدى. شۇندىن تارتىپ تاكى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر ئاساسەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتىن ئىبارەت مانا مۇشۇ بىرلا تېما ئۈستىدە يېزىلدى. مەيلى پېشقەدەم يازغۇچى ـ شائىرلار بولسۇن، مەيلى ياش يازغۇچى ـ شائىرلار بولسۇن ۋە مەيلى يېڭىدىن ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن يازغۇچى ـ شائىرلار بولسۇن، ھەممىسىلا دېگۈدەك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خەلق ئاممىسىدا، جۈملىدىن زىيالىيلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا قىلغان جاراھەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، تارىخنىڭ ئەشۇ ئازابلىق يىللىرىدا مەنىۋى جەھەتتىكى پەرىشانلىق، روھى جەھەتتىكى ئازاب، جىسمانىي جەھەتتىكى جازا بىلەن ياشىغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۇردى. بۇ يىللاردا مانا مۇشۇ تېمىلاردا يېزىلغان ئەسەرلەر ئادەتتە «جاراھەت ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا جاراھەت ئەدەبىياتىنىڭ ھوسۇلى مول، مۇۋەپپەقىيىتى خېلى گەۋدىلىك، تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. بۇ ئەدەبىيات 70 ـ يىللار ئەدەبىياتىدىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى بولدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىيات ئەدەبىيات تارىخى جەھەتتىن قارىغاندا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات بىلەن «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى» ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچنىڭ ئەدەبىياتى بولدى. ئەشۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتتا بىرىنچىدىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدىكى ئىجادىيەتنىڭ تەسىرى مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان؛ ئىككىنچىدىن، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدىكى ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە يۈكسەكلىك يارىتىش... قا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەر بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتتا تېخى روشەن شەكىللەنمىگەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئىجادىيەتنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىمۇ ئانچە يۇقىرى بولۇپ كېتەلمىگەن. مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئەدەبىياتتىن «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى» غا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ ئەدەبىياتى دەپ ئاتاش ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۆتكۈنچى باسقۇچ ئەدەبىياتى مەزگىلىدە، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى تەدرىجىي راۋاجلاندى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ناھەق جازالانغان، ئۇۋال قىلىنغان شائىر ـ يازغۇچىلار ئاقلىنىپ، قايتىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشتى، ئىجادىيەت

نەتىجىسى مول بولدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كىشىلەر قەلبىدە پەيدا قىلغان جاراھەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئاساسلىق مەزمۇن قىلىندى، ئەدەبىياتنىڭ ژانىر - شەكىللىرى كۆپ خىللاشتى، بولۇپمۇ ھېكايە ئىجادىيىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، پوۋېست ئىجادىيىتىدىمۇ بىر تۈركۈم نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلار يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى پروزا قىزغىنلىقىغا ئاساس سالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق مۇنبىرى بولغان «تارىم» ژۇرنىلى ئەسلىگە كېلىپ، قايتىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى، ھەر قايسى ۋىلايەت - ئوبلاستلاردا، ھەتتا ناھىيىلەردىمۇ ئەدەبىي ژۇرناللار نەشر قىلىندى، نەشرىياتلار تۇشمۇ - تۇشتىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر قاينام تاشقىنلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

«ئۆتكۈنچى» باسقۇچىدا «جاراھەت ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىيات ھادىسىسى مەيدانغا كەلدى.

1976 - يىلى 10 - ئايدا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ پارتىيە ۋە خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش شۇ دەۋردىكى قىزىق پاراڭ تېمىلىرىدىن بىرى بولغانىدى. بۇنداق شىكايەت ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىيات ئاساسەن «4كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ۋە ئۇلار قوزغىغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ خەلق قەلبىدە پەيدا قىلغان مەنىۋى جاراھەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «جاراھەت ئەدەبىياتى» بولدى.

«جاراھەت ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ قىممەتلىك تەرىپى شۇكى، ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭلا ئوتتۇرىغا چىقىپ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئىنكار قىلدى، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى، پارتىيە ۋە خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى، بۇ ئارقىلىق ئىدىيە ئازادلىقىنى ئىلگىرى سۈردى، ھەق - ناھەق قارىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى، يېڭى دەۋرنىڭ قەدرىگە يېتىپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ئارقىلىق شۇ دەۋر رېئاللىقى ئۈچۈن ناھايىتى ئاكتىپ خىزمەت قىلدى.

«جاراھەت ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يوقىلىپ كەتكەن رېئالىزم ئەدەبىياتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇ ئەدەبىياتتا رېئالىزم ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلىپ قوللىنىلدى. تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەينەن تەسۋىرلەش، كۆرۈنۈشتىكى نەرسىلەرنى يېزىش — بۇ يىللاردىكى رېئالىزم ئۇسۇلى ئىدى. بۇ ئەدەبىياتتا ھەقىقەتەن رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەندى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە باشتىن كەچۈرگەن پاجىئەلىك قىسمەتلىرى ئاساسلىق سۈژېت

www.uyghurkitap.com

قىلىنىپ، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي، جانلىق كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرى يارىتىلدى، يازغۇچى ـ شائىرلار ئەسەرلىرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ پۇخادىن چىقاردى. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەر جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن «جاراھەت ئەدەبىياتى» نىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى.

«جاراھەت ئەدەبىياتى» مەزگىلىدە ئەدەبىي ژانىر ـ شەكىللەر كۆپ خىللاشتى. خەلقنىڭ قەلبىدىكى جاراھەت شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، دراما، نەسىر قاتارلىق ئەدەبىي ژانىرلار ئارقىلىق ئىپادىلەندى. «جاراھەت ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلارنى بېيىتىش جەھەتتە ھەقىقەتەن كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ«زىياندىشنىڭ ئاقىۋىتى» (1976 ـ يىل) ، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» (1977 ـ يىل) ، «سەنئەت باھارى» (1977 ـ يىل) ، «ئىككى مۆلچەرگە لەنەت ئوقۇيمىز» (1977 ـ يىل) قاتارلىق شېئىرلىرى بۇ يىللاردىكى «جاراھەت ئەدەبىياتى» نىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

«جاراھەت ئەدەبىياتى» نىڭ پروزا ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. زوردۇن سابىرنىڭ «قەرزدار» ، «دولان ياشلىرى» قاتارلىق ھېكايىلىرى، ئابلىمىت سابىرنىڭ «ئۇنىڭ ماكانى» ناملىق ھېكايىسى، ئەخەت تۇردىنىڭ «مەرھابا، باغۋەن» ناملىق ھېكايىسى، جالالىدىن بەھرامنىڭ «بۇلبۇل بوستاننى تاپتى» ناملىق ھېكايىسى، تۇرسۇنئاي يۇنۇسنىڭ «ساداقەت» ناملىق ھېكايىسى، قادىر ئارسلاننىڭ «تىترىگەن ئاۋاز» ناملىق ھېكايىسى قاتارلىقلار شۇ يىللاردىكى «جاراھەت ئەدەبىياتى» غا مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. شەخسنىڭ ئاپەتلىك يىللاردىكى ئاچايىپ سەرگۈزەشتىلىرى، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ كەسىپ ۋە مۇھەببەت جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرى ئارقىلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قەلبتە پەيدا قىلغان جاراھەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بۇ ھېكايىلەر قىزىقارلىق سۇژىتى، جانلىق بەدىئىي ئوبرازلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى پروزا قىزغىنلىقى ئۇچۇن ئاساس سالدى.

شۇنداق بىر نۇقتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، «جاراھەت ئەدەبىياتى» ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا چىققان بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىيات ھادىسىسى. بۇ ھادىسە 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئاساسەن ئاخىرلاشتى. ئەمما «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەققىدىكى ئەسەرلەر بۇنىڭلىق بىلەن ئاخىرلىشىپ كەتمىدى. كېيىنكى يىللاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەققىدىمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلدى. بۇ خىل ئەسەرلەر تېما رەڭدارلىقىنى شەكىللەندۇرۇپ ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلتۈرگەن ئېغىر زىيان تۈپەيلىدىن ئەدەبىيات گۈلزارىمىز بىر مەزگىل پايخان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پۈتۈنلەي قۇرۇپ قاخشال بولۇپ كەتمىدى. جەسۇر ئەدىبلىرىمىز ئەدەبىياتقا سادىق قەلبى

بىلەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولمىغان ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۈمىدۋار ياشىدى، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىجاد قىلدى. گەرچە بۇنداق ئەسەرلەر ئاز بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھالەت ھەرقانداق بىر قارا قولنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى يوقىتىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدى. بىراق «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، خەلقنىڭ ئېڭىنى ھەرتۈرلۈك سەپسەتىلەر بىلەن زەھەرلەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار پەيدا قىلغان يامان تەسىر ئۇلارنىڭ ھالاكىتى بىلەن تەڭلا تۈگەپ كەتمىدى. بۇنداق يامان تەسىرنى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلاش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل كەتتى. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ بىر مەزگىللىك ئىدىيىنى ئازاد قىلىش باسقۇچى بولمىغان بولسا، 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلانغان ئەدەبىياتنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق بىر مەزگىلى مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا، ئەدەبىياتتىكى بۇ بىر كۆۋرۈكلۈك مەزگىلنىڭ ئەھمىيىتى زور ۋە چوڭقۇر دەپ قاراش كېرەك. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىلمىي ھالدا خۇلاسىلەش بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## § 3. قەييۇم تۇردى

قەييۇم تۇردى ئۆتكۈنچى باسقۇچتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان شۇنداقلا بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇ 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوچېرك ـ ھېكايىلەرنى يېزىپ ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. 70 ـ يىللاردا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى رومان ھېسابلىنىدىغان «قىزىلتاغ چىراغلىرى» رومانىنى ۋە تۇنجى تىرىلوگىيە ھېسابلىنىدىغان «كۈرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسىنى يېزىپ، رومانچىلىقىمىزغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان. 80 ـ، 90 ـ يىللاردا زىيالىيلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، نېفىت سانائىتى تېمىسىغا بېغىشلانغان «سۈزۈك ئاسمان»، «جىمجىت جۇڭغارىيە» رومانلىرىنى يېزىپ، رومانچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتكەن.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

قەييۇم تۇردى 1937 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1951 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1954 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. مۇشۇ مەزگىللەردە تۇرمۇشنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. 1961 ـ يىلى «يەكەن گېزىتى» ئىدارىسىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلىپ، بۇ يەردە تاكى 1979 ـ يىلغىچە مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلى

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان ۋە شۇندىن تارتىپ كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1989 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بۇ خىزمەتنى ئۆتىگەن. 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قارامايدا ۋاپات بولغان.

قەييۇم تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى دەۋرىدە باشلانغان. ئۇ 1955 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئوراز بوۋا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. بۇ ھېكايىسى خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. تۇنجى ئىجادىيەت مېۋىسىدىن ئىلھاملانغان يازغۇچى ئەشۇ يىللاردا «ماي ئەتىگەنلىكى»، «شەمشەرخان»، «بەخت يولى» قاتارلىق ھېكايە ـ ئوچېركلارنى يېزىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش يولىدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنى، قەھرىمان ـ ئىلغارلارنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «زەرەپشان بويىدا»، «زەينەپخان شۇجى ھەققىدە ھېكايە»، «قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكە»، «تىنچسىز كۈنلەر» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، يېزا تۇرمۇشىنى، دېھقانلار ھاياتىنى خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ ھېكايىلەر شۇ دەۋر ھېكايىچىلىقىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان ھەم ياخشى باھالارغا ئېرىشكەن. 70 ـ يىللاردا قەييۇم تۇردى رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، 1974 ـ يىلى «قىزىلتاغ چىراغلىرى» («قىزىلتاغ ئېتىكىدە») رومانىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ قەييۇم تۇردىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. 1979 ـ يىلى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسىنىڭ 1 ـ تومى «تاڭ ئالدىدا» نەشر قىلىنىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. تىرىلوگىيىنىڭ 2 ـ، 3 ـ توملىرى 1981 ـ، 1985 ـ يىللىرى نەشر قىلىنىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇ شۇندىن كېيىن ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، 1985 ـ يىلى «سۈزۈك ئاسمان» رومانىنى، 1992 ـ يىلى «جىمجىت جۇڭغارىيە» تىرىلوگىيىسىنىڭ 1 ـ تومىنى نەشر قىلدۇرغان. «جىمجىت جۇڭغارىيە» قەييۇم تۇردىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ 1 ـ تومى «قامەتلىك گىلتاغ» دا تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مول تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاراماي نېفىتلىكىنى ئېچىش ۋە نېفىتلىك سانائىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان جاپالىق شۇنداقلا تارىخى ئەھمىيەتلىك كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن، سېلىم بوۋا باشلىق نەچچە ئەۋلاد نېفىتچىلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان، قاراماي نېفىتلىكى باشتىن كەچۈرگەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەرنى نىسبەتەن جانلىق تەسۋىرلىگەن. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سانائەت تېمىسىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى رومان بولۇپ، ئۇ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەملىكەت مىقياسىدا بەلگىلىك تەسىر

قوزغىغان. «جىمجىت جۇڭغارىيە» ترىلوگىيىسىدە يازغۇچى شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ شەكىللىنىشتىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق ھەم جاپالىق تارىخىي مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. قەييۇم تۇردى 80 ـ يىللاردا يەنە پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يول»، «بوغدا ئاتا»، «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى»، «ئاسماندىكى ھېكايە» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازغان. «بوغدا ئاتا» جۇڭغارىيىدىكى نېفىتلىكنى بايقاش ۋە ئىپتىدائىي ھالەتتە نېفىت ئېچىش بىلەن تارىختا مەشھۇر بولغان سېلىم بوۋىغا بېغىشلانغان پوۋېست. يازغۇچى بۇ پوۋېستتا تارىخىي مەلۇماتلار ۋە مول تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، سېلىم بوۋاينىڭ ياشلىقتىكى قىسمەت ـ سەرگۈزەشتىلىرىنى، سەرگەردانلىق ھاياتىنى جۈملىدىن جۇڭغارىيىدە قاراماي نېفىتلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىش جەريانىنى جانلىق ھەم تەسىرلىك بايان قىلغان.

قەييۇم تۇردى ئىجادىيىتىدە رومانچىلىق ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ «قىزىلتاغ چىراغلىرى» نى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا رومان يېزىشنى ئۆگىنىش ۋە سىناق قىلىش باسقۇچى دېسەك، ئۇنداقتا ئۇنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسىنى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدە خېلىلا پىشقانلىقى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى دەيمىز. بۇ چوڭ ھەجىملىك ئەسەر سۈرەتلىگەن تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ كەڭ ۋە رەڭدارلىقى، تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا ۋە مۇكەممەللىكى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ روشەنلىكى قاتارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئەينى دەۋردە تېخى ئەمدىلا بىخ سۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە قەييۇم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەييۇم تۇردىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك — ئۇنىڭ ئىجادىيەت تېمىسىنىڭ خىلمۇ خىللىقىدۇر. بىزگە مەلۇم، قەييۇم تۇردى ئۆز ئىجادىيىتىنى يېزا تېمىسىدىن باشلىغان يازغۇچى، تەخمىنەن ئون بەش يىلنى يېزا ـ قىشلاقلاردا ئۆتكۈزگەن ۋە يېزا تۇرمۇشىغا ئائىت مول ماتېرىيال توپلىغان يازغۇچى. ئۇ دېھقان تۇرمۇشى بىلەن پىششىق تونۇش. شۇڭا ئۇ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «قىزىلتاغ چىراغلىرى»، «كۆرەشچان يىللار»، «سۈزۈك ئاسمان» رومانلىرىنى ۋە نۇرغۇنلىغان ھېكايە، پوۋېستلىرىنى يېزا تۇرمۇشىغا بېغىشلاپ دېھقانلارنىڭ ئازابى ۋە غەم ـ قايغۇسى، خۇشلۇقى ۋە ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بولسا «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى»، «ئاسماندىكى ھېكايە»، «بوغدا ئاتا»، «جىمجىت جۇڭغارىيە» قاتارلىق رومان ۋە پوۋېستلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سانائەت تېمىسىدا ئەسەر كەم بولۇش، ئىشچىلار تۇرمۇشىنى قانائەتلىنەرلىك يازالماسلىقتەك كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇشتا زور ھەسسە قوشتى.

قەييۇم تۇردىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىغا «قىزىلتاغ چىراغلىرى» ناملىق رومانى ئاساس سالغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ،زەرەپشان ۋادىسىدىكى يېڭى يۇلتۇز يېزىسىدىكى يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش دولقۇنىنىڭ تۇرتكىسىدە يېزا خەلقىنىڭ سابىر شۇجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تاغنى يېرىپ

www.uyghurkitap.com

يېزىغا سۇ باشلاش، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش يولىدىكى جاپالىق كۈرەشلىرى، شۇنداقلا سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن بۇ رومان گەرچە مەزمۇن، بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئانچە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ كەتمىسىمۇ، ئەمما «ئۆتكۈنچى دەۋر» دىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر تارىخىدىكى تۇنجى رومان بولۇپ قالدى. «كۈرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسى شۇ چاغقىچە بولغان پروزا ئىجادىيىتىدىكى تۇنجى يىرىك ئەسەر بولدى، تۇنجى ترىلوگىيە بولدى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان تۇنجى رومان بولدى. «جىمجىت جۇڭغارىيە» رومانى يازغۇچى ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر پەللە بولدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سانائەت تېمىسىدا يېزىلغان تۇنجى رومان بولۇپ قالدى. دېمەك، قەييۇم تۇردى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇناسىپ تەسىرگە ئىگە بولغان يازغۇچىلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. «كۈرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسى

«كۈرەشچان يىللار» ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى تىلغا ئېلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى ترىلوگىيە، ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋەزىيىتىنى، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى، سىنىپىي كۈرەشلەرنى تۇنجى بولۇپ، شۇنداقلا نىسبەتەن كەڭ ئەكس ئەتتۈرگەن رومان.

«كۈرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسىنىڭ 1 ـ قىسمى «تاڭ ئالدىدا» 1979 ـ يىلى، 2 ـ قىسمى «زەرەپشان ئۈستىدە نۇر» 1981 ـ يىلى، 3 ـ قىسمى 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. 1 ـ قىسمى «تاڭ ئالدىدا» ترىلوگىيىنىڭ ئەڭ ياخشى يېزىلغان قىسمى بولۇپ، ئۇ «ئۆتكۈنچى دەۋر ئەدەبىياتى» دا مەيدانغا كەلگەن يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

يازغۇچى ترىلوگىيىسىدە زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىدىكى ياغاقلىق يېزىسىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى جاپالىق تۇرمۇشىنى، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك دىنىي كۈچلەرنىڭ قوش زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقىنى، بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلارنىڭ ئازادلىق يولىدا ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار كۈرەشلىرىنى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختىيار ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىنى، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ھاكىمىيەتكە قارشى چىققان بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ ئەجەللىك تۈردە جازاسىنى يېگەنلىكىنى، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ، يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش

ئۇسۇلىنىڭ يولىغا قويۇلغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى بۇ بىر قېتىملىق چوڭ ئۆزگىرىشنى كەڭ تۇردە ئەكس ئەتتۇرگەن. مانا بۇ رومانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەييۇم تۇردى «كۈرەشچان يىللار» ناملىق بۇ ترىلوگىيىسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ شەخسىي ئىنتىقام ۋە ئىستىخىيىلىك قارشىلىقتىن تەشكىللىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا ئۆتۈپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى ۋە چىرىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە تەلتۆكۈس قەد كۆتۈرۈپ يەر ـ زېمىننىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغانلىقىنى، غەلىبە مېۋىلىرىنى قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغانلىقىدىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

روماندا ئالماس، ئاسىم قاتارلىق ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە، ئازادلىققا تەشنا، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەتلىك بىر تۈركۈم ئىجابىي پېرسوناژلار ئوبرازى ياخشى يارىتىلغان.

ئالماس ترىلوگىيىنىڭ باش قەھرىمانى. ئۇ ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش داۋامىدا يېتىشىپ چىققان، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەتلىك، ئازادلىققا تەشنا، ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلىغان، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللايدىغان، ئىلغار پىكىرلىك دېھقان ياشلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. قەيسەرلىك، باتۇرلۇق، ئاڭلىقلىق، ئېغىر ـ بېسىقلىق ئۇنىڭ ئاساسلىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالماس كىچىكىدىن تارتىپلا ناھايىتى قەيسەر، باتۇر بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلارغا قىلچە باش ئەگمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يولسىزلىقىغا، زۇلمىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىقىدۇ. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا تېخى كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئەلۋەك سوپى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمران كۈچلەرگە قارشى دادىللىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىدۇ. ئالماس ئاسىم ئەپەندىنىڭ تەربىيىسىدە ئىنقىلاب ھەقىقىتىنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلىۋالىدۇ ۋە دېھقانلارنى ئويۇشتۇرالايدىغان، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئالماسنىڭ كۈنسېرى پىشىپ يېتىلىشى، يىراقتىكى ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ ئىلھامى بىلەن خىلۋەت ياڭاقلىق يېزىسىدا بىر قاتار ئىنقىلابلار قانات يايدۇ، بۇ ئىنقىلابلار ئەمەلىيەتتە ئالماس قاتارلىق ئىنقىلابى ئاممىنىڭ ئازادلىق يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رومانىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق ئىجابىي ئوبراز ئاسىم ئەپەندى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئازادلىق ھارپىسىدا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر ئىنقىلابىي زىيالىيلىرىنىڭ ۋەكىلى. ئىدىيىسىنىڭ ئىلغارلىقى، ئىنقىلاب ھەقىقەتلىرىگە بايلىقى، پىكىر قىلىشقا ماھىرلىقى، ئازادلىق ئىشلىرى ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ئۇنىڭ ئاساسلىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى ئاسىم خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئۇ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، تۇرمۇشنىڭ قىيىنلىقى تۇپەيلىدىن كىچىك تۇرۇپلا قارا ئىش قىلىپ جان باققان، كېيىن زۇلۇم ۋە نامراتلىق سەۋەبىدىن ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، يېتىم بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالغان. بۇنداق قىيىن تۇرمۇش تەبىئىي رەۋىشتە ئۇنى رېئاللىق ھەققىدە، خەلقنىڭ بەختسىزلىكلىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا سالغان. ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئۇ بىر تەرەپتىن بىلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلغار ئىدىيىلىك ئۇيغۇر، خەنزۇ زىيالىيلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەم ئۆزىمۇ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندە سۇرگۈن ھېسابىدا مانا مۇشۇ ياڭاقلىق يېزىسىغا ئەۋەتىلىدۇ.

ئاسىم بۇ يېزىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى توختاتمايدۇ، خەلقنى ئىلغار پىكىر ـ ئىدىيىلەر بىلەن تەربىيىلەيدۇ، مەخسۇت بەگكە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ ھەم تەشكىللەيدۇ. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى، ئەمەلىي ئىشلىشى بىلەن تىمتاس ياڭاقلىق يېزىسى جەڭگىۋار كۈرەش مەيدانىغا ئايلىنىدۇ.

رومإندا يەنە مەخسۇت بەگ، ھېسامىدىن داموللا قاتارلىق بىر تۈركۈم سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ يارىتىلغان. ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى مەخسۇت بەگنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن يۇقىرىدىكى مەمۇرىي ـ ساقچى ئەمەلدارلارغا، يەنە بىر تەرەپتىن ھېسامىدىن داموللا باشچىلىقىدىكى دىنىي كۈچلەرگە تايىنىپ، يۇرتقا خالىغانچە زۇلۇم سالىدۇ. بىگۇناھ كىشىلەرنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىدۇ، خالىغانچە قامايدۇ، خالىسا ئاتىدۇ، خالىسا چاپىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىر مەنبەسى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت بولسا، يەنە بىر مەنبەسى فېئوداللىق دىنىي كۈچ. ئۇ كونا زاماندىكى يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. روماننىڭ ئاساسلىق سۇژىتى مانا مۇشۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران كۈچلەر بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان.

روماندا يەنە روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ئېلىقۇل ئوبرازى، كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېلىشاھ ئوبرازى، شۇنىڭدەك مەشرەپ، بايىز خالۋاپ، توختاخۇن، قىسمەت چورۇق، لەيلىگۈل قاتارلىق بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ خېلى ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان.

ئەسەردە يۇقىرىقى ئىجابىي پېرسوناژلاردىن باشقا يەنە سەلبىي پېرسوناژلاردىن مەخسۇت بەگ، ھېسامىدىن داموللام، ئابدۇللا كۆككۆز داموللام، پاسار بەگ، جاڭ تۈەنجاڭ، جۇيىڭجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ ئەينى دەۋردىكى چىرىك ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار، دىنىي ئۆلىمالار، ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار قاتلاملىرىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئاپتورنىڭ رومان مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە، ھەر خىل قاتلاملىرىغا مەنسۇپ ھەر خىل پېرسوناژلار ئوبرازىنى خېلى مۇكەممەل يارىتىپ بەرگەنلىكى روماننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

روماننىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، ئەينى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات رېئاللىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، روماننىڭ ئالدى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدىكى روشەن مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس

تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەھەللە مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ھەق -ناھەق قارىشى قاتارلىقلار نىسبەتەن بالدۇر دادىللىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇلار ئەسەرنى نىسبەتەن رۇشەن مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان.

ئۇندىن باشقا روماندا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ۋە تىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىنغان. بولۇپمۇ، ئىجابىي پېرسوناژلاردىن ئالماس، ئاسىم، ئىبلىقۇل قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى، سەلبىي پېرسوناژلاردىن مەخسۇت بەگ، ھېسامىدىن داموللا، ياسىن شاڭخەي قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىنغان.

ئۈچىنچىدىن، رومانىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئېنىق تاپشۇرۇلغان. گەرچە بۇ تارىخىي رومان بولمىسىمۇ، ئەمما رومان ۋەقەلىكى ئېنىق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىنغان، رومان سىۇژىتىمۇ تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلغان.

تۆتىنچىدىن، قەييۇم تۇردى تىل ئىشلىتىش جەھەتتە قەلىمى پىشقان يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاممىباب، راۋان، جانلىق، دەل تىل ئىشلىتىشتەك ئالاھىدىلىكى بۇ ئەسەرىدىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

بەشىنچىدىن، رومانىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يازغۇچى روماندا ئاساسلىق قىلىپ ئوڭ بايان ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئازادلىقنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئومۇمىي قىياپىتىنى تارىخىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەر سىۇژىتى مۇكەممەللىككە، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىنغان.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. «ئۆتكۈنچى دەۋر» دىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

2. «جاراھەت ئەدەبىياتى» دېگەن بۇ ئەدەبىيات ھادىسىسى قانداق شەكىللەنگەن؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى نېمە؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «جاراھەت ئەدەبىياتى»غا مەنسۇپ ئەسەرلەردىن بىرقانچىنى مىسال كۆرسىتىڭ.

3. قەييۇم تۇردىنىڭ ئىجادىيەت يولى ئاساسىدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى سۆزلەڭ.

4. «كۈرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟ ئەسەردە قانداق مەركىزىي ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن؟

5. «كۈرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسىدىكى ئاسىم، ئالماس ئوبرازلىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.

www.uyghurkitap.com

# V باب يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى(1)

## 1 § . قىسقىچە بايان

ئەدەبىيات «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئېنىقىنى ئېيتقاندا 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى قايىنام ـ تاشقىنلىقنى، ئىجادىيەت سۇپىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى، ئىجادىيەتتە ئىزدىنىش ـ يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلغان، ئىجادىيەتتىكى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقان بۇ ئەدەبىيات ئادەتتە «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى. تەخمىنەن 20 يىلغا يېقىن تەرەققىيات تارىخىنى باشتىن كەچۈرگەن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا گەرچە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى نىسبەتەن ئەگرى ـ توقاي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىدىكى ئورنىدا بەزىبىر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى مانا مۇشۇ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا مەيدانغا كەلدى.

يېڭى دەۋر باسقۇچىدا شېئىرىيەت چۈشەنچىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيىتىمىز ئالدى بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىللاردا شەكىللىنىپ قالغان ئەدەبىياتنى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئىجادىيەتتە روشەن سىياسىي خاھىش ئىپادىلەش، ئىجادىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش. . . قا ئوخشاش ئىجادىيەت تەرەققىياتىغا پايدىسىز چۈشەنچىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن رېئاللىقنى تەسۋىرلەشنى، قەلبتىكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىپ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەدىئىي ماھارەتلەر جەھەتتە ئىزدىنىپ نېمىنى يېزىش بىلەن قانداق يېزىشنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، بۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەتنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئېلىش جەھەتتىمۇ بىر قاتار تەشەببۇسلار ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي ئۇنۇملەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ شېئىرىيەت چۈشەنچىسىدىكى قارىشى ئالاھىدە بولدى. كېيىنچە «يېڭىچە شېئىرلار» ئېقىمىدىكىلەر ياكى «گۇڭگا شېئىرلار» ئېقىمىدىكىلەر دەپ ئاتالغان بۇ ياش شائىرلار شېئىرنى «ساپ قەلب دۇنياسىنىڭ سىمۋوللۇق ياكى بىشارەتلىك ئىپادىلىنىشى» دەپ قاراپ، شېئىردا سۇبيېكتىپنى ئىپادىلەشنى، سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى، شېئىردا قەلبكە ماس ئوبيېكتىپ ماس نەرسە ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشنى، غۇۋالىق، گۇڭگالىق گۈزەللىكى يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. يەنە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار يېڭىچە يول تۇتۇپ تەبىئەتنى، قەلبنى، ياكى رېئاللىقنى ساپ سۇبيېكتىپ ھالەتتە ئەينەن، يەڭگىل ئىپادىلەپ ئۆزگىچە ئېستېتىك قىممەت يارىتىش ئۈچۈن ئىزدەندى. يەنە بىر قىسىم شائىرلار بولسا، شېئىرمۇ بىر خىل ئەدەبىي ژانىر بولغان ئىكەن باشقا ژانىرلارغا ئوخشاشلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولۇشى كېرەك، دەپ قاراپ، رېئاللىقتىكى سەزگۈر، كىشىلەر كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى يازدى. يەنە بىر قىسىم شائىرلار «شېئىر ئەسلىدىلا بىر خىل لىرىكا سەنئىتى بولۇشى كېرەك» دەپ قاراپ، ساپ لىرىك شېئىرلار ئىجادىيىتى ئۈچۈن تىرىشتى. قىسقىسى، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە شېئىرىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر نىسبەتەن كۆپ خىل ۋە مۇرەككەپ بولدى، بۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدىكى چوڭ بىر يېڭىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى دەۋر باسقۇچىدىكى شائىرلار قوشۇنىغا قارايدىغان بولساق، مۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز: بۇ باسقۇچتا ئالدىنقى 17 يىللىق ئەدەبىيات باسقۇچىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ياكى بۇ ساھەگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن شائىرلار قايتىدىن ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلدى. ئالدىنقى باسقۇچلاردىكى شېئىرىيەتنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان ئەھمەد زىيائى (1913 ـ 1989)، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923 — 1995)، تېيىپجان ئېلىيوپ (1930 — 1989) قاتارلىق شائىرلار بۇ باسقۇچتا كۆپلىگەن يۇقىرى ئەدەبىي قىممەتكە ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە شېئىرىي ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭمۇ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالدى. ئەھمەد زىيائى يازغان «رابىيە ـ سەئىدىن»، «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى يۇسۇپ، مەھمۇد» داستانلىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يازغان «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» داستانى، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس»، «مەن ئاق بايراق ئەمەس» قاتارلىق شېئىرلار، تېيىپجان ئېلىيوپ يازغان بىر تۈركۈم شېئىرلار XX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن بولۇپ قالدى. پېشقەدەم شائىرلىرىمىزدىن ئەلقەم ئەختەم (1922 — 1990)، قۇربان ئىمىن (1914 ـ 1992)، ئىمىن تۇرسۇن (1924 ـ )، رەھمىتۇللا جارى (1926 — 1998)، مۇھەممەت رەھىم (1926 ـ )، غەنىزات غەيۇرانى (1930ـ ) قاتارلىق پېشقەدەم شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىمۇ ناھايىتى ھوسۇللۇق بولدى. ئابدۇكېرىم خوجا (1928 ـ 1988)، مۇھەممەتجان سادىق (1934 ـ )، بوغدا ئابدۇللا (1941 ـ )

، قۇربان بارات (1946 ـ ) ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1934 — 1997) قاتارلىق 50 ـ يىللاردا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن شائىرلار يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇلاردىن باشقا رەخىم قاسىم (1936 ـ ) ، ئابدۇسالام توختى (1934 ـ ) ، تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن (1934 ـ ) ، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن (1939 ـ ) ، مۇھەممەتجان راشىدىن (1940 ـ ) ، ھاجى ئەھمەد (1942 ـ ) ، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن (1944 ـ) قاتارلىق شائىرلارمۇ يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدىكى غوللۇق شائىرلاردىن بولۇپ قالدى. بۇلاردىن باشقا يېڭى دەۋر باسقۇچىدا ئوسمانجان ساۋۇت (1945 ـ ) ، ئىمىن ئەخمىدى (1944 ـ ) ، روزى سايىت (1944 — 2001) ، تاھىر تالىپ (1945 ـ ) ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم (1951ـ ) قاتارلىق بىر تۈركۈم قابىل شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. 90 ـ يىللارغا كەلگەندە بولسا مۇختەر مەخسۇت (1957 ـ ) ، ياسىن زىلال (1963 ـ ) ، ئەخمەتجان ئوسمان (1964 ـ ) ، ئابدۇقادىر جالالىدىن (1964 ـ ) ، ئادىل تۇنىياز (1970 ـ ) ، چىمەنگۈل ئاۋۇت قاتارلىق ئۆزگىچە ئىجادىيەت قارىشىغا ئىگە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ساھەسىگە كىرىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىجادىيىتى 90 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىر مەزگىل قايىنام ـ تاشقىنلىق ۋە بەس مۇنازىرە ھالىتى پەيدا قىلدى.

يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولدى. رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلارمۇ، سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن لىرىكىلارمۇ، تەبىئەت تەسۋىرلەنگەن قەسىدىلەرمۇ، ئىنسان مۇھاكىمە قىلىنغان لىرىكىلارمۇ يېزىلدى. بەزى شېئىرلاردا خەلق تەقدىرى ھەققىدىكى چۇقانلار ئىپادىلەنسە، يەنە بەزى شېئىرلاردا پەلسەپىۋى تۈس ئالغان مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شېئىرلارنىڭ تېما جەھەتتىكى بۇنداق رەڭدارلىقى تەبىئىي رەۋىشتە شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىنىمۇ چوڭقۇرلۇق ئېلىپ كەلدى. شېئىرىيەت پىكىردىكى ئاددىيلىقتىن، يالىڭاچلىقتىن، تەكرارلىنىشتىن بارغانسېرى قۇتۇلۇپ باردى. يەنە بىر تەرەپتىن شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئۇسۇل، ماھارەتلەرمۇ كۈنسېرى يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ باردى، قەلب مونولوگى، ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى، ئوبيېكتىپ ماس نەرسە تېپىش، ناتونۇشلاشتۇرۇش، تۇيغۇنى يېزىش، سىمۋوللاشتۇرۇش. . . قا ئوخشاش ئۇسۇللار شېئىرىيەتتە كۆپلەپ قوللىنىلىشقا باشلىدى. بۇنداق ئىجادىيەت خاھىشلىرى يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەھۋالى نىسبەتەن ئالاھىدە بولدى. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى كۆتۈرۈلۈش بىلەن باشلاندى. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى ھەم پۈتۈن ئىجادىيەتنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئەمما بۇنداق ۋەزىيەت ئۇزاققا بارمىدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى، شېئىرنىڭ بىر خىل ساپ سەنئەت سۈپىتىدە ئۇنچە كەڭ بازارغا ئىگە بولالماسلىقى، پروزىنىڭ بارغانسېرى كىتابخانلىق بولۇپ كېتىشى، شېئىرىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غۇۋالاشتۇرۇش،

ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش خاھىشىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى، شېئىرىيەتتىكى ساپ سەنئەت قارىشىنىڭ كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش ئادىتىگە ماس كەلمەسلىكىگە ئوخشاش بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شېئىرىيەتنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنىدا ئاز - تولا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيەت ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بىردىنبىر ئاساسلىق ئەدەبىي ژانىر بولماي قالدى، ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى بارا - بارا پروزىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شېئىرىيەتنى بىر پۈتۈن ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بويىچە مۇلاھىزە قىلساق ئۇنداقتا يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. يېڭى دەۋردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدىكى يەنە بىر «ئالتۇن دەۋر» نى ياراتتى. بۇ دەۋردە كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر شائىرلار، ئاز بولمىغان ئېسىل ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن زور دەرىجىدە بېيىتتى.

2. يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە شېئىرىيەت چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تېز ھەم گەۋدىلىك بولدى، گەرچە شېئىرىيەت چۈشەنچىلىرىدىكى پەرق - زىددىيەتلەر نىسبەتەن كەسكىن بولسىمۇ، ئەمما يېڭىچە شېئىرىيەت چۈشەنچىسى پۈتۈن شېئىرىيەتكە تەسىر كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قىياپىتىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

3. يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىنمۇ، مەۋجۇت شېئىرىيەتتىنمۇ پەرقلىق بولغان يېڭىچە بىر خىل ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش خاھىشى گەۋدىلىك بولدى، بۇنىڭ ئاكتىپ تەسىرىمۇ، پاسسىپ تەسىرىمۇ بولدى. مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە بىر قېتىملىق شېئىرىيەت بەس - مۇنازىرىسى قانات يايدى.

4. يېڭى دەۋردىكى شېئىرلارنىڭ تېما دائىرىسى كېڭەيدى، مەزمۇنى چوڭقۇرلاشتى، پىكرى يېڭىلاندى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى رەڭدارلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەتتە بىر خىل قايىنام - تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللەندى.

5. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىجادىيەت سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش بولدى، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىجادىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولدى، ئاز بولمىغان مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ تەڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

6. شېئىرىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىدىكى ئورنىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ قەدىمدىن تارتىپ شېئىرىيەت بىردىنبىر، ئاساسلىق ئورۇندىكى ئەدەبىي شەكىل بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم بىر ھادىسە بولدى.

## § 2 . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى - بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخىدا

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق داۋاملاشقان ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا دېگۈدەك قەلەم تەۋرىتىپ، بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىجادىيىتىدە ناھايىتى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، خەلقىمىزگە ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە قوشقان تۆھپىسى ئاز ئەمەس.

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئۆتكۈر ئەپەندى 1923 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇمۇلدا سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىنى ئوسمان ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆتكۈزگەن. 1934 ـ يىلىدىن تارتىپ ئۈچتۇرپان، ئاقسۇلاردىكى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1936 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، دەسلەپتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، كېيىنچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۆلكىلىك قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1945 ـ يىلىدىن 1948 ـ يىلىغىچە «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئالتاي» نەشرىياتى قاتارلىق مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1967 ـ يىلىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مەتبۇئات، سىياسىي ـ قانۇن ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلغان. 1978 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا تەكلىپ قىلىنىپ، بۇ يەردە ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن ئىلمىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1940 ـ يىلى باشلىنىپ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان. تەخمىنەن يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان مۇشۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى دەۋر، بۇگۈنكى دەۋر ۋە يېڭى دەۋردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەرەققىيات دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۈچ دەۋرگە مەنسۇپ ئەدىبكە ئايلاندى. ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىدە ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنى بىز ئۇنىڭ تەرەققىيات، ژانىر، مۇۋەپپەقىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلىمىز:

1 ـ باسقۇچ، 1940 ـ يىللار. بۇ ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ھازىرقى دەۋر باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنى ئەمدى

باشلىغىنىغا قارىماي، كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغانىدى. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە يازغان «تاڭ شامالىلىرى»، «مۇزلىغان شەھەر»، «باھار چىللايمەن»، «جەنۇبقا خەت»، «تاڭ زىباسى يوقمىدۇر» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا خەلق مەيدانىدا، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى پاش ۋە تەنقىد قىلىپ، خەلقنىڭ تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىش، ھەققانىي كۈرەشلەرنى قوللاپ، يېڭى تاڭغا بولغان تەشنالىقنى ئىپادىلەشكە ئوخشاش ئىلغار ئىدىيىلەرنى ئىپادىلىدى. ئۇ يەنە داستان ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا»، «قەشقەر كېچىسى» قاتارلىق مۇنەۋۋەرداستانلارنى يازدى. بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە دراما ۋە نەسر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر»، «چىن مودەن» قاتارلىق دراملارنى ۋە «دېڭىزدىن سادا»، «باش ئەگىم» قاتارلىق نەسرلەرنى يازدى. ئۆتكۈر ئەپەندى مۇشۇ باسقۇچتىكى شېئىرلىرى ئاساسىدا 1946 ـ يىلى «يۈرەك مۇڭلىرى»، 1948 ـ يىلى «تارىم بويلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلەرنىڭ خېلى كۆپىنچىسى ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ باسقۇچ، 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ بۇگۈنكى دەۋر باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى، يېڭىچە بىر ھاياتلىق دەۋرىنىڭ باشلىنىشى شائىرنى ھاياجانغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن شائىر «ۋىجدان دەۋتى» گە ئوخشاش شېئىرلارنى يازدى، يېڭى دەۋرنى كۈيلىدى. ئەمما، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يۈز بەرگەن بىر قاتار قالايمىقانچىلىقلار شائىرغا ئىجاد مۇمكىنچىلىكلىرىنى بەرمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە «سەجدىگاھىمغا»، «توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا»، «كۈز كېچىسى»، «نەۋائى غەزىلىگە مۇخەممەس»، «ئاق ئەمەس ساچىمدىكى»، «ئىز» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىدە پاراكەندە يىللاردىكى ھايات سورۇقچىلىقلىرى سۈرەتلىنىپ، شائىرنىڭ ئەپسۇسلىقى ئىپادىلەندى، يەنە بەزىلىرىدە ۋەتەن ـ خەلق ئۇلۇغلاندى، تارىخ ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيەت تازا ھوسۇللۇق بولمىدى.

3 ـ باسقۇچ، 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى ھەر قايسى ژانىرلار بويىچە غايەت زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى، ھېسابتا بۇ باسقۇچ ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، يەنە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇشۇ

باسقۇچتا يېزىلدى. بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى يەنىلا شېئىر ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ياخشى»، «ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى»، «سەرلەۋھىسىز شېئىرلار»، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس»، «قەشقەر گۈزىلىگە»، «مەن ئاق بايراق ئەمەس» قاتارلىق بىر مۇنچە ئېسىل لىرىكىلارنى يازدى. بۇ شېئىرلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق تېمىلىرى يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە، پىكىر چوڭقۇرلۇقىغا ئېرىشتى. بۇ شېئىرلاردا يەنە ھايات ھەققىدە پەلسەپىۋى پىكىرلەر، دىداكتىك، ئەخلاقىي ئىدىيىلەرمۇ ئىپادىلەندى، ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئادەملىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىككە كىشىلەر دەۋەت قىلىندى. ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ باسقۇچتا يەنە داستان ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، «گۈل ۋە ئازغان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى، «قەشقەر كېچىسى»نى قايتا تۈزىتىپ نەشر قىلدۇردى. بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە نەسر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «شېئىر ۋە شائىر»، « قاشتېشىغا مەدھىيە» قاتارلىق نەسرلەرنى يازدى. رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىي ھاياتىدىكى مۇھىم بىر ۋەقە بولدى. بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندى «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ، تارىخىي رومانچىلىقنىڭ يېڭى بىر سەۋىيىسىنى ياراتتى.

بۇ باسقۇچتا ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيەتلىرىمۇ ناھايىتى نەتىجىلىك بولدى، مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنى نەشرگە تەييارلاش، ئۇلارنى تەتقىق قىلىش، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى تەتقىقات پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيەتلىرى گەرچە 40 ـ يىللاردا باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما يېڭى دەۋر باسقۇچىدىلا ئاندىن چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ ئىدىيە تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىلىرىنى ئىشلەشكە قاتنىشىش ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىلمىي ھاياتىدىكى ئىككى چوڭ ئەمگەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە بۇ ئەسەرلەر ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، «قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە ‹قۇتادغۇ بىلىك›»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نىڭ مۇئەللىپى توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ، ئىلىم ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىغان. ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئەدەبىي ژانىر ـ شەكىللەر، ئەدەبىي مۇناسىۋەتلەر تارىخى قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر»، «تاتار ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە تەسىرى مەسىلىسى»، «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە ئارۇز ۋەزنى»، «رۇبائى ۋە ئۇنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرى» قاتارلىق ماقالىلەرنى

يازغان. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى مول، مۇلاھىزىلىرى چوڭقۇر، كۆز قاراشلىرى يېڭى، قايىل قىلىش كۈچى يۇقىرى، تەتقىقاتىنىڭ نوپۇزى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## 2. بۈگۈنكى زاماندىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى

50 ـ يىللاردىن تارتىپ تارىخىمىزدا، ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. خەلق كونا جەمئىيەتتىكى زۇلۇم ـ زورلۇقلاردىن، ئاچارچىلىق ـ نامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، يېڭىچە تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ئەمدىكى ھاياتتا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش ئاساسلىق مېلودىيىگە ئايلاندى. ئۆتكۈر ئەپەندى ئازادلىقتىن كېيىن يازغان «ۋىجدان دەۋىتى» ناملىق شېئىرىدا بۇنداق يېڭىچە ھايات، يېڭىچە كۈرەش ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك مىسرالارنى يازدى:

باھار يامغۇرى ياغدى، سۇلىرى تاشتى،
كۆڭۈل كىرلىرىنى يۇيايلى كەل ـ كەل.
يۇرۇپ پەرھاد بىلەن تاشلار كېسىپ بىز،
ۋەتەننىڭ شەنىگە تىكلەيلى ھەيكەل.

شائىر بۇ شېئىرىدا يەنە «ئاقارت ئىجاد بىلەن ئەمدى كىرلارنى»، «ئەقىلدىن ئاجرىغان بىھۇدە ئويلارنى، / قىزىل يالقۇن ئوتى كۆيدۈرسۇن ئەمدى» دېگەن مىسرالارنى يېزىپ، ئۇزاق زارىقىپ ئاخىر ئېرىشكەن بۇ يېڭى دەۋراندا مېھنەت بىلەن، ئىجاد بىلەن ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، خىزمەت قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ شېئىرىدا ئىلگىرى سۈرگەن پىكىر، جۇملىدىن بىلدۈرگەن ئىرادە ئۆتكەنكى زۇلمەتلىك دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن ئەشۇ بىر ئەۋلادنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن ئىپادىلىنىشى بولغانىدى.

60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مەملىكىتىمىز خەلقىگە نۇرغۇن پاراكەندىچىلىك، بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. بۇ ھەرىكەت ئۆزىنىڭ شىددەتلىك شاۋقۇنى بىلەن جەمئىيەتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ تېخى ئەمدىلا تىن باشلىنىۋاتقان يېڭى تەرتىپىنى بۇزدى، ئادەمىيلىكنى يوقاتتى، قىممەت ئۆلچىمىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى، كاللىسى قىزىشىپ كەتكەن «ئىنقىلابچىلار» نىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ ھېچبىر قىممىتى بولمىدى، ھەممە يەرنى قارىغۇلارچە ساراڭلارچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇر ـ چاقلار، ۋەيران قىلىشلار، زىيانكەشلىكلەر قاپلاپ كەتتى. بۇ يىللاردا ئاشۇنداق پاراكەندىچىلىكلەر، زىيانكەشلىكلەر تۈپەيلىدىن

ئۆتكۈر ئەپەندىگە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قەلىمىنى تاشلىماي، «توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا»، «كۆز كېچىسى» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئەشۇ يىللاردىكى هايات كۆرۈنۈشلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىزتىراپلىق هېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. ئۇ مۇشۇ يىللاردا يازغان «يانغۇسى تاڭ مەشئىلى»، «ئەسسە گۈل باغدىن سابا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا، «بولما مىسكىن نا ئۈمىد، تۈنمۇ تۈگەيدۇ بىر كۈنى، /يانغۇسى تاڭ مەشئىلى زۇلمەتكە ئوتلار ياققىلى» «ئۆزمىدى ئۈمىدنى لېكىن بۇ سۇنۇق مىسكىن كۆڭۈل، /كەلگۈسى ياردىن خەۋەر دەپ، ئەسسە گۈل باغدىن سابا» دەپ يېزىپ، پاراكەندىچىلىكنىڭ ئاخىرلىشىپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن.

«ئىز» ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان، شۇنداقلا پۈتۈن ئىجادىيىتىدىمۇ ناهايىتى مۇهىم ئورۇندا تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىدىن بىرى. بۇ شېئىر ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ناهايىتى چوڭ ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ئىپادىلىگەن يۈكسەك هېسسىياتى ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى، شۇنداقلا ئۆتكۈر ئەپەندىگىمۇ ناهايىتى چوڭ شۆھرەت ئېلىپ كەلدى. بۇ شېئىرنىڭ مەنا قاتلىمى چوڭقۇر بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق، ئەمما جەڭگىۋار كۈرەش تارىخى ئوبرازلىق، جانلىق هالدا شېئىرلاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ شېئىر كەلگۈسىدە يېزىلماقچى بولغان «ئىز» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە 1971 ـ يىلى يېزىلغان، گەرچە بۇ شېئىرنىڭ هەجمى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا قۇمۇل دېهقانلار ئىنقىلابىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى، ئىنقىلابچىلارنىڭ جەڭگىۋار روهى، شۇنداقلا رومانىنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەن. بۇ جەھەتتىن مەزكۇر شېئىرنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يارقىن نەمۇنىسى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ.

«ئىز» شېئىرى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تارىخقا تۇنجى قېتىم ئەدەبىي جەھەتتىن يانداشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ ياندىشىش ناهايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. شائىر بۇ شېئىردا تارىخنى، رېئاللىقنى ۋە كەلگۈسىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ يازغان. شۇڭا، شېئىرنىڭ هەر بىر مىسرا، هەر بىر كۇپلېتىنىڭ ئاستىغا ناهايىتى مول مەزمۇنلار يوشۇرۇنغان. شېئىرنىڭ بېشىدىكى:

> ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
> ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئاينا نەۋرىمىز.
>
> ئاز ئىدۇق مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
> ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.

دېگەن مىسرالاردا بىر تەرەپتىن ئىنقىلاب باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەر بىلەن كېيىنكى يىللار سېلىشتۇرما قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىنقىلابنىڭ خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى، شۇڭا خەلقنىڭ ئىنقىلابنى قوللىغانلىقى، ئىنقىلابنىڭ خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت پۇختا ئاساسقا، هاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاهى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى - نى ئارسلانلار دەشتى چۆلدە قەبرىسىز.

دېگەن مىسرالاردا كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان قانلىق جەڭلەر، جەڭچىلىرىمىزنىڭ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىپ قۇربان بولۇپ، دەشت - چۆللەردە قەبرىسىز قالغانلىقى يېزىلغان. بۇ يەردە شۇنى ئالاهىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، شائىر يۈكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نەچچە ئون يىل ئېلىپ بېرىلغان، نۇرغۇن قانلار تۆكۈلگەن، ئاز بولمىغان قۇربانلار بېرىلگەن شىددەتلىك ئۇرۇش مەنزىرىسىنى پەقەت مانا مۇشۇ ئىككى مىسرا ئارقىلىقلا ناهايىتى جانلىق، ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ مىسرالارنى ئوقۇغان هەر قانداق بىر كىتابخان شۇنچە چوڭ مەزمۇن، شۇنچە كەڭ كۆرۈنۈشلەرنى شۇنداق ئىخچام ئىپادىلىگەن شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماهارىتىگە ئىختىيارسىز قايىل بولماي تۇرالمايدۇ.

قەبرىسىز قالدى دېمەڭ، يۈلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل - چېچەككە پۈركىنۇر تاڭنا باهاردا قەبرىمىز.

قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى يىراقتا هەممىسى،
چىقسا بوران كۆچسە قۇملار هەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.

توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى هېچ بولمىسا، بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز يا ئەۋرىمىز.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ئاشۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈرەشلىرى گەرچە بەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار ئىزلارنى ئەۋلادلارنىڭ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدى ئىپادىلەنگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنقىلابنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقى، ياكى مەقسەتكە يەتمىگۈچە ئۇنى ئەۋلادلارنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ بارىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىك كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ ئالاهىدە خاراكتېرلىك بىر تەرىپى شۇكى، كۆپلىگەن شېئىرلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشتىكى مەزمۇنىنىڭ ئاستىغا يەنە ھاياتلىق پەلسەپىسىگە يېقىنلىشىپ كېتىدىغان ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان. بۇ شېئىردىمۇ شۇنداق ئالاھىدىلىك بار. شائىر ھاياتلىقنى سەپىرى مۇشەققەتلىك بىر كارۋانغا ئوخشىتىپ، بەخت ـ سائادەتنىڭ جاپالىق كۈرەشلەر بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى، ھاياتقا، كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز ئۈمىدۋارلىقىنى، ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشلەرنىڭ نەۋرىلەر، چەۋرىلەر، ئەۋرىلەر ئارقىلىق مەڭگۈ داۋاملىشىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۈمىدۋارلىقنى ئىپادىلىگەن.

بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، ئالدى بىلەن بۇ شېئىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كلاسسىك ھەم يېقىشلىق شەكلى بولغان غەزەل شەكلىدە يېزىلغان، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلار ئوبرازلىق، جانلىق، ھېسسىياتلىق تىل، تولۇق قاپىيىلىك مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ ھال شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، جەلپكارلىقىنى كۈچەيتكەن. شېئىردا ئىنقىلاب قوشۇنىنى، ھاياتلىقنى كارۋانغا ئوخشىتىشتەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك قوللىنىلغان. شېئىرغا ماۋزۇ قىلىپ قويۇلغان «ئىز»مۇ بىر بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە مەزمۇن ئىپادىلەپ، شېئىرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئومۇمەن، «ئىز» شېئىرى مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ گۈلتاجىسىغا ئايلانغان.

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ جۇڭگو جەمئىيىتى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى، زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئاساسىي روھ قىلىنغان بۇ يېڭى دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئۆتكۈر ئەپەندىمۇ قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ۋەتەننىڭ يېڭى باھارىغا تەنتەنە قىلدى ۋە ۋەتەن ـ خەلقنى كۈيلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يېڭى دەۋردىكى ئىجادىيىتىنى باشلىدى:

ئەي سازىم سازلان بۈگۈن، سازلان يەنە سەن ياخشىراق،
تۇغسا چولپان، كۈلسە گۈلشەن، مەن نىچۈن ئېيتماي قوشاق.

ئەي سازىم ئەۋجىڭ بىلەن ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى،
ئەمدى تەگمەس ئەل كۈيىنى كۈيلىسەڭ باشقا تاياق.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىجادىيىتىدە «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق شېئىرى بىلەن «مەن ئاق بايراق ئەمەس» ناملىق شېئىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق شېئىرىدا شائىر ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن يەكۈنلەپ، شۇ جەرياندا ھېس قىلغان ھايات ھەقىقەتلىرىنى

دانىشمەنلەرگە خاس شېئىرىي نۇتۇق، ھەقىقىي شائىرلارغا خاس پاساھەت بىلەن ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەپ، ئۆز قەلبى ۋە ھېسسىياتىنى خەلققە سەممىيلىك بىلەن تاپشۇرغان. شۇڭا، شائىرنىڭ ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرى بۇ شېئىردا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

«ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» شائىرنىڭ ئۆمۈرنىڭ مەنىسى، قىممىتى ھەققىدىكى ئۇزاق مەزگىللىك ئىزدىنىشىنىڭ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا خۇلاسىلەپ چىققان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ شېئىر ئاساسەن دېگۈدەك ھايات ھېكمەتلىرى، پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن تولغان. ئۆتكۈر ئەپەندى پۈتۈن ئىجادىيىتىنى ۋەتەن ـ خەلقنى كۈيلەشكە، خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىق ـ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىشقا بېغىشلىغان، خەلقچىللىق روھى كۈچلۈك شائىر. ئۇ، دۇنيانىڭ پەقەت خەلق بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ، گۈللىنىپ بارىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا، شائىر پۈتۈن ئىجادىيىتىنى خەلقنى كۈيلەشكە، خەلقنى ئۇلۇغلاشقا، خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى يېزىشقا بېغىشلىغان. شۇ سەۋەبتىن خەلقنى ئۇلۇغلاش ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ، جۈملىدىن بۇ شېئىرنىڭ باش تېمىسىغا ئايلانغان. بۇ باش تېمىنى شائىر شېئىردا مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن:

جاھان باقىي ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر بۇنىڭغا ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان،
كېلىپ كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھېساب كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەتلا خەلق سۈرەر دەۋران،
ئۆمۈر مەنزىلىدىن تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

بۇ، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» تىكى، شۇنداقلا شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئېسىل مىسرالارنىڭ بىرى، شۇنداقلا يەنە شائىرنىڭ ئىدىيىسىنى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بېرىدىغان كۇپلېتلارنىڭ بىرى. شۇڭلاشقىمۇ شائىر بۇ كۇپلېتنى «ئۆمۈر مەنزىللىرى»ناملىق توپلىمىغا ئېپىگراف قىلىپ ئالغان. بۇ پارچىدىكى پىكىر ناھايىتى ئېنىق: دۇنيادا ھەممىلا نەرسە مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، ئادەملەرمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالىتى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ، دۇنيادا ناھايىتى ئۇلۇغ ئۆتكەنلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەمما پەقەت بىرلا نەرسە مەڭگۈ ياشايدۇ، مەڭگۈ دەۋران سۈرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ — خەلق. شائىر بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بولغاچقا، ئىجادىيىتىنى خەلققە بېغىشلاپ، خەلق ئۈچۈن يېزىپ، خەلقىمىزنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

شائىر ئۆمۈر مەنزىللىرىدىن يەنە، «ھايات دېمەك — كۈرەش دېمەكتۇر» دېگەن ھەقىقەتنىمۇ يەكۈنلەپ چىققان ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى www.uyghurkitap.com

خىيالىم دېڭىزى تىنماي، تېشىپ مىڭ چايقىلىپ قايناق،
كېچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تۇنگىچە ئويغاق،
چىقاردىم بىر يەكۇن ئاخىر ئۆمۈر مەنزىلىدىن شۇنداق:
ئۆمۈردۇر بىر كۈرەش، ھەرگىز ئەمەس ئۇ بىزگە ئاۋۇنچاق،
يولاتما ئەي كۆڭۈل ئەمدى ئۆزۈڭگە زەررە غەپلەتنى.

ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىش — ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئاساسلىق پەلسەپە. بۇ پەلسەپە مەزكۇر شېئىرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە ئىزچىللىق شەكىللەندۇرگەن. شائىر شېئىرىدا ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ مەزمۇنى، مەقستى چوقۇم ئەلگە تۆھپە يارىتىش بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇنداق ھاياتنى ئاندىن مەنىلىك ھايات دەپ قارىغان. ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلالىغان، تۆھپە قوشالىغان كىشىلەرلا، «ھەر بىر جەڭگىۋار سەپتە ئۆلۈمنى شەرمەندە قىلىپ بارالايدۇ». بۇنداق بەختلىك ھايات ۋە شەرەپلىك ئۆلۈمگە شائىرنىڭمۇ ھەۋىسى كېلىپ: «نە يەڭلىغ بەخت ئىدى بىزگە، ئەگەر تاپساق شۇ پۇرسەتنى» دەپ خىتاب قىلىدۇ. بۇ خىتاب كىشىلەرنى ھاياتنى سۆيۈشكە، مېھنەت قىلىپ تۆھپە يارىتىشقا چاقىرىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندى «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق بۇ شېئىرىدا يەنە، ئادەم ئۆز قىممىتىنى ئۆزى يارىتىدۇ، ئۆز ئۆمرىگە ئۆزى مەنە بېرىدۇ، ئادەمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى، ئەمگىكى، خۇي ـ پەيلى قانداق بولسا ئۇنىڭ ئادەمىيلىك سۈپىتى، قەدىر ـ قىممىتىمۇ، ئۆمرىنىڭ مەنىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق يازغان:

يېتىپ كۈز سوغ شامال تەگكەچ، غازاڭ بولغان كەبى ياپراق،
ئۆمۈر مەنزىلىدە ئاخىر بولۇرمىز بىر دۆۋە تۇپراق،
بۇ تۇپراقتا ئۈنەر بەزەن تىكەن ياكى خۇنۇك قامغاق،
ئېچىلغاي بەزىدە گۈللەر، چېچىپ خۇش ئەترىنى ھەر ياق،
دېمەك، ھەر كىم بېرۇر شەخسەن ئۆمۈرگە ئۆزى قىممەتنى.

شائىر بۇ مىسرالاردىن كېيىن، كىتابخانلارغا ئادەم ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى، ھەقىقىي قىممىتىنى يارىتىش ئۈچۈن قانداق كۈرەش قىلىشى كېرەك، ئۆمۈر تۇپرىقىدا نېمە ئۆستۈرۈشى كېرەك، دېگەن سوئالنى قويىدۇ. شائىر بۇ سوئالغا جاۋابەن، ئۆمۈر قىسمىتى ۋە ھايات قىممىتىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ئادەمىيلىك خىسلەت، جاسارەت ۋە غايە بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، بىزگە مۇنداق ئىلھام بەخش ئېسىل مىسرالارنى تەقدىم قىلىپ، بىزنى ھاياتىمىزغا مول مەنە بېرىشكە، ھاياتىمىزنى قىممەتكە ئىگە قىلىشقا

چاقىرىدۇ:

. . . . . . . . .
نېمە تەرسە شۇنى ئالماق بولۇر ئۆز خۇي - پەيلىدىن،
. . . . . . . . .
ئۇرۇقنى تاللىماي چاچساڭ، تىكەن باسقاي زىرائەتنى.

«ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ تەربىيىۋى دىداكتىك قىممىتىمۇ يۇقىرى. شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى يېزىشتىكى بىر مەقسىتى ھايات ھەقىقەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بولسا، يەنە بىر مەقسىتى زاماندىشلارغا، ئەۋلادلارغا ئۆمۈر ھەقىقىتىدىن ئادەمنى ياخشىلىققا، ئادەمىيلىككە دالالەت قىلىدىغان ئىبرەتلىك، دىداكتىك مەنە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىش بولغان. بۇنداق مەقسەت پۈتۈن شېئىردا ئىزچىل دېگۈدەك ئىپادىلىنىپ بارىدۇ، شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا بولسا تېخىمۇ روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:

بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېگىزدىن تامچىدۇر، ئەمما،
نامايەندۇركى قۇياش ئەكسى بىر تامچە سۇدىمۇ ھەتتا،
مۇخەممەس ئەلگە يەتكۈزسە ئۆمۈر چىنلىقىدىن مەنە،
مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۇن، ئەمەسمەن ئۆزگىگە تەشنا،
كۆچەتنى تىككۈچى مەيلى كۆرەلمەي ئۆتسە راھەتنى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق بۇ شېئىر مەزمۇن جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى، پەلسەپىۋى پىكىرگە، ھېكمەتكە ھەم دىداكتىكىغا بايلىقى، قۇرۇلما جەھەتتىكى نەپىسلىكى، ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى، كەيپىياتىنىڭ جۇشقۇنلىقى، تىلىنىڭ تاۋلانغانلىقى بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر نامايەندە خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«مەن ئاق بايراق ئەمەس» ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان تەسىرى چوڭ، ئىدىيىسى ئىلغار، پىكرى يېڭى، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، شەكلى ئۆزگىچە بولغان شېئىرى بولۇپ، شائىر ئىجادىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ شېئىردا ناھايىتى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە، ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن، ئەزىز يۇرتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، ۋەتىنىنىڭ شان - شەرىپىنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش بۇرچى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

بۇ تۆت بۆلەكلىك شېئىر بولۇپ، شېئىرنىڭ 1 - بۆلىكىدە، «كۈمۈش كەبى يالتىراق، مەرۋايىتتەك پارقىراق»، «بېشى ئاسمانغا مەغرۇر تاقاشقان»، «مۇقەددەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىگانت، گۈزەل» خانتەڭرى چوققىسىنىڭ تەرىپى قىلىنغان، شائىر بۇ چوققىنى ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقى، تەڭداشسىزلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. شېئىرنىڭ 2 ـ بۆلىكىدە، كىملەرنىڭدۇر خانتەڭرىنىڭ ئاپئاق چوققىلىرىنى «يىراقتىن قارىماققا ئەل بولغان قوشۇن تۇتقان ئاق بايراق»قا ئوخشاتقانلىقى يېزىلغان. نەتىجىدە شائىر، شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ئىلگىرى سۈرگەن قارىشى بىلەن ئىككىنچى بۆلەكتىكى قاراشنى سېلىشتۇرما قىلىپ، قارىمۇ قارشى پىكىر ئارقىلىق كەسكىن دراماتىك كەيپىيات ۋە پىكىر قارىمۇ قارشىلىقى يارىتىپ، ئۈچىنچى بۆلەكتىكى پىكىر ئۈچۈن شارائىت هازىرلىغان. شېئىرنىڭ 3 ـ بۆلىكىدە خانتەڭرىنى سۆزلىتىپ، خان تەڭرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇزاق تارىخلارنى، شەرەپلىك ئەنئەنىلەرنى، غالىبلىق، مەردانىلىقلارنى ئىسپات كۆرسىتىپ، خانتەڭرىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ مۇقەددەس زېمىن ۋە ئۇنىڭ باتۇر خەلقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەبەدىلئەبەد غالىب، مەردانە قىياپەتتە تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى يازغان. شېئىرنىڭ تۆتىنچى بۆلىكى يەنىلا خانتەڭرىنىڭ خىتابى بولۇپ، بۇ بۆلەك مۇنداق يېزىلغان:

دېمەك، تا ئالىمساقتىن ـ
بېرى بارمەن ئۇزاقتىن.
شۇڭا بېشىم ئاقارغان، ھەتتا كىيگەن تونۇم ئاق،
لېكىن ئۆزۈم ئەمەسمەن، سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق.

بۇ ھۆر زېمىن ۋەتىنىم،
ئاڭا باغلىق جان ـ تېنىم،
چاچ ـ ساقالنىڭ ئاقلىقى — تارىخ قەسرىنىڭ ئۇلى،
كۆككە تاقاشقان بېشىم شۇ ۋەتەننىڭ سىمۋولى.

قارا بۇلۇت تۇسسىمۇ،
چاقماق كېلىپ سوقسىمۇ،
ئېگىلمەستىن بۇ بېشىم مەغرۇر تۇردى ھەممە ۋاق،
قانداق قىلىپ مەن ئەمدى بولۇپ قالاي ئاق بايراق! ؟

قەلبىم قىزىل چوغ تۇرۇپ،
قىزىل تۇغنى كۆتۈرۈپ ـ
كېتىۋاتسام مەردانە، ناخشام غالىب ياڭرىغاق،
قايسى يۈزىڭىز بىلەن دەيسىز مېنى ئاق بايراق.

بۇ مىسرالاردا ئىپادىلەنگىنىدەك، شائىر بۇ شېئىرىدا خانتەڭرىنى بەدىئىي ئوبراز قىلىپ تۇرۇپ، يۇكسەك دىرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ۋە ۋەتەن سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ۋەتەننىڭ شان ـ شەرىپى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەتئىي كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن؛ قىزىل نۇرغا پۈركەلگەن، قىزىل تۇغنى كۆتۈرگەن ۋەتەن خەلقىنىڭ غالىبلارچە ئالغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئۆتكۈر ئەپەندى مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، مىللەتنى روناق تاپتۇرۇش، گۈللەندۈرۈشنى ئەڭ دەسلەپ تەشەببۇس قىلغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇ 1983 ـ يىلى يازغان «تۇۋا دەيمەن، تۇۋا» ناملىق شېئىرىدا دەۋرىمىز كىشىلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە مەلۇم دەرىجىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىغا يامراۋاتقان پوچىلىق، چېقىمچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، يۇرتۋازلىق، مەنمەنچىلىك. . . كە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان.

شائىر بىر جامائەت ئەربابىغا، ھەقىقىي بىر شائىرغا خاس ئالدىن كۆرەرلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يۇرتۋازلىققا ئوخشاش مانا مۇشۇنداق ئىللەتلەرى قاتتىق تەنقىدلىگەن، شائىر قوللانغان تىلنىڭ ۋەزنىدىنلا بىز شائىرنىڭ بۇ ئىللەتلەرگە قانچىلىك نەپرەتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئىپادىلەپ، مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، شۇ مەقسەتتىن چىقىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان مەنىۋى ئىللەتلەرنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى بۇ ھەقتە ئويلىنىش ۋە بۇ ئىللەتلەرنى تۈگىتىشكە دەۋەت قىلىپ يازغان بىر پارچە ياخشى شېئىرى بولۇپ، بۇ شېئىرنىڭ تەسىرى ۋە تۇرتكىسى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا شۇندىن باشلاپ مىللەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىش، ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى كۆرسىتىپ تەنقىدلەش، شۇ ئارقىلىق ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ مىللەتنى روناق تاپتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش بىر خىل خاھىشقا ئايلاندى.

ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە روشەن ئىپادىلىنىدۇ:

1. ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىدا بىر قانچە ئاساسلىق باش تېما بار. ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، ئادەمىيلىكتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىلار ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تېما ئىزچىللىقى شەكىللەندۇردى ۋە ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلدى. ئۆتكۈر ئەپەندى مەيلى قىسقا شېئىرلىرىدا بولسۇن، مەيلى داستان ـ باللادىلىرىدا بولسۇن ئاساسەن مۇشۇ تېمىلارنى كۆپرەك يازدى. بۇ تېمىلار ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلار شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساسقا، يۇقىرى ئىدىيىۋى قىممەتكە ئىگە قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىدا ھايات ھېكمەتلىرىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندى دەسلەپكى شېئىرلىرىدا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، ئىجادىيەتتە پىشىشقا ئەگىشىپ، شېئىرلىرىدا ھايات ھېكمەتلىرىنى، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى، ئەخلاقىي دىداكتىكىلارنى ئىپادىلەشكە يۈزلەندى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ جەھەتتە گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ھاياتلىق ھېكمەتلىرىنى ئىپادىلەش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. ئۆتكۈر ئەپەندى بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەجرىبىلىرى، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا ھاياتلىق ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ جەھەتتە خۇلاسىلەپ چىققان ئۆمۈر ھەقىقەتلىرى، ھاياتلىق پەلسەپىسى، ئەخلاقىي دىداكتىكىلار ئارقىلىق زاماندىشلارغا ھاياتلىق ھەقىقىتىنى تونۇتۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئادەمىيلىككە، ئۇلۇغلۇققا دەۋەت قىلىدۇ.

3. ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ ئوبرازچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرىي پىكىرنى شېئىرىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشنى بىر خىل ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى قىلغان. ئۇ ھەر قانداق بىر پارچە شېئىرىدا ئېيتماقچى بولغان مەزمۇننى، گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان پىكىرنى، ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېسسىياتنى ھەرگىزمۇ بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. شېئىرىي ئوبراز ئۇنىڭ پىكىر قىلىشتىكى، شېئىر يېزىشتىكى بىر خىل ئاساسلىق ۋاسىتىسى.

4. ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيەتكە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىلھامى ۋە تەسىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن. بۇنداق تەسىر ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يېزىلغان «تەلكە ھەققىدە قوشاق»، «بۆشۈك ئەللىيى»، «كۈچا يولىدا بىر تۈن»، «يۈرتۈم قالدى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ شېئىرلار خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاممىبابلىق، ئاھاڭدارلىق، قۇرۇلمىسىدىكى مۇكەممەللىك، ئوبرازلىرىدىكى جانلىقلىق، تىلىدىكى پاساھەت. . . كە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىدا خېلى كەڭ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا خەلق ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن خەلقنىڭ بەدىئىي تىلىغا مەنسۇپ بولغان تىل تەركىبلىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىدىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندى كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا «سۇمبۇل چاچلىق، قەلەم قاشلىق»، «تىلى ياغلىق، دىلى داغلىق»، «مۇڭ دېسە مۇڭدىن كېلۇر»، «كەلمىگەي ھېچكىم بېشىغا ماڭا كەلگەن كەلگۈلۈك»، «مىڭ جېنىم بولسۇن تەسەددۇق»، «كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ سەن»، «تالى مەجنۇندەك ئۆزۈڭگە» . . . دېگەنگە ئوخشاش خەلق ئەدەبىياتىدا ئومۇمىيۈزلۈك

قوللىنىلىدىغان ئىپادىلىك تىل تەركىبلىرىنى كۆپ قوللانغان. بۇنداق تىل تەركىبلىرى بىر تەرەپتىن شېئىرىي پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىرنى ئاممىباب‌لاشتۇرۇپ، ئۇنى خەلققە يېقىنلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى يەنە ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى شېئىر مىسرالىرىغا تىزىپ، بۇ ئارقىلىق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندى خېلى كۆپ شېئىرلىرىدا پىكىرنى ماقال - تەمسىللەر بىلەن ئىپادىلەپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن.

## 3. «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» داستانى

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى، جۈملىدىن يېڭى دەۋردىكى ئىجادىيىتىدە «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستانى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ داستان ۋەقەلىكىنىڭ جانلىقلىقى ۋە كۈچلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئوبرازلىرىنىڭ يارقىنلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. داستاندا مۇنداق بىر ۋەقەلىك يېزىلغان:

تەكلىماكان ئەتراپلىرىدا شەھرى قەمەر دەيدىغان بىر ئەل بار ئىكەن. بۇ ئەلدە ياشايدىغان نامرات تۇل ئانىنىڭ يېتىم ئوغلى ئوۋغا چىققان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ قىزىنى بىر كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئاشىقلىق سەۋداسى قىزنىڭ قولىقىغا يەتكەندىن كېيىن ئوغۇلغا تويلۇق ئۈچۈن ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىش شەرتىنى قويۇپتۇ. بۇ شەرتنى ئاڭلىغان ئانا،

جان بالام، غەم يېمىگىن، — دەپتۇ ئانا، -
سەن ئۈچۈن ھەممە نېمەم تەييار مانا.
گەر مۇرادىڭ مەن بىلەن ھەل بولسا، تا -
بۇ مېنىڭ ئىسسىق جېنىم بولسۇن پىدا.
بىر ئەمەس، مىڭ بىر يۈرەك بولسا بېرەي،
ئال بالام تەسەددۇقۇڭ مەن بولاي!

دەپتۇ. ئەقلىدىن ئازغان ئوغۇل پىچاق كۆتۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. شۇ چاغدا يەر سىلكىنىپ، بوران چىقىپ، چاقماق چېقىپ كېتىپتۇ، ئەمما ئوغۇل پەيلىدىن يانماي، ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئوردىغا قاراپ يۈگۈرەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇم چۈشۈپتۇ پۇتلىشىپ يولدا بىراق،
ھەم يۈرەك ئىرغىپ چۈشۈپتۇ نېرىراق.
شۇندا چوغدەك قىزىرىپ ھەم نۇر چېچىپ،
پارقىراپ تۇرغان يۈرەك ئېغىز ئېچىپ،
دەپتۇ: «جان بالام، جېنىم، ئالتۇن قوزام،
بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ جېنىم بالام؟»
بۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ئۇشبۇ سادا-
دىن، شۇئان تەسىرلىنىپ ھەتتا خۇدا،
ئانىلىق مېھرى ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ،
شۇم ئەجەلنىڭ نۆۋىتىنى رەت قىلىپ،
ئورنىغا سالغاچ يۈرەكنى قايتىدىن،
ھەم ئانا دەرھال تۇرۇپتۇ جايىدىن.

ئوغۇل ھەق قەھرىدىن قورقۇپ باشقا بىر ئەلگە كېتىپتۇ. ئانا ئۇنى قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ زادىلا تاپالماپتۇ. يات ئەلنىڭ پادىشاھى ھەم ھېلىقى شاھ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتكەندە تەلىپى رەت قىلىنغاچقا ، شەھىرى قەمەرنى قوراللىق بېسىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق قىزغا ئېرىشىش نىيىتىدە بولسىمۇ، يول باشلاپ ماڭىدىغان ئادەم بولمىغاچقا مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي يۈرگەن ئىكەن. يات ئەل پادىشاھى قاتىل ئوغۇلنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ باتۇر، ئەمما نادانلىقىنى يارىتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغۇلغا شاھ قىزنى بېرىشكە يالغاندىن ۋەدە قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئېلىگە قارشى قوشۇنىنىڭ يول باشلىغۇچىسى قىپتۇ. ئوغۇل دۈشمەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۆز يۇرتىغا بېسىپ كەپتۇ، ئوغۇل باش بولغاچقا شەھرى قەمەر خەلقى دۈشمەن قوشۇنلىرىنى يېڭەلمەپتۇ. شۇ چاغدا ئانا ئوغلى ئۈچۈن نومۇس قىلىپ، مۇنداق نالە قىپتۇ:

ۋاي ئېسىت، نېمە دەپ سېنى تۇغقاندىمەن؟!،
نېمە دەپ ئاق سۈت بېرىپ باققاندىمەن؟!
شۇمىدى سەندىن يېتەر ئەلگە ۋاپا،
بالا ئەمەس بولدۇڭغۇ يۇرتقا بىر بالا.
........

ئوغۇل ئانىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا قۇچاق ئېچىپ كەپتۇ، ئەمما ئانا تاشتەك تۇرۇۋېپتۇ. ئانىنىڭ نەزەرى نەيزىگە ئوخشاش ئۇنى تىزلاندۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا پۈتۈن يەر - جاھان جىمىپ كېتىپتۇ.

شۇ سۈكۈنات ئىچرە بۇ قەيسەر ئانا،

بۆرچىنى نومۇس بىلەن ئەيلەپ ئادا،
تىغ ئۇرۇپتۇ ياۋغا قايناپ غەزىپى،
دۇم چۈشۈپتۇ شۇ دەۋر ئۇ لەنتى.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىش بوپتۇ تامام،
ياش تۆكۈپتۇ ئانا ھەم تارام ـ تارام.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ پۈتۈن خەلق دۈشمەنگە قارشى يېڭىباشتىن جەڭگە ئاتلىنىپتۇ، دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپتۇ. . .

بۇ داستاندا ئادەم قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئىككى مۇھىم تەپسىلات بار، ئۇنىڭ بىرى، ئوغۇلنىڭ ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشى، يەنە بىرى، ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشى. شائىر مانا مۇشۇ ئىككى ئۆلۈم ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئادەمىيلىك خىسلەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھەم ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان. شائىرنىڭ ئالدى بىلەن گەۋدىلەندۈرگىنى ئادەمىيلىك خىسلەت بولۇپ، بۇ مەركىزىي ئىدىيىنى شائىر، پادىشاھ قىزىنىڭ ۋىسالى ئۈچۈن ئوغۇلنىڭ ئۆز ئانىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىدەك نەپرەتلىك قىلمىشى ئاساسىدا كۆرسىتىپ بەرگەن، بۇ ئارقىلىق شائىر ئەقىلسىزلىق، نادانلىق، كۆيۈمسىزلىك، رەھىمسىزلىككە ئوخشاش ئىللەتلەرنى قاتتىق تەنقىدلەپ ، بۇنداق ئىللەتلەر ئادەمنىڭ ئادەمىيلىكىنى يوقىتىدۇ، ئادەمنى ئادەمىيلىك سۈپەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن. شائىر داستاننىڭ خاتىمىسىدە: «جان نېمە، جانان نېمە، ۋەتەن نېمە؟/ھەر كىشىنى ئادىمى ئەتكەن نېمە؟/يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ،/گۆش ـ تېرە، سۆڭەك بىلەن بۇ تەن نېمە؟» دېگەن مىسرالارنى يېزىپ، ئادەمنىڭ جىسمى بولسىلا ئادەم بولمايدۇ، ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان خىسلەتلەرنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. داستاندا يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەن ئۇلۇغلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئۆز ئوغلى ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ، يۈرىكىنى بېرىشكە رازى بولغان مېھرىبان ئانا جاندىن ئەزىز ئوغلىنى نېمە ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى؟ ئانا ئوغلىنىڭ ھەر قانداق ئېغىر گۇناھلىرىنى، ھايۋاندىن بەتتەر رەھىمسىزلىكىنى كەچۈرەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ئېلىگە ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن قوشۇنىغا يول باشلاپ كېلىشتەك ۋەتەن ساتقۇچلۇقىنى زادى كەچۈرەلمىدى، ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ۋەتەندىن ئۇلۇغ، ۋەتەندىن مۇقەددەس نەرسە يوق، ۋەتەن دۈشمەنلىرى ئۈچۈن بىردىنبىر جازا پەقەت ۋە پەقەت ئۆلۈم. ئۆتكۈر ئەپەندى پۈتۈن ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تېما بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى بۇ داستاندا مانا مۇشۇنداق ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 3 § . ئەھمەد زىيائى

ئەھمەد زىيائى (1913 — 1989) مۇشۇ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق ئەدىبلىرىمىزدىن بىرى، شۇنداقلا جامائەت ئېتىراپ قىلغان تىل ۋە ئەدەبىيات ئالىمى. ئۇ ئۆمۈر مۇساپىسىدە ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئوخشىمىغان قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ھەقىقىي بىر شائىرغا خاس ئىجادكارلىقى، ھەقىقىي بىر ئالىمغا خاس ئىجتىھائى بىلەن ئىشلەپ، قىممەتلىك ئەدەبىي ۋە ئىلمىي مىراسلارنى خەلقىمىزگە يادىكار قىلىپ قالدۇرۇپ كەتتى. ئەھمەد زىيائى گەرچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر قانچە تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىجادىيىتىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر دەۋرى، بولۇپمۇ يېڭى دەۋر باسقۇچى ئىلگىرىكى ئىجادىيەت باسقۇچلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ھوسۇللۇق، نەتىجىلىك بولدى. ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچە بىر ئىجادىيلىقنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى يۇسۇپ ۋە مەھمۇد» داستانى، بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر لىرىكىلىرى، كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلىرى مۇشۇ باسقۇچتا يېزىلدى.

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئەھمەد زىيائى 1913 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شۇ يىللاردا كەم تېپىلىدىغان ياخشى ئىلىم مۇھىتىدا، دادىسىنىڭ قاتتىق تەلىپى ۋە ئەتراپلىق تەربىيىسى ئاستىدا بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزگەن ئەھمەد زىيائى تېخى كىچىك تۇرۇپلا ئەدەبىيات ئىلمى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە خېلى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان. ئۇ تەخمىنەن 10 ياشلارغا كىرگەندە شېئىر يېزىشقا باشلىغان. 1928 ـ يىلى «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننى يازغان ۋە «زىيائى» تەخەللۇسىنى قوللانغان. ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى بۇ داستاننىڭ يازما نۇسخىسى كىشىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ياخشى باھالارغا ئېرىشكەن ھەم ئۇنىڭ نامىنى چىقارغانىدى. ئەھمەد زىيائى دەسلەپكى شېئىرلىرىنى يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىدىمۇ يازغان.

ئەھمەد زىيائى 1935 ـ يىلى قەشقەردە مەرىپەتپەرۋەر شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى باش مۇھەررىرلىكىدە چىقىۋاتقان «يېڭى ھايات گېزىتى»گە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ھەم مۇشۇ يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا شېئىر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئەمما ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئەشۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. 1937 ـ يىلى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەھمەد زىيائى تاكى 1943 ـ يىلغىچە مەزكۇر گېزىتنىڭ باش

مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىڭ شىسەي ئەھمەد زىيائىينى بۆيرۇق بىلەن ئۈرۈمچىگە نەزەربەند ھېسابىدا ئېلىپ كەتكەن. دەسلەپكى بىر مەزگىلدە ئەھمەد زىيائى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغان. 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىققان. شائىر شۇ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، سودا كارۋىنى تەشكىللەپ لاداخقا بېرىپ سودا قىلغان. 1947 ـ يىلدىن باشلاپ نامى ئۆزگەرتىلگەن «يېڭى ھايات گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە بۇ ئىشنى ئازادلىققا قەدەر داۋاملاشتۇرغان. 1948 ـ يىلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە نەنجىڭگە بېرىپ، شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان.

40 ـ يىللاردا ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر ـ شەكىللىرىدە دېگۈدەك ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنى ژانىر ـ شەكىل جەھەتتىن بېيىتىشقا زور ھەسسىلەرنى قوشتى. 40 ـ يىللاردا ئۇ «يۇرت ـ ئەل ئۈچۈن»، «ئاختۇرۇپ يۈردۈم مەھبۇبىنى»، «ھەيرەت ئىچىدە»، «قېنى تاڭنىڭ نەسىمى»، «جاھان لەنگەر»، «گۈل تولا گۈللۈكتە ئەمما»، «كۆرەشچان بولمىغۇنچە...» قاتارلىق لىرىكىلارنى؛ «تۇرمۇش سازىنىڭ بۇزۇق پەردىسى»، «پىداكارلىق مېدالى» قاتارلىق داستانلارنى؛ «قارا كۈنلەر، نۇرلۇق ھايات»، «ۋاڭ جىڭۋېي»، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق دراما ـ ئوپېرالارنى؛ «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق پوبلىستىك ئەسەرنى، «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» قاتارلىق ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. 1947 ـ يىلى ئۇنىڭ «توزىماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق پوبلىستىك ئەسىرى ۋە «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەت خاتىرىسى ئايرىم ـ ئايرىم كىتاب بولۇپ بېسىلدى. بۇ كىتابلارنىڭ نەشردىن چىقىشى شۇ چاغلاردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ساھەسى ئۈچۈن چوڭ بىر ۋەقە بولغانىدى.

1949 ـ يىلىدىن كېيىن ئەھمەد زىيائى ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرى باشلانغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ قەشقەردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى شاھانە ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەشكە ئوخشاش ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. 1957 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بېرىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 50 ـ يىللاردا ئۇ ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش، ئۇلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا قاراتقان بولۇپ، ئىجادىيەتتە ئۇنچە چوڭ ھوسۇل ئالالمىغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى تارتىپ،

ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنالمىغان.

ئەھمەد زىيائى 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەكلىپ قىلىنىپ ئاكادېمىيىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلدى. شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتى يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ يىللاردا ئۇ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، ئاجايىپ شىجائەت بىلەن ئىشلەپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتە كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ـ ئىدىيىسى تارىخىدىكى شاھانە ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشتەك زور ئىلمىي ئەمگەككە قاتناشتى. بۇ ئەسەر ھەققىدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قورغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانىنى ۋە بىر مۇنچە ياخشى لىرىكىلارنى يازدى. شۇنداقلا يەنە پروزا ئىجادىيىتى بويىچىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ، ئاپتوبىئوگرافىك رومانى «تۆت ئۆلۈپ، بەشىنچى قېتىم تىرىلگەن ئادەم» نى يېزىشقا كىرىشتى. ئەمما، سالامەتلىكى بۇ ئەسەرنى يېزىپ تاماملاشقا يار بەرمىدى. ئەھمەد زىيائى 1989 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 74 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەھمەد زىيائىنىڭ ھەر قايسى ئەدەبىيات دەۋرلىرىدىكى ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان ئىجادىيەتتىن ئىبارەت. ئۇ «توزىماس چېچەكلەر» توپلىمىدىكى شېئىرلىرى ئارقىلىق 40 ـ يىللاردىلا داڭ چىقارغان ۋە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى. ئۇ بۈگۈنكى دەۋر باسقۇچىدىمۇ يەنىلا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئەھمەد زىيائى 50 ـ، 60 ـ يىللاردا «سايرا»، «نەي ساداسى»، «كۆڭلۈمگە خىتاب» قاتارلىق بىر قانچە شېئىر يازدى، 70 ـ يىللاردا ئاساسەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالمىدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە «كۆرۈپ ئىلمىي چېچەكلەرنى»، «بۇلبۇلغا خىتاب»، «ئارزۇ» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن چەكسىز مۇمكىنچىلىكلەر يارىتىلغان يېڭى دەۋردىن سۆيۈنۈشىنى، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ۋەتەننى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن بولسا، «ۋەتەن تەن ئېرور، ئىتتىپاقلىق جېنى»، «ۋەتەن گۈلزارى ياشنايدۇ» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى كۈيلىگەن. مۇشۇ يىللاردا شائىر يەنە «سېلىپ مېھرىڭنى كۆڭلۈمگە»، «قىز كۆڭلىنى باستى غەم»، «چىن مۇھەببەت بولسىلا»، «كۆڭۈل گەر رەنجىسە» قاتارلىق مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلەشتىكى ئالاھىدە ماھارىتىنى ۋە كلاسسىك شەكىللەردە شېئىر يېزىشتىكى ئۆزگىچە ئۇستىلىقىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭ «قىز كۆڭلىنى باستى غەم» ناملىق لىرىكىسى

بۇ جەھەتتىكى ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ۋە تەرپىلىشىگە سازاۋەر بولغان:

گۈزەل قىز كۆڭلىنى باستى ئۆزى بىلمەيدىغان بىر غەم،
ۋۇجۇدى گۈلشەنىنى چەيلىدى، قىلدى تامام بەرھەم.

ئېقىپ نەرگەس كۆزىدىن گۈل يۈزىگە قەترە ـ قەترە ياش،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئانداغكى قوندى دانەئى شەبنەم.

دىلىدا ئوت، كۆزىدە ياش ۋە لېكىن شۇ ئاجايىپكىم،
بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى ئارتتى قۇيۇلغانسېرى كۆزدىن نەم.

غىجەك ساچىغا ئوخشاش كۆڭلىگە مىڭ ـ مىڭ تۈگۈن چۈشتى،
قەيەردە بىر تىبىبكىم قىلسا ئىشقىڭ دەردىگە مەرھەم.

بولۇر ھەر دەردكە بىر دارى ۋە لېكىن سۆيگۈ دەردىگە،
ۋىسالىدىن باشقا بىر ئەمچى قىلالمايدۇ ئۇنىڭغا ئەم.

يېتەمدۇ يار ۋەسلىگە، كېتەمدۇ ياكى ئارماندا،
مۇھەببەت ئەھلىگە بۇ سىر، زىيائى بەك ئېرۇر موجەم.

بۇ بىر پارچە شېئىرنى بىز شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى يۇقىرى سەۋىيىسى، ھېسسىيات ئىپادىلەش، كەيپىيات يارىتىش جەھەتتىكى ماھارىتىنى ۋە يارانقان بەدىئىي پەللىسىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە مىسال ئالدۇق. بۇ شېئىردا شائىر ئىشقى ـ مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ كۆڭلى پاراكەندە بولغان بىر غەمكىن قىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى، كەيپىياتىنى، ھېسسىياتىنى ھەقىقىي شائىرغا خاس بەدىئىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئىنچىكە، نەپىس شۇنداقلا جانلىق ئىپادىلەپ، يۇقىرى بەدىئىي ئۇنۇم يارانقان.

ئەھمەد زىيائىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئەھمەد زىيائىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى «ئاز ھەم ساز» دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن. دەرۋەقە، ئۇنىڭ شېئىرلىرى سان جەھەتتىن كۆپ ئەمەس، ئىجادىيەت ھاياتىغا بۆلگەندە ھەتتا يىلىغا بىرەردىنمۇ توغرا كەلمەيدۇ، ئەمما، شېئىرلىرى مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن خېلى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولسىمۇ، ۋەتەن ـ خەلق، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىلىرى ئاساسلىق ئورۇندا

www.uyghurkitap.com

تۇردۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لىرىك شېئىرلار بولۇپ، ئۇلاردا شائىرنىڭ ھايات ھەققىدىكى ھېكمەتلىك، پەلسەپىۋى قاراشلىرى، ئەخلاقىي ـ دىداكتىك تەشەببۇسلىرى، ھەرخىل ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇ شېئىرلىرىدا مەدھىيە ـ قەسىدىلەرنى ئەمەس، بەلكى تەربىيە ـ چاقىرىقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان. ئۇ شېئىرنى كىشىلەرنى تەربىيىلەيدىغان، كىشىلەرگە بىلىم بېرىدىغان، كىشىلەرنى ئادەمىيلىككە يېتەكلەيدىغان ۋاستە، دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە دىداكتىك شېئىرلار پۈتۈن قىسقا شېئىرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى «نەي ساداسى» ناملىق شېئىردا گەۋدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر بۇ شېئىردا مۇنداق بىر قانچە مۇھىم دىداكتىك ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن:

شائىرنىڭ ئالدى بىلەن ئۇلۇغلىقىنى يەنىلا بىلىم، ئۇ كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇشقا چاقىرىدۇ:

دىدىكىم: ئى نادان! گەر ئىستىسەڭ ئۆمرۈڭگە بىر مەنا،
ۋۇجۇدۇڭنى مۇنەۋۋەر قىل پۈتۈنلەي ئىلمۇ ئىرپاندىن.
يېتەكلەيدۇ ھەققەت سەيرگاھىغا سېنى بۇ نۇر،
تاپالمايسەن بۇ نۇرنىڭ سىررىنى خۇرشىدى تاباندىن.

شائىر بىلىم بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھايات ئۈچۈن كۈرەشنى، غايە ئۈچۈن تىرىشىشنى ئۇلۇغلاپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ:

تىرىش، ئىشلە، يىقىلساڭمۇ قوپۇپ قايتا يولۇڭنى ماڭ،
كىشى ھەر نەرسىكىم تاپتى، ئۇنى تاپتى تىرىشقاندىن.
ئۇپۇققا ھال شەپەقتىن ھەر سەھەر شۇ خەت يېزىلغايكىم،
«ئەمەس ھېچنەرسە تاتلىقراق ئۆزى ئىشلەپ يېگەن ناندىن».

شائىرنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا ئىلگىرى سۈرگەن يەنە بىر ئىدىيىسى — ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت. شائىر ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ شەرەپلىك مۇھەببەت، دەپ سۈپەتلەيدۇ ھەم كىشىنىڭ بەختى، تەقدىرى ۋەتەن بىلەن باغلىق بولىدۇ، شۇڭا ھەر بىر ئادەم ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشى كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:

ۋەتەنپەرۋەر يىگىت بول، بولمىغىل ئەلدىن جۇدا ھەرگىز،

كۆيەر گۈل شاخى گۈلخانىدا كېسىلگەندە گۈلىستاندىن.
مۇھەببەت ـ چىن مۇھەببەت مانا شۇدۇر بىباھا گۆھەر،
ئەجەب راھەتلىنۇر جانلار قۇشى شۇ گۈلگە قونغاندىن.

دوستلۇق ئەھمەد زىيائى ئىزچىل كۆڭۈل بۆلگەن، كۆپ يازغان تېمىلارنىڭ بىرى. بۇ شېئىردىمۇ شائىر چىن ئىنسانىي دوستلۇقنى ئۇلۇغلايدۇ، ھەم دوستلۇق پەزىلىتى ھەققىدە مۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئۆزۈڭگە دوست توپلا، مۇمكىنقەدەر بولمىغىل دۈشمەن،
ۋاپادار دوست يىغىش ياخشى كۈمۈش ـ ئالتۇننى يىغقاندىن.
يېقىن دوستتىن كۆرۈلسە نامۇۋاپىق ئىش، كەچۈر ئانى،
ئەمەس ئەيىبلىك سۆزۈك سۇ، ئانچە ـ مۇنچە خەس ئېقىتقاندىن.

يۇقىرىقى پارچىلاردىن يالغۇز شائىرنىڭ دىداكتىك ئىدىيىسىنىلا ئەمەس، بەلكى شېئىرىيەت ماھىرلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەھمەد زىيائى گەرچە ھازىرقى ـ بۈگۈنكى دەۋر شائىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇلاردىن كلاسسىك شېئىرلار لەززىتىنى تېتىغىلى بولىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىنى ئاساسەن كلاسسىك شەكىللەردە يازغان بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ پاساھەتلىرىگە ئىگە قىلغان. شېئىرلاردا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارمۇ ئاساسەن شېئىرىيەت ئەنئەنىمىزدىكى ھېسسىي ئوبرازلاردىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ئىزچىللىقىنى ئۆگىنىش ـ تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەھمەد زىيائىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتىدە «رابىيە ـ سەئدىن» داستانى بىلەن «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» دەپ ئاتايمىز) داستانى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانى مەزمۇن جەھەتتە قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشاپ ئىجاد قىلغان دۇنياۋى مەشھۇر ئىككى ئالىمىمىزغا — يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىگە ۋە ئۇلار ياراتقان ئىككى ئىلمىي ئابىدىمىز «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا بېغىشلانغان. ئەھمەد زىيائى بۇ ئالىملىرىمىزنى، ئۇلار ياراتقان ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنى ئىلمىي ۋە بەدىئىي يوسۇندا، ناھايىتى كەڭ دائىرىدە مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا بايان قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە بۇ داستاننى ئەشۇ مەزمۇنلار ھەققىدىكى قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەسەرنى بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخ، مەدەنىيەت، جۇغراپىيە، فولكلور، يەرنامىلىرى. . . ھەققىدىكى بارلىق بىلىملەر بىلەن بېيىتقان. مۇشۇ تەرەپلەرگە قاراپ، مەزكۇر داستاننى ئىككى ئالىم ۋە ئىككى

ئەسەر ھەققىدىكى، شۇنداقلا ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر خىل مەسىلىلەر، ھەر خىل بىلىملەر ھەققىدىكى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان قامۇس، دەپ ئاتاش مۇمكىن.

ئەھمەد زىيائى يالغۇز مەشھۇر شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇقىرى ھۆرمەتكە، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئىگە داڭلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى. ئۇنىڭ تەتقىقات پائالىيىتى 40 - يىللاردىلا باشلانغان. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلىشنى باشلىغان. ئەمما بۇ ئىشنى ئىنىسى مۇھەممەت پەيزى تاماملىغان. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىنى نەشرگە تەييارلاپ، كىتابخانلىرىمىزنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ھەمدە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ، خەلقىمىزنى كلاسسىك ئەدەبىيات ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇماتلارغا ئىگە قىلغان. ئەھمەد زىيائىنىڭ تەتقىقات پائالىيىتى 80 - يىللاردا يېڭى بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى. بۇ يىللاردا ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى ھەم ئۆزىمۇ بۇ ئەسەر ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، «تارىخىي مىراس — ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا»، «‹قۇتادغۇبىلىك› كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازدى ھەمدە «‹قۇتادغۇبىلىك› ئەنجۈمەلىرى»، «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «رەۋزەتۇس سافا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ۋە يۇقىرى چەت ئەل تىلى سەۋىيىسى ئاساسىدا «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىل تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ماقالىلەرنىمۇ يازدى.

## 2. «رابىيە - سەئىدىن» داستانى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە، جۈملىدىن داستانچىلىقتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كەلسە، ئەھمەد زىيائىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، بۇ داستان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى رابىيە - سەئىدىن تېمىسىنى بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرگەنلىكى، كلاسسىك داستانچىلىقىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى داستانچىلىقىمىزنى ماھىيەتلىك ئېچكى باغلىنىشقا ئىگە قىلغانلىقى، ئەسلىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئاشىق -

مەشۇق ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسىنى ھەرخىل مەزمۇنلار ــ تەركىبلەر بىلەن بېيىتىپ، ئەسەرنى كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە قىلغانلىقى، ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇب ــ ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەنلىكى، ئەسەردىن تارىخقا، مەدەنىيەتكە، ئىلىم ــ مەرىپەتكە، ئەدەبىيات ــ سەنئەتكە دائىر قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەرنىڭ ئەخلاقىي ئىدىيىسىنىڭ، دىداكتىك غايىسىنىڭ، پەلسەپۋى پىكىرلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش تەركىبلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، شۇنداقلا باشقا داستانلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىيە ــ سەئىدىن» داستانىنى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن داستانلارنىڭ سەرخىللىرىدىن بىرى، دەپ باھالاش مۇمكىن.

ئەھمەد زىيائى ئىجادىيىتىدە رابىيە ــ سەئىدىن تېمىسى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئىجادىيىتىمۇ، بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجادىيىتىمۇ بۇ تېمىدا يازغان ئەسەرلىرى ھەم ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. شائىر بۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشقا قىزىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق يازغان:

> نەھاجەت لەيلى ــ مەجنۇن دەپلا يۈرمەك،
> ۋەيا پەرھادى ــ ــ شىرىننى كۆتۈرمەك؟
> ئۆزۈڭنىڭ ئاشىقىنى ئويلىمامسەن؟
> ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىنى كۈيلىمەمسەن؟
> ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئويلايمەنكى شۇلدۇر،
> ئۆزى ۋە نەرسەسىلە بولسا مەغرۇر.

بۇ قۇرلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، شائىرنىڭ بۇ ئاشىق ــ مەشۇقلاردىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ بەدىئىي ھەيكىلىنى تىكلەپ، بۇ ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ئارزۇسى بۇ داستانىنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىزلاردا، ئەسەرلەردە تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان باشقا ئاشىق ــ مەشۇقلاردىن پەرقلىق ھالدا رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ تارىختا راست ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن قىلىشمايدىغانلىقىمۇ شائىرنى بۇ تېمىدا يېزىشقا قىزىقتۇرغان.

ئەھمەد زىيائى يازغان «رابىيە ــ سەئىدىن» داستانى 51 باب، 13 مىڭ 486 مىسرادىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەر. شائىر بۇ داستاننى يېزىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم نىزارىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ شۇ نامىلىق داستانىدىن پايدىلانغان. ئەمما ئەھمەد زىيائى ئابدۇرېھىم نىزارىغا تەقلىد قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يېڭىچە بىر خىل ئىجادىي يول تۇتۇپ، رابىيە ـ سەئىدىن تېمىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بېيىتىپ، ئۇنىڭغا يېڭى پېرسوناژلارنى، ۋەقە ـ تەپسىلاتلارنى ۋە باشقا تەركىبىي قىسىملارنى قوشۇپ، بۇ داستاننى ئابدۇرېھىم نىزارى داستانىدىنمۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يازغان ئوپېراسىدىنمۇ روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەم كۆپ جەھەتلەردە ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر مۇنەۋۋەر داستانغا ئايلاندۇرغان.

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ئەركىن مۇھەببەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھەمدە بۇ يولدا جان پىدا قىلغان رابىيە بىلەن سەئىدىندىن ئىبارەت بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەقدىرى بايان قىلىنغان مۇھەببەت قىسسىسىدىن ئىبارەت. داستاننىڭ باش قەھرىمانلىرى بولغان رابىيە بىلەن سەئىدىن بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولىدۇ ھەم بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدۇ. رابىيەنىڭ ئاچ كۆز، خۇشامەتچى دادىسى ياقۇپ سەئىدىننىڭ رابىيە بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، قىزىنى يۇرتىنىڭ ھۆكۈمرانىغا بەرمەكچى بولىدۇ، رابىيە جابىر بىلەن توي قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىپ، سەئىدىن بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلار جابىرنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، سەئىدىن تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە كېيىنچە قەشقەر سېپىلىنى ياساشتىن ئىبارەت ئېغىر ئەمگەككە تۇتۇپ بېرىلىدۇ. سېپىل ھاشىرىدا سەئىدىن جابىرنى قاتتىق ئۇرغانلىقى ئۈچۈن قايتىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. شەھەرگە داۋالىنىش باھانىسى بىلەن كېلىپ ئەمەلىيەتتە سەئىدىننىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلىۋاتقان رابىيە، سەئىدىنگە بېرىلگەن جازانى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى قۇتقۇزۇش قارارىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنى ئىزدەپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ، ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن بىللە شۇ چاغلاردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانى زوھورىدىن ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاخىرى سەئىدىننى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئەمما تۈرمىدە كۈچ ـ مادارىدىن كەتكەن سەئىدىن تۈرمىدىن چىقىپلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. سەئىدىننىڭ ئۆلۈمى رابىيەگە بەك ئېغىر كېلىدۇ. بۇ ئازابنىڭ ئۈستىگە جابىر، ياقۇپلار نىيىتىدىن يانماي ئۇنى يەنە تويغا مەجبۇرلايدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى سەئىدىنگە ئاتىۋەتكەن رابىيە قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ سەئىدىننىڭ ئارقىسىدىن كېتىدۇ. ئەتىياز كەلگەندە كىشىلەر رابىيەنىڭ جەسىدىنى تېپىشىپ، بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ئۇ دۇنيادا بىللە بولسۇن دەپ، ئىككىسىنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىشىدۇ. . .

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدا گەرچە ئىككى ياشنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەقدىرى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما شائىر رابىيە ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. داستاننىڭ ئەڭ چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتىمۇ رابىيە ئوبرازىنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىپ يارىتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر رابىيەگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان، شۇنداقلا

ئۇنى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تەرىپلىگەن. نەتىجىدە ئۇنى ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر قىزى سۈپىتىدە جۇلالاندۇرغان.

رابىيە مۇستەقىل ھايات قارىشىغا ۋە كۈرەش قىلىش روھىغا ئىگە، ۋاپادار، ئالىيجاناب، قەيسەر، باتۇر، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان قىز. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات قارىشى، تۇرمۇش غايىسى ۋە مۇستەھكەم ئېتىقادى بار. ئۇ گەرچە باي ئائىلىنىڭ قىزى بولسىمۇ، بۇنداق بايلىقنىڭ ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ، بۇنداق بايلىقنىڭ ۋە شۇ بايلىقنى دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ بارلىق بەختسىزلىك، رەزىللىكنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر قانداق يامانلىق كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ باي ئائىلىسىدە ئانىسىنىڭمۇ ھەم ئۆزىگە ئوخشاش قىلچە ئادەملىك ئورنى، ھوقۇقى يوقلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ، مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقنىڭ ۋەكىلى بولغان دادىسىدىن تېخىمۇ نەپرەتلىنىپ، ئەركىنلىككە شۇنچە تەلپۈنىدۇ. رابىيەنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋاپادارلىق، سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈككە ئوخشاش ئېسىل پەزىلەتلەر نۇرلىنىپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئادەملىك پەزىلەتنى، چىن ئىنسانىي قەلبنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، دېھقان بالىسى بولسىمۇ قەلبى ئالەمچە پەزىلەت بىلەن تولغان سەئىدنى بايلىقى ئېشىپ تۇرسىمۇ قىلچە ئادەملىك روھى بولمىغان جابىردىن مىڭ ھەسسە ئۈستۈن ھېسابلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. ئەلۋەتتە، رابىيەنىڭ تەلپۈنۈۋاتقىنى، ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقىنى قانداقتۇ نوقۇل ھالدىكى ئىشىق ۋىسالى ئەمەس، بەلكى سەئىدنى ۋۇجۇدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان ئىنسانىي پەزىلەت، گۈزەل قەلب ۋە بەختىيار ھاياتتۇر. رابىيەنىڭ ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى، گۈزەل غايىلىرى ئەسەردە ھامان سەئىدنىڭ ۋىسالى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. رابىيە خاراكتېرىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى ئۇنىڭ باتۇر - قەيسەرلىكىدىن ئىبارەت. ئەخلاق ۋە قائىدە - قانۇن جەھەتتە نۇرغۇن توسالغۇ، چەكلىمىلەر بولغان ئەشۇ فېئوداللىق جەمئىيەتتە رابىيە ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماي، ھېچنەرسىدىن قورقماي ئۆز مەقسىتى، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ ھەزرەت سەيلىسى باھانىسىدا شەھەرگە كىرىپ سەئىدنى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋەدىسى بېرىدۇ؛ سەئىدنى بىلەن بىللە قېچىپ، دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىدۇ؛ سەئىدنىنى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن شۇ دەۋر قىزلىرى ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان ئىشنى قىلىپ، ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە زوھورىدىن ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، سەئىدنىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ؛ ئاخىرقى ھېسابتا يەنە مۇھەببەت ئۈچۈن، ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، رابىيە ئۆز بەختى، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئىزدەنگۈچى ۋە كۈرەش قىلغۇچى. ئۇنىڭ بۇنداق باتۇر - قەيسەرلىكى، كۈرەشچانلىقى شۇ دەۋر رېئاللىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا چوڭ ئىسيانكارلىق ۋە قەھرىمانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داستاننىڭ ئومۇمىي خاھىشىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، مۇھەببەت، ئەركىنلىك، بەخت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلەرنى ۋە كۆرسەتكەن جان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىدالىقنى مەدھىيىلەش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش داستاننىڭ ئاساسلىق مەركىزىي ئىدىيىسى، شۇنداقلا شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد زىيائى ئەسەردە بۇ مەركىزىي ئىدىيىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن ۋە بۇ ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا ناھايىتى ئۇنۇملۇك يەتكەن.

«رابىيە ـ سەئدىن» داستانىنىڭ تەركىبى سەل ئالاھىدىرەك. ئۇنىڭدا بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن سۇژېت تەركىبلىرىدىن باشقا يەنە كەڭ كۆلەمدىكى لىرىك ـ قىستۇرما تەركىبلەرمۇ بار. بۇ تەركىبلەر داستاننى ئۆزگىچە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە، تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ۋە يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە قىلغان. ئەھمەد زىيائى رابىيە ـ سەئدىن ھەققىدىكى مۇشۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق يەنە كىتابخانلارنى يۇرتىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، فولكلورى ھەققىدىكى بىلىملەردىن ۋە ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ـ ئەخلاقىي، دىداكتىك قاراشلىرىدىن خەۋەردار قىلىشنىمۇ بۇ داستاننى يېزىشتىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت مۇددىئالىرىدىن بىرى قىلغان. شۇڭا، داستان ھەققىدە توختالغاندا، داستان مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى بۇ تەركىبلەر ھەققىدىمۇ ئاز ـ تولا چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

ئەھمەد زىيائى رابىيە ـ سەئدىن ھەققىدىكى بۇ قىسسەنى تارىخىي ۋەقە، دەپ قارىغان ھەم ئۇنىڭ تارىخى تۈسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن داستاندا بۇ قىسسە بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك باغلىنىشى بولغان بىر مۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى يېزىپ، ئەسەرنى مول تارىخىي تەركىبكە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ داستان ھەقىقىي مەنىدىكى بىر تارىخىي داستانغا ئايلانغان. ئەلۋەتتە، ئەھمەد زىيائىنىڭ ئەسەردە تارىخنى كۆپ يېزىشىدا مۇنداق بىر مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى:

سەۋەب شۇكى، ئوقۇلغاندا بۇ قىسسە،
قوشۇلسۇن ئاڭا تارىختىن بىر ھەسسە.
نىچۈككىم ئالىسلەر زەۋقى مۇھەببەت،
تارىخى ئىزىن ھەم ئالغاي ئىبرەت.
ئۇلار ئەجدادلىرى ھالىنى بىلسۇن،
شۇلاردەكلا يارامىلىق كىشى بولسۇن.
بۇنىڭدىن قەسىت، كىشى بولغىل دېمەكتۇر،
لايىق شەنىڭگە بىر ئىش قىل دېمەكتۇر.

شائىر مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخنى كەڭ يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇقتىلىق قىلىپ رابىيە ـ سەئدىن ۋەقەسى يۈز بەرگەن XVIII ئەسىر تارىخىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە بۇرۇنقى تارىخلار ھەققىدىمۇ زۆرۈر بايانلارنى بەرگەن. بۇنداق تارىخىي تەركىبلەر ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپلا

قالماستىن، بەلكى يەنە ئەسەر مەزمۇنىنى كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلغان.

شائىر داستاندا فولكلور تەركىبلىرىنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. فولكلور تەركىبلىرى داستاننىڭ تەتقىقات قىممىتىنى، ئۇچۇر جۇغلانمىسىنى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئاساس قىلغان فولكلور ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن كەڭ مەنىدىكى بىر خىل مەدەنىيەت ۋە مەنىۋىيەت تىندۇرمىسىدىن ئىبارەت. فولكلور مەزمۇنلىرى ۋە شەكىللىرى خەلقنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى، ئېتىقادى، ئىدىيىسى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك. مانا مۇشۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان شائىر ئەسەردە فولكلور تەركىبلىرىنى كۆپ يېزىپ، ئەسەرنى يۇقىرى مەدەنىيەت قىممىتىگە ۋە ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلغان. شائىر داستاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغلاق تارتىش، ئوۋ ئوۋلاش، چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش، سەيلە قىلىش قاتارلىق ئادەت ـ مۇراسىملىرىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

ئويۇنمۇ بۇ؟ ئەمەس! بۇ نە دېمەكتۇر؟
ئۆزىن ئاسراشتا جەڭگىۋار كۆرەكتۇر.
شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق رەسىم قىلىشقان،
ئېنىق مەۋسۇمدە مەئىرىكىلەر ئېچىشقان.

بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ فولكلور تەركىبلىرى ھەققىدىكى قارىشىنى ۋە ئۇنى داستاندا يېزىشتىكى مەقسىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شائىر يەنە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى يازغاندا، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخىي ـ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ھەققىدىمۇ ئېنىق تارىخىي مەلۇماتلارنى بەرگەن. مەسىلەن، قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسى ھەققىدە يازغاندا، ئاپپاق خوجىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، قەشقەر رايونىدىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى، خەلقنىڭ قانداق بولۇپ، ئۇنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن، شۇنداقلا يەنە بۇ خىل تاۋاپچىلىقنىڭ خۇراپاتلىققا ئايلىنىپ، خەلقىمىزگە نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. قىسقىسى، شائىر فولكلور تەركىبلىرى ئارقىلىق داستاننى ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلغان.

داستاننىڭ لىرىك تەركىبلىرىدە شائىر مۇھەببەت، ھايات، ئادەملىك قىممەت ھەققىدىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. داستاندا مۇھەببەت قىسسىسى بىلەن مۇھەببەت ھەققىدىكى لىرىك مۇھاكىمە ئۆز ئارا بىرلىشىپ داستاننى مەزمۇن يۈكسەكلىكىگە ئىگە قىلغان. شائىر داستاندا يەنە ئادەم، ئادەملىك پەزىلەت، ھاياتلىقنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىممىتى ھەققىدىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ شائىر ئەخلاقىي، دىداكتىك ئىدىيىلەرنى كۆپ تەشەببۇس قىلىپ، «بۇ داستاننى ئوقىغاندا ئۇنىڭدىن مۇھەببەت ھېكايىسىگىلا بەند بولۇپ قالماي، ئۇنىڭدىن پەندى ـ نەسىھەت ئېلىش كېرەك» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا داستاندىن ئەخلاقىي خۇلاسە چىقارغان. شائىر بۇ داستان ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان ئەخلاقىي تەشەببۇسنى ئەقىل ئىشقتىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك، مۇھەببەتتە پاكلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش كېرەك، پەرزەنت چوقۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئوبدان ئىگە بولۇشى كېرەك، ئاشىق ـ مەشۇقلار چوقۇم ۋاپادار بولۇشى كېرەك، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە چوقۇم قولىدىن كېلىشىچە ياردەم ـ ياخشىلىق قىلىشى كېرەك، ئادەم قەيسەر ـ جەسۇر بولۇشى كېرەك، ئادەم ئۆز ئەركىنلىكى بىلەنلا شاد بولالايدۇ، دېگەن سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان.

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە بىر قانچە روشەن ئالاھىدىلىكى بار.

بىرىنچىدىن، «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدا ئېپىكا بىلەن لىرىكا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن. داستانىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئەڭ روشەن، ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىمۇ مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «رابىيە ـ سەئىدىن» ئەسلى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلغان سۇژىتلىق داستان بولۇشى كېرەك بولسىمۇ، ئەمما شائىر ئىجادىيىتىنى نوقۇل سۇژىتلار بىلەن چەكلەپ قويماي، ئۇنىڭغا ناھايىتى مول لىرىك تەركىبلەرنى قاتقان. لىرىك تەركىبلەر ئېپىك تەركىبلەرنى جانلاندۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى داستاندىكى بىر مۇھىم تەركىبىي قىسىم سۈپىتىدە، ئەسەر مەزمۇنىنى ناھايىتى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان، شۇنداقلا ئەسەرنى قامۇس خاراكتېرىدىكى شۇنداقلا پەلسەپۋى تۈسكە ئىگە ئەسەر قىلىپ چىققان. ئەسەردە ئېپىكا بىلەن لىرىكىنى مۇنداق ئالاھىدە بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە بەدىئىي قىممەت يارىتىدىغان ئەھۋال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەم كۆرۈلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى بىر پارچە مۇكەممەل داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن نەرسىلەر يېزىلغان. يېزىلغان نەرسىلەر ئىنچىكىلىك بىلەن نەپىس تەسۋىرلەنگەن. تەسۋىردىكى ئىنچىكىلىك ۋە نەپىسلىكنى مەزكۇر داستانىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى دەپ قارىشىمىز كېرەك. شائىر پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشكىمۇ، تەبىئەتنى تەسۋىرلەشكىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەن، تەسۋىرلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانلىكى جايدا تەسۋىرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازغان. بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ رابىيەنىڭ پورترېتىنى تەسۋىرلەشتە قوللانغان ماھارىتىدىن ھۇزۇرلىنىپ باقايلى:

ئەگەر ئاي دېسە بار ئىدى ئاغزى،

ئۆنى كۆن دەي دېسە، مەۋجۇتتى كۆزى.
بويىنى سەرۋ دېسە، ئۇ ماڭاتتى،
دېسە ئاغزىنى غۇنچە سۆز قىلاتتى.
كۆزىن نەرگىس دېسە، تۇراتتى ئويناپ،
لېۋىن لەئىن دېسە، تۇراتتى قىمىرلاپ.
يۈزىنى گۈل دېسە، گۈلدىن چىرايلىق،
ساچىنى دەي دېسە سۇمبۇل، تاراقلىق.
قېشى بەرگى قىياقتى، يا ئىدى يا،
قاتار كىرپىكلىرى ئوق ئىدى گويا.

دېمەك، شائىر بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، رابىيەنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى مانا مۇشۇنداق جانلىق، ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇنداق تەسۋىرلەش ماھارىتىنى بىز ئەسەردە كۆپ ئۇچرىتىمىز.

ئۈچىنچىدىن، «رابىيە ـ سەئدىن» داستانىدا شائىر پىكىر ـ ئىدىيىنى، ھېسسىيات ـ كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. داستانغا بىر قانچە ئېسىل خەلق قوشاقلىرى ئېفىگراف قىلىپ ئېلىنغان، چوڭقۇر مەنىلىك خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قانچە پارچە چۆچەك ـ مەسەل «ھېكايە» نامى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، بۇ قىستۇرۇلما تەركىبلەر ئارقىلىق مەلۇم ئەخلاقىي ـ پەلسەپىۋى پىكىرنى، ئۆزىنىڭ خاھىشى ـ مەيدانىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بەزى ھاللاردا شائىر چۆچەك ـ مەسەللەر ئارقىلىق چوڭقۇر ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، رابىيە مىڭ بىر جاپالاردا سەئدىننى قۇتقۇزۇپ چىققاندا، كىشىلەر ئارىسىدا رابىيەنى قانداق باھالاش مەسىلىسىدە ھەرخىل گەپ ـ سۆزلەرنىڭ تارقالغانلىقىنى يازىدىغان جايغا شائىر بوۋاي بىلەن ئوغلىنىڭ ئېشەككە مىنىشىنى كىشىلەر ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ باھالايدىغان مەسەلنى قىستۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىدىن قەتئىينەزەر رابىيەنىڭ قىلغىنى توغرا، ئادەم ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشى كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تۆتىنچىدىن، «رابىيە ـ سەئدىن» داستانىدا قوللىنىلغان تىلمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. داستان ئارۇز ۋەزنى شەكلىدە يېزىلغان بولغاچقا، مىسرالارنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر ئالاھىدە ئېچكى باغلىنىشقا ئىگە قىلىنغان. شائىر تىل ئىشلىتىشتە ئىزچىل پاساھەت قوغلىشىپ كەتمىگەن. لىرىك تەرىپلەرنى يېزىشتا سۆزلەر ئالاھىدە تاۋلىنىپ ـ تاللانغىنى بىلەن، ۋەقەلىكنى يېزىشتا بەزىدە ئادەتتىكى سۆزلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. ئالاھىدە تۇيۇلىدىغان يەنە بىر تىل ئالاھىدىلىكى شۇكى، شائىر داستاندا قەشقەرنىڭ يەرلىك ئېغىز تىلىنى بىۋاسىتە شۇنداقلا كۆپلەپ ئىشلەتكەن. بۇنداق تىل تەركىبلىرى بىر تەرەپتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسەرنى ئۆزگىچە تىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ يەرلىك تۈسىنى ئاشۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەردە ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىپ، ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلغان.

## § 4 . ئابدۇكېرىم خوجا

ئابدۇكېرىم خوجا(1928 — 1988) ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان داڭلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان. ئۇ ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ، يۇرتىمىزنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سۈرەتلەش ئاساسىدا ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش ـ تەرەققىياتلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە رېئاللىق ۋە ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلىرىنى ئوبرازلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىدە ئۆزىگە خاس بىر يول ئاچقان. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇنغا ۋە ھۆرمەتكە ئىگە.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئابدۇكېرىم خوجا 1928 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئالتۇنلۇقۇم يېزىسىدا كەمبەغەل ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1931 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى جىڭ شۇرېن تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر قىسىم يۇرتداشلىرى بىلەن گەنسۇغا قېچىپ بېرىپ، گەنشى، دۇنخۇاڭ، جيۇچۈەن، جاڭيې قاتارلىق جايلاردا بىر نەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى جيۇچۈەن ۋىلايىتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئابدۇكېرىم خوجا باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى 1937 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە جيۇچۈەندە ئوقۇپ تاماملىغان. 1946 ـ يىلى كۈزدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن. 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەنجىڭگە بېرىپ، «نەنجىڭ دۆلەتلىك چېگرا رايون مەكتىپى»گە كىرىپ ئوقۇغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان. 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، شۇلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي بيۇرونىڭ يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلغان. 1953 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. 1953 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بېرىپ، پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىدىن ھال

سوراش پائالىيتىگە قاتناشقان. 1957 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە مۇئاۋىن باش كاتىپ، ئەدەبىي تەرجىمانلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. بارلىقىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلىغان شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا 1988 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى دەسلەپتە ئەدەبىي تەرجىمىدىن باشلانغان. ئۇ 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى تۇنجى بولۇپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان(ئۇ تەرجىمە قىلغان «ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق كىتاب 1957 ـ يىلى يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان). ئابدۇكېرىم خوجا 50 ـ يىللاردا ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن باشقا يەنە نىمشېھىت، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابلىز نازىرى قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشى ۋە ئۆگىنىشىنى قولايلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئابدۇكېرىم خوجا تەرجىمە ساھەسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش يولىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان ئەدەبىي تەرجىماندۇر.

خەنزۇ كلاسسىكلىرى ۋە ھازىرقى دەۋر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى زور. ئۇ خەنزۇ كلاسسىك شائىرلىرىدىن لى بەي، دۇفۇ شېئىرلىرىنى ھەم ھازىرقى دەۋر شائىرلىرىدىن گومورو، ئەي چىڭ، گوشياۋ چۈەن، ۋېن جيې، خې جىڭجى قاتارلىقلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ تەرجىمە قىلغان «دۇفۇ شېئىرلىرى» ناملىق توپلام نەشر قىلىندى، «ماۋجۇشى شېئىرلىرى»، «جۇئېنلەينىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى شېئىرلىرى»، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «قىزىل قىيا»، «باھادىر شاھ لى زىچېڭ» رومانلىرىنى تەرجىمە قىلدى. مەشھۇر كلاسسىك رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى.

ئابدۇكېرىم خوجا دەسلەپكى شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىدا يازغان. ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىدا يازغان «يۇرتۇم مۇھەببىتى» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1953 ـ يىلى مەتبۇئاتتا

www.uyghurkitap.com

ئېلان قىلىنغان. ئەمما شائىر خەنزۇ تىلىدىكى ئىجادىيىتىنى ئۈزۈن داۋاملاشتۇرمىغان. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئابدۇكېرىم خوجا ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى گۈللىنىش مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «چېچەك توزىسا»، «تاڭ سەھەر»، «يول ئۈستىدە»، «تۈنجى دەرس»، «مەرھابا»، «دەرەخ ۋە ياپراق»، «چىراغ ۋە مەن»، «ئون باھار» قاتارلىق شېئىرلارنى ۋە «ئايخان» باللادىسىنى يېزىپ، 17 يىللىق شېئىرىيەتنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇ بۇ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا روشەن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭىچە ھاياتنى، رېئاللىقتا يۈز بېرىۋاتقان ئالەمچە ئۆزگىرىشلەرنى ۋە كۈرەش قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان دەۋر قەھرىمانلىرىنى، بارلىقىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك كۈرەش ئۈچۈن بېغىشلىغان ئاددىي كىشىلەرنى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىقنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسىرى ھېسابلىنىدىغان «ئايخان» ناملىق باللادىسى 1959 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلاپ يېزىلغان. باللادىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ئايخان كونا دەۋرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بولىشىچە تارتقان، يېڭى دەۋردە بەختى كۈلگەن، بارلىقىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئەمگەكچى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. شائىر بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ كونا ـ يېڭى دەۋرلەردىكى تۇرمۇشى، تەقدىرىنى سېلىشتۇرۇپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئايخانغا ئوخشاش ئەمگەكچىلەرنىڭ يېڭى دەۋرنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. باللادىدا شائىر ئاساسلىق قىلىپ ئايخاننىڭ ئەمگەكچانلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدىغانلىقىغا، تۇرمۇشنىڭ تېخىمۇ باياشات بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن. شائىر ئايخان ئوبرازىغا ئازادلىققا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىشچان، كەمتەر پەزىلەتلىرىنى سىڭدۈرگەندىن سىرت، ئۇلارنىڭ دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىمۇ ئىپادىلەپ، ئايخان ئوبرازىنى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە قىلغان. شائىر باللادىنىڭ خاتىمىسىدە ئايخانغا ئوخشاش ئەمگەكچىلەرنىڭ بەختىنى ئاچقان پارتىيىگە، داھىغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئابدۇكېرىم خوجا «تيەنئەنمېن»، «ئۈرۈۋق»، «شىنا قىز»، «ئاققۇ»، «قۇمۇل توغرىسىدا ئىككى غەزەل» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، ئىجادىيەتتە بىر بالداق يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. بۇ شېئىرلارنىڭ تېما دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولۇپ، نوقۇل مەدھىيە بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان، بۇ يىللاردا شائىر

سىياسىي لىرىكىلار بىلەن بىر قاتاردا يەنە بىر قىسىم تەبىئەت لىرىكىلىرى، مۇھەببەت لىرىكىلىرى ۋە ئىنتىم لىرىكىلىرىنىمۇ يازغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا شائىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالمىغان.

كىشىلەر ئابدۇكېرىم خوجىنى «باھار كۈيچىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ۋەتەن باھارىنى، ھايات باھارىنى، ئىلىم ـ پەن باھارىنى ئەڭ قىزغىن، ئەڭ سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن كۈيلىگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى يەنىلا ئابدۇكېرىم خوجا بولدى. ئۇ «باھار ناخشىسى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك شېئىرى بىلەن يېڭى دەۋرنى كۈتۈۋالدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يەنە بىر قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇ «لىرىكا» ، «كەلدى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا يېڭى دەۋردە يېڭىچە ئىرادە بىلەن ئىجاد قىلىپ، ۋەتەن، خەلققە خىزمەت قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن بولسا، «مانا شۇنداق ياشـــسا دېھقان دېگەن» ، «مانتىپەز» ، «خاماندا» ، «ئۈزۈم پىشقاندا» ، «سايباغ» قاتارلىق شېئىرلىرىدا جانلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، قىزغىن كەيپىيات ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى، باياشاتچىلىقلارنى تەسۋىرلىگەن؛ «پارچىلار» ، «ئاچچىق ۋە تاتلىق» ، «بۇلۇت» ، «قىياق» قاتارلىق شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى پەلسەپۋى يۈكسەكلىكتە، ھايات ھېكمەتلىرى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن بولسا، «كۆز بىلەن كەلگەن شېئىرلار» ، «باھار بىــلەن كەلگەن شېئىـــرلار» ، «ئاقسۇدا ئاۋغۇست» ، «تۇرمۇش كارتىنىلىرى» قاتارلىق شېئىرلاردا تەبىئەت مەنزىرىسى ھايات كۆرۈنۈشلىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈلگەن ھالدا تەسۋىرلەنگەن. «سەككىز سائەتنىڭ سىرتىدا» ناملىق شېئىرىدا بولسا شائىرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق، ئۆتمۈش ۋە ھازىر ھەققىدىكى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى ئىپادىلەنگەن. «ئەزرائىل ۋە مەن» شائىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلەردىكى سەرگۈزەشتىلىرى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى چوڭقۇر مەنىلىك قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئات ئوينىتىپ مال بېقىپ يۈرگەن چوپان يىگىت («چوپان» شېئىرىدا) ، چارۋىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىپ پەرۋىش قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە ئۆستۈرگەن موڭغۇل قىزى شىنا («شىنا قىز» شېئىرىدا) ، يەنئەندىن چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىپ كەلگەن ئۇزۇن سەپەرلەرگە قاتناشقان پېشقەدەم كوممۇنىست («ئۇرۇق» شېئىرىدا) ، ئۆتمۈشتىكى مالاي بۈگۈنكـــى سېكــرېتـــار ئـــايـــال («يول ئۇستىدە» شېئىرىدا) ، مۇھەببىتىگە سادىق، ئەمگەكچان قىـــز بىـــلەن يـــىگىت («ئاققۇ» شېئىرىدا) ، ئاچچىق قىسمەتلەرنى يەتكۈچە تارتقان، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ھالال ئىشلەپ روناق تاپقان ئەمەت بوۋاي («ئەمەت بوۋاي» شېئىرىدا) قاتارلىقلار دەۋر روھىغا باي يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرىدىندۇر. ئاپتور يۇقىرىقى شېئىرلىرىدا ھەر قايسى سەپ ۋە ھەر قايسى ساھەلەردە خەلق ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان، غايە بىلەن ياشاۋاتقان ئاددىي ـ ساددا تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ مەدھىيىنى ئاساس قىلغان لىرىكىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن خەلقىمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پىداكارلىق بىلەن بېغىشلاۋاتقان چاغلاردا، تەبىئىي ئاپەت، رەھبەرلىكتىكى بەزى خاتالىقلار ۋە شيۇجېڭجۇيىچىلار تەرىپىدىن كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان جاپالىق يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ ئىلھامى ئەينى يىللاردىكى رېئاللىقتىن كەلگەن. شۇڭا، بۇ شېئىرلار ئەينى دەۋردە خەلقنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش رولىنىمۇ ئوينىدى.

ئابدۇكېرىم خوجا ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت قارىشىغا ئىگە شائىر. «ئىچى بىلەن تېشىنىڭ ئوخشاشلىقى»، «سەمىمىيلىكى»، «خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشقا ئىنتىلىشى» ئۇنىڭ شائىرلىقىنىڭ ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرى ئىدى. بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردا شائىر ئىجادىيەت ھەققىدە، ھايات ھەققىدە، بۇرۇچ - تۈيغۇ ھەققىدە يېڭىچە قاراشلارغا كېلىپ، بۇ خىل ئېسىل سۈپەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بەك ئەھمىيەت بەرگەننىدى. شائىر ئۆزىنىڭ بۇنداق شېئىرىيەت قارىشىنى «شائىرغا» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلىگەننىدى:

سەن ئەگەر بولساڭ خەلقنىڭ شائىرى،
تىل دىلىڭغا، ئىچ تېشىڭغا ئوخشىسۇن.
شاخمۇ شاخ يۈرمە قونۇپ گۈلباغ ئارا،
ئەمدى چاڭگاڭ بىر پۇتاقتا توختىسۇن.

چىق سارايدىن، كىر خەلقنىڭ قويىنىغا،
ھەر سۆزۈڭدىن چىن ھەقىقەت ياڭرىسۇن.
كۈن، ئىلاھى، ئايمۇ سىزمىگەننى سىز،
قەلبى كۆزگۈڭ چاڭ تۇماندا قالمىسۇن.

ئابدۇكېرىم خوجا سەمىمىي شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە شېئىرىدا سەبىي قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان سەمىمىي ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مۇبالىغە يوق، ئاجايىپ - غارايىپ تەسەۋۋۇرلارمۇ يوق. باشقا شائىرلارنىڭكىدەك ئۇنداق يۈكسەك بەدىئىي پاساھەتمۇ يوق. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئانا يۇرتىمىزنىڭ رەڭدار، گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى —

يېشىللىققا پۈركەنگەن تارىم ۋادىسى، رەت ـ رەت ئىمارەتلەر سېلىنىپ كونىرى تەرەققىي تېپىۋاتقان شەھەرلەر، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ بەرىكىتىدىن گۈللىنىۋاتقان يېزا ـ قىشلاقلار، جەننەت كەبى يايلاق ۋە باغۇ ـ بوستانلارنىڭ كۆركەم، رەڭدار كارتىنىسى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن. مانا مۇشۇ تۇرمۇش سەھنىسىدە قايناۋاتقان ئىنسانىي تۇرمۇش كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

ئوتلاپ يۈرگەن ئاپئاق ـ ئاپئاق قويلاردەك،
كەڭ ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ئۈزەتتى.
تاڭ شامىلى قوي ھەيدىگەن قويچىدەك،
بۇلۇتلارنى نەلەرگىدۇر سۈرەتتى.

دۆپىدۇگىلەك يالقۇنجىغان قىزىل شار،
تاغدىن دومىلاپ مەن تەرەپكە كېلەتتى.
سەپسالدىم ئۇ، شار ئەمەسكەن قۇياشكەن،
تەبىئەتنى قۇچىقىدا سۆيەتتى.

ئاخشامقى ئۇ قۇش ئۇۋىسى ـ تۇرغۇندا،
بۇگۈنگچۇ ھە، ئاق مودەنگۈل كۈلەتتى.
غۇلاچ ئېتىپ ئالتۇن دېڭىز لاچىنى،
دولقۇنلارنى ئىككى ياققا بۆلەتتى.

مەنمۇ چۈشتۈم ئالتۇن دېڭىز قوينىغا،
دولقۇنلىرى ئۈنچە ـ مارجان چاچاتتى.
مەلۇم خۇددى دېڭىزدىكى بىر ئارال،
كۈلۈپ ماڭا قوينىنى ئاچاتتى.

شائىرنىڭ 1957 ـ يىلى قۇمۇلدا يازغان «تاڭ سەھەر» ناملىق بۇ شېئىرى ئانا تەبىئەتكە بېغىشلانغان گۈزەل لىرىكا.

بىراق، بىز تەبىئەت گۈزەللىكى ئەكس ئېتىلگەن بۇ تەبىئەت لىرىكىسىدا ھەرگىز قېتىپ قالغان، تۇرغۇنلۇق ئىلكىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرمەيمىز. بۇ «سۈرەت» تە تەبىئەت ۋە تۇرمۇش تەبىئىي يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھاياتلىق كۈچىدە، ياشاۋاتقان ھالەتتە، ھەرىكەت ئىچىدە جىلۋىلىنىپ كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، شېئىردا شائىرنىڭ ساغلام ھايات قارىشى ۋە ئېستېتىك ئىدىيىسى ئەكس ئېتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىجادىيەتتىكى يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئۇيغۇر قىزىقچىلىقىنى شېئىرىيەتكە خېلى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئېلىپ كىرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇ ساتىرا ژانىرلىرىدا يازمىغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن ئىجادىيىتىگە قىزىقچىلىق، خۇشچاقچاقلىقنى بىر خىل روھ سۈپىتىدە سىڭدۈرۈۋەتكەن.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە لىرىك شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، تەبىئەت لىرىكىسى ئىجادىيىتىدە گەۋدىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. تەبىئەت لىرىكىلىرىدىن قالسا، ئىنتىم لىرىكىلىرىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىنتىم لىرىكىلىرىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئارقىلىق ھايات ياكى رېئاللىق ھەققىدە چوڭقۇر، ماھىيەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىلىدىغان «ھەيكەل» ناملىق شېئىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئابدۇكېرىم خوجا ھوسۇللۇق شائىر، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «ئونىنچى باھار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1959 ـ يىل)، «باھار ناخشىسى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل)، «تۇپراق، باھار ۋە مەن» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل)، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل)، خەنزۇچە «ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

## § 5 . مۇھەممەتجان سادىق

مۇھەممەتجان سادىق ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، شۇنداقلا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى. ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاساسەن چاچما شېئىر ۋە داستانچىلىقتا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەيلى مەزمۇن ئامىللىرى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى شەكىل ئامىللىرى جەھەتتە بولسۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە خېلى يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. ئۇ يەنە پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «زۇلپىقار»، «بوز ئەر» قاتارلىق ترىلوگىيىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيەت جەھەتتىكى تەتقىقاتىغا مەركەزلەشكەن. مۇھەممەتجان سادىق ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بىلەن دەۋرىمىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

مۇھەممەتجان سادىق 1934 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1941 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1948 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە غۇلجا شەھەرلىك

«روشەن» مەكتىپىگە ۋە ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. 1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئىلى رۇس گىمنازىيىسىگە كىرىپ، بۇ مەكتەپتە رۇس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن، كېيىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. 1952 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، خوتەن، قەشقەرلەردە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1956 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا، مۇھەممەتجان سادىق قەشقەردىن يۆتكىلىپ كېلىپ، مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1963 ـ يىلى غۇلجىغا يۆتكىلىپ، تاكى 1979 ـ يىلىغىچە ئىلى ئوبلاستلىق ۋە غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىي ـ مائارىپ ئىدارىلىرىدا ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا بۇ ئىنستىتۇتقا يۆتكىلىپ كېلىپ، 1982 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە ئىنستىتۇت ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1992 ـ يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەركىبىدە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئەللەردە زىيارەتتە بولغان. 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئارام ئېلىشقا چىققان. 1994 ـ يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى مۇھەممەتجان سادىق تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى، ئىجادىيىتىنىڭ 42 يىللىقىنى خاتىرىلەپ پائالىيەت ئۆتكۈزگەن، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقان. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مۇھەممەتجان سادىق ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلگەن.

مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1952 ـ يىلى «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «1 ـ مايدا» ناملىق شېئىر بىلەن باشلانغان. شۇندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا ھازىرغىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۇ ئىزچىل تۈردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقىمىزگە تەخمىنەن مىڭ پارچىدىن كۆپرەك شېئىر، بىر پارچە شېئىرىي رومان، 20پارچىدىن كۆپ داستان، 20پارچىدىن كۆپ باللادا تەقدىم قىلدى. مۇھەممەتجان سادىق ھەقىقەتەن ھوسۇللۇق شائىر، ئۇنىڭ شېئىرلىرى يالغۇز سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپ قالماستىن، سەۋىيە جەھەتتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى. ئۇنىڭ دەۋر روھىغا باي، مىللىي ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك، تېمىسى ئاكتىپ، پىكرى يېڭىچە، ئوبرازلىرى جانلىق، مەزمۇنى چوڭقۇر، لىرىكىلىقى كۈچلۈك، شەكلى ئەركىن، تىلى پاساھەتلىك شېئىرلىرى ھازىرقى دەۋر شېئىرىيىتىمىزدە ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ، شۇنداقلا شېئىرىيىتىمىزنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شائىرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىپادىسىنى تاپقان «نان»، «يىزا يولىدا»، «مۇھەببەت تراگېدىيىسى»، «مەي ۋە تەبەسسۇم»، «ئادەممەن: يۈرىكى بار»، «بىر تال گۇل لىرىكىسى»، «ئۇيغۇر قىزى»، «پوتا»، «ئاتمىش يىل»، «كىرورەن گۈزىلى»، «نان بولمىسا بۇ ئالەم چۆرگىلىمەيدىكەن»، «ئوغۇل ــ قىزنىڭ يۈرىكىدە» قاتارلىق لىرىكىلار شائىر ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك شېئىرلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دەۋرىمىز شېئىرىيىتىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ياخشى ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەتجان سادىقنىڭ نامى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە چاچما شېئىر شەكلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. مۇھەممەتجان سادىق 1953 ــ يىلى يازغان «ئانامغا» ناملىق شېئىرى بىلەن چاچما شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن، شۇندىن تارتىپ چاچما شېئىر ئۇنىڭ ئاساسلىق شېئىر شەكلى بولۇپ كەلدى، ئۇ بۇ خىل شەكىلدە كۆپ ئىجاد قىلىپ، بۇ خىل شېئىر شەكلىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتتى ھەم ئۆزىمۇ بۇ خىل شەكىلدە شۇنداق ياخشى لىرىكىلارنى ئىجاد قىلدى. مەشھۇر ئالىم، داڭلىق ئەدىب ئۆتكۈر ئەپەندى مۇھەممەتجان سادىقنىڭ چاچما شېئىرلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «. . . ھازىر ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆز ئالدىغا بىر مەكتەپ، بىر ئېقىم ياراتتى» دېگەنىدى. دېمىسىمۇ، شائىرنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، قوشقان تۆھپىسى ھەققەتەن گەۋدىلىك، ئۇ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا چاچما شېئىرلارنىڭ ئاساسچىسى ھەم ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىلى. شائىر چاچما شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات ناھايىتى كۈچلۈك، كەيپىيات ناھايىتى يارقىن بولۇپ، پىكىرلەر ئۆلچەملىك مىسرا ــ كۇپلېتلارغا سىغمايدۇ. مىسال ئۈچۈن شائىرنىڭ ۋەكىللىك شېئىرلىرىدىن بولغان «كۆز ئايدىڭى» ناملىق چاچمىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

سەھرا
شېرىن ئۇيقۇدا. . .
ئۇخلالمىغان ناخشا
كەلمەكتە ياڭراپ. . .
شىۋىرلايدۇ گۈل ــ گىياھلار.
ئۆستەڭدىكى كۈمۈش تەڭگىلەر
كۈلمەكتە يايراپ. . .
چىدالمىغان ئاي
كەلمەكتە چىقىپ دېرىزىسىدىن
زەڭگەر ئاسماننىڭ.
بۇلاق بېشىدا يالقۇنلۇق سۆگەت
ئاستىدا
ھاياجانلىق مۇقەددىمىسى

## ئىككىسى يازىدىغان

## گۈزەل داستاننىڭ! . . .

چاچما شېئىرلارنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنداقلا مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى بۇ شېئىردا گەۋدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شېئىردا گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن ئوتلۇق مۇھەببەت ھېسسىياتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكىدە شائىر ھاياجانلىق بىر شېئىرىي كەيپىيات ياراتقان. شائىر مەنزىرە، ھېسسىيات، كەيپىيات، پىكىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى خۇددى ئەشۇ ئايدىڭ ئاخشامغا ئوخشاش غۇۋا گۈزەللىك ئىچىگە قويۇپ يازغان. شېئىرنىڭ ھېسسىياتى كۈچلۈك بولۇپ، كىشىگە ئاجايىپ گۈزەل ئايدىڭ ئاخشام مەنزىرىسى، ھاياجانلىق مۇھەببەت ھېسسىياتى لەززىتى بەخش ئېتىدۇ. شېئىرنىڭ تىلى ھەقىقىي پاساھەتلىك شېئىرىي تىل بولۇپ، ئاممىباب، ئەمما تاۋلانغان تىل ئارقىلىق شېئىرىي يۈكسەكلىك يارىتىلغان.

مۇھەممەتجان سادىق كېيىنكى مەزگىللەردە ئاساسەن يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى. بۇ ئەسەرلىرىدە ئۇ ئاساسەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىختا باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ قىسمەتلىرىنى ۋە يېڭى دەۋردىكى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ يىرىك ئەسەرلەر ئىچىدە «ئېقىۋاتقان دەريا» ناملىق خەمسىسى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «ئېقىۋاتقان دەريا» نىڭ يەنە بىر نامى «ئىلى خەمسىسى» بولۇپ، ئۇ «كۇنتۇغدى ۋە كۇنسۇلۇ»، «قەشقەرى سايرامى بويىدا»، «سەككاكى»، «نازىم»، «يەتتە يۇلتۇز» قاتارلىق بەش پارچە چوڭ ھەجىملىك داستاندىن تەشكىل تاپقان. بۇ خەمسىدە ئىلىنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق تارىخىدىكى مۇھىم، چوڭ ۋەقەلەر تارىخىي ھەم ئەدەبىي يوسۇندا بايان قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈن ئەسەر تەخمىنەن 20مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى نەشر قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ بۇ يىللاردا يازغان يەنە بىر يىرىك ئەسىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسى ۋە دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە جەڭگىۋار كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ترىلوگىيىسى «زۇلپىقار» دىن ئىبارەت. بۇ مۇھەممەتجان سادىقنىڭ تۇنجى پروزا ئەسىرى بولۇشىغا قارىماي، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققاچقا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئېپوس خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، ئەسەرلەردە تارىخىي رېئاللىق بىلەن ئىجتىمائىي ھايات ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇ داۋاملىق تۈردە تارىخىي رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېقىنقى يىللاردا يەنە «بوز ئەر» ناملىق تارىخىي ترىلوگىيىسىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى.

مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ مول ئىجادىيىتى ئارقىلىق خەلقىمىزگە «قېلىن قاردىكى ناخشا» (1978 ـ يىل)، «تىيانشان ناخشىسى» (1980 ـ يىل) قاتارلىق شېئىرلار

توپلاملىرىنى، «ۋاپا ۋە مەردلىك»، «قىزىل يۇلغۇن»، «تۇلپار مىنگەن پالۋان» قاتارلىق باللادا ۋە داستانلار توپلاملىرىنى، «ئىلى پەرزەنتلىرى» (1984 ـ يىل) ناملىق شېئىرىي رومانىنى تەقدىم قىلدى.

ئەگەر خۇلاسىلەشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى چاچما شېئىر ئىجادىيىتىگە ۋە داستانچىلىققا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىزچىل تۈردە يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىپ ئىجادىيەت يولىنى كېڭەيتىپ كەلگەن شائىر. ئۇ 30 ـ يىللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاساس سالغان چاچما شېئىر شەكلىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى، ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن باي ئەنئەنە ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە داستانچىلىقنى بۈگۈنكى زاماندا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. دەۋر روھىغا باي، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان كۆپلىگەن داستانلىرى ئارقىلىق كىتابخانلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاددىيچانلىقلىقى، شەكلىنىڭ ئەركىن ـ چاققانلىقى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئامماباب ـ چۈشىنىشلىكلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەم كۆپ، ھەم ياخشى شېئىرلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر پوئېزىيىمىزدە ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتتى ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ يەنە بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى داۋامىدا «قېلىن قاردىكى ناخشا»، «تىيانشان ناخشىسى»، «ۋاپا ۋە مەردلىك»، «ئىلى پەرزەتلىرى»، «قىزىل يۇلغۇن»، «تۇلپار مىنگەن پالۋان» قاتارلىق 20 پارچىگە يېقىن داستانىنى ئېلان قىلدى.[1]

داستانچىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مول مىراس، باي ئەنئەنىگە ئىگە بىر ساھەدۇر. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇنلىغان شائىرلار داستان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى قالدۇرغان. ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇن شائىرلار كلاسسىك داستانچىلىقنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار تەسىرلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ يېڭى سەۋىيە ياراتتى. مۇھەممەتجان سادىق دەل بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا ئىزچىل ھالدا داستانچىلىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ۋە بۇ ساھەدە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن شائىردۇر. ئۇنىڭ داستانلىرى ئىچىدە خېلى كۆپ قىسمى تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، شائىر ئۆزىگە تونۇش بولغان يېقىنقى دەۋر ئىلى تارىخىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان. شائىر «ۋاپا ۋە مەردلىك» ناملىق داستانىدا ئىلى تارىخىنىڭ ئۆتكەن ئەسىردىكى داۋالغۇش دەۋرىنى بىر بەدىئىي كارتىنا ئىچىگە يىغىنچاقلاپ، ئەركىنلىك، تەڭلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەشكەن باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋاپا ۋە مەردلىك بىلەن چاقناپ تۇرغان بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتتى.

سادىر پالۋان تېمىسى بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇن ئەدىبلىرىمىز جىددىي

---

① مۇھەممەتجان سادىق: «شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «تارىم» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان.

ئىزدىنىۋاتقان تارىخىي تىمىدۇر. شائىر مۇھەممەتجان سادىق گەرچە بۇ داستاننى سادىر پالۋاننىڭ باتۇرانە كۈرەش پائالىيەتلىرىنى تەپسىلىي ئېچىپ بېرىشكە قاراتمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بۇ تارىخىي رېئاللىقنى يورۇتۇشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باستى دېيىشكە بولىدۇ. داستاندا مەركەزلىك ھالدا تەسۋىرلەنگىنى جاسارەتلىك ئايال قەھرىمان مودەننىڭ ئوبرازى بولدى. شائىر «قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدا ۋاپادارلىقنىڭ نۇرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەدىئىي ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن بولسا، بۇ داستاندا مىللەتنىڭ ئەركىنلىك - ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكەن ئايال قەھرىماننىڭ پارلاق ئوبرازىنى ھايات - ماماتلىق جىددىي ئېلىشىش سىناقلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەردى. شۇ ئارقىلىق سادىرنىڭ مەردۇ مەردانىلىكلىرىنىڭ يىلتىزى مودەنخان ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ۋاپا، مەردلىك ۋە ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت شېئىرىي پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:

مودەنخان قۇتقۇزۇپ قالمىدى پەقەت،
سادىرنى،
قۇتقۇزۇپ قالدى ئەل - يۇرتنى.
قۇتقۇزۇپ قالدى ئۇ پۈتۈن ۋادىغا،
قازانچى غولىدىن يېقىلار ئوتنى.
مودەننى شۇنچىلىك مەردلىككە،
باشلىغان كۈچ بىلسەڭ،
ئوخشاش ھەمدەردلىك
سادىرنى ئۆستۈرگەن قىساس تۇپرىقى
مودەنگە بەرگەن ھەم ۋاپا - مەردلىك.

چوڭقۇر تارىخىي مەزمۇن ۋە گۈزەل تىل سەنئىتى بىلەن بېزەلگەن بۇ داستان شائىرنىڭ تېخىمۇ چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي رومانى «ئىلى پەرزەنتلىرى» نىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ تەييارلىقى ۋە بەدىئىي چېنىقىش باسقۇچى بولدى.

شائىر «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومانىنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا باش قەھرىمان دانىيارنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە دەستىدىن چەككەن جەبىر - جاپالىرى، بوز يەر ئېچىش جەريانىدىكى مۇشەققەتلىك ئەمگەكلىرى، شەخسىي قارشىلىق كۆرسىتىشتىن تەرەققىي قىلىپ بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قەدەم قويۇپ، ئويغىنىۋاتقان دېھقانلار چىنلىقتا ئۇيغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىراق، دانىيارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى چەكلىمىگە ئىگە بولغاچقا، ئاخىرىدا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. شائىر مانا مۇشۇ خىل تارىخىي چەكلىمىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پېرسوناژلارنىڭ جانلىق ھەرىكىتىگە كۆچۈرۈپ، چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. دانىيار باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى يەرلىك بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ تايانچى بولغان شەنگەنلەرنى دىر ـ دىر تىترىتىپ، بىر مۇنچە غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا خەلقنىڭ قەلبىدە ئاچچىق ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ مەغلۇپ بولىدۇ. دانىيارمۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى مەلۇم مۇددەت جىمجىتلىققا چۆكىدۇ. كۈرەش مەغلۇبىيىتىنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ۋە قىساسى ئالدىنقى ئەجدادلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئويغانغان كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈرەشنىڭ يېڭى مۇساپىسىگە باشلاپ كىرىدۇ.

روماندىكى چوڭقۇر مەزمۇن، كەڭ سەھىپە ئىچىدىكى كۈرەش تەسۋىرلىرى ۋە جەڭگىۋار كەيپىيات كىتابخاننى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز قوينىغا تارتىپ كۈچلۈك تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن شائىر كەينى ـ كەينىدىن رېئاللىق بىلەن فانتازىيە بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن 20 گە يېقىن داستاننى يېزىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىچە يېزىلغان ئىلمىي فانتازىيىلىك داستان «تۇلپارغا مىنگەن پالۋان» ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

شائىر بۇ داستاندا ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىنىڭ سىرىنى ئېچىش يولىدىكى تارىخىي مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى غايىۋى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىگە كۆچۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى بويسۇندۇرۇش، ئېچىش جەھەتتىكى ئۇلۇغ غايىسى رېئاللىققا ئايلانغان؛ ئىنسانىيەتكە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئۇرۇش، جېدەل، يادرو قوراللىرى ۋەھىمىسى، ئادالەتسىزلىك، زوراۋانلىق، تەڭسىزلىك ۋە نامراتلىق بولمىغان يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بىر غايىۋى جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىدۇ.

داستاندا، مەركەزلىك ھالدا تەسۋىرلەنگىنى يۈرەك راكىغا گىرىپتار بولغان مەشۇقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇچار تۇلپارغا مىنىپ، تىلسىملىق سەييارىلەر ئارا سەپەر قىلغان ئۇيغۇر يىگىتى كۈنتۇغدىنىڭ شاھانە ئوبرازى بولدى. كۈنتۇغدى تىلسىملىق مۇئەللەقتە ئۆزىنىڭ سېھىرلىك سەپىرىنى باشلاپ، ئاي شارى، مارس ۋە سامانيولى سىستېمىسىدىكى گۈل شارىغا يېتىپ بارىدۇ ۋە راك كېسىلىنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىنى تاپقان كۆل بىلگە ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز قىزى ھۆرئاي بىلەن ئۇچرىشىپ، دوختۇر ۋە دورىلارنى ئېلىپ كېلىپ، گۈزەل يارى ئايتولدىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. جۈملىدىن يەر شارىدا تۇنجى قېتىم ئىنسانىيەتنىڭ راك كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ ۋە مىسلىسىز زور زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. قويۇق ئىلمىي فانتازىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ داستان سۇژېتىنىڭ قىزىقارلىقى، لىرىك كەيپىياتىنىڭ قايناقلىقى، تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاجايىپ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ.

## 2. «غۇرۇر» ناملىق شېئىرى

مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ يىرىم ئەسىرلىك ئەدەبىي ھاياتىدا گەرچە ھەرقايسى ژانىرلاردا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ ھەر قايسى تۈر ـ شەكىللىرىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر بوگۇنكى دەۋر شېئىرىيىتىنى رەڭدارلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە ئورنىنى بەلگىلىگىنى يەنىلا چاچما شېئىر ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«غۇرۇر» ئۇنىڭ چاچما شېئىر ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچىدا 2000 ـ يىلى فېۋرالدا يېزىلغان. بۇ شېئىر شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى تاكامۇللىقىنىڭ، ھاياتتىكى دانىشمەنلىكىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنى، ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىسىنى، ئىجادىيەت ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىنى رەڭدار بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ۋە ئۆزگىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلىگەن.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئىنساننى غۇرۇر بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، غۇرۇرنى ئادەمنىڭ ئادەمىيلىكىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بەلگىسى، ئادەمگە ھاياتىي كۈچ ۋە باتۇرلۇق بەخش ئېتىدىغان مۇقەددەس نەرسە دەپ قارىغان ۋە بۇ قاراشلىرىنى مۇنۇ مىسرالىرىدا ئىپادىلىگەن:

بولمىسا ئادەمدە
　　غۇرۇر دېگەن،
تاشلايتتىمۇ مەردانە ئاياغ
ئىشلەپ يەيدىغان قۇياشلىق ئالەمگە
ئىشلىمەي يەيدىغان بېھىشتىن.
مىننەتلىك تاماق
　　ئادەمگە نومۇس،
ئۆزەڭ تىككەن كۆچەتتىكى
　　سارىمۇ ئالمىمۇ
يۇرىكىڭگە قەنت
باشقىلار بەرگەن شېرىن يېمىشتىن. . .

شائىر بۇ شېئىرىدا يەنە غۇرۇرنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، غۇرۇرغا ئادەمنىڭ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى قەدىرلەش روھى ۋە شۇنداقلا باشقىلارغا مېھىر ـ شەپقەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت يەتكۈزىدىغان بىر خىل ھىممەت دەپ تەبىر بېرىدۇ ۋە بۇ تەبىرنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

... ... ... ... ... ئالەمگە ناخشا بولاتتىڭ،
داستان بولاتتىڭ.
چەيلىمەيلا ياشىيالىساڭ
جان ـ جىگەرىم
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى
ئۆزۈڭنىڭ پۇتلىرىدا.
سەن ئۆزۈڭنى قەدىرلىمىسەڭ
قەدىرلەمدۇ باشقىلار؟!
ئاي بول، يورۇيدۇ كېچە،
كۈن بول، يورۇيدۇ كۈندۈز
... ... ... ...

شائىر غۇرۇر ھەققىدىكى قاراشلىرى، مۇھاكىمىسىنى ھەر خىل بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغاندىن كېيىن، شېئىرنىڭ كېيىنكى مىسرالىرىدا غۇرۇر — ھايات ئۇچۇن كۈرەش قىلىشتىكى بىر خىل كۈچ، سەن شۇ كۈچنىڭ قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرالىساڭلا ھەقىقىي ئادەمدەك بەخت ـ باياشاتلىقلار ئىچىدە ئۆز قىممىتىڭنى جارى قىلدۇرۇپ ياشىيالايسەن، دېگەن قارشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:

ئۆزگىگە ئەمەس،
ئۆزۈڭنىڭ ئەقلى،
قول ـ پۇتلىرىڭغا
تايانساڭلا
سەنمۇ جان ـ جىگەرىم ياشىيالايسەن
ئايۋان ـ سارايلاردا.
كېلىدۇ سۇلايمان خەزىنىسى ساڭا
ئۆز تەرىڭدىن،
خىزىرنىڭ شەپقىتى،
ۋە ياكى ئۆزگىنىڭ رەھمىدىن ئەمەس.
بولىدۇ قولۇڭدا ئۆز ئەركىڭ،
ئۆز ھوقۇقۇڭ.
سەنمۇ بىر ئادەمدەك
ئۆز بۇرنۇڭ بىلەن
ئالساڭ نەپەس.

شائىر شېئىرىنىڭ ئەمدىكى بۆلىكىدە تارىخقا نەزەر سېلىپ، خەلقىمىزنىڭ غۇرۇر بىلەن مەردانە ياشاپ، شانلىق ئىنسانىي پەزىلەت تارىخىنى يارىتىپ، «توققۇز ئوغۇلنىڭ بىرى، ئوتتۇز قىزنىڭ بىرى بولۇپ» ياشاپ كەلگەنلىكتەك سەلتەنەتلىرىنى ئەسلەپ، شېئىرنى چوڭقۇر مىللىي ئەنئەنە ئاساسىغا ئىگە قىلغان.

شائىر شېئىرىنىڭ خاتىمىسىدە لىرىك چېكىنمە ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىپ، غۇرۇر شائىرلىقنىڭمۇ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇڭا غۇرۇر بىلەن ياشا، غۇرۇر بىلەن ياز، دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

غۇرۇرسىز ئادەم،
ئىلىكسىز سۆڭەك،
ئىسمى بار، جىسمى يوق،
توختام سۇ
سىڭىپ تۈگەيدىغان ئاز كۈندىلا.
سەنمۇ ياخشى ئاتىلىسەن
جان ـ جىگىرىم،
ئەل ئىچىدە ھۆرمەتلىنىپ
ئۆز يۇرتىڭ،
ئۆز ئاغزىڭ بىلەن
كۈيلىگەن كۈيدىلا.

مۇھەممەتجان سادىقنىڭ بۇ شېئىرى شائىرنىڭ ئىنسان ۋە ھايات ھەققىدىكى ماھىيەتلىك ئىزدىنىشى ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمىسىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، يالغۇز شائىر ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مۇھەممەتجان سادىق ئىجادىيىتىنى باشلىغاندىن تارتىپلا ئەسەرلىرىدە تەبىئەتنى تەسۋىرلەشنى، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىپ كەلگەنىدى، كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە ئىجادىيىتىدە ماھىيەتلىك بۇرۇلۇش ياساپ مانا مۇشۇنداق ئىنسان، ھايات ھەققىدە ئىزدىنىپ، ھايات تەجرىبىلىرى، پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر ئىپادىلەنگەن شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدى. مۇھەممەتجان سادىق ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق يۈكسىلىش ئەمەلىيەتتە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە نىسبەتەن ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان يۈكسىلىش بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى نەرسىلەرنى يېزىشتىن ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىچكىرىلىگەنلىكىنىڭ، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى ھاياجانلىق ئىپادىلەشتىن ھاياتنى پەلسەپىۋى نەزەر بىلەن كۆزىتىشكە باشلىغانلىقىنىڭ، پىكىرنى ئۇدۇل، يالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، ئەلۋەتتە.

## 6 § . بوغدا ئابدۇللا

بوغدا ئابدۇللا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، شۇنداقلا شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىدىكى خاسلىقى ۋە

مۇۋەپپەقىيىتى ئومۇمىي ئېتىراپقا ۋە يۇقىرى باھالارغا ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە لىرىكىنىڭ ئورنىنى، تەسىرىنى ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈردى. ئىجادىيەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، تېخىمۇ ماھىيەتلىك تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، بەدىئىي ئىپادىلەش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلغان يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇ «يەلكەن»، «چۈش كۆرىدۇ بىر تۈپ ئانارگۈل»، «قىز قەلئەسى»، «سالغا تېشى» قاتارلىق توپلاملىرىدىكى بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر لىرىكىلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان بولسا، «سالغا تېشى» ناملىق داستانى بىلەن شېئىرىيەت ساھەسىدە يېڭى بىر يول ئاچتى ۋە ناھايىتى چوڭ داغدۇغا قوزغىدى. ئۇ يەنە شېئىرىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە بىر يۈرۈش ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت قارىشىنى بايان قىلدى، بۇ قاراشلار پۈتۈن شېئىرىيەت ساھەسىگىمۇ ناھايىتى ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

بوغدا ئابدۇللا 1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لەنجۇ شەھىرىدە ئۇيغۇر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ، 1960 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1960 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ پروفېسسورى.

بوغدا ئابدۇللا 1954 ـ يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. ئەشۇ يىللاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئۇ ئاساسەن بالىلار شېئىرلىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدىكى تونۇلغان شائىرلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ 60 ـ يىللاردا يېزىلغان «چۆغلۈق بالىلادىسى» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئۆزگىچە تالانتىنى نامايان قىلىپ، ئۇنى شېئىرىيەت ساھەسىدە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن بوغدا ئابدۇللانىڭ ئىجادىيىتىمۇ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ــ گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى. 80 ـ، 90 ـ يىللار ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ھوسۇللۇق ۋە نەتىجىلىك مەزگىلى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ

ئىجادىيەت تەجرىبىسى ھەققىدە توختالغاندا، «. . . دەۋرنىڭ رىتىمىگە ئەگىشىپ شېئىرنىڭ رىتىمىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك، بىز پىكىرنى ئەركىن، تولۇق ئىپادىلىگىلى بولىدىغان يېڭى شېئىرىي شەكىللەرنى دادىللىق بىلەن ئىجاد قىلىشىمىز كېرەك» دېگەنىدى. بۇنداق يېڭىلىق يارىتىش، ئىزدىنىش روھىنى ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە ئىپادىلىدى. بۇ يىللاردا تەبىئەت، ئادەم، ھاياتلىق ھەققىدە چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن «ئانىجان، ئانىجان ياشىغىن ئۇزاق»، «ئانا»، «تۇرپان قەسىدىسى»، «گۈل ۋە مۇقامچى»، «چۈش كۆرىدۇ بىر تۈپ ئانار گۈل»، «قاغا ھەققىدە رىۋايەت»، «ئەقىدە»، «ئاققۇ ھەققىدە رىۋايەت»، «ئۆركىشىگىنى بەرگىن تۆگىلەر»، «شېئىرىيەت ئىلاھى»، «ياز يامغۇرى»، «بىر رىۋايەت»، «قىز قەلئەسى»، «مۇقام» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل لىرىكىلارنى يازدى. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگىنى، ئىپادىلەنگىنى شېئىرىي قىممەتكە باي يېڭىچە پىكىر- ئىدىيىلەر بولۇپ، شائىرنىڭ تەبىئەتتىكى، تۇرمۇشتىكى ئاددىي كۆرۈنۈشلەردىن شۇنداق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى تېپىپ چىقىشى ۋە ئۇنى ئىخچام ھەجىم، ئوبرازلىق تىل، يېڭىچە ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىشى ھەرقانداق بىر كىتابخاننى قايىل قىلماي قالمايدۇ. ئۇ تەبىئەتنى شېئىرىي نەزەر بىلەن كۆزىتىدۇ، ھەممىلا نەرسىدىن شېئىر ئىزدەيدۇ، شېئىر پىكرنى، ئىلھامنى تەبىئەتتىن ئالىدۇ، شۇڭا ئۇ شېئىرلىرىدا ئانا تەبىئەتنى كۈيلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئەشۇ تەبىئەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ يەنە ئادەم ھەققىدە، ھاياتلىق ھەققىدە ئىزدىنىدۇ، شېئىرنى ئادەم ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى دەپ قارايدۇ. شۇڭا شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋى قاراشلارنى، ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يازىدۇ. ئۇ كىتابخاننىڭ ئەقلىگە ئىشىنىدۇ، كىتابخان بىلەن مۇڭدىشىپ ئۇنىڭغا ئاجايىپ پىكىرلەردىن، ھاياجانلىق تۇيغۇلاردىن ئۇچۇر بېرىدۇ، ئەمما نەسىھەت قىلمايدۇ.

بولۇپمۇ 90 ـ يىللاردىن باشلاپ شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە ماھىيەتلىك يۈكسىلىشلەر بولدى. شائىر بۇ يىللاردا خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىگە، خەلقنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجادىيىتىگە يېڭىدىن ـ يېڭى تېمىلارنى ئېلىپ كىردى. ئۇ خەلق ئەدەبىياتىدىن كۆپلەپ ئوزۇق ئالغان بولغاچقا، شېئىرلىرىدىن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ كېلىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نوقۇل ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەمەس. ئۇ خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ، خەلق رىۋايەتلىرى ئىزىدىن مېڭىپ، «قاغا ھەققىدە رىۋايەت»، «ئەنبەر ھەققىدە رىۋايەت»، «سۇندۇك ھەققىدە رىۋايەت»، «قۇيۇن ھەققىدە رىۋايەت»، «ئاققۇ ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھازىرقى دەۋر رىۋايەتلىرىنى يارىتىپ، بۇ رىۋايەتلەر ئارقىلىق يېڭىچە پىكىرلەرنى ئىپادىلىدى، شۇنداقلا بۈگۈنكى زاماندىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزگە يېڭىچە بىر ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ
قۇلىقى تۈۋىدىن قومۇشلار كۆكلەپ،
يېتىپ كېتىپتىكەن يەرنىڭ ئۈستىدە
قەدىمكى بىر ئادەملەر
ياشاۋېرىپ ئەسىرمۇ ئەسىر،
بىلمەس ئىكەندۇق ئۆلۈمنى ھېچبىر.
تەڭرى ئويلاپ ئۆلۈمنى توغىرلاپ،
سالغىنىدا كالىغا دەسلەپ،
ئېتىۋېتىپ ئۇنىڭ تەمىنى
جىم تۇرغىلى ئۇنىماپتۇ مۆرەپ.
بولمىغۇدەك بۇ چارە دەپ،
ئادەمگە سالغانمىش ئىككىنچىلەپ،
قاراپ باقسا،
بىرى ئۆلسە بىرى ھازا ئاچقۇدەك،
بىراۋلار توي تارتىپ ئويناۋاتقۇدەك.
بۇنى كۆرۈپ تىنىپتۇ كۆڭلى،
شۇندىن بۇيان،
كېلەرمىش پەلەك شۇنداق چۆرگىلەپ.

شېئىردا يېزىلغىنى گەرچە ئۆلۈم ھەققىدىكى بىر رىۋايەت بولسىمۇ، ئەمما شائىر مۇشۇ رىۋايەت ئارقىلىق ئادەم ھەققىدە، ئادەملەرنىڭ مىجەز ــ خاراكتېرى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئىپادىلىگەن. شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق خاھىش ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ناھايىتى چوڭقۇر مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ۋە كۆپ تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە قىلدى. شائىر ئىجادىيىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى «تارىم»، «كروراندا قايتىش» قاتارلىق شېئىرلىرىدا، جۈملىدىن «سالغا تېشى» ناملىق شېئىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

بوغدا ئابدۇللا ئىجادىيىتى روشەن خاسلىق ۋە ئۇسلۇبقا، شېئىرلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

1. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا شائىر، كىتابخان ۋە تۇرمۇشنىڭ ئارىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەت ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى تۇرمۇش ئوبيېكتى بىلەن بىرلىشىپ ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلانغان، بۇ بىر گەۋدە سەنئەت يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن جانلانغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇ ياراتقان شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە

كىرىپ قالغاندەك، ئۇ ياراتقان شېئىرىي ئوبرازلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىشىپ كىرگەندەك سېزىمىز. ئۇ ھېسداشلىق قىلغان نەرسىلەرگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، ئۇ نەپرەتلەنگەن نەرسىلەرگە نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز.

بىزگە مەلۇم، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ پسىخىك دۇنياسىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تۇرمۇش يوسۇنلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ـ ئىگىلىمىگەنلىكىدە ھەم ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. تۇرمۇشنى، ئادەمنى كۆزىتىش ۋە چۈشىنىشتە، ئۆز تەسىراتلىرىنى تاۋلاپ ئۇنى بەدىئىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشتا يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىستېداتى نامايان قىلىنىدۇ. بىز بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق كۆزىتىپ باقايلى:

توقسانغا ئۇلاشتى،
كۆزى خىرەلەشتى،
تونۇمايدۇ گاھىدا سېنى،
سېنى چاقىرماقچى بولۇپ،
چاقىرىدۇ باشقا بىرىنى
باشقا بىرىنى چاقىرغاندەك
... ... ... ...
ماڭلىيىغا ئىز سېلىپ
ئۆتۈپ كەتتى سۇدەك
... ... ... ...
تېتىكلىكى يوق بۇرۇنقىدەك
... ... ... ...
سەن كەلمىسەڭ بىر كۈنى
كۆڭلى يېرىم بولار،
كۆزىگە ياش ئالار،
كىچىك بالىدەك.

(«ئانا» شېئىرىدىن)

دېرىزەمنى چېكىپ ئانجان،
— ئۇخلا دەيسەن كېچىدە نەچچە،
ماقۇل دەيمەن،
ئىشقا بەند بولۇپ،
كۆز يۇممايمەن، لېكىن تاڭغىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(«كايىما ئانا» شېئىرىدىن)

قىز كېلىدۇ ئارقا كوچىدىن،
ئارقىسىدىن كېلەر يىگىتى.
ئارىلىقتا پەقەت ئۈچ مېتىر،
تەڭ ماڭغىلى يوق ھېچ جۈرئىتى.
... ... ... ...
لېكىن ئەسلى ئىككى يۈرەكتە —
يىراقلىق يوق بىر مىللىمېتىر.
(«ئۈچ مېتىر» شېئىرىدىن)

گاھ روشەن، گاھ خىرە سۈرەتلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن ئىنسانىي ھېسسىيات، يۈرەكنى جىغىلداتقۇدەك تەسىرلىك ئوبراز ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىپ، ئۇلارنى ھېسسىيات دولقۇنلىرىدا ئاققۇزىدۇ، ئېستېتىك لەززەت ئىچىدە مەست قىلىدۇ، ئىپادىلەنگەن مىللىي خاراكتېر ۋە ھايات پەلسەپىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. يەنى ئوقۇرمەنلەرمۇ ئىختىيارسىزلا قايتا ئىجادىيەتكە كىرىشىدۇ. بۇ جەھەتتە شائىر بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان «مەن» نى كىتابخانلار بىلەن شېئىرنى، شېئىر بىلەن رېئاللىقنى چېتىپ تۇرغان ئالتۇن يىپ، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەقىدە، جان ئەقىدە!
نەلەردىسەن؟!
گۆركىرىگەن بۇلۇتنىڭ كەينىدىمۇ سەن،
توغراقلارنىڭ ئاستىدىمۇ سەن.
سېنى تاپايمۇ قۇمدىن،
ئالتۇن ئەمەسسەن!
سېنى تاپايمۇ سۇدىن!
بېلىق ئەمەسسەن!
ھوي ... ئەقىدە!
ئۇپۇقتىن ياندى بىر ئەكس سادا.
(«ئەقىدە» دىن)

شائىر بۇنداق مىسرالىرىدا كىتابخانلارنى غۇۋا بولغان بىر شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. بۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇغان ئادەم ئاپتور بىلەن بىللە بەدىئىي تەپەككۇر قىلىپ، ئاپتورنىڭ كىتابخانلارغا يېزىشقا قالدۇرغان بوشلۇقىنى تولدۇرىدۇ. بۇ جەرياندا

كىتابخانىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلار كۆز ئالدىدا جانلىنىپ مىسرالار تېخىمۇ تاكامۇللىشىدۇ. بۇنداق يازغاندا شېئىرنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى ئاشۇرغىلى، كىتابخانىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى جانلاندۇرغىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاپتورمۇ ئۆزى يەتمەكچى بولغان ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا يېتەلەيدۇ.

بىزگە مەلۇم، بىر پارچە شېئىرىي ئەسەرنىڭ تەركىبىدىكى ماۋزۇ، ئۇزۇن ـ قىسقا مىسرالار، تىل ۋە سۆزلىنىۋاتقان تەپسىلات قاتارلىقلار شېئىرنىڭ تېخى جان كىرمىگەن ھالىتى، ئەگەر شېئىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ ئۇلارنى قايتا ئىجادىيەتكە جەلپ قىلالىسا، يۇقىرىقى ئۆلۈك ھالەت جانلىنىدۇ. شېئىرنىڭ ئىجادىيىتى دەل مۇشۇ چاغدىلا تاماملانغان بولىدۇ. بوغدا ئابدۇللانىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئاشۇ كونكرېت ئەسەرنىڭ ئاپتورى قاتارىغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالىدۇ. مۇشۇ نۇقتىغا قارىتا ئېيتقاندا، بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئۇستىلىق بىلەن شېئىرنىڭ يەنە بىر يوشۇرۇن ئاپتورىغا ئايلاندۇرالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

1

بۇ يەرلىكلەر
ھەتتا ئانار دانىسىچىلىك
چوغنى ساقلايدۇ.
ئۇشقۇرتقاندا قىش شامالىرى
تۈن نىسپىدە كۆمۈپ قويىدۇ.
سۇبھى تاڭ تېشىلگەندە
قىزارتىپ ئاتەشنى يالقۇنجىتىدۇ.

2

قوشنا قىزلارنىڭ
ئىشىك چەككىنى
چوغ سورىغىنى

3

ھە راست
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولماس.
(«چوغ» دىن)

بۇ شېئىر ھېلىقىدەك سەۋەب ـ نەتىجىلىك مېخانىك مۇناسىۋەتتىكى، يالتىراق پوستلۇق، كونا پىكىرلىك شېئىرلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شېئىرىي مۇھەببەت ئىختىيارسىز تەسەۋۋۇرىمىزنى قاناتلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپتىلا بىزگە ئۇچرىغان «چوغ»، «كىشىلەر»، «قىش شامىلى»، «تون»، «سۇبھى»، «قىز» دېگەندەك ئوبرازلار بىردىنلا ئۆزلىرىنىڭ تار لىرىكىلىق مەنىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى مەنىلەرنى تۇغىدۇ. ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىغا يېپيېڭى بىر شېئىرىي دۇنيا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەننىڭ مەنىۋى تەلپى ھەل بولغاندەك، پۇخادىن چىققاندەك بولىدۇ. بۇ چاغدا شائىرمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ.

2. بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى ئۇسلۇب، شەكىل ۋە باشقا نۇرغۇن تەرەپلەردىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلانغان.

دەرۋەقە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ سۈت ئانىسى، ھەرقانداق بىر شائىر، يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئەنە شۇ ئانا زېمىندىن ئۈنۈپ چىققان بىر تال گۈل. بىراق، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەسەرلىرىنى بۇ مەنبەگە ئۇنداق چەمبەرچاس، ئۇنداق يېقىن ۋە ئۇنداق ئىنىق باغلىغان شائىر ياكى يازغۇچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بوغدا ئابدۇللا شېئىر ئىجادىيىتىدە مانا مۇشۇنداق قىلالىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ئەقىللىق كىتابخان دەرھاللا بۇ ئالاھىدىلىكنى ئوچۇق كۆرەلەيدۇ. بولۇپمۇ «يېتىم قىز ھەققىدە چۆچەك»، «سايرام رىۋايىتى»، «گۈل داستىخان»، «ئاققۇ باشلىق قوبۇز»، «ئاققۇ ھەققىدە رىۋايەت»، «تۇرنا ھەققىدە رىۋايەت»، «قاغا ھەققىدە رىۋايەت»، «قىز قەلئەسى» قاتارلىق شېئىر، داستانلىرىنىڭ باي ۋە رەڭگارەڭ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئالغانلىقىنى، ئۇلارنى ئۆرنەك قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن
ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن،

... ... ... ...

(«يېتىم قىز ھەققىدە چۆچەك»)

... ... ... ...
بالا بولسا شوخ بولسا
شوخ بولمىسا يوق بولسا،
... ... ... ...

(«شوخ بالىلارغا» دىن)

... ... ... ...

9 ئاي

9 كۈن

9 سائەت

9 دەقىقە

... ... ... ...

(«ئانا» دىن)

ھەسسەم بارغۇ ھەسسەم بار،
دېڭىزدىمۇ ھەسسەم بار.
يەتكەن ئاڭا ئايىغىم،
دولقۇنلانغان مايىقىم.
(«چاشقان شۇنداق دەيدىكەن» دىن)

... ... ... ...
سادىرنىڭ ئۆيلىرى نەدىدۇر؟
ئىچكەن سۇلىرى قايسىدۇر؟
ماڭغان يوللىرى شۇمىدۇر؟
(«ئىلى سېكىللىرى» دىن)

بىز يۇقىرىقى مىساللاردىن گۇپۇلدەپ تۇرغان مىللىي روھ، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەڭگىل، روشەن ئۇسلۇبنى ئېنىق ھېس قىلىمىز. بۇ شېئىرلاردىكى بەزى شېئىرىي ئوبرازلار، شېئىرىي پىكىرلەر، شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەتتا تەكرارلانغان مۇقەددەس سانلارمۇ ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يىلتىزداش.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن بولغان يىلتىزداشلىق مۇناسىۋەت يەنە شېئىرلارنىڭ مۇزىكىدارلىقى (ئاھاڭدارلىقى) دىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى مەيلى ئەركىن شەكىلدە، مەيلى بارماق ۋەزنىدە يېزىلغانلىرى بولسۇن ياكى ئارۇز ۋەزنىدىكىلىرى بولسۇن خەلق قوشاقلىرى ئۆرنەك قىلىنغان بولغاچقا، شېئىرىي مىسرالار خۇددى مۇزىكا ئۇدارلىرىدەك رەتلىك ۋە قانۇنىيەتلىك تىزىلغان بولۇپ، كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئېرىشكەن. بوغدا ئابدۇللانىڭ ئېستېتىك ئېڭى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاددىي تىلى، پەردازسىز شەكلى، ئاددىيلىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتقان مەنە ۋە شەكىل گۈزەللىكىنى تولۇقى بىلەن تونۇپ يېتەلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ شېئىرلىرىدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق ۋەزخانلىقتىن، سەپسەتىۋازلىقتىن، ئۇقۇملاشقان ئىبارە ۋە شوئارۋازلىقتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، چوڭقۇر مەزمۇن ۋە كۈچلۈك پىكىرلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممىشە ئاددىي شەكىل، جانلىق ۋە چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

— زېمىن تىترىشىڭ نېمىدىن
— يېتىمنىڭ كۆز يېشىدىن.

(«پارچە» دىن)

ئىنسانغا تىنچلىق بولار نەدە؟
بىرى بۆشۈكتە،
بىرى قەبرىدە!

(«پارچە» دىن)

كۆز ئىككى بولار،
ئالەمنى كۆرەر ھەر ئىككىسى،
بىراق،
كۆرەلمەس مەڭگۈ،
بىرنى بىرى،
شۈكلاشقا خۇدا،
نەق ئوتتۇرىسىغا
يارىتىپتىكەن توساق تام — قاڭشا!

(«كۆز» دىن)

كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ مىسرالارغا شائىرنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر دۇردانىلىرى سىڭگەن. ئۇنىڭدا يېزىلغانلىرى يەنىلا شۇ دۇنيا، يەنىلا مۇشۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى، سىرلىرى، بىراق بۇ ئاددىي ھەم قىسقا ھەجىملىك لىرىكىلار ھاسىل بولغان چوڭقۇر شېئىرىي مۇھىت، پەلسەپىۋى ھېكمەتلەر ئارقىلىق زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان.

3. بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك، مەزمۇنغا باي.

بىزگە مەلۇم، بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى كۆپرەك باللار تېمىسىدا، ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىسىدا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېمىلىرىدا يېزىلغان. تېخىمۇ ئىنچكىرىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق، بىر خىل تېما دائىرىسىنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇنلىغان تېما تۈرلىرىنى ئۇچرىتىمىز. پەقەت ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىسىنىلا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئانا مۇھەببىتى، ۋەتەن مۇھەببىتى، دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ئىشق - مۇھەببەت، تەبىئەت مۇھەببىتى قاتارلىق تېمىلارنى كۆرىمىز. بۇ تېما تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى

بۇگۈنكى شېئىرىيىتىمىزگە يېتىشلىق بولالمايدۇ. چۈنكى، ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى خەلق ئەسەرلەردە، كلاسسىكلاردا بۇ تېمىلار تولا يېزىلغان، تولا تەكرارلانغان. بىراق، بوغدا ئابدۇللا ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك تېمىلارغا هاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەچكە، ئۇنىڭ شېئىرلىرى يەنىلا يېڭى بولۇپ تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن، «ئانا»، «كايىما ئانا»، «ئانىجان، ئانىجان ياشىغىن ئۇزاق» قاتارلىقلار مۇشۇنداق شېئىرلاردىندۇر. ئۇلاردىكى ئانىنىڭ ئوبرازى تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچى بىلەن ئانا بارلىق هاياتلىقنىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ مەنبەسى دېگەن مەنە يۈكسەكلىكىگە، سىمۋوللۇق كەڭلىككە ئىگە بولغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بوغدا ئابدۇللا ئۆز ئىجادىيىتىدە شېئىرنىڭ شەكلەن هالىتىگە ئېسىلىۋېلىپ هەممە گەپنى ئۆزى دەيدىغان، هەممە گەپنى خۇددى كىچىك باللارغا ۋە چالا ساۋات ئادەملەرگە چۈشەندۈرۈپ ئېيتىۋاتقاندەك قاتمال ئەندىزىلەرنى بۆسۈپ تاشلىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ روشەن ئۇسلۇبقا ئىگە ئىجادىي شېئىرلىرى كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇلارنى يېڭى بىر ئېستېتىك ساهەلگە باشلاپ كىردى. روشەنكى، ئۇنىڭ بۇ ئىزدىنىشلىرى كىتابخانلارنى ئېستېتىك تەربىيىگە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك هەسسە قوشتى.

## 2. «سالغا تېشى» ناملىق شېئىرى

«سالغا تېشى» بوغدا ئابدۇللا ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ مۇهىم ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلارنىڭ بىرى. بۇ شېئىردا شائىر يېڭىچە بىر خىل كۆزىتىش نۇقتىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئىپادىلەش سەنئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ، تەكلىماكان ئەترابلىرىنى، تارىم ۋادىسىنى ماكان قىلىپ ياشىغان مىللىتىمىزنىڭ شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئۆتمۈشى بىلەن هازىرقى رېئاللىقى هەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاهىزىلىرىنى تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى، كۈچلۈك هاياجان ۋە جانلىق هېسسىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بوغدا ئابدۇللا تەكلىماكان ۋادىسى، تارىم بويلىرىدا بىر مەزگىل تۇردى. بۇ يەرلەردىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ناهايىتى روشەن بەلگىلىرى، ئەنئەنىۋى مىللىي ئېتىقادنىڭ هەر خىل شەكىللەردىكى ئىپادىلىرى، مىللىي تۇرمۇش شەكلىدىكى قەدىمىيلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ بىرلەشمىسى شۇنداقلا تەبىئىي مۇهىتتىكى قۇم بىلەن بوستانلىقنىڭ گىرەلەشمىسى شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا ناهايىتى كۈچلۈك بىر هاياجان قوزغىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر ئۆز ۋۇندىن بېرى مەپتۇن بولۇپ كېلىۋاتقان يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ پىكىرنى ئەركىن ئىپادىلەش، هېسسىياتنى ماس نەرسە ئارقىلىق ئىپادىلەش، سىمۋول ـ بېشارەتلەردىن پايدىلىنىشقا ئوخشاش ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى شائىرنىڭ تەكلىماكان هەققىدىكى بۇ سىمفونىيىسىنى ئىپادىلىشىگە پايدىلىق شارائىت

www.uyghurkitap.com

هازىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەسىر ئاخىرىسىدىكى چوڭ بىر نەتىجىسى .سۈپىتىدە :«سالغا تېشى» داستانى مەيدانغا چىقتى.

بۇ شېئىر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى شۇ يىلى بۇ شېئىر ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئوبزورچىلار ۋە شائىرلارنى مۇھاكىمىگە ئۇيۇشتۇرغان. ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر بۇ شېئىرغا يۇقىرى باھالارنى بېرىپ، ئۇنى ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش خاھىشىدىكى يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر، دەپ باھالاشقان.

«سالغا تېشى» ناملىق بۇ شېئىر يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن بىر مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ قىسمەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن تەكلىماكان ۋادىسىدىكى تۈرلۈك كۆرۈنۈشلەرگە دائىر ھېسسىي ئوبرازلار ۋە شائىرنىڭ كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتى سىمفونىيىلىك رىتىم بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، تەكلىماكاننىڭ ئۆزگىچە بىر شېئىرىي كارتىنىسى سۈرەتلەنگەن:

مۇقەددەس دەرەخكە چېگىلگەن لاتا،
ئارزۇ ـ ئۈمىدنىڭ بايراقچىسىدەك.
قوچقار مۈڭگۈزى شامالدا ئۆڭگەن،
ئەپسۇنسىز دۇنيانىڭ جاكارچىسىدەك.
قايتار ئادەملەر تۇغ ـ شادىغا،
روھ يۆيۈلۈپ تۇردۇ قۇملۇقتا.
سەبىيلىكتىن باشلىنار نەپەس،
گۈلخان ئايلانغاندەك ئالتۇنغا ئوتتا.
كېچە، قۇملۇقنىڭ قاراڭغۇسىدا،
كېلىدۇ ياۋايى جەڭلەردىن سادا.
بۇ ئەقىلدىن غەيرى كۆرۈنۈش،
كۆرسەتمە خۇدا!
ساينىڭ تېشىدەك قاقشال باش سۆڭەك،
مىڭ گەز كۆمۈلسىمۇ گۆھەر بولالماس.
بوراندا ئېچىلىپ كۆكلەيدۇ توپىدەك،
(بەلكى شۇ بەلكى ئەمەس ئاداۋەت قىساس!)
بىر ـ بىرىگە سوقۇلار دەھشەت،
ھۇۋلاشنىڭ ئىچىدە چاچرار ئۇستىخان.
بۇ يۇلتۇز ئەمەس ئاقىقان،

بۇ ئەمەس يەكمۇ يەك مەيدان.
بۇ تارىخنىڭ كۆلەڭگۈسىمۇ؟
بۇ ئىنكارنىڭ خۇلاسىسىمۇ؟
بۇ تۆرىلىشنىڭ جازاسىمۇ؟
بۇ غالىبىيەتنىڭ تەنتەنىسىمۇ؟
بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ مېۋىسىمۇ؟
ھەممە كۆمۈلىدىكەن تەبىئەتكە،
ھەممە سىڭىدىكەن تەبىئەتكە.
ياتلىشىپ، داۋاملىشىپ،
ئۇلىشىدىكەن ئەبەدىيەتكە.
بوران توختار، جىمىيدۇ ھەممە،
ئاق قۇملار لايلانماي پاكىز.
يۇلغۇننىڭ چۈشلىرىمۇ ئوڭ،
بۇلغىنىشنى بىلمەيدۇ ھەرگىز.
تەبىئىيلىك ماسلىققا چوپقەت،
بەلگىسىز ياتتاققا ياققاندەك شېكەر.
كەم - كۈتىسى يوق يا ئارتۇقى،
جۇلالانغان ياقۇتتەك بۇ يەر.
مۇڭگۈزلەرنى مەشئەل قىلغان يۇرت،
رىۋايەتلىرى بىر ئالتۇن ئاچقۇچ.
ساقلانغان چىشلارنىڭ ئاراشلىرىدا،
يېڭىلانغاندەك خېمىرتۇرۇچ.
تىڭشا زېمىننى قۇلاق يېقىپ،
بايقىلىدۇ داپ ئارا رېتىم.
ھالسىز ئەمەس، تۇلپار يورغىسى،
كەمتۇك ئەمەس، بىجىرىم.
ياۋايى تاش ئۆڭكۈرلەر ئۆچكەن،
كۆرۈنەر مىڭ ئۆيلەرنىڭ بويىقى ئارا.
كۆچەر ئاندىن كىيىكلەرنىڭ كۆزىگە،
نوھقا تۇتىشىدۇ بارا - بارا.
— («سالغا تېشى» دىن)

«سالغا تېشى» ناملىق «بۇ ئەسەرگە دەۋر نۇقتىسىــــدىن قارايدىغان بولساق، شائىرنىڭ دىققەت نەزەرى پاكلىق ۋە ئېتىقاد بىلەن سەلتەنەتلىك تۇس ئالغان قەدىمكى

دەۋرگە ئاغدۇرۇلغان. ماكان جەھەتتىن، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تەبىئىي كوللېكتىپلىق ئېڭى بويىچە تاللىۋېلىپ، قەدىمدىن بۇيان ياشاپ كەلگەن قۇم چۆللۈك ھەققىدە ئىزدەنگەن. كەڭلىك جەھەتتىن تەبىئەت بىلەن ئادەم ھەققىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن مەڭگۈلۈك ئەپسانە ئارقىلىق خەلقئاراغا يۈزلەنگەن. چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن مىللەتنىڭ ئىچىنى قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شېئىرىي تەپەككۇر ئارقىلىق يىلتىزىمىزنى ئىزدىگەن. ئەسەردە بىزنى ئەسەرنىڭ تىلسىمىغا باشلاپ كىرىدىغان ئېنىق بىر يىپ ئۇچى يوق. پەقەت قۇم، چۆللۈك، يۇلغۇن، توغراق، ئادەم، تۆگە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردەك پارچە ـ پۇرات كۆرۈنۈشلەر، باش ـ ئاخىرى يوق ئۈزۈك ئەپسانىلەر، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توپان بالاسى قىسسىسىنىڭ قۇمغا ئۆزگەرگەن دېتالى ۋە تەقدىرنىڭ سالغا تېشى سۈپىتىدىكى ئىنسانىنىڭ قۇملۇق بويىدىكىلەرگە خاس ھايات ۋە ئۆلۈم چۈشەنچىلىرى ئىچىدىن بىز شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ مىللەتنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىمەكچى بولغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىمىز» (ئادىل تۇنىياز: «‹سالغا تېشى› ھەققىدە» دىن).

بوغدا ئابدۇللا «سالغا تېشى» ناملىق بۇ شېئىرىدا مىللەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن قايتىدىن كۆزىتىپ ۋە ئۇنى قەلەمگە ئېلىپ، مىللەتنىڭ يىلتىزىنى ۋە تۈپ خاراكتېرىنى ئىزدىگەن.

«سالغا تېشى» ناملىق بۇ شېئىر ناھايىتى مول ۋە چوڭقۇر مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىنغان. بۇ شېئىر ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ رەڭدار كۆرۈنۈشلىرىنى، ھەر خىل ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقلارنى، خەلقىمىزنىڭ ئادەت، ئېتىقادلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان.

«سالغا تېشى» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىمۇ گەۋدىلىك، ئۇنىڭدا تەسەۋۋۇر ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، مول تەسەۋۋۇر ئارقىلىق شائىر قەدىمكى ھاياتلىقنى قايتىدىن جانلاندۇرغان؛ شېئىرنىڭ تىل ئىشلىتىشىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك سەكرەتمىلىككە ئىگە، شائىر بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن ئېستېتىك بوشلۇقلارنى قالدۇرۇپ، كىتابخانلارنىمۇ ئەشۇ دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئاھاڭدارلىق شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا مەدەنىيەتتىكى ئىزچىللىق، تەكرارلىنىشلاردىن بېشارەت بەرگەن.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلەڭ.

2. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

3. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرى قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

4. «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىڭ.

5. ئەھمەد زىيائىينىڭ «يۈسۈپ ۋە ئەھمەد» داستانىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

6. رابىيە قانداق ئوبراز؟ ئۇنىڭ خاراكتېر - ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىڭ.

7. «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلەڭ.

8. ئابدۇكېرىم خوجا شېئىرلىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

9. مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟

10. بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

11. مۇھاكىمە قىلىپ بېقىڭ: «سالغا تېشى» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قايسى خىل ئىجادىيەت خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ بۇ شېئىرنىڭ يېزىلىشىدا قانداق ئۆزگىچىلىكلەر بار؟

www.uyghurkitap.com

# VI باب يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى (2)

## 1 § . قۇربان بارات

قۇربان بارات ئۆزىنىڭ زور بىر تۈركۈم نادىر لىرىكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر داستانلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ «كېسىلگەن توغراق»، «دەريا شارقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا»، «ئوۋ مىلتىقى كۆتۈرگەن بالا»، «سەن — بۈركۈت ئۇۋۇسى، سەن ـ ئالتۇن بۆشۈك» قاتارلىق لىرىكىلىرى ۋە «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز»، «ئاق رومالـلىـق پەرىزات»، «يوقالماس پەلەستىن» قاتارلىق داستانلىرى ئارقىلىق يارىتقان يۇقىرى ئىجادىيەت پەللىسى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە رەڭدارلىقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئېتىبارلىق.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

قۇربان بارات 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇخبىر، مۇھەررىر؛ شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا كوررېكتور، تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن.

قۇربان بارات 1956 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «كاككۇك» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئىجادىيىتىنى باشلىغان. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە شېئىرىيەت تەرجىمىسى، ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىپادىلىگەن مەزمۇن ـ ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، خەلقچىللىق

خاھىشىنىڭ كۈچلۈكلىكى، لىرىكىغا بايلىقى، ھېسسىي ئوبرازلىرىنىڭ گۈزەللىكى، شېئىرىي تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى، جۇملىدىن يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيىتىمىزدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. قۇربان بارات ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنغان «قىزىلگۈل» داستانى، «كەچكۈز لىرىكىسى»، «جەمىلە»، «يېشىل ھايات» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ شېئىر تالانتىنى ۋە ئىزدىنىش روھىنى نامايان قىلدى.

1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان ئاپەتلىك ئون يىلدا يېزىلغان «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر تۈركۈم شېئىرلاردا قۇربان بارات ئۆزىنىڭ ھاياتلىق، شائىرلىق، رېئاللىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى پىشقان قەلىمى ئارقىلىق ئىزھار قىلدى. بۇ شېئىرلار ھەقىقىي شائىرنىڭ غۇرۇرى، ۋىجدانى، قىممەت قارىشى، ياشاش ئەقىدىسى بىلەن ئەينى يىللاردىكى رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ كېلىشتۈرۈپ بولماس زىددىيەتلىرىنى يوشۇرماي ئاشكارىلاپ ئۆزى قەدىرلەيدىغان ئېگىلمەس روھنى ئۇلۇغلايدۇ.

بۇ شېئىرلار ئاشۇ ئون يىلدا يوشۇرۇن يېزىلغان، كېيىن تۈركۈملەپ ئېلان قىلىنغان، جەمئىي 80 پارچىدىن ئارتۇق. بۇ، شېئىرلارنى ئاشۇ يىللارنىڭ ئەينەن تەسۋىرى دېيىشكە بولىدۇ. «يىغا قوشىقى»، «دىۋانىنىڭ ھەيكىلى»، «شائىرلىق»، «قىزنىڭ ئۆلۈمى»، «كەچكۈز سۈلىرى»، «شىمال يۇلتۇزلىرىغا تەلمۈرۈپ»، «راۋاب ۋە ئانا»، «ئوتۇن ساتقۇچى بالا» قاتارلىق شېئىرلاردىن بىر قىسىم شائىرلار ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئىپادىلەشكە پېتىنالمايدىغان تېمىلارنى دۇدۇقلىماي ئىپادىلىگەنلىكىنى، ئېتىقاد ۋە كۆز قاراش جەھەتتە ئۇزۇل ـ كېسىل ھالدا خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ شېئىرلار تېما ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى، مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكى يېقىدىن تامامەن ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، شائىر قەلىمىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى نامايان قىلدى. شائىر قۇربان بارات بۇ شېئىرلىرىدا خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، ئىنسان تەقدىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، مىللىي روھ ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھاياتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىنى ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەقسىتى قىلىپ، ھايات گۈزەللىكىنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى، ئىنسانىي ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلىش غايىسىنى ئىپادىلىدى. رېئال ھاياتتىكى مەۋجۇت بولغان زىددىيەتلىك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك باغلىنىشنى ۋە ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىپ، بۇنى شېئىرنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق قويۇق بەدىئىي رەڭ ئىچىدە ئىپادىلەپ، شېئىرنىڭ ئېستېتىك تەسىرىنى ئاشۇردى. ئۇ بۇ نۇقتىدا، ئۆتكۈر شېئىرىي پىكىر بىلەن لەرزان شېئىرىي ئۇسلۇبنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت قوش ئۇنۇمنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ مۇكەممەللىكىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى.

شائىر «كېسىلگەن توغراق» ناملىق شېئىرىدا چۆل ـ جەزىرىلەردە ئۆسىدىغان، كېسىپ تاشلانغان تەقدىردىمۇ يەنىلا تېنىدىكى ھۆللۈكنى ساقلاپ قېلىپ، مەلۇم

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتىن كېيىن قايتا كۆكلەپ «ھاياتىي نوتىلار» نى بىخلىتىپ چىقىرىدىغان، قۇملار دۇنياسىنى ماكان قىلىپ، «چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ جاپاسىدا تاۋلانغان»، ياز پەسلى قۇياشنىڭ يالقۇنى، چۆل بورانلىرى قوينىغا ئالىدىغان، قىش كۈنى تىنىمسىز جەزىرە شىۋىرغانلىرى سوقۇپ ئۆتىدىغان، سۈيى ئەلۋەك دەريالارنىڭ ئىلتىپاتىغىمۇ نائىل بولالمايدىغان، شۇنداق بولسىمۇ «ئانا تۇپراقتىن ھاياتلىق تېپىپ»، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە چۆللەردە يىلتىز تارتىپ، ھەرياققا يامراپ، يېشىل نەسلىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ كېلىۋاتقان قەيسەر دەرەخ ـ توغراقنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى ئەتراپلىق يورۇتۇش ئارقىلىق، ئاجايىپ ئۇمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن، شۇنداقلا چوڭقۇر ھاياجان ۋە مۇھەببەت بىلەن «ئۆلمەس بىر خەلق» نىڭ شائىرانە ئوبرازىنى تىكلەيدۇ.

«دېۋاننىڭ ھەيكىلى» ناملىق شېئىردا ئېگىز بوي، ئۇزۇن ساقاللىق بىر دېۋاننىڭ شەھەر كوچىلىرىدا «شاماللار ئۇچۇرۇپ يۈرگەن خازاندەك» ھەر ياققا چېپىپ، ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن ھالىتىنى ھەمدە ئۇنىڭ ساپايى چېلىپ، قوشاق ئوقۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇڭلۇق، تىترەڭگۈ قوشاقلىرىنىڭ ئۆز سەنئىتىدىن ھۇزۇرلىنىش بەختىدىن مەھرۇم بولغان خەلق ئۈچۈن بىردىنبىر روھىي ئوزۇق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەممە كىشى كۆرگەن، لېكىن ھېس قىلالمىغان، تونۇپ يەتمىگەن بۇ رېئاللىق ئاشۇ ئاپەتلىك يىللارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك شىكايىتى ئەمەسمۇ؟

شائىر قۇربان باراتنىڭ «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر يۈرۈش شېئىرلىرىنىڭ پىكرى ئۆتكۈر، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، مۇئەييەن شېئىرىي كەڭلىككە ۋە كۈچلۈك بەدىئىيلىككە ئىگە. ئىجتىمائىيلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ شېئىرلار قانداقتۇر شەخسنىڭ پاجىئەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شەخسكە تەۋە بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن شېئىرلار بولماستىن، ئۇلاردا مىسلىسىز ئىجتىمائىي ئاپەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر پۈتۈن خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا ئاشۇ قاباھەتلىك يىللاردىكى ئېچىنىشلىق رېئال ھاياتنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەر بىر كىتابخان بۇ شېئىرلاردىن ئۆز قەلبىگە تونۇش سادانى ئاڭلىيالايدۇ. ئېستېتىكىلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق بۇ شېئىرلار شېئىرىي ئوبرازلارنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ھېسسىياتنىڭ قويۇقلۇقى، تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، خاھىشىنىڭ ئېنىقلىقى، شېئىرىي تىلنىڭ ئىجادىيلىقى، ئاھاڭىنىڭ لەرزانلىقى، ئېمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، مىللىي روھنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى پاش قىلىش جەھەتتىكى ئىسيانكارلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ھاسىل قىلىپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك نەتىجە ھاسىل قىلدى ھەمدە كىتابخانلار ۋە بىر قىسىم ياش شائىرلارغا سىڭگەن «4 كىشىلىك گۇرۇھ» بازارغا سالغان شېئىر ھەققىدىكى ئىدېئالىستىك چۈشەنچە ۋە ئۆلچەمنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىنكار قىلدى.

شائىر قۇربان بارات 1980 ـ يىلغىچە يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «يېشىل ھايات»

نامىلىق توپلامنى نەشر قىلدۇردى.

ئۇ 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، تېخىمۇ سالماقلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، باشقىلار بايقىمىغان نەرسىلەرنى بايقاپ ۋە ئۇنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ئىپادىلەپ، شېئىرىيەت ساھەسىدە خېلى زور ئۇتۇق ھاسىل قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتە جەڭگىۋارلىشىپلا قالماستىن، شەكىل جەھەتتە تېخىمۇ تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇ لىرىكا بىلەن بايانىي زىچ بىرلەشتۈرۈش، پەلسەپىۋى پىكىرگە ۋە تەسەۋۋۇرغا باي بولۇش، مۇكەممەل شېئىري ئوبراز يارىتىش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جانلىق بولۇش، تىلدىن توغرا، ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش، ھېسسىيات ئارقىلىق ھېسسىياتقا تەسىر كۆرسىتىپ كىتابخانلاردا ئورتاق سادا پەيدا قىلىش توغرىسىدا تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى خاسلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۇ ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە مۇددىئاسىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ «خەلقنىڭ ئاۋازى» بولۇشقا تىرىشىش لازىم، دەپ تونۇدى ۋە شۇنداق قىلىشقا ئىنتىلدى. ئۇنىڭ 1982 ـ يىلى ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق داستانىنىڭ «شائىر ۋە خەلق» بۆلىكىدىكى:

خەلقنىڭ ئاۋازى بولىدۇ شائىر،
مۇبادا ساپ بولسا تومۇرىدا قان.
تاغلاردىن يانغۇچى ئەكس سادادەك،
ياڭرايدۇ ئۇنىڭدىن قۇدرەتلىك چۇقان.
ياڭرايدۇ ئۇنىڭدىن ئۆلمەس ئارزۇلار،
چېلىشلار خىتابى، غەزەپ نەرىسى.
ئۇ ئۆلۈپ تەگمىسە بىر ماڭدام زېمىن،
خەلقنىڭ قەلبىدە قالار قەبرىسى.

دېگەن مىسرالاردىن ۋە «شائىر ۋە ئۆلۈم» ماۋزۇسى ئاستىدىكى:

بەزىلەر ئوت بولۇپ شائىرلىقىدا،
مىليون دىللاردا ساقلايدۇ قىممەت.
بەزىلەر كۆرۈنۈپ ئوتنىڭ رەڭگىدە،
شاھلارنىڭ تاجىغا بولىدۇ زىننەت.

دەپ يېزىلغان مىسرالاردىن، يەنە شۇنىڭدەك بۇ داستاننىڭ «شائىر ۋە شۆھرەت» دېگەن تېمىسىدا،

ئۇ مەردنى تاللايدۇ شائىرلىقتىنمۇ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆپلەرگە ئۇ نېسىپ بولمايدۇ بەلكىم.
شۆھرەتنىڭ چولپاندەك نۇرلىنىشىنى،
شائىرلا بولسىلا بېرەلمەس ھەركىم.
ھە، شۆھرەت تاللايدۇ بى رەھىم، ئادىل:
بولدۇڭمۇ ياكى يوق ئەلگە يېقىنراق؟
كىملەرنىڭ شەنىگە چالدىڭ ناغراڭنى،
ۋە قايسى كارۋانغا بولدۇڭ قوڭغۇراق؟
نىيىتىڭ بولدىمۇ ھالال يا ھارام،
كۆڭلۈمدە ھۆكۈمران قايسى مۇددىئا؟
كىملەرگە بىلدۈردۈڭ ئىززەت ۋە ئىكرام،
ۋە قايسى روھلارغا ئەيلىدىڭ دۇئا؟

دەپ يازغانلىرىدىن شائىر قۇربان باراتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. بۇلار يەنە كېلىپ شائىرنىڭ ھاياتلىق قارىشىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ئۇنى شائىرنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى، دېيىشكە بولىدۇ.

80 ـ يىللارنى شائىر قۇربان بارات ئىجادىيىتىنىڭ مول ھوسۇل دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ بۇ دەۋردە مەيلى شېئىر ئىجادىيىتى، داستانچىلىق ۋە شېئىر تەرجىمىسى ساھەسىدە بولسۇن مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، 100 پارچىگە يېقىن شېئىر، «يىپەك يوللىرىدا يېڭى سەھىپە»، «ئاقارغان چاچ توغرىلىق ناخشا»، «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز»، «ئاق روماللىق پەرىزات»، «يوقالماس پەلەستىن»، «ئىنسان ۋە زېمىن»، «مەن ئەقىل ئىزدەيمەن»، «يېپى ئۈزۈلمەس لەگلەك» قاتارلىق داستانلارنى يازدى. قۇربان بارات 1989 ـ يىلىنىڭ بېشىدا پولشا، تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندا ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «ۋارشاۋا»، «كولۇمبىس ـ رەش»، «ئالدىراش بۇلۇتلار»، «دەرەخ ۋە بىنا»، «ئادامىيسكۇچىنىڭ ھەيكىلى»، «ئىستانبۇلنىڭ كەپتەرلىرى»، «زېمىننى دەسسىگەندە» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، ئىلگىرىكى شېئىرلىرى بىلەن قوشۇپ 1993 ـ يىلى «قار گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردىن شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستېداتىنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللاشقانلىقىنى، شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار سىمۋول، دارىتمىلاش ۋە ھەجۋىيلەشتۈرۈش ۋاستىلىرى ئارقىلىق شېئىرىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئۆزگىچىلىكىنى كۆرسەتكەن.

1998 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 5 توملۇق «قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نى نەشر قىلدى. بۇ ئەسەرلەر تاللانمىسىنىڭ 1 ـ تومىغا ئۇنىڭ قىسقا شېئىرلىرى، 2 ـ، 3 ـ تومىغا داستانلىرى، 4 ـ تومىغا تەرجىمە قىلغان شېئىر ـ داستانلىرى، 5 ـ تومىغا «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قەلئەسىنىڭ ئۇل تاشلىرى — قەدىمكى شېئىرلار»، «ئۇلۇغ شائىر مىخائىل يورىيېۋىچ لېرمونتوف»، «شېئىر دېگەن نېمە؟»

قاتارلىق ماقالىلىرى ۋە كلاسسىك شېئىرلار ئۇچۇن ئىشلىگەن نەسرىي يەشمىلىرى بېرىلگەن. بۇ توپلام قۇربان باراتنىڭ ئىجادىيەت يولىنى، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## 2. «ئاق روماللىق پەرىزات»ناملىق داستانى

قۇربان باراتنىڭ داستانلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرلىكى «ئاق رومالىق پەرىزات». بۇ داستاندا، كورلا نەشپۈتىنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق «ئەلنىڭ ئاۋاتلىقى — مېنىڭ بەختىم» دەپ ھېسابلايدىغان خەلقپەرۋەر، باتۇر، ئىرادىلىك، چېچەن، ۋاپادار قىز ئايسىلىگىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان.

«ئاق رومالىق پەرىزات» داستانىنىڭ مۇھىم بىر ئۇتۇقى، ئۇنىڭدا تارىخ بىلەن رېئاللىقنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر خىل ئامىللارنى خېلى چوڭقۇر تارىخىي ھېسسىيات ۋە دەۋر تۇيغۇسىدا تۇرۇپ بايان قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. داستاننىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان شەكلى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنغان. داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي ھايات مەنزىرىسى، دېھقان - ئوۋچىلار تۇرمۇشىنىڭ يەككە ۋە ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرى، پېرسوناژلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرى كىشىگە قويۇق مىللىيلىق تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىدۇ.

شائىر داستان سۇژېتىنى تەشكىل قىلغۇچى دراماتىك ۋەقەلەرنى، زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەتكەن. شۇڭا بۇ داستاننى ئوقۇغان كىتابخان ئاۋۋالقى بىر تەرەپلىمە تاماشا قىلغۇچى ئورنىدىن ئاستا - ئاستا پېرسوناژلار ئارىسىدىكى ھېسسىيات توقۇنۇشلىرىنىڭ، ئىدىيىۋى زىددىيەتلىرىنىڭ قاينىمىغا كىرىپ قالىدۇ. سېھرىي كۈچكە باي تەبىئەت مەنزىرىلىرى بىلەن چۆشكە ئوخشاش ئىنتايىن گۈزەل ھەم خىيالىي كۆرۈنۈشلەرگە مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ، شائىرنىڭ داستان سۇژېتى ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن ھېس - تۇيغۇغا، مۇھاكىمىگە، مىللىي روھقا باي لىرىك قىستۇرمىلىرىدىن ئېستېتىك ھاياجانغا چۆمىدۇ.

«ئاق رومالىق پەرىزات» ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت. شائىر بۇ خىل ئالىيجاناب، يۈكسەك غايىنى 14 ياشلىق قىز ئايسىلىگىنىڭ ئوبرازىغا سىڭدۈرگەن. بۇنداق ئالىيجاناب روھنىڭ 14 ياشلىق مەسۇم قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇغۇلىشىدىكى سەۋەبنى شائىر تۆۋەندىكىدەك ۋەقەگە باغلىغان: داستاننىڭ 1 - بابىدا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كورلا ئۇيغۇرلىرى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە تاغ ئۈستىدە كۆك تەڭرىگە سېغىنىپ ھوسۇل مەرىكىسى ئۆتكۈزىدۇ. ئاددىي دېھقان ئوتۇزمۇ قىزى ئايسىلىگىنى ئېلىپ

بۇ مەرەمگە ئىشتىراك قىلىدۇ. ھوسۇل مەرىمى راسا قىزىپ، بارلىق مەرەم ئەھلىنىڭ كۆڭلى شادلىققا تولۇپ، كۆك تەڭرىگە سىغىنىپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقان پەيتتە:

لېكىن ئادەم جەم بولغانلا سورۇندا،
ئايان بولۇر ھەر خىل مىجەز ۋە خۇلق.
ھامان بىللە ياخشى – يامان نەرسىلەر،
ئاق ۋە قارا، پەسلىك ۋە ئۇلۇغلۇق.

دېگەندەك، مۇرگۇل بۇقا ئىسمىلىك ھايانكەش ئاموت سودىگىرى كۆچادىن كارۋان تارتىپ ئەكەلگەن ئاموتلىرىنى سېتىۋاتقاندا، تويۇقسىز ئۇچقان تاغ كەپتەرلىرىدىن ئۈركۈگەن بىر توپ ئات ئۇنىڭ ئاموت قاچىلانغان سېۋەتلىرىنى ئۆرۈۋېتىدۇ. مۇرگۇل بۇقىنىڭ جان – پېنى چىقىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تىترەپ كېتىدۇ. خەقلەر ئۇنىڭ ئاموتلىرىنى تېرىشىپ بېرىدۇ. بىر يېتىم بالا بىر تال ئاموتنى يەۋالماقچى بولۇپ بىر چىشلىشىگە مۇرگۇل بۇقا كۆرۈپ قالىدۇ – دە، ئەسەبىيلىك بىلەن بالىنى ئۇرۇپ بىر كۆزىنى قويۇۋېتىدۇ. بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرگەن ئايسىلىگىنىڭ سەبىي قەلبى ئازابلىق تىترەپ كۆڭلى غەشلىشىدۇ – دە، دادىسىدىن:

دادا، بۈگۈن سادىر بولدى ياۋۇزلۇق،
گۆھەرىدىن جۇدا بولدى بىر يېتىم.
ئاكا ئازدەك بۇ دۇنيادا يالغۇزلۇق،
تېپىلماسمۇ تۇتىيامۇ ئۇ مېۋە؟
ئۇ ئەزىزمۇ ھەتتا تىرىك ئادەمدىن؟
ئۇنى بىنا قىلالامدۇ بىزدە ئەل،
باشقا مېۋە تېپىلمامدۇ ئالەمدىن؟

دەپ سورايدۇ. ئوتتۇز قىزىغا مۇرگۇل بۇقىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسكىلىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايسىلىگىنىڭ پاك ۋۇجۇدىدا تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ، جاھان كېزىپ ئاموتتىنمۇ ئېسىل مېۋە بەرپا قىلىپ خەلقىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەت تۇغۇلىدۇ. شائىر داستان سۆزىتىنىڭ تۈگۈنى بولغان بۇ ۋەقەلىكنى ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئەسەرگە ئىدىيىۋى مەزمۇن بەلگىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەخسىيەتچىل، پەسكەش خاراكتېر بىلەن خەلقپەرۋەر ئالىيجاناب خاراكتېرنى، ياۋۇز قارا يۈرەك بىلەن مېھرىبان پاك يۈرەكنى يوشۇرۇن ھالدا ئۇچراشتۇرۇپ، كىتابخانلار ئالدىدا سېلىشتۇرما مەنزىرە ھاسىل قىلغان.
شائىر داستاندا ئايسىلىگىنىڭ تەقدىرىنى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ ھال

ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن، شۇنداقلا رەزىل كۈچلەرنىڭ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ياۋۇزلۇقلىرىنى تولۇق ھېس قىلدۇرغان ئايسىلىگىنىڭ روھىنىڭ پەرىزاتقا ئايلىنىپ كېتىشى كىتابخانغا ھېسسىيات جەھەتتە بېرىلگەن رومانتىك تەسەللى بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ.

شائىر قۇربان باراتنىڭ «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانى مىللىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقى، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى جانلىقلىقى، خاراكتېرنى تەسۋىرلەشتىكى مۇكەممەللىكى، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى يېڭىلىقلىقى بىلەن ئۇيغۇر بۇگۈنكى دەۋر داستانچىلىقىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

## § 2 . ئوسمانجان ساۋۇت

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ 1961 - يىلى تۇنجى شېئىرىنى ئېلان قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل تۇردە ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» ، «توزان قەسىدىسى» ، «ياڭرا ئەجەم» ، «يۈرىكىم، سېنىڭ قېپىڭ» ، «دالىلارنى باشلاپ كەلدىم قۇچاقلىرىڭغا» ، «قورۇق تام» ، «كۈلكەم لىرىكىلىرى» ، «سۆيگۈ - كۈي» ، «يېڭى يىل تۈيغۇلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ نامىنى ئېلىمىز كىتابخانلىرىغىلا ئەمەس، چەت ئەل ئوقۇرمەنلىرىگىمۇ تونۇتتى. ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيەتتە مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ئۆز كىتابخانلىرىغا پىشمىغان غورا بەرمەيدىغان ئاز ئەمما ساز يازىدىغان شائىر. ئۇنىڭ لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تەسىرى ئۇنى دەۋرىمىزدىكى مۇنەۋۋەر شائىر قىلىپ تونۇتتى.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئوسمانجان ساۋۇت 1945 - يىلى 10 - ئايدا ماناس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1962 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1966 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ 1973 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇمۇلدا قايتا تەربىيە ئالغان ھەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1974 - يىلدىن تارتىپ ساۋەن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1986 - يىلدىن بۇيان «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئەمما ئۇ يىللاردىكى ۋە كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ھەر خىل ئاپەت خاراكتېرلىك ئىنقىلابلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئىمكان بەرمىگەچكە، يېڭى دەۋر باسقۇچىدىلا ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى گۈللىنىش دەۋرىگە كىرىپ كەلدى. يېڭى دەۋر باسقۇچى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مول ـ ھوسۇل مەزگىلى بولدى، ئۇنىڭ ھازىرغىچە مىڭ پارچىدىن كۆپرەك شېئىرى ئېلان قىلىندى، ھەر قايسى نەشرىياتلاردا «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» (1984 ـ يىل) ، «تاڭ لىرىكىسى» (1989 ـ يىل) ، «تۈن تىۋىشلىرى» (1999 ـ يىل) ، «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

ئوسمانجان ساۋۇت يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى داڭلىق لىرىك شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە لىرىك شېئىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق دېيىش تامامەن مۇمكىنكى، ئوسمانجان ساۋۇت بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىنى بەلگىلىك يېڭى پەللىگە كۆتۈرگەن شائىرلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شېئىرىي ئۇسلۇبتىكى ئىزچىللىق، شېئىرىي تېمىدىكى كەڭلىك، شېئىرىي پىكىردىكى چوڭقۇرلۇق، شېئىرىي ھېسسىياتتىكى قايناق ۋە جۇشقۇنلۇق، قۇرۇلمىدىكى پۇختىلىق، شېئىرىي تىلدىكى رەڭدارلىق ۋە يارقىن مۇزىكىدارلىق قاتارلىقلارنى ئوسمانجان ساۋۇت لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىدىغان بولساق، مۇنداق بىرقانچە نۇقتا روشەن گەۋدىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرى ھېسسىيات ئىزچىللىقىغا ئىگە. ئوسمانجان ساۋۇت لىرىك شېئىرلارنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىدىغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر رەڭ، ھەر بىر ئاۋاز، ھەر بىر كىچىك كۆرۈنۈشنىڭ ئىنتايىن ئۇششاق زەررىچىلىرىنى ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلارنى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ھېسسىيات مەنىسى قىلالىغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئادەتتە كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئاسان چۈشمەيدىغان «قاراتاش» بىردىنلا جانلىنىپ، ئاجايىپ چوڭقۇر شېئىرىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ؛ «ئالمىدەك يۈرەك» كە «ئالەمچە سۆيگۈ» سىغىدۇ؛ كېيىمگە قونۇۋالغان «توزان» مۇقەددەس ۋەتەننىڭ مۇقەددەس تۇپرىقى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ، كىتابخانغا چەكسىز يۈكسەكلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ؛ «ئالا بويناق» بولسا ساداقەتمەن ۋەتەنپەرۋەر سىياقىدا نامايان بولىدۇ. «قاراتاش» بىلەن «ئالا بويناق» نى ۋەتەنپەرۋەر ئەزىمەتنىڭ سىمۋولى نۇقتىسىدىن، «توزان» نى مۇقەددەس ۋەتەن تۇپرىقى نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ۋە جانلاندۇرۇپ ئىپادىلەش شېئىرىي ئوبيېكتقا بولغان مۇئامىلە نۇقتىسىنى ئۆزگەرتىشكە ماھىر شائىرلارلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان ئىش بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئوسمانجان ساۋۇت ئۆز ئىجادىيىتىدە خېلىلا كۆپ شېئىرىي نەمۇنە ياراتتى. بىز ئوسمانجان ساۋۇتنى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىنى بەلگىلىك يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى دېگىنىمىزدە ئاساسەن مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يەنىمۇ تاكامۇللىشىشىغا قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا چوڭقۇر، ماھىيەتلىك پىكىر ـ

ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەشكە ئىنچىل تۇردە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە

پەلسەپىۋىلىك — شېئىر مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەم ئۇنىڭ سەنئەت ئىچىدىكى يۇكسەك ئورنىنىڭ كاپالەتلەندۇرگۈچىسى. شېئىرلاردا پەلسەپىۋى مەزمۇن قانچە چوڭقۇر بولسا، ئۇنىڭ كىتابخاننى تەسىرلەندۇرۇشى شۇنچە تىرەن ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. شېئىرنىڭ ھاياتلىقى — ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن قانچىلىك تويۇنغانلىقى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. شېئىر ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا مەنە ئاتا قىلىشىدىكى ئۆزگىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. شېئىرىي تەپەككۇر كەسكىن پەلسەپىدىن ئېنىق ھالدا ئايرىلىپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن پەلسەپە دۇنيانى كۆزىتىشنىڭ ئۇسۇلى سۈپىتىدە سەنئەت، جۈملىدىن شېئىرىيەتكە مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، شېئىر بىلەن پەلسەپە بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ. شېئىرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ كىتابخانلار روھىي دۇنياسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئارقىلىق ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. شېئىرغا پەلسەپىۋىلىك بەخش قىلىدىغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، مەسىلەن، مەيلى ئاچچىق ياكى شېرىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شېئىر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن ھايات ھەقىقەتلىرى، كۆرسىتىلگەن كېلەچەك يوللىرى، ئاشكارا قىلىنغان قەلب سىرلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جۈملىگە كىرىدۇ. شېئىرلاردا شائىرلار ئۆزلىرى نامايان قىلغان ھايات ھەقىقەتلىرى، كۆرسەتكەن كېلەچەك يوللىرى ۋە ئاشكارىلىغان قەلب سىرلىرىغا ئۆزلىرىلا ئىشىنىپ قالماستىن، كىتابخانلارنىمۇ ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ، ھەتتا مەجبۇرلايدۇ. شېئىرىي پەلسەپە دېگەن دەل شۇ. بۇ نۇقتىدا شېئىرىي ئادەتتىكى پەلسەپىۋى ئۇقۇملارنىڭ تىزمىسى ۋە شەرھىسى دەپ چۈشىنىش قانداق چاكىنىلىق بولسا، شېئىرىي پەلسەپىۋى ئۇقۇملار تىزمىسى ۋە شەرھىسى قىلىپ قويۇشمۇ ئوخشاشلا چاكىنىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرى بۇنداق چاكىنىلىقلاردىن خالىي، ئەكسىچە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋىلىك بەلگىلىك يېڭى ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، شائىرنىڭ «قورۇق تام» شېئىرىنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئادەم ئاتا ۋە ھاۋائانىدىن بۇيان ئادەم ئۆزىنى قورۇققا ئالدى ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئادىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋالدى؛ ئۇنى ئادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن پىكىرنىڭ تۆۋەندىكىدەك يورۇتۇلغانلىقىنى كۆرىمىز:

چېگرىسىز كۆڭلۈمدە چېگرىسىز دالا،
خىسلەتلىك زەررىلەر، يانا، يورۇق شام.
ئويلايمەن، ئويۇمدا سالا ۋە سالا،
بىنالار ئالدىغا چۈشكەن قورۇق تام.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، خىيال بىلەن قەلبنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئازادلىكى دەرۋەقە

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەت تەرىپىدىن ھەر ۋاقىت «قورۇق» قا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. شائىر تۇيغۇسىدا تەبىئەتتىكى تەققاسلانغان بىپايان قەلب دۇنياسى خۇددى «چېگرىسىز دالا» دەك يېيىلىپ ياتىدۇ.

قەيەردىن كىردى ئۇ ھاياتقا، كۆلگەن —
سۆيگۈگە يەتكۈزدى قانداق ئەھمىيەت؟
كىم دەسلەپ زېمىننى بۆلەككە بۆلگەن؟
قورۇقنى ياسىغان قايسى بەتنىيەت؟

شېئىر چوڭقۇرلىشىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىز شائىردىكى ھېسسىياتنىڭ بارغانسېرى تاكامۇللاشقانلىقىنى، شېئىرىي پىكىرنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقانلىقىنى كۆرىمىز ۋە بۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئادەملەرنىڭ تراگېدىك تەقدىرى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرىكىشى، بۇ شېئىرنىڭ ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. سەن — ئادەم، قەلبىڭ بىپايان، يەنە سەن — ئادەم، لېكىن ئۆزۈڭ ئۆزۈڭنىڭ بىپايان قەلبىنى قورۇققا ئېلىپ، تراگېدىك تەقدىرىڭنى ياساپ چىقىۋاتىسەن…

يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇپ بولغىنىمىزدا، ئۇنىڭ كەم ـ كۈتىسىز پەلسەپىۋى لىرىك شېئىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇ شېئىرىدا، شۇنداقلا باشقا كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان قەلبى . . . شېئىر بىلەن تولغان، دېگەن پىكىرنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان، يۇقىرىقى شېئىرنى ئالساق، ئۇ نوقۇل ھالدىكى «قورۇق» ئۇقۇمى ۋە «قورۇقسىزلىق» قا بولغان تەلپۈنۈش خاھىشى ياكى قېلىپلىشىپ قالغان «ئادەملەر، قەلبىمىزدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، كەلگۈسىگە باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەيلى» دېگەندەك دوگما «شېئىرىي تەپەككۇر» دىن خالىي بولۇپ، ھەقىقىي شېئىرىي پۇراققا تويۇنغان.

ئۈچىنچى، ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر چوڭ تېما — ۋەتەنپەرۋەرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى پەلسەپىۋىلىك بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۆلمەس تېما. مەڭگۇتاش ئابىدىلىرىدىن تارتىپ يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، نەۋائىي، زەلىلى، خىرقىتى، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ شېئىرلىرىغىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇرتقىسى بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەتەنپەرۋەرلىك كلاسسىك شائىرلىرىمىزغا ئىنسانىي بۇرۇچ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە شائىرانە ۋىجدان بېغىشلىغان بۈيۈك مەنىۋى كۈچ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن شائىر ئوسمانجان ساۋۇتمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلاملىرىغىچە، ھەتتا ھەربىر ئايرىم سۆزلىرىگىچە «ۋەتەن» ئۇقۇمى ۋە «ۋەتەن» ئېڭى

سىڭگەن. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى خىلمۇ خىل بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشى بىلەن تويۇنغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ دېيىش كېرەككى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنىڭ شائىردىكى ئاجايىپ ئىپادىسى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاجايىپ يارقىن مەنىلەرگە ۋە بۇ مەنىلەرگە زىچ ماسلاشقان شەكىل گۈزەللىكىگە ئىگە قىلغان. شائىر «ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «يۈرىكىم — سېنىڭ قېپىڭ»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «توزان قەسىدىسى»، «كەچۈرگىن سەن مېنى، ئالا بوينىقىم» دېگەندەك زور بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى خىلمۇ خىل نۇقتىلاردىن، ئوخشىمايدىغان كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقلاردىن كۈيلىگەن. يۇقىرىقى شېئىرلاردىن «كەچۈرگىن سەن مېنى، ئالا بوينىقىم» دا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھېچكىمنىڭ نەزەرى چۈشمىگەن باشقىچە بىر نۇقتىدىن ئىپادىلىگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، شېئىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن تىندىنسىيىسى بىلەن دەۋرگىلا ئەمەس، تارىخقا، مىللەتكىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ. ئوسمانجان ساۋۇت ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ھەم قەدىمىي، ھەم مەڭگۈلۈك تېمىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» شېئىرى ئەنە شۇ خىل يۈكسەكلىكنىڭ شائىر ئىجادىيىتىدىكى نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.

قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدۇ،
ئېرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ.
قىل سىغماس ھەقىقەت بولۇپ ئەزەلدىن،
كىشىلەر قەلبىگە ئورنىغان سۆز بۇ.

ۋە لېكىن ۋەتىنىم سەن باشقا دۇنيا،
مېھرىڭدىن تاشقىمۇ بەردىڭ سەن سەزگۈ.
مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ، ئورناتتىڭ ئۆزۈڭ،
ئالمىدەك يۈرەككە ئالەمچە سۆيگۈ.

پۈتۈن شېئىر مۇشۇ ئىككىلا كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن «قەدەھ» بىلەن «ئېرىق»، «شاراب» بىلەن «دەريا» نىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن ھاسىل بولۇۋاتقان، پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە يەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بۇ شېئىرنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىق مەركىزىگە تۇتاشقان بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ئىختىيارسىز ھالدا روھنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن مۇقەددەسلىكىنى تولۇق ھېس قىلىمىز. قەدەھ، شاراب، سۇ، تاش، سەزگۈ قاتارلىقلار بۇ شېئىردا بىر پۈتۈن شېئىرىي ھېسسىيات سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ، چەكلىك مەۋجۇتلۇقتىكى چەكسىز روھىيەتنىڭ قۇدرىتىنى ۋەتەنگە باغلايدۇ.

دېمەك، ئوسمانجان ساۋۇت پەلسەپىنى شېئىردىكى بىر مەنە سىستېمىسى دەپ قارىغانكى، شېئىرنى ھەرگىزمۇ پەلسەپىنىڭ پاسسىپ شەرھىسىگە، ئۆزىنى بولسا ۋەزخانغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغان. شائىر تەبىئەتتىكى ئەڭ كىچىك ۋە كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەۋجۇداتلارنىمۇ شائىرانە تۇيغۇ كۆزنىكىدىن ساقىت قىلىۋەتمىگەچكە، شۇنداقلا قايناق ھېسسىياتنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە ئىپادىلىگەچكە، «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» دېگەن ماۋزۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان شېئىرىي مەزمۇنغا تويۇنغان مۇستەقىل بىر شېئىرىي ئەسەر بولالايدۇ. «ئالمىدەك يۈرەك» بىلەن «ئالەمچە سۆيگۈ» نىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن كېلىپ چىققان ئالاھىدە روشەن پەرق، قارىماققا ئاددىي بىلىنىدىغان بۇ بىر جۈملە سۆزگە چوڭقۇر شېئىرىي مەنە، ناھايىتى ئۆتكۈر شېئىرىي پۇراق، كۈچلۈك شېئىرىي ئېنېرگىيە، شېرىن شېئىرىي تەم بەخش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر جۈملە ھەممە ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بىر شېئىرىي مىسرا بولۇپ قالغان. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە خەلق ئارىسىدا بۇنچىلىك كەڭ ئومۇملاشقان شېئىرىي مىسرالار كۆپ ئەمەس.

ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا لىرىك قەھرىماننىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، شېئىرلاردىكى لىرىك باش قەھرىمان «مەن» كۆپ ھاللاردا شائىرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ تەبىئەت ھەم ئىنسانلارغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى، ھاياتقا ۋە تۇرمۇشقا بولغان كۆز قاراشلىرىنى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان پىكىرلىرىنى، ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىنى ئانىغا، پەرزەنتلەرگە، ئەۋلادلارغا، شۇنداقلا سۆيگەن يارىغا بولغان مۇھەببەتلىك ھېسسىياتلىرىنى ئاشۇ لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ چىن ۋە نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرىدۇ. شائىرنىڭ بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى لىرىكىلىرىدا بۇنداق لىرىك قەھرىمان بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئوچۇق ئىزھار قىلىدۇ.

شۇ مېنىڭ ئەقىدەم، ئۆتەر ئىلكىدە،
ئۆمرۈمنىڭ ھەر بەرگى ـ دەقىقەم، سوتكام.
مىڭ جەننەت راھىتىن بېرىدۇ ماڭا،
لاي سۇۋاق ئۆيۈم ۋە قىيسايغان بوتكام.
بايلىقىم — دىلدىكى ساڭا مۇھەببەت،
ۋە سادىق ھەمراھىم قەلەم، چىش چوتكام.
خەقلەرنىڭ مىننەتلىك ئېشىدىن ئەلا،
ئۆزۈمنىڭ قازىنى بەرگەن ئاش، بوتكام.
يۈرىكىم قولۇمدا، تۇتىمەن ساڭا،
ئانا يەر، بىر ئېسىل ئالەمسەن ماڭا.»
(«يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا» دىن)

بۇ شېئىردىكى لىرىك باش قەھرىمان «مەن» ئۆزىنىڭ ئانا دىيارىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىنتايىن يارقىن، تەسىرلىك، ئىجادىي لىرىك پىكىرلەر ئارقىلىق يورۇتقان بولسا، «يۈرىكىم سېنىڭ قېپىڭ» شېئىرىدا يەنە بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىگە «ئالتۇن بۆشۈك» سانىلىدىغان ئانا ۋەتەننى ئۆزىنىڭ يۈرەك قېپىغا ئوراپ

ساقلايدىغان قەسىمىنى بىلدۈرىدۇ. «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن هالال ۋە ئاپئاق»، «توزان قەسىدىسى»، «ئاشۇنداق ياشايمەن، ئاشۇ تۇيغۇدا»، «هەر زەررەڭ قۇياش بولۇپ تۇيۇلىدۇ»، «ئامەت»، «قۇياش قەسىدىسى» قاتارلىق شېئىرلاردا شائىر ئۆزىنىڭ قايناق هېسسىياتىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، لىرىك پىكىر ئۇنچىلىرىنى ئۇنىڭغا باغلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ ياڭراق ساداسىنى ياڭرىتىدۇ. 1979 ـ يىلى يېزىلغان «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن هالال ۋە ئاپئاق» شېئىرى شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ئىچىدە ئالاهىدە ئورۇنغا ئىگە نادىر ئەسەردۇر. شائىر بۇ شېئىرنى

يالغاننى تۇزمىدىم ئاشۇ يىللاردا،
بېشىمغا تەگسىمۇ دەهشەتلىك تاياق.
قارشىلىق ياسىدى تۇغيان دىللاردا،
پالاكەت باسسىمۇ ئۆيۈمگە ئاياغ.
غەمگۇزار ۋەتىنىم — ئەي ئۇلۇغ ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن هالال ۋە ئاپئاق.

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلاپ، لىرىك قەهرىمان «مەن» نىڭ خەلقىمىزنىڭ بېشىغا ئاپەت ياغقان ئاشۇ قاراڭغۇ يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەگەر ئاپتور بايان تىلى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ جىسمى ۋە مەنىۋىيىتىدە قالغان يارا ئىزلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ شىكايەت قىلىش بىلەن چەكلەنگەن بولسا، بۇ شېئىر ئەدەبىياتىمىزدىكى «جاراهەت ئەدەبىياتى» دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قېلىپ، هازىرقىدەك ئىجادىي مەنزىلگە يېتەلمىگەن بولاتتى، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىمۇ هەل بولمايتتى. شائىرنىڭ مەقسىتى جاراهەتنى ئېچىپ كۆرسىتىشلا ئەمەس، بەلكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ جاراڭلىق ناخشىسىنى ياڭرىتىش بولغاچقا، شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك قەهرىمانىنى «تۆهمەت»، «سۈيىقەست»، «زورلۇق» لار قىيىن ـ قىستاقتا ئالغان ئەڭ قىيىن، ئەڭ جاپالىق مۇهىتتىكى ئىپادىسىنى يازىدۇ.

تۆهمەتنى رەت قىلدىم، قىلمىدىم پىسەنت،
سۈيىقەست دەشتىدە ياۋ قالدى ياياق.
ئېلىشتىم، زورلۇقتا ياۋ يەڭگەن بىلەن،
هەقىقەت بابىدا تاپشۇردى ياراغ.
بەقۇۋۋەت سەزدىمەن ئۆزۈمنى ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن هالال ۋە ئاپئاق.

«پەيلىم» دىن يانمىدىم، تۇردۇم قەد كېرىپ،
بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قەستى جان ئالماق.
دېدىمكى، لەببەيچى تولغان جەننەتتىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىڭ ئەلا پىداكار ئەر چۈشكەن دوزاخ.
پەزىلەت نۇر چاچتى، ئەي ئۇلۇغ ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق.

دېمەك، لىرىك قەھرىمان يالغانلارغا ئالدانمايدۇ، سۈيقەستلەرگە تىز پۈكمەيدۇ، لەببەيچىلەردىن يىرگىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ» نەپسىنى قاندۇرۇش، زامانغا بېقىپ ئىش كۆرۈش توغرىسىدىكى دەۋەتلەرگە ئەگەشمەيدۇ، قىسقىسى، زۇلمەتتىن قىينىلىپ تاڭدىن كەچمەيدۇ. جۈرئەت، ئەقىدە ۋە ۋىجدان قۇدرىتى ھەردەۋر سوۋۇماي «قايناق» ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ لىرىك قەھرىماننىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق ۋە چىدام نەدىن كەلگەن؟ شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەنبەسى ۋە قەھرىمانلىقنىڭ سەۋەبى: «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» دېگەن مىسرا بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. شېئىرنىڭ ماۋزۇسى قىلىنغان ۋە ھەربىر كۇپلېتتا بىر قېتىم تەكرارلانغان بۇ بىر مىسرا شېئىرىي پىكىرنىڭ تەبىئىي راۋاجى ۋە شېئىرىي پىكىرنىڭ «كۆزى» بولۇپ، ئۇنىڭغا ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە بولغان مۇھەببەت رىشتىسى ئانىنىڭ ئاق سۈتى بىلەن پەرزەنت ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەندەك، ۋەتەنگە بولغان چىن ئەقىدە ۋە مۇھەببەتمۇ ۋەتەن سۆيەر ئوغلانلارنىڭ قەلبىگە، ئېڭىغا، پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن، بۇ بىر تەڭداشسىز ئۇلۇغ مۇھەببەت بولۇپ، ھېچقانداق قارا كۈچتىن يېڭىلمەيدۇ، ۋەتەن مۇھەببىتى ھەرقاچان، ھەردەۋر ھەممىدىن غالىبتۇر دېگەن پىكىر مۇجەسسەملەنگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» دېگەن بۇ شېئىر بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» شېئىرى ۋە مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دېگەن نادىر ئەسىرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يەنە بىر نادىر ئەسەر سانىلىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ۋەتەن مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان ئەسەرلىرى ئايرىم - ئايرىم ئەسەرلەردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەزمۇن جەھەتتە بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، كۈچلەندۈرۈپ، مۇكەممەل بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى بارلىق ئەسەرلىرىنى ئوخشىمىغان مەزگىللەردە يېزىلغان، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن بىرى - بىرىنىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىمىسى ھېسابلىنىدىغان چاتما شېئىرلار دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ «بىر ماجرادىن تەسىرات»، «تۆگە ۋە ئىت»، «يالغانچىنىڭ شەرھى»، «بىر تۆرىگە تېز سىزما» قاتارلىق لىرىكىلىرى ئەخلاقىي تېمىغا بېغىشلانغان بولسا، «ياخشى كىشى بىر جەننەتتۇر ئالەمدە»، «تەڭتۇشلۇق تۇيغۇسى»، «قازاق دوستۇمغا» قاتارلىقلاردا شائىر كىشىلەر ئارا دوستلۇق ۋە مىللەتلەر ئارا ئىناقلىقنى مۇۋەپپەقىيەت كاپالەتنامىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنى قەدىرلەيدۇ؛ «دىيارىمىز»، «بۇ مېنىڭ مەھەللەم» قاتارلىقلاردا ئانا يۇرت مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى شائىر

قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقسا، «كۆكلەم لىرىكىلىرى»، «تاڭ لىرىكىلىرى»، «ھىلال ئاي تەسىراتلىرى»، «بەختلىك بالام سەن، بەختىڭ يورۇق كۈن» قاتارلىقلاردا شائىر ئازاد زامانغا بولغان چەكسىز ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتىنى گۈزەل ۋە قايناق لىرىك مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ؛ «خەلقىم»، «نان»، «دېھقان ئاتا، نان تەڭرىسى، جانجان» لىرىكىلىرىدا مېھنەتنى، ئەمگەكچى خەلقنى بېشىغا ئېلىپ ئۇلۇغلىسا، «چاي تۇتتۇڭمۇ، شارابمۇ»، «بىر شەھەردە ياشايمىز، ئەمما»، «ئاپئىقىم»، «مۇھەببەت كېچىسى»، «باغ ئىچىگە قارايدىكەن دېرىزەڭ»، «ئايغا جاۋاب» قاتارلىقلاردا ئىنسانىي سۆيگۈ، ئىنسانىي مۇھەببەت ھەققىدىكى بارلىق ئىزگۈ ھېسسىياتنى ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ، كىتابخانلارنى ساداقەتمەن سۆيگۈگە دەۋەت قىلىدۇ. ھاياتقا بولغان ئەقىدە ۋە مۇھەببەتنى چىڭىتىدۇ. سۆيگۈ، ياشلىق، گۈزەللىك قاتارلىقلارنى چىن دىلدىن كۈيلەپ، ئۇلارنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، ھەقىقىي قىممىتى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. «ئەركىلە، بالام»، «تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك، ئامان» قاتارلىقلاردا ئەۋلادلارغا بولغان مەسئۇلىيەت ھەم ئۈمىدۋارلىق ئىپادىلەنسە، «چېچىمدىكى بىر تال ئاق»، «ئاشۇنداق ياشايمەن، ئاشۇ تۇيغۇدا»، «تاشنى تېشەر نىگاھ بىلەن ياشايمەن»، «ياش لوگىكام»، «ئۈرۈمچى، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم»، «دالىلارنى باشلاپ كەلدىم قۇچاقلىرىڭغا»، «سۆيگۈ - كۈي» قاتارلىق لىرىكىلاردا شائىر ئۆزىنىڭ كىشىلىك دۇنيا، ھايات، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىنتايىن نازۇك ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى بىۋاسىتە ھالدا ئىپادىلەيدۇ. بۇ بىر يۈرۈش قەلب لىرىكىلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا شائىر بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەم بولۇش لازىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، بارلىق ئىزگۈ ھېسسىيات، گۈزەل قەلبىنىڭ سادىق كۈيچىسى سۈپىتىدە، گۈزەللىك مەستانىسى، ھەقىقەت ھامىيسى سۈپىتىدە، قاباھەت، خۇنۇكلۇك ۋە ساختىلىقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. «ئالمىنىڭ ھىدىغا كۆمۈلگەن دالا»، «ئاق ئالمىنىڭ ئاق چېچىكى ئاق قاردەك»، «تۇنجى قار»، «تاڭدا تۇرۇپ»، «تاڭ تارايدۇ تاغلارنى بويلاپ»، «قار باسقان دالىلار، قار باسقان يوللار» قاتارلىقلاردا بولسا، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ بۆشۈكى، جۈملىدىن بارلىق ھاياجان ۋە ھېسسىياتنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى بولغان سېخىي تەبىئەتنى زوق - شوخ بىلەن كۈيلەپ، تەبىئەتكە روھ ئاتا قىلىدۇ، تۇرغۇن ھالەتتىكى تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى شائىرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىشى ئارقىلىق قايتىدىن جانلىنىپ، چەكسىز ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ.

بەشىنچى، ئوسمانجان ساۋۇت لىرىكىلىرىنىڭ ئاھاڭدارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئوقۇغان كىشىگە مۇزىكا ھۇزۇرى بەخش ئېتىدۇ. ئاھاڭدارلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بۇ خىل خۇسۇسىيەت كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئارۇز ۋەزنىنى ئاساس قىلغان شەكىللەردە ئومۇمەن تەلىپى قاتتىق بولىدىغان رىتىم ۋە تۇراقلاردا، ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ قاپىيىلىشىشى ياردىمىدە گەۋدىلىنەتتى. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە مۇزىكىدارلىق ئومۇمەن تىلىمىزنىڭ

ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى، شائىرلارنىڭ تىل ماھارىتىنى سىنايدىغان بىر ئۆلچەم بولۇش سۈپىتىدە مۇھىم بىر خىل شېئىرىيەت مېتودى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل مېتود گەرچە بۈگۈنكى زاماندىكى بەزى شائىرلىرىمىز تەرىپىدىن ھەم قوللىنىلىپ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆپىنچە بىر خىل سەۋىيىنى ساقلاپ كەلگەن. ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا بولسا مۇزىكىدارلىق بىر خىل مېتودلا ئەمەس، بەلكى شېئىرلار گەۋدىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى تۆت مىسرالىقتىن بولغان كۆپلىگەن لىرىكىلىرىدا 1 ـ ۋە 3 ـ مىسرا بىلەن 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرانىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تولۇق قاپىيىلىنىپ كېلىشى ۋە شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئوخشىمىغان كۆپلېتلاردا تەكرارلىنىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

يىغلاشقىمۇ ئەمەسمەن، ئەمما يىغلايمەن،
ئانىلار نان تىلەپ كۆتۈرگەندە قول.
ئۆرتىنەر يۈرىكىم، زىنھار قىيمايمەن،
ئۈمىدلىك ئەۋلادلار ئاداشقاندا يول.
(«يىغا» دىن)

بىر شەھەردە ياشايمىز ئەمما،
كۆرۈشمەيمىز پەسىللەرگىچە.
ئەھدىمىز چىڭ، ئىشقىمىز ھەتتا،
نۇر چاچىدۇ ئەسىرلەرگىچە.
(«بىر شەھەردە ياشايمىز ئەمما» دىن)

خىلمۇ خىل مىجەزلەر، خىلمۇ خىل ئادەم،
خىلمۇ خىل نىيەتلەر، خىلمۇ خىل كۈلكە.
ئاشۇ كۆپ خىلمۇ خىل ئىچىدە ئالەم،
ئارىلىشىپ ياشايدۇ ئارسلان، تۈلكە.
(«قارا كۈلكە» دىن)

شېئىر دېگەن ھاياتتۇر، شېئىر دېگەن مۇھەببەت،
ئوت بېرىدۇ باغرىدىن ئوتسىرىغان ئالەمگە.
شېئىر دېگەن خۇدادۇر، شېئىر دېگەن مۇھەببەت،
شەيتىنىنى بوغۇزلاپ ئازاد بولغان ئادەمگە.
(«شېئىر — ھايات، ئانا، مۇھەببەت، ۋەتەن» دىن)

ئالماسنىڭ يۈزىدەك ياندى مۇھەببەت،

مۇقەددەس بىر ئوتتا تاۋلاندىم ھەرئان.
غايىبتىن پۈتۈلدى ماڭا بىر قۇدرەت،
ئايلاندىم ئۆرۈققا — تاش يارغان سەردان.
كۆزدىكى ياپراقتەك تۆكۈلدى ئىللەت،
قەددىمدىن، قەلبىمدىن (يا! شاھى مەردان!)
زورايدى خىسلىتىم، تاپتىم كۆپ قىممەت،
چاقنىدى ئۆمرۈمدە ھەر ئۆتكەن جەريان.
سەن بىلەن ئاسمانغا تاقاشقان بېشىم،
ئۈرۈمچى، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم.

يۇقىرىقى مىساللاردىن ئوسمانجان ساۋۇت گەرچە ئارۇز ۋەزنىنى قوللانماي، بارماق ۋەزنىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا سۆزلەرنىڭ ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا بىرىكىشى، ئۆزئارا ئىنتايىن توق قاپىيىلىشىشى، سۆزلەرنىڭ، ھەتتا مىسرالارنىڭ تەكرارلىنىشى ياردىمىدە شېئىر بىلەن مۇزىكىنىڭ ئىنتايىن ئاددىي ۋە تەبىئىي ھالدا بىرىكىپ، ئاجرالماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىدىكى بۇنداق مۇزىكىدارلىق ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان تەسىرىنى تېخىمۇ بېيىتىش، تولۇقلاش، كۈچلەندۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر خىل ئىزدىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ 1961 ـ يىلدىن باشلانغان شېئىر ئىجادىيىتى دەۋر جەھەتتىن ئىزچىللىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتكىنىگە قارىماي، ئۇنىڭ يازغانلىرى يەنىلا كۆپ ئەمەس، شۇنداقتىمۇ شېئىرلىرىنىڭ سۈپەت ساپاسى، ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتى، يەتكەن سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئوسمانجان ساۋۇت يەنىلا بىزدىكى بارماق بىلەن سانىغۇدەك شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## § 3 . ئىمىن ئەخمىدى

ئىمىن ئەخمىدى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە لىرىكا ئىجادىيىتىدىكى كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئومۇمىي ئېتىراپقا ۋە ياخشى باھالارغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇرما يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قەشقەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1960 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە بېيجىڭدىكى سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا، 1962 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ 1986 ـ يىلىغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومدا ئىشلىگەن. 1986 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، دەسلەپتە بىرلەشمە پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ، كېيىن بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1996 ـ يىلىدىن تارتىپ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىمىن ئەخمىدىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1959 ـ يىلى ئۆكتەبىردە «قەشقەر گېزىتى»گە بېسىلغان «ئۆكتەبىر»، «تارىم باغرىدا ئېچىلدى چېچەك» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن باشلانغان، شۇندىن تارتىپ ئىزچىل تۈردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇ «سۇ»، «ئىجادكارغا»، «ھېسلىرىم»، «يىللار»، «يېزا مۇھەببىتى»، «ئوغلۇمغا»، «‹سېرىق› ناخشا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، بۇ شېئىرلىرىدا شۇ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن يېڭىلىق ھېسابلىنىدىغان مەزمۇن، ماھارەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شېئىرىيەت ساھەسىدە تونۇلۇشقا باشلىدى.

ئىمىن ئەخمىدىنىڭ ھەقىقىي شېئىرىيەت ھاياتى يەنىلا يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ باشلاندى. ئۇ يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىگە «قېنى ياز ئەخمىدى مىسرالىرىڭ راست سۆز بىلەن تولسۇن،/ يۇزۇڭ سۆرۈن بولۇر مەڭگۈ قۇرۇق گەپنى مىراس قىلساڭ» دېگەن شېئىرىيەت قارىشى بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە بۇ قارىشىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاپ، شېئىرلىرىدا ھەقىقەتنى، گۈزەللىكنى، ياخشىلىقنى كۈيلىدى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئورتاق، سەمىمىي ھېسسىياتنى ئىپادىلىدى، شېئىرلىرى ئارقىلىق ۋەتەن ئوتىدا كۆيۈپ، خەلق ئىشقىدا يانغان قەلبىنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى، ياخشى باھالىرىغا ئېرىشىپ كەلدى.

80 ـ يىللار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ ھوسۇللۇق، شۇنداقلا نەتىجىلىك بىر باسقۇچى بولدى. شۇ يىللاردا ئۇ، ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «كۈچا كۆرپىسى»، «مىڭ ئۆي»، «ئارزۇ بوستانى»، «شائىر دوستۇمغا»، «كۆمۈر ھەققىدە قىسسە»، «پەزىلەت ھەققىدە مۇخەممەس»، «ھايات يىلتىزى»، «ئوتتۇز بەشىنچى باھار»، «يۇرتۇمدا دېڭىز يوق»، «ئاسمانلار، تاغلار»، «ئانامغا»، «تەنھا لىرىكىلار»، «ئەسلەنگەن يىللار»، «ۋىسال ئارزۇلىرى»، «ھايات ھەققىدە» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر لىرىكىلارنى يېزىپ، ئۇلاردا ھايات ئىشقىنى كۈيلىدى، ۋەتەننىڭ تەبىئەت مۆجىزىلىرى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى مىسالىدا، يۇكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزدى، خەلقىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلىدى، شېئىرىيەت ماھارىتى جەھەتتە بارغانسېرى پىشىپ يېتىلىپ، پىكىرنى ھېسسىي

ئوبرازلار، لىرىك مۇھاكىمىلەر، بېشارەتلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش، تىلنى بىر خىل مەقسەت قىلىش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ يىللاردا ئۇ يەنە داستان ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «ۋەتەن پەخرى»، «قەبرە»، «ياشلىقىم سەندە قالسا ئىدى ۋەتەن»، «گۈلگۈن دالالار»، «مۇقەددەس سېپىل»، «ھاياتىم»، «مېنىڭ قەلبىم دالالاردا» قاتارلىق داستان ـ باللادىلارنى يېزىپ، داستانچىلىقىمىزغا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى. مۇشۇ يىللاردا ئۇنىڭ «بەخت ناخشىسى»، «گۈلگۈن دالالار» قاتارلىق شېئىر ـ داستانلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

ئىمىن ئەخمىدىنىڭ 80 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ «گۈلگۈن دالالار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى شېئىرلىرىدا خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى، شۇنداقلا ئەڭ ئاساسلىق تېمىلارنىڭ بىرى. بۇ تېمىغا ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى شائىرلار ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ ياندىشىپ بۇ تېمىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، يېڭىلاپ كەلدى. بۈگۈنكى زاماندىكى شائىرلىرىمىزنىڭ بۇ تېمىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە يېڭىلىقى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ نەتىجىلىك بولدى. جۈملىدىن، شائىر ئىمىن ئەخمىدى «ھايات يىلتىزى»، «خانتەڭرى»، «تارىم»، «جاھاننەما ئەينىكىم»، «يۈرتۈمدا دېڭىز يوق»، «ئىزگۈ ھېسلىرىم» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى يېڭىچە ھەم نىسبەتەن يۈكسەك بولغان بەدىئىي يوللار بىلەن ئىپادىلىدى:

ئۇلۇغ كىچىك تىنىدۇ دېڭىز،
كۆكسى گاھى ئېگىز، گاھى پەس،
ئېيتالمىغان ئەلىمى باردەك،
ئالالمايدۇ بەزىدە نەپەس.
بىزدە قۇملار شۇنداق پايانسىز،
ئىچى ئالتۇن، كۈمۈش ھەر قەترە.
گۈل ئىزدىسەك كۆرۈنمەيدۇ ھېچ،
يۈزلىرىدە پۈرايدۇ ئەترە.
قوينىدا يوق بوستان ئاراللار،
يۇلغۇن — سەپەر يولىدا ماياك.
باتۇرلىرى ئۆزى تاپار يول،
قورققاقلىرى قەدەمدە ھالاك.
قۇچىقىدا ئۇزەر كېمىلەر،
ئىسمى كارۋان، يۈزىدە غۇرۇر،
قۇملار ئۇنى ئۈزىتىپ ئېسەن،
قۇم ياتىدۇ ئاستىدا مەغرۇر.
قاتقان دولقۇن كۆكسىگە زىننەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تورىبېتى

يوق يوشۇرۇن خادا تاشلىرى.
بورانلىرى ئاشكارا ئەجەب،
دەبدەبىلىك ۋارقىراشلىرى.
ئۇچۇپ كەلگەن ياپراقلار ئۇنى
قۇچاقلايدۇ سۆيگەن ئانام دەپ.
قىز - يىگىتلەر ئېلىشىپ هاردۇق،
تەلپۈندۇ تەكتى ماكان، دەپ.
قۇم دېڭىزى دەيدۇ نامىنى،
قېلىشمايدۇ كۆپكۆك دېڭىزدىن،
جەزىرە ئۇ، دېگەن پىتنىلەر
چىقماس ئۇنى بىلگەن ئېغىزدىن.
سەن ماختىساڭ ئوكيانىنى بۇ دەم،
قۇملىرىمنى ماختايمەن مەنمۇ.
مەن ئوكياندا ئۈزگەنگە ئوخشاش،
ئۈزەلەمسەن قۇملۇقتا سەنمۇ؟
(«ئىزگۇ هېسلىرىم» دىن)

بۇ ۋەتەن كۈيلەنگەن، ۋەتەن ئۇلۇغلانغان بىر ئېسىل قەسىدە. شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەتەن هەققىدىكى پىكىر ۋە هېسسىيات كىشى قەلبىنى هاياجانغا سالىدۇ. شائىر بۇنداق پىكىر ۋە ئىدىيىنى قۇرۇق مەدھىيە سۆزلىرى ياكى هاياجانلىق ئىنتوناتسىيىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ قۇم - تۇپراقلىرىنىمۇ باشقىلارنىڭ كۆپكۆك دېڭىزلىرىدىن ئۇلۇغ بىلىشتەك بىر خىل پىكىر ۋە شۇ ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. شائىرنىڭ نەزەرىدە قۇم يۇرتىمىزنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا بىر زىننىتى، باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ دېڭىزلىرى بىلەن پەخىرلەنسە، بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇملۇقى بىلەن پەخىرلىنىمىز. قۇملۇق بىزدە باتۇرلۇق، مەردلىك، قەيسەرلىك مەزمۇنىدىكى قۇملۇق روھى شەكىللەندۇرگەن. باتۇرلۇق، مەردلىك، قەيسەرلىكنى بەلگە قىلغان بۇنداق روھنى شائىر ئاجايىپ ئۇلۇغلىغان ۋە بۇ ئارقىلىق شېئىرلىرىدا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇرگەن. ئۇنىڭ «كۇچا كۆرپىسى»، «مىڭ ئۆي» قاتارلىق مەشهۇر شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روهمۇ مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل، ماهارەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، جەمئىيەتتە ۋە ئەدەبىيات ساهەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان.

ئىمىن ئەخمىدىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، بۇ تېمىنى ئوخشىمىغان پىكىر - مەزمۇنلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. شائىر ۋەتەن تېمىسىدىكى بىرمۇنچە شېئىرلىرىدا، شەخسنىڭ بەختى ۋەتەن قوينىدىلا ئاندىن مۇمكىنچىلىككە ئېرىشىدۇ، دۇنيادا ئۆز ۋەتىنىدىنمۇ گۈزەل، ئارامبەخش جاي يوق دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەسىلەن:

يەر شارىنى تولۇق ئايلاندىم بولغاي،
لاپ ئەمەس كۆرمىگەن يەرلەر قالمىدى.
بىر - بىرىدىن گۈزەل ئاۋات جايلارغا،
قاراپ كۆزۈم تالدى، بىراق قانمىدى.
. . . . . . . . . . . . . .
ھاياجان ئىنساندا غايە تۇغدۇ،
غايىسىز ھاياجان ئەلۋەتتە بىكار.
غايىلەرمۇ بەزەن بوشقا كېتىدۇ،
بولمىساڭ ۋەتەنگە، ئەلگە تۆھپىكار.
شۇ سەۋەب يەنىلا يۇرتۇمنى تېپىپ،
ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغىنىم تۈزۈك.
شۇ سەۋەب بىلمەن ئەجەبمۇ ئېغىر،
ئەجەبمۇ شەرەپلىك مۇرەمدىكى يۈك.
جەڭچىگە چەتلەردە ئەمەس، ئۆزىنىڭ —
يۇرتىدا بولىدۇ چېلىش سەھنىسى.
شۇ چاغ مەيدانلاردا چاقنايدۇ ئوتتەك —
بولۇپ چەتلەردىكى سەپەر مەنىسى.
كەل گۈزەل، ئىچەيلى ئىجادتىن شەربەت،
بولغىن ئۇلۇغ ئارزۇلىرىمغا شېرىك.
ۋاھ، دەپ تەلپۈنۈپلا يۇرسەم باشقىغا،
ئۆرە يۇرگەنىدىمۇ ئەمەسمەن تىرىك.
تىرىكلىك نىشانى، مەردلىك نىشانى،
ئۆز روزىغارىڭ ۋە يۇرتۇڭ بولۇشتا.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . .
( «ئىجاد شەربىتى» ) دىن

ئىمىن ئەخمىدى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئېتىقاد - قاراشلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان شائىر. ئۇ «يېزام ئاۋازى»، «سەھرا قىزى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكلىرىنى، دىماغقا ئۇرۇلىدىغان جىگدە ھىدىنى، يىراقتىن ئاڭلىنىدىغان ناخشا ئاۋازلىرىنى تەسۋىرلىگەن بولسا؛ «سەنئەتكار»، «ناخشىچىغا»، «سەنئەت ئىشقى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى تەڭداشسىز ئورنى ۋە ئالەمشۇمۇل تەسىرىنى ئىپتىخارلىق بىلەن كۈيلەيدۇ. توپلامدىكى يەنە بىر مۇنچە لىرىكىلاردا شائىرنىڭ قەلبىنى غىدىقلىغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، ھېسسىيات - تۇيغۇلار، ھايات ئاتا قىلغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر، شائىرنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويلىرى ئىپادىلەنگەن. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى، توپلامدىكى «قەرزىم مېنى»، «ئوتتۇز بەشىنچى باھار»، «بوز تورغاي» قاتارلىق بىر قاتار مۇنەۋۋەر شېئىرلاردا شائىر دىققەت مەركىزىنى تېخىمۇ ماھىيەتلىك تەرەپلەرگە قارىتىپ، بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىنى، ھاياتلىق يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى، تۇرمۇشتىن ئالغان تەجرىبىلىرىنى ۋە قەلبىدە پەيدا بولغان مۇرەككەپ ئوي ـ پىكىرلىرىنى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ، يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى.

......
ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن بولساڭ، بىلىسەن ـ
يەتتە قات ئاسماندىن سۆزلەيتتى چوڭلار،
«ئۇن سەككىزمىڭ ئالەم» دېيىشىپ بەزەن،
«ھېسابسىز تاغ بار» دەپ سۆزلەيتتى ئۇلار.
ئەجەبا، خىيالى دەرۋازا قاققان ـ
تاغ، ئاسمان، ئالەمدىن قورققانمۇ ئۆزى،
يا راستمۇ «ئۇستۇڭدە پەقەت بىر ئاسمان،
ئالدىڭدا بىر تاغ» دەپ سۆزلىگەن سۆزى.
يوق بولسا، بارلىقنى قىلالايلى ئىسپات ـ
دېسەك ئۇن چىقمايتتى ئاتىلار پەقەت.
بار بولسا كۆرەيلى چەكسەكمۇ ئازاب ـ
دېسەك ئارزۇلارنى قىلار ئىدى رەت.
... ... ...
سەن قالدىڭ، ئاقىۋەت كۆمۈش لاچىندا،
مەن كەتتىم زەڭگەر رەڭ ئاسماننى قۇچۇپ.
... ... ...
بۇ تاغلار، بۇ ئاسمان بىر ـ بىرىدىن ئۈز،
بىرىدىن بىرىنىڭ ھۆسنى باشقىچە.
دەپ قالدىم: ئاتىمىز بۇرنى ئاستىنى ـ
كۆرۈپلا كەپتىكەن مۇشۇ ياشقىچە.
... ... ...
يەنىلا ئۇستۇڭدە پەقەت بىر ئاسمان،
ئالدىڭدا بىر تاغ دەپ بەزلىمە مېنى.
ئاسماننىڭ ئۇستىدە ئاسمان بار ئىكەن،
تاغلارنىڭ كەينىدە تاغلار بار ئىكەن»
(«ئاسمانلار، تاغلار») دىن

بۇ يەردە پارچىسىنى كۆرۈپ ئۆتكەن بۇ شېئىر شائىرنىڭ مۇنەۋۋەر لىرىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭى ئىدىيىلەر بىلەن كونا قاراشلار ئالمىشىۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى، بولۇپمۇ يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەردىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان دۇنياغا تەلپۈنۈش، ئۆزىدىن ھالقىش، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىلەرنى يارىتىش ئىدىيىسى بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ شېئىريي قىممىتى ناھايىتى چوڭ ئەلۋەتتە.

90 ـ يىللار ئىمىن ئەخمىدىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ پىشىپ يېتىشكەن مەزگىلى بولدى. بۇ يىللاردا ئۇ «ساھىلدىكى ئارمانلار»، «كۆيگەن تاغلار»، «ھايات تەرمىلىرى»، «ئاخىرقى باياۋان»، «قەددىم كېرىپ ياندىم ھاياتتىن»، «جىگدە ھىدى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچە بىر خاھىشتىن ۋە يەنە بىر پەللىدىن بېشارەت بەردى. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ «سۆيۈلگەن يىللار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، دەۋرىمىز شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شەرق ـ غەرب شېئىرىيىتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى ھەققىدىكى مول بىلىمى، كەڭ نەزەر دائىرىسى، ئۆزگىچە كۆزىتىش نۇقتىسى، پەلسەپىۋى تەپەككۇرى ۋە ئەركىن تەسەۋۋۇرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈردى ۋە كۆپ تەرەپلىمە قىممەت شەكىللەندۈردى.

ئىمىن ئەخمىدى نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىن باشقا يەنە خەنزۇ شېئىرىيىتى ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭمۇ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرىيەت قارىشى نىسبەتەن يېڭى ۋە ئەركىن، ئىجادىيىتىدىمۇ بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىدىكى خاھىشلار خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىلەر، ئانا يۇرتنىڭ ئۆزگىچە رەڭ ـ پۇراقلىرى ۋە بۇلار پەيدا قىلغان كۈچلۈك ھاياجان، چوڭقۇر ئويلىنىش ئىپادىلەنگەن؛ ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەريالىرى، تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئۇلۇغلانغان؛ ئۇنىڭ لىرىكىلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ئىدىيىسى بىلەن، مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنىڭ پىكرى چوڭقۇر، ئوبرازلىرى يېڭىچە، تىلى تاۋلانغان، ھېسسىياتى كۈچلۈك، كەيپىياتى جانلىق بولۇپ، كىتابخان قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ.

ئىمىن ئەخمىدى يېڭىچە ئەدەبىيات قارىشىغا، جۈملىدىن ئۆزىگە خاس شېئىرىيەت قارىشىغا ئىگە شائىر. ئۇنىڭ شېئىرىيەت قارىشى «بىز قۇرماقچى بولغان شېئىر روھى» قاتارلىق ماقالىلىرىدا نەزەرىيىۋى ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ شېئىرىيەت قارىشى ئىپادىلەنگەن ماقالىلىرىدا شېئىرىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ، دەۋر تەرەققىياتىغا، خەلق ئارزۇسىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان شېئىرلارنى ئىجاد قىلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ـ كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ يۇقىرىقى ماقالىسىدە شېئىرىيىتىمىزنى نۆۋەتتىكى تۇرغۇنلۇق ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە مۇمكىنچىلىكلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازدى: «شائىرلاردا ئاڭلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، ئازاب تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. ئۇلاردا ۋەتەن ئېڭى، مىللەت ئېڭى بولۇشى كېرەك. ئۇلاردا ئادەملىك پەزىلىتى بولۇشى كېرەك. مۇشۇ ئەھۋالدىلا، پەقەت مۇشۇ شارائىتتىلا بىز يوقىلىۋاتقان شېئىر روھىنى قايتا تاپالايمىز. ئېغىر ھالاك بولمىغان شېئىر روھىنى قايتا تىكلىيەلەيمىز. شېئىرنىمۇ، ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلىۋاتقان شائىرنى قۇتقۇزۇپ، كەڭ خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان نادىر شېئىرلارنى يارىتالايمىز».

ئىمىن ئەخمىدى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك، تەسىرى چوڭ شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «سۆيۈلگەن يىللار» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىدا مۇكاپاتلاندى، كۆپلىگەن شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە مەخسۇس ئوبزورلار يېزىلدى. ئۇ ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدە خۇسۇسەن ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى.

## 4 § . مۇھەممەتجان راشىدىن

مۇھەممەتجان راشىدىن 1940 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. گەرچە ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىپ، شېئىر يېزىشقا قىزىقىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭغا ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇش نېسىپ بولمىدى. 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـيىلىغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە ئۇ بىر تەرەپتىن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1958 ـ يىلى ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرى «ئىلى دەرياسى»نى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇردى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. قوشۇمچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئەمما بۇنداق ھايات ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ھەرخىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر سەۋەبلىك 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 20 يىلدا شائىر خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەتتە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تارتتى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىلا ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، ھاياتىنىڭ ۋە ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى. يېڭى دەۋردە ئۇ بارلىق زېھنىي كۈچىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قارىتىپ كۆپلىگەن ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد قىلىپ، دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ھوسۇللۇق، شۇنداقلا ئالقىشقا سازاۋەر شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئادەمنى ئۇلۇغلاش، ھايات ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، جەمئىيەتتىكى ۋە مەنىۋىيەتتىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىشتەك ئاكتىپ

مەزمۇنى، ئاممىباب، ياڭگىل، يېقىشلىق بولۇشتەك بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولغان. شۇ سەۋەبتىن، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1992 ـ يىلى كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىنىغاندا، ئۇ شېئىرلىرىنى خەلق ئەڭ ياقتۇرىدىغان شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ تاللانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزگىچە بىر خىل ئىجادىيەت خاھىشى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، بۇ خىل خاھىشنىڭ تەسىرى ۋە نەتىجىسى خېلى گەۋدىلىك، شۇنداقلا شېئىرىيەت ساھەسىدە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە. ئۇنىڭ «سەن يوق»، «بۇ دۇنيا»، «ئىش ھەققىدىن تۇتمەن» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىغا ياندىشىپ ياكى ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ يېزىلغان شېئىرلارنىڭ شۇنچە كۆپلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۇھەممەتجان راشىدىن گەرچە 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتى ئانچە ھوسۇللۇق، نەتىجىلىك بولمىدى، باشلانغان پېتى قېپ قالدى. ھېسابتا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى يەنىلا يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچى بولدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ بىھۇدە ئۆتكەن ئەشۇ يىللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش، قەلبىگە سىغمىغان ئەلەملىك ھېسسىياتنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە ئاجايىپ ئىجتىھات بىلەن قايتىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ «مەن كېلىمەن ئىككى كۆزۈم ياش»، «كاككۇك گۈلى »، «مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس »، «ۋەتەن تاغلىرى»، «يىللارئىزى»، «بۇ تۇرمۇش»، «سەن يوق» ، «ئانا يەر قەسىدىسى»، «ھايات دېگەن مانا شۇ»، «ئۇمۇ بىر ئانا»، «ياندۇ قەلبىدە قۇياش بوپ ئىنسان»، «كۇتۇشكە يارالغانمەن سۆيگۈنۈمنى»، «شۇ ئادەملەر»، «قانات ياساپ پەرۋازدا، يۈرەر تۇمەن تىلەكلەر»، «باھار ناخشىلىرى» قاتارلىق كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان كۆپلىگەن ئېسىل لىرىكىلارنى يازدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋەتەنگە، خەلققە، تەبىئەتكە، ھاياتقا، ئانىغا، ياخشىلىققا، ھەقىقەتكە بېغىشلانغان بولۇپ، بۇنداق مۇھىم، ئەنئەنىۋى، مەڭگۈلۈك تېمىلاردا يېزىش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىزچىللىق ۋە بىر خىل ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇردى . تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، شائىر بۇ تېمىلارغا يېڭى پىكىر- مەزمۇنلار بىلەن ئىجادىي ياندىشىپ، بۇ تېمىلارنى مۇناسىپ دەرىجىدە بېيىتتى، مەلۇم يۈكسەكلىككە ئىگە قىلدى ۋە بۇ تېمىلارغا يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئۇ شېئىرلىرىدا ئىپادىلىنىدىغان پىكىر ـ مەزمۇنلارنىڭ يېڭى، چوڭقۇر، تەسىرلىك، ئوبرازلىق شۇنداقلا جەلبكار بولۇشىغا، بۇ مەزمۇنلارنى ئاممىباب، يېقىشلىق، يەڭگىل قىلىپ ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە بۇ جەھەتتە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ھەربىر پارچە شېئىرىنىڭ دېگۈدەك تەسىر قوزغىشىنىڭ، ياخشى تەرىپلەرگە ئېرىشىشىنىڭ ۋە كىشىدە ئۆزگىچە تەسىرات پەيدا قىلىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى مانا مۇشۇ.

مۇھەممەتجان راشىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئېغىر ئازابلارنى تارتقان، ئۆلۈم گىردابىدىن قايتىپ كەلگەن شائىر. بۇنداق سەرگۈزەشتىگە ئىگە شائىرنىڭ يېڭى دەۋردىن، دەۋر ئاتا قىلغان ئەركىن، بەختىيار ھاياتتىن شادلانماسلىقى، قەلبى لەرزىگە كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپەتلىك يىللاردىن زارلىنىش ئاساسلىق مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شائىر80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان«مەن كېلىمەن ئىككى كۆزۈم ياش» ، «سالام دوستلار» ، «كاككۇك گۈلى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىدى:

مەن كېلىمەن ئەسسالام ئىلى،
كەكلىك كەبى قەپەزدىن ئازاد.
مەن كېلىمەن، چېكىپ كاككۇكتەك،
زېىنەپ ئۈچۈن ھىجراندىن ئازاد.

مەن كېلىمەن ئىككى كۆزۈم ياش،
ئىككى ئۇنىڭ سەۋەبى ھەم سىرى.
بىرى شادلىق، بىرى ئەلەمدىن،
يازسام كىتاب ئۇنىڭ ھەر بىرى.
. . .
ئايرىلغاننى قايتا قوشقان دەۋر كەلدى،
سالام دوستلار، يەنە كەلدىم ئاراڭلارغا.
مەرىكەڭلار بىرچېتىدە ئۇن قاتىمەن،
سىلەردىكى يېڭى سۆھبەت پاراڭلارغا.
بەختلىكمەن: چىمەن ئىچرە جەم بولۇشتۇق،
دەۋر قوشتى يەنە مېنى ئاراڭلارغا.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى باشتىن كەچۈرگەن شائىرلارنىڭ كۆپ قىسمى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئىجادىيىتىنى ئاساسەن ئەشۇ ئاپەتلىك يىللارنىڭ بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا بېغىشلىغان بولۇپ، مۇھەممەتجان راشىدىن ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئەمما، مۇھەممەتجان راشىدىن باشقا شائىرلاردىن سەل پەرقلىق ھالدا شېئىرلىرىدا ئازابلىرىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا يەنە يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنلىككە بولغان خۇشاللىقىنىمۇ ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى ئەمدىكى بەختىيار زامانىنىڭ، ئەۋزەل شارائىتىنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ۋەتەن ـ خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىرغان. ئەلۋەتتە بۇ چاقىرىق شائىرنىڭ ئۆزىگىمۇ قىلىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە چوڭ يۈكسىلىشلەر، گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى.

مۇھەممەتجان راشىدىن ئىجادىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ شېئىرلاردا چوڭقۇر مەنىلىك، خەلق يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، كىشىلەر قەلبىدە ھاياجان پەيدا قىلالايدىغان پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ جېنى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇندا. شائىرنىڭ شېئىردا مەلۇم پىكىر ـ ئىدىيىنى

ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشتەك بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى دەۋرىمىز كىتابخانلىرىنىڭ ئەسەردىكى مەزمۇنغا قىزىقىشتەك كىتابخانلىق ئادىتىگە تازا ماس كەلگەچكە، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىتابخانلىق، تەسىرى كۈچلۈك شېئىرلاردىن بولۇپ كەلدى. مۇھەممەتجان راشىدىن ئۆزگىچە كۆزىتىش، پىكىر قىلىش ئۇقتىسىغا ئىگە شائىر بولغاچقا ۋە ھايات ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىنى شېئىر قىلىپ يېزىشقا ماھىر بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى يېڭىدىن يېڭى پىكىر - مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ كەلدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە شېئىرىدىن دېگۈدەك بىر يېڭى پىكىرگە، بىر يېڭى ھېسسىياتقا، بىر يېڭى ئۇچۇرغا ئىگە بولىمىز. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى پىكىرلەر پەلسەپىۋىلىككە، دىداكتىكىغا، ھايات ھەقىقەتلىرىگە، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك ھاياجان ۋە قايىللىق پەيدا قىلماي قالمايدۇ. ئۇ شېئىرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىر - مەنىلەرگە ئىگە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشنى ئىجادىيەت غايىسى قىلغانلىقى ئۈچۈن، شېئىرلارنى ھېسسىياتتىن كۆرە ئەقىل ئارقىلىق يازىدۇ. شېئىرنى تەپەككۇر قىلىشتىكى بىر خىل ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ھايات ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. ئۇنىڭ:

تالاشماقلار تالايدىن قالار ئىكەن بۇ دۇنيا،
بىلىپ بولماس نەگىدۇر بارار ئىكەن بۇ دۇنيا.
مەيلى گاداي، مەيلى شاھ بىر قىيامەت بىر جانغا،
بىر ئىنساندىن بىر جەسەت ئالار ئىكەن بۇ دۇنيا.

چېچەك تۆكسە ئۆرۈكلەر، مېۋە قېلىپ ئورنىدا،
ئەجدادلارغا ئەۋلادنى ئۇلار ئىكەن بۇ دۇنيا.
رىسقى ئەمما تەڭ ئەمەس، بۇ «پانىي»غا كەلگەننىڭ،
بىرده يوقسۇل، بىرده تەل قىلار ئىكەن بۇ دۇنيا.
. . . . . . . . . . . . . . . . . .

دېگەن مىسرالاردىن تەركىب تاپقان «بۇ دۇنيا» ناملىق شېئىرى بۇ جەھەتتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. شائىر بۇ شېئىردا ئوتتۇرىغا قويغان ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى تۇس ئالغان شېئىرىي پىكىرلەر كىتابخان قەلبىنى ھاياجانغا سالماي، ئۇلارنى قايىل قىلماي قالمايدۇ. مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى ئىچىدە «بۇ دۇنيا»غا ئوخشاش پەلسەپىۋىلىككە، ھايات ھەقىقەتلىرىگە باي، چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلار ئاز ئەمەس. «بەلكى»، «بىھۇدە ئۆتمىگەن يىللار»، «ئەخلاق»، «بۇ تۇرمۇش»، «ناتايىن»، «ھايات دېگەن مانا شۇ»، «قورقىمەن» قاتارلىق شېئىرلاردىمۇ شائىر ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە.

مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئاساسەن قىسقا شېئىرلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرىك شېئىرلار ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئىچىدە تەبىئەت ھەققىدە يېزىلغان لىرىكىلار مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مۇھەممەد راشىدىننىڭ تەبىئەت لىرىكىلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئاساسىي ئىدىيە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا تەبىئەت ئاتا قىلغان گۈزەل مەنزىرىلەر، ئىشچان خەلقنىڭ ئەمگىكى بىلەن ياشناۋاتقان يېزا ـ قىشلاقلار، ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىنى بولغان مەھەللە ناخشىلىرى، كۆجۈم مەھەللىلەر، تېرەكلىك يوللار، باغلىق ھويلىلار، يېڭى دەۋردە كىشىگە باشقىچە يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان كاككۇك ئاۋازى، باشقىچە يېقىملىق تۈيۈلىدىغان باھار پەسلى، ئاجايىپ بايلىقلارنى، ئېچىلماس تىلسىملارنى ساقلاپ كەلگەن چۆل ـ جەزىرىلەر، ئاۋات ـ قايناق شەھەرلەر تەسۋىرلەنگەن. شائىر مانا مۇشۇ كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق تەبىئەت بىلەن ھاياتنى، تەبىئەت بىلەن ۋەتەننى بىر گەۋدە قىلىپ تەسۋىرلەپ كىشىنىڭ يۇرتقا بولغان مۇھەببىتىگە يېڭىچە ئىلھام بەخش ئەتكەن. بەزىدە شائىر تەبىئەتنى تەسۋىرلەۋېتىپ، تەبىئەتتىن ئىلھام ئېلىپ يەنىلا ئادەم ھەققىدە، ھايات ھەققىدە ئويلىنىدۇ، پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئالايلۇق، شائىر «تاغ ناخشىلىرى» ناملىق سىكلىدە قارىغاي ھەققىدە يېزىپ كېلىۋېتىپ،

قارىدىم، ئويغا پاتتىم: ئادەملەرمۇ،
دېدىم مەن: — قارىغايدەك يېشىل بولسا.
بېشىغا جۇدۇن بىلەن قىش كەلسىمۇ،
رەڭگىدىن كەتمەيدىغان ئېسىل بولسا.

دېگەن ئويغا كېلىدۇ. شائىرنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى لىرىكىلىرىدا مۇنداق ئەھۋال بىر خىل ئومۇمىيلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر «مەكتەپ»، «ئوقۇغۇچىلار»، «مەكتەپ ۋە بىز» قاتارلىق شېئىرلىرىدا شۇنداق كۈچلۈك بىر خىل مەسئۇلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى، مەكتەپ تەربىيىسىنى ئۇلۇغلاپ، بالىلارنى پەن ـ بىلىم ئارقىلىق نۇسرەت تېپىش يولىغا چاقىرىدۇ. شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات ناھايىتى سەمىمىي، چاقىرىق تولىمۇ تەسىرلىك بولۇپ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ.

مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ يەنە بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ساتىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ساتىرا ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى خېلى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ـ دىداكتىك قاراشلار ئىپادىلەنگەن شېئىرلارنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى دېسەك، ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە روھىي دۇنيارىمىزدىكى ھەرخىل ئىللەتلەر ھەجۋىي ـ مەسخىرە قىلىنغان ساتىرىك شېئىرلارنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەيمىز. شائىرنىڭ ساتىرا يېزىشتىكى ماھارىتىمۇ خېلىلا ئۈستۈن بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا ۋە روھىي دۇنيارىمىزدا گەۋدىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى بايقاشقا، ئۇنى ھەجۋىي قىلىشقا ناھايىتى ماھىر. ئۇ يازغان «ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن»، «ئوغرى ھەققىدە

مۇخەممەس» ، «ئاپتوبۇستىكى ئىلھاملار» ، «سادىغاڭ كېتەي مۇكاپات» ، «ئىنجىق» ، «ئۆزەممۇ بىلەتتىم، ئۇنتۇپ قاپتىمەن» قاتارلىق ساتىرالىرى بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر ساتىرالار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ساتىرالىرىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىز ۋە مەنىۋى دۇنيارىمىزدىكى ھەرخىل ناچارئىللەتلەر ئاممىباب تىل، يەڭگىل ئۇسلۇب، راۋان بايان ئارقىلىق ئاچچىق مەسخىرە قىلىنغان ھەم كېلىشتۈرۈپ قامچىلانغان. شائىر ساتىرالىرىنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتى كەڭ بولۇپ، خىزمەتتىكى بيۇروكراتلىق، شەكىللىۋازلىق، مۇستەبىتلىكتىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى ئوغرىلىق، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغىچە، كەسپتىكى ناتوغرىلىقلاردىن قەلبتىكى ھەرخىل ئىللەتلەرگىچە ھەجۋى قىلىنغان، تەنقىدلەنگەن. شائىر ساتىرالىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇساق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز:

ئىشتىن بالدۇر كېتىشسەڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن،
قايسىڭ ئىشقا كېچىكسەڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.
كېچىكمەمسەن خىزمەتكە يېتىۋەرسەڭ چىرمىشىپ،
بىر كارۋاتتا يېتىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.
جان يېرى بار ئادەمنىڭ، ئوخشار ئاڭا مائاشمۇ،
ئۇندىن قۇسۇر تېپىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.
بۇندىن ئۆزگە تەدبىرنىڭ ئانىسىنى تۇمەنىڭ. . . !
مېنىڭ بىلەن ئېيتىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.
قېشىڭدىكى ئوسمىنى قاچان قويدۇڭ ئېيتمىدىڭ،
ئەمدى خېنە يېقىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.
گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي! مېنى كۆرسەڭ پىچىرلاپ،
قۇلىقىڭنى يېقىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.
بارالايدۇ پېقىرمۇ، بارغان يەرگە ھەر قايسىڭ،
رەھبەرلىككە چېقىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.

بۇ شائىرنىڭ «ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن» ناملىق ساتىراسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزگىچە بايانچى ۋە بايان نۇقتىسى ئارقىلىق ئەمەلىي ئىش قىلالمايدىغان، قول ئاستىدىكىلەرنى ياخشى باشقۇرالمايدىغان، ھەممىدىن قورقۇپ، ئەنسىرەپ يۈرۈيدىغان، مائاش تۇتۇشتىن باشقا تەدبىرى يوق ئىقتىدارسىز، بيۇروكرات ئەمەلدارلار مەسخىرە قىلىنغان. گەرچە شائىر ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ھېسسىياتى، باھاسىنى بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەربىر مىسراغا سىڭگەن ئاچچىق مەسخىرە ئارقىلىق بۇنداق ئادەملەرگە بولغان قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى، ئۆتكۈر تەنقىدىنى ۋاستىلىك ئىپادىلىگەن. مۇھەممەتجان راشىدىن ساتىرالىرىدا مەسخىرە، موبالىغە، قىلىقلاندۇرۇشقا ئوخشاش ھەرخىل بەدىئىي ۋاستىلەر ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىپ، ھەجۋىي تىل، ھەجۋىي كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق، ئوبيېكتىپ ھەققىدىكى مەسخىرە، تەنقىد ۋايىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەسخىرىسى، تەنقىدى خېلى كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ۋە تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، شائىرنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى، مەنىۋىيىتىمىز ئالدىدىكى شەرەپلىك بۇرچىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنلىكى ۋە ياخشى ئادا قىلغانلىقىنى، ساتىرا ئارقىلىق ئادەملەرگە تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى شېئىرلاردىكى خاھىشتىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ئەنە شۇنداق ئالقىشقا، تەسىرگە ئىگە قىلغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تىل سەنئىتى ھېسابتا ئۇنىڭ شېئىر سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىرمەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ .

مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرىي تىلى ئىپادىلىك ،يېقىشلىق ،ئاھاڭدار، ئوبرازلىق بولۇپ ،كۆڭۈل قويۇپ تاللانغان ۋە تاۋلانغان. شائىر غۇۋالىقنى، ساپ پاساھەتنى ئەمەس بەلكى ئېنىقلىقنى، ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى شېئىرىي تىلنىڭ ئۆلچىمى قىلغاچقا، شېئىرلاردىكى سۆز ـ جۈملىلەرروشەن، ئېنىق، ئىپادىلىك قىلىپ قوللىنىلغان. شېئىرلاردا ئىپادىلەنگەن پىكىر، ھېسسىيات بىلەن ئۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان تىل ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، كىشىگە چىنلىق، تەبىئىيلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرىي تىلنىڭ ئاھاڭدارلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بىر تەرەپتىن، ناھايىتى ياخشى ماسلىشىدىغان ۋە ئىزچىللىق شەكىللەندۈرىدىغان قاپىيىلەر ئارقىلىق ئاھاڭدارلىق پەيدا قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، رادىفلىق ئارقىلىق ئاھاڭدارلىق پەيدا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى يېزىلغان، كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەمەلىيەتتە رادىفلىق شېئىرلار بولۇپ، شائىر رادىفنىڭ شېئىرىي نۇتۇقتىكى رولىدىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ شېئىرى تىلى ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق بولۇپ، پىكىر ـ ھېسسىياتنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەپ، يۇقىرى ئۇنۇم پەيدا قىلىش رولىنى ئوينىغان.

ئاممىباپلىق مۇھەممەتجان راشىدىن ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ھەتتا شائىرنىڭ ئۇسلۇبى دېسەكمۇ بولىدۇ. دەۋرىمىز ئەدەبىياتىدا ئاممىباپلىق مەسىلىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. ئەمما، قاراشلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاممىباپ ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان كىتابخانلار ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ. ھازىرقى ئەدەبىيات رېئاللىقىدىن قارىغاندا، كىتابخانلار ئارىسىدا تەسىر قوزغاۋاتقان، بازارلىق بولۇۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئاممىباپ ئەسەرلەر بولۇۋاتىدۇ. مۇھەممەتجان راشىدىن ئەدەبىيات رېئاللىقىدىكى بۇ خىل خاھىشقا ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇ شېئىرلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چىنلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئىپادىلىگەچكە، شېئىرلىرىنى كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى شەكىللەردە يازغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشتى. ئۇنىڭ «بۇ دۇنيا» ، «سەن يوق» دېگەن شېئىرلىرىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر يوق دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ.

## § 5 . روزى سايىت

روزى سايىت يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەسىرىدىن ئاۋام ئارىسىدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھاياتىنىڭ ھەر بىر بۆلۈكلىرىغىچە يېتىپ بېرىپ، خەلقىمىزنىڭ ھالىغا مۇڭداش، دەردىگە دەرمان بولدى. ئاۋام خەلق بىلەن بولغان باغلىنىش جەھەتتە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يېگانە ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئاساسلىق تېما قىلغانلىقى، دېھقانلارنى باش قەھرىمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەنلىكى، ھايات رېتىمىغا ماسلىشىپ، رېئاللىققا تېخىمۇ يېقىن ياندىشالىغانلىقى، ئۇسلۇب جەھەتتە يەڭگىل، ئاممىباب، ھازىر جاۋابلىقى بىلەن روزى سايىت ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن ھەم «دېھقان شائىرى» دەپ تەرىپلەنگەن.

روزى سايىت 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گۇما ناھىيىسىدە بىر كونا ئەسكەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى خوتەن شەھىرىدە ئوقۇغان. 1958 ـ يىلىدىن 1973 ـ يىلىغىچە يېزىغا قايتىپ دېھقان بولغان. شائىر 1973 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەن شەھىرىدە بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خوتەندە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

روزى سايىت 1973 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «دېھقانمۇ داشۆگە كىردى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ يېڭى دەۋردىكى شائىرلىرىمىز ئىچىدە ئىجادىيىتى ئەڭ ھوسۇللۇق بولغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا نەچچە مىڭ پارچە شېئىرى ئېلان قىلىندى، ھەرقايسى نەشرىياتلاردا «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى» (1982 ـ يىل) ، «بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن» (1984 ـ يىل) ، «مەرھابا» (1984 ـ يىل) ، «كۆڭۈلدىكى گەپلەر» (1989 ـ يىل) ، «مۇھەببەتتىن پۈتكەن ناخشىلار» (1995 ـ يىل) ، «رۇبائىي ۋە تۇيۇقلار» (1997 ـ يىل) ، «دېھقان كۈلكىسى» (1998 ـ يىل) ، «پاھ، دېھقان ھەيكىلى» (1999 ـ يىل) قاتارلىق 8 پارچە شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

روزى سايىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يېڭى دەۋر شائىرى. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يېڭى دەۋر ھاياتىنىڭ ھەر خىل مەنزىرە ـ كۆرۈنۈشلىرى ناھايىتى چىن ۋە سەممىيلىك بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى

تاپقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقساقلا خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ دېھقانلىرىمىزنىڭ بۇ چارەك ئەسىردە قانداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسىدە قانداق يېڭىلىق ـ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن روزى سايىت رېئالىزمچى، ھەقىقىي مەنىدىكى رېئالىزمچى شائىر بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، دەۋر ئالاھىدىلىكلىرى، دېھقان ئوبرازلىرى، قەلب ئىزھارلىرى دەۋرداش كەسىپداشلىرىنىڭكىدىن خېلىلا تەبىئىي ۋە چىن بولۇپ، مانا مۇشۇ تەبىئىيلىك ۋە چىنلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ شۇنچىلىك سۆيۈپ ئوقۇشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ.

روزى سايىتنىڭ ئىجادىيىتىدە لىرىكىدىن كۆرە ئېپىكا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ھېسسىياتنى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنى، خىيالىي جەننەتنى ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ھېسسىيات ئامىللىرى بار دەپ قارالسا، بۇ ھېسسىيات رېئاللىق ئاتا قىلغان تەسىرات ـ تۇيغۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شائىر نەزەرىدىكى رېئاللىق شائىرغا ئازاب ياكى خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ رېئاللىق بىلەن ئەشۇ خىل تەسىرات ـ تۇيغۇنىڭ، ئەشۇ خىل ھېسسىياتنىڭ بىرلىكىدە ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، روزى سايىتنىڭ شېئىرلىرى تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چىنلىقى، شائىر ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ (مۇھەببەت ـ نەپرىتىنىڭ) روشەنلىكى، قىسقىسى رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈكلىكى بىلەن دەۋرىمىزدىكى باشقا شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

روزى سايىت مول ھوسۇللۇق شائىر. ھازىرقى كۈندە شېئىرىيەت ساھەسىنى چۆلدەرەتمەي تۇرغانلارنىڭ بىرى دەل روزى سايىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممىلا نەرسە شېئىر بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئۇ ھەممىلا نەرسىدىن بىرەر شېئىر توقۇيالايدۇ. ئۇ بىر پارچە شېئىرىدا «مەن ئەدىبمەن، گەپ قىلمايمەن قارىسىغا،\ ئوخشىمايمەن موللىكامنىڭ ‹قارى› سىغا» ، دەپ يازغىنىدەك، شېئىرنى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئاساسىدا، تۇرمۇشتىن تېپىپ يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

روزى سايىت ئۆزىنى «دېھقان شائىر» دەپ ئاتايدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ دېھقانلارنىڭ شائىرى. يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەڭ روشەن تىما ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىمۇ دەل مۇشۇ روزى سايىت. دېھقانلار تېمىسى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا، ئۇلارنىڭ خۇشاللىق ـ قايغۇسىنى ئىپادىلەشكە بېغىشلانغان؛ ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان، چوڭ تەسىر قوزغىغان شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىمۇ دېھقانلار

ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت. شۇڭا، دېھقانلار ھەققىدە يېزىش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار ھەققىدە يېزىشقا قارىتا ئۇنىڭ ئۆزگىچە كۆز قارىشى بار. ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دېھقانلار ئارىسىدا چوڭ بولغان، ئۆزىمۇ دېھقان بولۇپ، دېھقانلار تۇرمۇشىنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، دېھقانلارنى ياخشى چۈشىنىدۇ. ئۇ ئىجادىيەتتە دېھقانلارنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئىدىيە — ھېسسىياتىنى، بولۇپمۇ ياشاش شارائىتىنى، خۇشاللىقىنى، دەرد — ھالىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەمەلىيەتتە دېھقانلارنىڭ قەلب ئىزھارى، دېھقانلارنىڭ قوشىقى. ئۇ دېھقانلارنىڭ قەلب سۆزلىرىنى قوشاققا قاتقان بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى «دېھقان شائىرى»، «روزى قوشاق» دەپ ئاتىشىدۇ.

روزى سايىتنىڭ ۋەكىللىك، تەسىر قوزغىغان شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقانلار تېمىسىدىكى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى يېزىلغان شېئىرلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرىنىمۇ، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنىمۇ دەل ئۇنىڭ دېھقانلار ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ دېھقانلار ھەققىدە يازغان «يورۇقچاش نەزمىلىرى»، «جان دادام — دېھقان دادام»، «بىر دېھقان شۇنداق دېدى»، «پاھ، دېھقاننىڭ ھەيكىلى»، «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش»، «ئۆستى»، «بەختى دېھقان — بەختلىك دېھقان»، «دېھقان بولماق تەس»، «كەل، دېھقاننىڭ باھارى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا يېزا ھاياتى، دېھقانلار تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئۇلار تارتقان جاپا — مۇشەققەتلەر، ئۇلار سۈرگەن ھۇزۇر — ھالاۋەتلەر راستچىللىق بىلەن ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىگىلىك يارىتىش، ئىنسانلار ھاياتىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش يولىدا قان — تەر ئاققۇزۇش روھى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

روزى سايىت يېزا ھاياتىنى، دېھقانلار تۇرمۇشىنى يازغاندا خۇشاللىق، بەختىيارلىقلارنى يېزىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېغىرچىلىق — كۆڭۈلسىزلىكلەرنىمۇ يازىدۇ، ئۇنىڭ بۇلارنى يېزىشتىكى مەقسىتى قانداقتۇ تەرەققىيات — گۈللىنىشلەرنى ئىنكار قىلىش بولماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى تەكىتلەش، تەشەببۇس قىلىش، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ھوقۇق — مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت.

ھەرقانچە چىدامىلىق، ھەرقانچە چاققان،
بولسىمۇ، پولات جان ئەمەسقۇ دېھقان،
دېمەيلى «سۆرەمدىن چىقتىڭ، تارت ساپان!»
ئۇ ئىزدەر ئادالەت تەختىدىن قالقان،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېتىزدا تۇگەپتۇ ئۇنىڭ ياشلىقى،
ئېتىزدا خوراپتۇ كۈچى، شاشلىقى،
ھۆزۈرى، خۇشلۇقى — تۆت تال ئاشلىقى،
دېمىنى كەسمىسۇن ئالدىراشلىقى،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىغۋالدى ئىش.

مول ھوسۇل مول پېتى كەلسۇن خامانغا،
ئەجرىنى كۆممەيلى پاسار، سامانغا،
ئۇمۇ بىر «ئۇھ! . . .» دېسۇن، يەتسۇن ئارمانغا،
قەدىمى زىياندىن ماڭسۇن ھايانغا،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىغۋالدى ئىش.

سىز، بىزنى باققىنى دېھقاننىڭ نېنى،
تومۇردا ئاققىنى دېھقاننىڭ قېنى،
ۋەتەنمۇ تەكتىدىن ئۇنىڭ ۋەتىنى،
پۈۋلەيلى ھەممىمىز دېھقان ئوتىنى،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىغۋالدى ئىش.

دېھقاننىڭ غېمىنى يېگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننىڭ گېپىنى دېگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننى ئۇلۇغ دەپ بىلگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننى كۈلدۈرۈپ كۈلگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىغۋالدى ئىش. . .

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىز شائىرنىڭ «دېھقاننى ئالدىغا سىلىغۋالدى ئىش» ناملىق شېئىرىنىڭ پارچىلىرى. بۇ شېئىردا ئۇنىڭ دېھقانلار تېمىسىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شېئىردا شائىر دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ئىنتايىن ئالدىراشلىقىنى، بۇ تەبىئىي ئالدىراشلىقلارنىڭ ئۈستىگە يەنە ھەر خىل يولسىزلىقلار ئارقىلىق بىرمۇنچە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى «ئالدىرىتىشلار» كېلىپ قېتىلىپ، دېھقانلارنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنلىكىدەك بىر ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئاندىن بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن مىسرالارنى يېزىپ، دېھقانلارغا كۆيۈنۈش؛ ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى، ئەمگەك مېۋىسىنى ھۆرمەتلەش، قوغداش، شۇ ئارقىلىق ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلەشنى چاقىرىق قىلغان.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەر بىر مىسراسىدا دېھقانلارنىڭ يۈرەك ساداسى ئىپادىلەنگەن، ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە چوڭقۇر ھېسسىداشلىق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى قىزغىن مەدھىيلەنگەن. روزى سايىت ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۈچۈن چۇقان سالىدىغان، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۈچۈن شېئىر يازىدىغان شائىر. ئۇ ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «مېنىڭچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دېھقانلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەن ‹ بىزنىڭ يازغانلىرىمىزدا دېھقانلار تەسۋىرلەنمىسە، دېھقانلارنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلساق، ئەدەبىياتىمىز قاناتسىز قۇش، يىلتىزى يوق گۈل، يىپسىز لەگلەككە ئوخشاپ قالىدۇ. . . › دەپ قاراپ كەلدىم. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوندىن توققۇزى دېھقان. ئۇلار ئۆمۈر بويى ھارماي ـ تالماي، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ، ھەر خىل توسالغۇ، ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئەجرىنىڭ قەنتىنى تولۇق چاقالمايۋاتىدۇ، ‹قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن› بولۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىرمىشىۋاتىدۇ. مەن ئەشۇ دېھقانلارنى دىققەت نەزەرىمدە تۇتۇپ، مەۋقەيىمنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا، قايغۇسىغا تەڭ شېرىك بولۇشنى شائىرلىق بۇرچۇم دەپ قارىدىم، ئۇلارنىڭ دەردى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ھەر بىر شېئىرىمدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۇرۇنغىنىمنىڭ ۋەجىمۇ دەل مۇشۇ!» (روزى سايىت: «پاھ، دېھقان ھەيكىلى» توپلىمىدىكى «ئاپتور لەۋزىدىن» گە قاراڭلار). دېمەك، روزى سايىتنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىدىن قارىغاندا، ئۇ شېئىرلىرىنى دېھقانلارنىڭ دەردىگە مەنىۋى جەھەتتىن دەرمان بولۇش، ئۇلارغا مەنىۋى جەھەتتىن تەسەللىي بېرىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دېھقانلار ئاممىسى بىلەنمۇ ھەمنەپەس، تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شېئىر يازىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى تەنقىدلەش — ئەسىر ئاخىرىدىكى قىزىق بىر تېما بولدى. بۇ تېما ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىياتىمىزدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. روزى سايىت بۇ تېمىنى يېزىشتا ئاۋانگارتلاردىن بولدى. ئۇ «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم»، «ئىستىل توغرىسىدا»، «ئاقىۋەت»، «كونا مەرەز ـ يېڭى ئاپەت»، «باللار پۇلغا زار، چىرىكلەر بەدخەج»، «باشلىق سىزمىلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى مانا مۇشۇ تېمىغا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدا مىللەتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئىللەتلىرى تەنقىدلەنگەن بولۇپ، ئۇ بۇ خىل تەنقىدنى سەمىمىيلىك بىلەن، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى سېلىشتۇرۇش، گۈزەل مەنىۋى خىسلەتلەر بىلەن ھازىرقى ياتلىشىشلارنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا، كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ تەنقىد تىلى ئۆتكۈر، كىنايىلىك شۇنداقلا سەمىمىي. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئادەم قەلبىگە تەسىر قىلىدىغان كۈچلۈك بىر ئىلتىجا بار. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرى جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. بۇ خىلدىكى شېئىرلىرىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم. . .» ناملىق شېئىرىدا شائىر مۇنداق يازىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ مىللەتتە «ساقاللىقلار» نامازخانلىقتا يۈزلەندى،
«ساقالسىزلار» لاغايلاشقا، مەمەدانلىقتا يۈزلەندى،
ئويۇنپەزلەر سوقۇپ تاش بىرلە تاشنى كۆڭلىنى ئاچسا،
«كاراOK» ، تانسىكەشنىڭ ۋاقتى بىزمانلىقتا يۈزلەندى.
جاھان نەدە، ئۆزنەدە؟ بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز،
ئەجەب ئىش، پەيلى ـ خۇيدا بىخارامانلىقتا يۈزلەندى.
پاسون، مودا كىيىم، چاچ نۇسخىسى سۆھبەتتىكى ماۋزۇ،
ياسانماقنىڭ غېمى، ھالى — پەرىشانلىقتا يۈزلەندى.
«يېرى كەڭ، بايلىقى مول، خەلقى ئەمگەكچان» ئاتالغان يۇرت،
ھۇرۇنلۇقتا كۈنى، ئىپست، خەير ـ ئېھسانغا يۈزلەندى.
بۇ مىللەت ئىلمۇ ـ ئىرپان، كەشپ ـ ئىجادتا تۆھپىكار مىللەت،
نېمىشقا ئەمدى «ئەقلى كالتە ئىنسان»غا يۈزلەندى؟
بۇ مىللەتنىڭ غېمىدە تۇرسا دەۋران، يۈلىسە ھە دەپ،
نېمىشقا يۈلگەنچە سالپۇ ـ سەرسانلىقتا يۈزلەندى؟

بۇ مىللەتنىڭ قېنىنى بۇزدى يۇرتۋازلىق، خوتۇنبازلىق،
ئاڭا يانداشتى مەيخورلۇق بۇ «باز»لىقلار قىلىپ ئازلىق،
«قەيەرلىككەن بىلەن ئۆلچەپ، «يامان» نى، «ياخشى» نى توۋا،
ئىمانى، جاننى تىكتى جانانلار ئاتسا قاش نازلىق.
ئىچىپ مەي زورلىنىپ، زورلاپ، ئەقلىنى مەي بىلەن خورلاپ،
كۆزنى مەستلىكى تورلاپ قىلىشتى غەمزە ـ غەممازلىق.
بۇلارمۇ يەتمىگەندەك، كۆر، چىقاردى باشقىچە ئادەت،
گۇرۇھ ئايرىپ، جېدەل ئىزدەپ، گۇماندا يىتتى ھەمرازلىق.
ئۇ چىشلەپ، بۇ تېپىپ، ئۇ كولاپ، بۇ چوخچىلاپ. . . ھەيھات،
ئاداۋەت، غۇم ـ مۇرامدا دىل يېرىنى ئەيلىدى سازلىق.
ئۆگەنمەك يوق، تىرىشماق يوق، ئىلىم تەھسىلگە قىلماس زوق،
يەنە بىرمۇنچە قېپ قالدى ئىپسىل خۇي، خۇيدا رەڭۋازلىق.
ئارام تاپسا سوقۇشتۇردى، تالاشتۇردى خوراز، ئىتنى،
جاھاندا بارمۇ بىر مىللەت سۈپەتتە ئۇشبۇ ئەندازلىق؟

. . . . شائىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىدە مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى، رىقابەت دەۋرىدە ئۆتۈپ چىقىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇن بولۇۋاتقان ئىتتىپاقسىزلىق، يۇرتۋازلىق، ھۇرۇنلۇق، خۇراپاتلىق، نادانلىق، مەيخورلۇق، ئەيش ـ ئىشرەت. . . كە ئوخشاش ھەر خىل

ئىللەتلەرنى ـ خاھىشلارنى تەنقىدلەپ، ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان رىقابەت، خىرىس، تەلەپلەرنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە «جاھان نەدە، بىز نەدە؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، خەلقنى ئىتتىپاقلىشىشقا، كۆڭلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي، ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، تىرىشىپ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن، ھەر خىل چاكىنا بەختى قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى يارىتىشقا چاقىرغان. بۇ شېئىر ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق چاقىرىق خاراكتېرى بىلەن ئەينى يىللاردا جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى.

روزى سايىت ئىجادىيىتىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئۇسلۇبىنى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلىگەن. روزى سايىت بىر «بېغىشلىما» سىدا: «روزى، سەن يا باي ئەمەس، يا شاھ ئەمەس، / ئال قەلەمنى، ياز، خەلقنىڭ رايى بول، / قالسا بەس ئەل قەلبىدە راستگۈيلۇقۇڭ، / باشقىسى ھېچ گەپكى ـ بولما گاھى بول! . . . » دەپ يېزىپ، «راستگۈيلۇق» نىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىردىنبىر ئىجادىيەت مىزانى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى. روزى سايىتنىڭ شېئىرلىرى، بولۇپمۇ 90 ـ يىللاردىكى شېئىرلىرى تۇرمۇشنى، تۇرمۇشتىن كەلگەن ھېسسىياتنى چىنلىق بىلەن، ئەينەن ئىپادىلەشتەك روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. شائىرنىڭ نەزەرىدە، «شېئىر ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز ئوقۇرمەنلىرى بولغان خەلق، مەنبەسى بولغان ئىجتىمائىي رېئاللىق، يىلتىزى بولغان ماكان ۋە زاماندىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، مېنىڭ نەزەرىمدىكى شېئىر ئاخىرىنى خەق ئويلاپ تېپىۋالىدىغان تېپىشماق ئەمەس. . . مەن شېئىرنىڭ دەللىكى بولۇشنى ياقتۇرىمەن، بىر پارچە شېئىر بىر كاللەك ئوت. توڭلىغان جان بۇ ئوتتىن ھارارەتلەنسە، ئەخلەت ـ چاۋا ئۇنىڭ يالقۇنىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانسا دەيمەن؛ . . . مىللەتنىڭ ئويۇشقاقلىقى، ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ۋە كۈرەش ئىرادىسىگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ھەرقانداق ناچار ئىللەت ۋە قىلمىشقا شېئىر نەيزىسىنى سانجىپ ـ سانجىپ ئۆتسە! . . . » . شېئىر ھەققىدىكى بۇ قاراشلاردىن بىلىۋېلىش تەس ئەمەسكى، روزى سايىت شېئىر دېمەك تۇرمۇش دېمەك دەپ قارايدىغان، شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى قوغلىشىدىغان، شېئىرنى قورال دەپ چۈشىنىدىغان شائىر. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى، چىنلىق تۈسى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى يۇقىرى.

روزى سايىتنىڭ شېئىرلىرى ئېنىق، يەڭگىل، ھازىرجاۋاب بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەقسەتنى ئېنىق تاپشۇرۇش، پىكىرنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇش، ھېسسىياتنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەش ئۇنىڭ بارلىق شېئىرلىرى ئۈچۈن ئورتاقلىق بولۇپ، بۇنداق ئورتاقلىق لىرىكا، رومانتىكا، تىل پاساھەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، پىكىرنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشتىن بارغانسېرى ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان، شېئىرنى تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق ھەققىدىكى ئويلىنىشنىڭ ئىپادىلىنىشى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزدە روشەن بىر خاسلىق شەكىللەندۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. قۇربان باراتنىڭ ئىجادىيەت يولىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
2. «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستاندا قانداق مەركىزىي ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن؟
3. ئوسمانجان ساۋۇت لىرىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن؟
4. ئوسمانجان ساۋۇت لىرىكىلىرىدىكى لىرىك قەھرىماننىڭ ئورنىنى چۈشەندۈرۈڭ.
5. ئىمىن ئەخمىدىنىڭ «تاغلار» ناملىق شېئىرىدا قانداق مەركىزىي ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن؟
6. مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنى نېمە ئۈچۈن پەلسەپۋىلىكى كۈچلۈك شېئىرلار دەپ ئاتايمىز؟
7. روزى سايىتنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى قانداق ئاساسلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟
8. نېمە ئۈچۈن روزى سايىت «دېھقان شائىر»، «روزى قوشاق» دەپ تەرىپلىنىدۇ؟ قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

# VII باب يېڭى دەۋردىكى پروزا ئىجادىيىتى (1)

## 1 § . قىسقىچە بايان

يېڭى دەۋردە پروزا ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى، پروزا ئىجادىيىتىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىشى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى بولدى. ئەدەبىياتشۇناسلار يېڭى دەۋرنى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پروزىچىلىق دەۋرى» بولدى دەپ قاراشتى. يېڭى دەۋردە پروزا ئىجادىيىتىنىڭ بۇ دەرىجىدە گۈللىنىشى ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ ئورنىدىمۇ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئەڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ئومۇمەن شېئىرلارنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا پروزا ژانىرى كىرىپ كەلدى، ئەمما ئۇ شېئىرىيەتنىڭ مۇتلەق ئورنىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى. يېڭى دەۋرگە كەلگەندە بولسا، پروزا ئىجادىيىتى ئەڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت بولۇپ كەتتى، دەسلەپكى مەزگىللەردە پروزا شېئىرىيەت بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇردى، كېيىنكى 10 يىلدا ژانىرلارنىڭ ئورنىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى، پروزا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، شۇنداقلا ئەڭ ھوسۇللۇق ژانىرى بولۇپ قالدى. بۇنى XX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى، جۈملىدىن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى چوڭ بىر ھادىسە سۈپىتىدە كۆرۈش، تەتقىق قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يېڭى دەۋر پروزىچىلىقى باشلاندى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كەلگەن «جاراھەت ئەدەبىياتى» ھادىسىسى يېڭى دەۋر پروزىچىلىقى ئۈچۈن ئاساس سالدى، زور بىر تۈركۈم يازغۇچىلار مۇشۇ يىللاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ جاراھەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ھېكايىلەرنى يېزىپ، پروزا ئىجادىيىتىدە دەسلەپكى كۆلەم شەكىللەندۈردى، يەنە بىر تۈركۈم پوۋېستلارنىڭ، رومانلارنىڭ يېزىلىشى پروزىچىلىقنى دىققەتكە سازاۋەر قىلدى. قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى، ئالىمجان ئىسمايىل، ئابلىمىت سابىر، تۇرسۇنئاي يۈنۈس، جالالىدىن بەھرام قاتارلىقلار يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاۋانگارتلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئەسەرلىرىدە ھاياتنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رېئاللىقنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى پروزا شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن چىقىپ قارىغاندا، بۇ ئىجادىيەتلەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يېڭى دەۋردىكى پروزا ئىجادىيىتىدە ھېكايە ئىجادىيىتى ئالدىنقى قاتاردىكى جەڭگىۋار ئىجادىيەت بولۇپ كەلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى، جەمئىيەت رېئاللىقى، كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسى ھېكايىلەردە ئەڭ دەسلەپ ۋە ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى، پروزا ئىجادىيىتىدىكى يېڭىلىقلار ئەڭ ئالدى بىلەن ھېكايىچىلىقتا سىناق قىلىندى، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر ئەڭ ئالدى بىلەن ھېكايىچىلىقتا مېۋە بەردى، ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر ھېكمەتلەر، رېئاللىق ھەققىدىكى سوغۇق كۆزىتىشلەر، تارىخ ھەققىدىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەر، مىللەت ھەققىدىكى تەشۋىشلىك ئويلار يەنىلا ھېكايىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى ھەممىدىن بەك تاپتى. يېڭى دەۋر باسقۇچىدا «ئۇنىڭ ماكانى» (ئابلىمىت سابىر)، «دولان ياشلىرى»، «ئېھ، توپىلىق يول»، «تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ» (زوردۇن سابىر)، «كۆز يامغۇرى»، «ئايخان»، «ھاراق ھەققىدە ھېكايە»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «قارا قورساق سەركە» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «سەپداش»، «ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «تۆت قۇلاق» (مۇھەممەت باغراش)، «تىمتاس شەھەر» (خالىدە ئىسرائىل)، «كېچىنىڭ كۆزى»، «ئۇيقۇلۇق سەھەر» (ئەختەم ئۆمەر)، «قوشتاغدىكى مۇشائىرە»، «شاھ مەشرەپ خوتەندە» (نۇرمۇھەممەت توختى)، «ئەۋلىيا ئوت»، «شىراق»، «تەڭرىنىڭ ئوغلى» (ئابدۇللا ساۋۇت) قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلەر مەيدانغا چىقتى.

يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا، پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. پروزا ئىجادىيىتىدە تۇرمۇشنى، رېئاللىقنى تېخىمۇ بەك ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرگەن، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان، تۇرمۇش چىنلىقى ۋە قەلب چىنلىقى خېلى يۇكسەك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتە مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك بولغان، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى تولۇق گەۋدىلەنگەن، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پروزا تۈرى يەنىلا پوۋېست بولدى. يېڭى دەۋر باسقۇچىدا «گۈلەمخان»، «كەچ كۈز»، «ئاخىرقى پادىچى» (زوردۇن سابىر)، «نۇزۇگۇم» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «ئەلۋىدا كۆز يېشىم» (ئەخەت تۇردى)، «ئاقساق بۇغا»، «يورەكتاغ»، «كەلكۈن»، «كۆل رەڭ رەسىم» (مۇھەممەت باغراش)، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئوربىستا»، «مەختۇمسۇلا» (خالىدە ئىسرائىل)، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» (ئەختەم ئۆمەر)، «قۇم باسقان دېڭىز»، «مۇڭگۇز»، «قارا ئوت» (توختى ئايۇپ)، «شەھلا كۆز»، «چۆل ئوغلى» (نۇرمۇھەممەت توختى) قاتارلىق بىر تۈركۈم ناھايىتى ياخشى پوۋېستلار

يېزىلدى. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك بولدى.

يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومان ئىجادىيىتى چوڭ بىر ھادىسە شەكىللەندۈردى. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەخمىنەن 20 يىللىق مۇساپىسىدە 100 پارچىدىن كۆپرەك رومان يېزىلىپ، رومان ئىجادىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردا چوڭ ھەجىملىك ئېپىك ئەسەرلىرى بولغان، ئۇلارنى شۇ دەۋرنىڭ رومانلىرى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. ئەمما ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى دەۋر رومانلىرى ئاساسەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. مەمتىمىن توختايوۋ 1947 ـ يىلى يېزىپ، 1953 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلدۇرغان «قانلىق يەر» رومانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا چىققان تۇنجى رومان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۈگۈنكى دەۋر دەۋرىدە تۇنجى قېتىم رومان يازغان ئادەم قەييۇم تۇردى بولدى. ئۇ «قىزىلتاغ چىراغلىرى» رومانى بىلەن بۈگۈنكى دەۋر رومانچىلىقىنى باشلاپ بەردى. شۇندىن كېيىن «ئاۋرال شاماللىرى» (زوردۇن سابىر)، «كۈرەشچان يىللار» (قەييۇم تۇردى)، «كۆمۈلمەس ئىزلار» (ئايشەم ئەخمەت)، «قايىنام ئۆركىشى» (ئابدۇللا تالىپ) قاتارلىق بىر تۈركۈم رومانلار 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا چىقىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى باشلىدى. زوردۇن سابىر يازغان «ئىزدىنىش» رومانى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يازغان «ئىز» رومانى يېڭى دەۋردىكى رومانچىلىقىمىزنىڭ دەسلەپكىدىكى يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلدى، شۇنداقلا كىتابخانلار ئارىسىدا «رومان قىزغىنلىقى» پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رومان ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى، مەيلى يېزىقچىلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى نەشرىياتچىلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى كىتابخانلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن رومان ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئېرىشتى. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ رومان ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، «ئويغانغان زېمىن» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (ئەخەت تۇردى)، «قۇم باسقان شەھەر» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «ئانا يۇرت» (زوردۇن سابىر)، «ھايات شاماللىرى» (سەمەت دۇگايلى)، «بۆرە ئانا» (توختى ئايۇپ)، «داغ» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم) قاتارلىق بىر تۈركۈم رومانلار ئىجاد قىلىندى.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا زور بىر تۈركۈم يازغۇچىلار قوشۇنى شەكىللەندى. يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە ئىجادىيىتىنى 50 ـ، 60 ـ يىللاردا باشلىغان زۇنۇن قادىرى، تۇردى سامساق، قەييۇم تۇردى، ئەخەت تۇردى قاتارلىق ئالدىنقى بىر ئەۋلاد يازغۇچىلارمۇ، يېڭى دەۋرنىڭ كىرىشى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، خالىدە ئىسرائىل، توختى ئايۇپ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، نۇرمۇھەممەت توختى، ئابدۇللا ساۋۇت قاتارلىق يېڭى دەۋر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يازغۇچىلىرىمىز، شۇنداقلا ئەختەم ئۆمەر، پەرھات ئىلياس، پەرھات تۇرسۇن، ئابباس مۇنىياز، ياسىنجان سادىق، ھۆسەيىن تاش قاتارلىق ياش يازغۇچىلىرىمىزمۇ بار بولدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇ بولدىكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مۇھەممەتجان سادىق، مىرزاھىت كېرىم قاتارلىق شائىرلارمۇ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. بۇنداق زور كۆلەملىك، كۈچلۈك، يۇقىرى ساپالىق، قابىل يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ بولۇشى يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ بىۋاستە كاپالىتى بولدى.

يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تېما دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولدى. 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى پروزىچىلىقىمىزدا يېزا تېمىسى، دېھقانلار تۇرمۇشى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغانىدى. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىغا كەلگەندە پروزا ئەسەرلىرىمىزنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. يېزا ھاياتى دېھقانلار تۇرمۇشى تېمىسىدا «ئاتا»، «كىچىك لەقۋا»، «لاي سۇ ئىچكەن جانلار» قاتارلىق ئەسەرلەر يېزىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا سانائەت تېمىسىدا «جىمجىت جۇڭغارىيە» گە ئوخشاش يىرىك ئەسەرلەر يېزىلدى. زىيالىيلار تېمىسىدا «ئىزدىنىش»، «ئارچا ياپرىقى»، «ئوربىتا» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر يېزىلدى. يېڭى دەۋردىكى پروزىچىلىقتا تارىخىي تېمىدىكى ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى، «سۇتۇق بۇغراخان»، «مەھمۇد قەشقەرى»، «سەئىدخان»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «ئانا يۇرت»، «ھايات شاماللىرى» قاتارلىق رومانلاردا خەلقىمىزنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە باشتىن كەچۈرگەن تارىخى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇلاردىن باشقا تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بىلەن ئىنسان ئېكولوگىيىسىدىكى بۇزۇلۇشلار تېما قىلىنغان «بۆرە ئانا» رومانى؛ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى قېزىلغان «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانى؛ ناھايىتى قويۇق مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە بولغان «يېگانە ئارال» رومانى قاتارلىق رومانلار مەيدانغا چىقىپ پروزىچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى.

يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئىزدىنىش ـ يېڭىلىق يارىتىش خاھىشى نىسبەتەن گەۋدىلىك بولدى. پروزىچىلىقىمىزنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى پروزا ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ساپاسىنى كۆنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈپ باردى. يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىمىزنىڭ قىسقىغىنە 20 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئىجادىيەتنىڭ كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۈنسېرى گۈللىنىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە يازغۇچىلىرىمىز رېئالىزمنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ چەكسىز ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇرمۇشنى مېخانىك ھالدا ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن بارغانسېرى ھالقىپ چىقىپ، ماھىيەتنى يېزىش باسقۇچىغا ئۆتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتىمۇ قاتماللىقنى، بىر خىللىقنى بۇزۇپ، بۈگۈنكى زاماندىكى

سىمۋوللاشتۇرۇش، بىمەنىلەشتۇرۇش، ئاڭ ئېقىمىنى ئىپادىلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى دادىللىق بىلەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئۆزلەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭى دەۋر باسقۇچى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان، ئەڭ ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتكەن بىر دەۋرى بولۇپ قالدى.

## § 2 . زوردۇن سابىر

زوردۇن سابىر ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزدا پروزىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ. ئۇ ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى پروزىچىلىقىمىزغا بايراق بولۇپ بەردى. ئۇ پروزىچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەكلىنى رەڭدارلاشتۇردى، پروزىچىلىقىمىزنى قايناق ھېسسىيات قاتلىمىغا ۋە تىل ماھارەتلىرىگە ئىگە قىلدى، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش، ھېكايىنى بايان قىلىش جەھەتلەردە ئۆزگىچە يېڭىلىقلارنى ياراتتى. پروزىنىڭ ھېكايە، پوۋېست، روماندىن ئىبارەت ھەممە شەكىللىرىدە يېزىپ، ھەممىسىدىلا چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ «دولان ياشلىرى»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئېھ، توپىلىق يول»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «سۇبھى»، «كەچ كۈز»، «ئىزدىنىش»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىر دەۋر كىشىلىرىگە ياققان ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن پروزىچىلىقىمىزنىڭ مەلۇم سەۋىيىسىنى ياراتقان، خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىكى يازغۇچىغا ئايلانغان شۇنداقلا ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى مەملىكىتىمىزگە، دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم روللارنى ئوينىغان. پروزىچىلىقنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئاساسلىق بىر ئەدەبىي شەكىلگە ئايلىنىشىدا ئۇنىڭ ۋە ئۇ يازغان ئەسەرلەرنىڭ تۆھپىسى چوڭ.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

زوردۇن سابىر 1937 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يېڭى تام يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، ئىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1957 ـ يىلى ئىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىغا خىزمەتكە تەقسىم

قىلىنغان. شۇ يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ يەنە بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلغان. ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1964 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ، بۇ مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولغان. 1981 ـ يىلى بېيجىڭگە بېرىپ، لۇشۈن نامىدىكى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان. شۇ يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. مۇشۇ يىللاردىن تارتىپ ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە باشلىغان. 1987 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن سابىق غەربىي گېرمانىيىگە بېرىپ، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى چەت ئەللىكلەرگە تونۇشتۇرۇشتا بىر مۇنچە ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ئىلمىي لېكسىيە سۆزلىگەن. بۇ لېكسىيىسى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن نام بىلەن مەخسۇس كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان. زوردۇن سابىر يەنە 1988 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىمۇ زىيارەتتە بولغان. تۆھپىكار يازغۇچى زوردۇن سابىر 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە 61يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

زوردۇن سابىر ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ۋە 1 ـ دەرىجىلىك كەسپىي يازغۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئەدەبىيات ساھەسى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى.

زوردۇن سابىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى شېئىرىيەت بىلەن باشلانغان بولۇپ، 1961 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئاق ئۆرۈك» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. ئەمما، ئۇ كېيىنچە ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى پروزا ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، مەخسۇس پروزىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1972 ـ يىلى «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى ئېلان قىلىنىپ ئەدەبىيات ساھەسىدە ياخشى باھالارغا ئېرىشكەن. شۇ يىللاردا ئۇ يەنە «سىرداش قەلبلەر»، «سەھەرچى»، «باھار بوۋاينىڭ كۆڭلى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ئىقتىدارىنى ئاشكارىلىغان. 1979 ـ يىلى يېزىلغان «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايە يازغۇچىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت باسقۇچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسىرى بولۇپ، ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا جەمئىيەتتە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان. تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقەتەن

مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بۇ ھېكايە شۇ مەزگىللەردىكى ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ قاتماللىقى، بىر خىللىقى، تۇرغۇنلۇقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. يازغۇچىنىڭ بۇ ھېكايىسى ئۇنىڭغا چوڭ شۆھرەت ۋە ئالاھىدە ئورۇن ئېلىپ كەلگەن ھەم 1981 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. يازغۇچى بۇ ھېكايىدا مەنىۋى جەھەتتە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇلىغا، خەلق سەنئەتچىلىرىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغان كەنجى ئىسىملىك بىر دولان يىگىتىنىڭ بىر قاتار جانلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئاخىرىدا ئۆزىگە قايتىپ سەنئەت قوينىغا — ھەقىقىي ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدەك بىر ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بىر ئەۋلاد ياشلارنى مەنىۋى جەھەتتىن نابۇت قىلىپ، ئۇلارنى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى «ئادەمگە، ئۇيغۇرغا ئوخشىمايدىغان» قىلىپ قويغان جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش ۋە تەنقىد قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەنجىگە ئوخشاش زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ياشلارنىڭ يېڭى دەۋردە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەنىۋى ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىچە ھاياتقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھېكايىنىڭ مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى چىنلىق بىلەن ناھايىتى نەپىس سۈرەتلەنگەن، جۈملىدىن يازغۇچى تۇنجى قېتىم ئەدەبىي ئەسەر شەكلى ئارقىلىق «ئۇيغۇر دېگەن قانداق بولىدۇ؟» دېگەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرگەن.

يازغۇچىنىڭ 70 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە «ئاۋرال شامالLIRI» ناملىق رومانىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. روماندا ئېلى دېھقانلىرىنىڭ 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا باشتىن كەچۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشى نىسبەتەن كەڭ تەسۋىرلىنىپ، شۇ يىللاردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈرەشلەر، كەڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىسى خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. روماندا ئاق كۆڭۈل، ساددا، ئەمگەكچان دېھقانلارنىڭ ئوبرازى چىن ۋە تەبىئىي يارىتىلغان. «بۇ رومان ئەينى دەۋردىكى يېزىلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدىكى بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە ھېلىمۇ مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، زامانىمىزدىكى مۇھىم يازغۇچىلاردىن بولغان زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىشتە، شۇنىڭدەك بۈگۈنكى دەۋر رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھاكىمە قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقىدۇر» (ئازاد سۇلتان: «زوردۇن سابىر ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى يۈكسەكلىك» تىن).

80 ـ يىللار زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ھوسۇللۇق، ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى بولدى. 80 ـ يىللاردىكى پروزىچىلىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغانلارنىڭ بىرى زوردۇن سابىر بولدى. ئۇ مۇشۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا ھېسسىيات، پىكىر، ھەقىقىي ئادەم، بايان ماھارىتى، ئۇيغۇر خاراكتېرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ كىردى، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتىنىڭ تېما دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولدى. شۇنداقتىمۇ يېزا تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. ئۇ يېزا تېمىسىدا «قەرزدار»، «قوشنىلار»، «ئېھ، توپىلىق يول»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «بۇ يەر شۇنداق خىسلەتلىك»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ»، «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ياخشى ھېكايە - پوۋېستلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى، ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىنى، دېھقانلار تۇرمۇشىنى، ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ، ئىجادىيىتىدە ھەقىقىي مەنىدىكى بەدىئىي يۈكسەكلىك ياراتتى. بۇ ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم بىر ۋەقە بولدى.

زوردۇن سابىر ئەدەبىي پەزىلىتى كۈچلۈك يازغۇچى بولۇپ، ئۇ ئىجادىيەتتە تۇرمۇشتىن ئۆگىنىشكىمۇ، كىتابتىن ئۆگىنىشكىمۇ ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆگىنىش روھى ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان. ئۇ ئىلى، مەكىت، تۇرپاننى ئاساسلىق تۇرمۇش ئۆگىنىش بازىسى قىلغان. شۇڭا ئەسەرلىرىدە ئىلى، مەكىت، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. 80 - يىللاردا ئۇ مەكىت تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ، «ئېھ، توپىلىق يول»غا ئوخشاش بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى يازغان. «ئېھ، توپىلىق يول» ناملىق ھېكايىدە يازغۇچى بىر تەرەپتىن، دېھقانلار تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەببەتنىڭ ئىنسان خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان غايەت زور كۈچ - قۇدرىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇھەببەت تېمىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان روزەك بەز تەكلىماكان بويلىرىدىكى بوستانلىقتا ياشايدىغان بىر دېھقان. ئۇ ئىنتايىن جاپاكەش بولۇپ، بارلىقىنى ئىگىلىك تىكلەشكە قاراتقان، بىپايان زېمىندا ئۇ ھەر خىل قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىگىلىكىنى كېڭەيتىدۇ ھەم نۇرغۇن پۇل تاپىدۇ. ئەمما ئىگىلىكى كېڭەيگەن، پۇلى كۆپەيگەن بىلەن ئۇ پۇل خەجلەشنى، ھايات راھەتلىرىنى سۈرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، خۇددى قەلەندەرلەردەك ناھايىتى ناچار تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر مۇشۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەندە، بىر ئايال روزەك بەزنى، بۇ ئائىلىنى ئۆزگەرتىدۇ. روزەك بەز دەسلەپتە ئۇنىڭ بىلەن زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا توي قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما بارا - بارا بۇ ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئايال نۇرغۇن پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەندىمۇ، ئۇ يەنىلا ئايالنى ئەپۇ قىلىدۇ، ئايالمۇ يۈكسەك پەزىلەت ۋە مۇھەببەتتىن تەسىرلىنىدۇ. ئۆمرىدە يازلىق ئاياغ كىيىپ باقمىغان روزەك بەز ئايالنىڭ دەۋىتى بىلەن ئاياغ كىيىدۇ، ئاپئاق ياقىلىق كۆڭلەك كىيىشكە خىجىل بولىدىغان ئادىتىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر ئىش ھېسابلىنىدىغان پۇل خەجلەشكىمۇ رازى بولىدۇ. يازغۇچى ھېكايىدە مانا مۇشۇنداق بىر ۋەقەنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىنسان

ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يازغۇچىنىڭ 80 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە يەنە تارىخىي تېمىدا يازغان «گۈلەمخان» ناملىق پوۋېستىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يازغۇچى بۇ پوۋېستىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ يېڭى بىر سەۋىيىسىنى ياراتقان. ئەسەردە گۈلەمخاننىڭ كۈرەشچان ھاياتى، قەھرىمانلىق خاراكتېرى ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كىشىگە ھەم تارىخىي چىنلىق تۇيغۇسى ھەم بەدىئىي لەززەت بېغىشلايدۇ. يازغۇچىنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ۋاپادارلىق ـ ساداقەت ئۇلۇغلانغان «ئارچا ياپرىقى» ، زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەھەتلەردىكى ئەگرى ـ توقاي كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «سۇبھى» قاتارلىق پوۋېستلىرىمۇ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. زوردۇن سابىر 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا چەت ئەل تۇرمۇشى تېما قىلىنغان «سىزىق ئادەملەرگىلا» ، «ئىشسىزلار تېخىمۇ ئىشچان» ، «باش ئاخىرى يوق خەتلەر» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلەرنى يازدى. بۇ ھېكايىلەرنىڭ تېمىسى ئۆزگىچە بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلاردا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مەسىلىلەر، ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ناھايىتى چوڭقۇر. بۇ بىر يۈرۈش ھېكايىلەر زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

زوردۇن سابىرنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان ئەسەرلىرى ئىچىدە «كەچ كۈز» ، «ئاخىرقى پادىچى» قاتارلىق پوۋېستلىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «كەچ كۈز» ناملىق پوۋېستتا يازغۇچى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ كۈرەش قەھرىمانى نادىر زوھرۇللامنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىپ، ئۇ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە دۇچ كەلگەن ئوخشىمىغان قىسمەتلەرنى بايان قىلغان، شۇنداقلا شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چوڭقۇر قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئاخىرقى پادىچى» ناملىق پوۋېستتا بولسا ئۇزۇن مەزگىل كەنتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن ھېسامىدىننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ھېسامىدىننىڭ مەھەللىسى ئىلى دەرياسى بويىدىكى گۈزەل مەھەللىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەھەللىدىكىلەر قوشۇمچە يەنە باقمىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ، ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پۈتۈن مەھەللىدە كالىلارنى باقىدىغان بىرمۇ پادىچى قالمايدۇ، بۇ ئىشتىن ھېسامىدىن قاتتىق ۋەھىمە ھېس قىلىدۇ، پادىچىلىقنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، پۇلدار ئوغۇللىرىنىڭ قارشى تۇرىشىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن ئۆزى كالىلارنى دەريا بويىغا ھەيدەپ بېرىپ، شۇ يەردە كۈنلەپ پادا باقىدۇ. قاتتىق ئاغرىپ كېسەل كارۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ساقىيىپ چىقسىلا پادا باقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يازغۇچى پوۋېستتا مانا مۇشۇ بىر ۋەقەنى، جۈملىدىن ھېسامىدىننىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، بارغانسېرى ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىغا بولغان، كەڭ مەنىدە ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، تۇرمۇش شەكىللىرىگە

بولغان قىيالماسلىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. بۇ تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە.

زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدە رومانچىلىقىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئاۋارال شاماللىرى» رومانىنى يېزىش جەريانىنى تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى سىناق جەريانى، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ «ناۋادا مەن ‹ئاۋارال شاماللىرى› نى يازمىغان بولسام، بۈگۈنكى كۈندە بىر قەدەر ياخشى باھاغا ئېرىشىۋاتقان ئەسەرلەرنىمۇ يازالمىغان بولاتتىم» دەيدۇ. بۇ رومان ئەينى دەۋردىكى يېزىلىرىمىزنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە ھېلىمۇ مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، دەۋرىمىزدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلاردىن بولغان زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ھەم ئۇنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقىدۇر. ئۇ شۇندىن كېيىن يازغان «ئىزدىنىش» رومانى ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا يېڭى بىر پەللە ياراتتى. «ئانا» ناملىق روماندا بولسا بىر جەمەتنىڭ قېرىنداشلىق مۇناۋىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يېزىش ئارقىلىق، ئىسلاھات دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى.

ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، بەدىئىي كامالىتىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىلىنىشى، تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى ئۇزۇن يىللىق ئويلىنىشىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە «ئانا يۇرت» ناملىق ترىلوگىيىسىنى يېزىپ، كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى.

يازغۇچى بۇ روماندا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى دەۋر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ پارتلىشىدىن تارتىپ ئاخىرلىشىشىغىچە بولغان بىر پۈتۈن جەريانىنى ھەم تارىخىي يوسۇندا، ھەم بەدىئىي يوسۇندا تەسۋىرلىگەن. رومانىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مۇھىم ۋەقەلەردىن باشقا يەنە XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى باشقا مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرمۇ يانداشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن. ماكان جەھەتتە ئۇ يالغۇز غۇلجا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، دەۋر جەھەتتە ئۇ 40 ـ يىللارنىڭلا تارىخى بولۇپ قالمىغان. ئۇنىڭدا ھەممە دەۋرلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان چوڭقۇر پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. روماندا يازغۇچى باش قەھرىمان نۇرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ بىر تەرەپتىن، ئىنقىلابنىڭ جەڭگىۋار، مۇرەككەپ جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ جاپالىق، ئەمما ئۆزگىچە تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن. يازغۇچى روماندا تارىخىي رېئاللىقنىمۇ، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكىنىمۇ، ئۇيغۇر

يېزىلىرىغىلا خاس بولغان ئۆزگىچىلىكلەرنىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتــى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەپ، ئەسەرنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئېپوسقا — ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى مۇرەككەپ تارىخىنىڭ ھەقىقىي بەدىئىي خاتىرىسىگە ئايلاندۇرغان.

زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» رومانىدا پېرسوناژلار ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياراتقان. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى نۇرىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ بارلىق خىسلەتلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، يازغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۇنىــڭغا مەركەزلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنقىلابنىڭ پۈتۈن جەريانىنىمۇ ئۇنىڭ قىسمەتلىرى ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرغان. ئەسەردىكــى مۇختەر باي، زەيتۇنە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازلىرىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىــك يارىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى ئەسەر تىلىغا ئالاھىدە ئىشلىگەن بولۇپ، ئەسەر تىلىدا ئۇيغۇر پروزا تىلىنىڭ بەدىئىي پاساھىتى تولۇق نامايان بولغان.

## 2. «ئىزدىنىش» رومانى

«ئىزدىنىش» رومانى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ شەكىللىنىــش باسقۇچىدا مەيدانغا چىققان مۇنەۋۋەر رومان، شۇنداقلا زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر. ئۇيغۇر پروزىچىلىــقــى شەكىللەنگەندىن تارتىپلا يېزا تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەشنى، دېھقانلار ئوبرازىنى يارىتىشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ كەلگەنىدى. زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زىيالىيلار تېمىسىنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېلىپ كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى تېما ۋە ئوبراز جەھەتتە تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى.

رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىــرى ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان، خەلقىمىز ئېلىمىزنىڭ بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىــدىن كەمبەغەل قىياپىتىنى تۈپتىن ۋە تېزدىن ئۆزگەرتىپ، ئىلغار، زامانىۋى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاتلانغان تارىخىي باسقۇچنى نۇقتىلىق يازغان بولۇپ، بۇ باسقۇچتىكى پارتىيىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ھەممە كۈچنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قارىتىش فاڭجېنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش تەلەپلىرى بىلەن بۇ فاڭجېننىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، خەلقىمىزنىڭ نورمال ۋە توغرا تەلەپلىرىنى سۇغا چىلاشتۇرىدىغان «سول» چىل پىكىر ئېقىملىرى ۋە كونكرېت سىياسەت، شۇنىڭدەك خىزمەتلەردىكى ھەر تەرەپكە ئېغىشلارنىڭ ئوتتۇرىســدا پەيدا بولۇۋاتقان ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بەدىئىــي تۇرمۇش زېمىنىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پېرسوناژلارنــى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈر زىددىيەت ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توقۇنۇشلىرى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلەپ، تەرەققىيات مۇساپىمىزنىڭ ھەر بىر قەدىمىدىن، تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ تىنىق ـ نەپەسلىرىدىن دېرەك بەرگەن. شۇڭا، ئەسەر كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولالىغان.

روماننىڭ ئىككىنچى قىسمى نۇقتىلىق ھالدا خەلققە بالا ـ قازا، دۆلەتكە كۈلپەت كەلتۈرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىنى سۈرەتلىگەن بولۇپ، ئەلا قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ تېنىدىكى ۋە مەنىۋىيىتىدىكى قان تەپچىپ تۇرغان جاراھەتلەرنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

زوردۇن سابىر ئىككى قىسىملىق بۇ روماندا مۇشۇنداق خېلى ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي تۇرمۇش مۇساپىسىدە ياشىغان، كۈرەش قىلغان ئەلا قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ خۇشاللىقى، غەم ـ قايغۇسى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆسۈش، تېگىرقاش، پىشىپ يېتىلىشتەك ئىزدىنىش يولى ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ، ئىزدىنىش روھىنى مەدھىيىلىگەن. قىسقىسى، ئەڭ جاراڭلىق، ئەڭ تەسىرلىك ھايات ناخشىسىنى ياڭراتقان.

«ئىزدىنىش» رومانى تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى، تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ مول، مۇرەككەپ ۋە چىنلىقى، ياراتقان ئوبرازلىرىنىڭ يارقىن ۋە جانلىقلىقى، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىۋى پىكىرلىرىنىڭ ئاكتىپ ۋە چوڭقۇرلۇقى، دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تىلىنىڭ ئىجادىي ۋە ئۆزگىچىلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ رومان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. كەڭ كىتابخانلارنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەلا روماننىڭ باش قەھرىمانى بولۇپ، ئەسەردە يورۇتۇلغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ئۇنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىزدىنىش، ئۆسۈش جەريانى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئەلا كىچىكىدىنلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم ئۆسكەن بالا. جاپا ـ مۇشەققەت، يوقسىزچىلىق ئۇنى چېنىقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىگە قەيسەر، چىدامىلىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرنى سىڭدۈرىدۇ. غايىگە بولغان تەشنالىق ئەلانى كىچىكىدىنلا بىلىم ئىشقىدىكى پەرۋانىگە ئايلاندۇرىدۇ. بىلىم ئىگىلەش يولىدىكى نەتىجىلەر ئۇنى ئىلھاملاندۇرسا، دەۋرنىڭ تەلىپى، پېشقەدەملەرنىڭ تەربىيىلىرى ئۇنىڭ تىرىشىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگەتكەندىن كېيىن رەھبەرلىكنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ پەنلىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىنىش مەقسىتىدە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇ قېرىنداش مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەربىيىلىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن

كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈمىدلىك ياش ئىلمىي خادىملارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئەلا بارلىقىنى ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى يەنى بىلىم ئېلىشقا بېغىشلىغان غايىگە باي، ئۈمىدۋار ياش زىيالىي. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى، ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى، ئۆگىنىشنى ۋە ئىزدىنىشنى ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، دەپ بىلىدىغانلىقى بىلەن سەپداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئەقلى بىلەن ھەممىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن مەغرۇر ۋە تەلەپچان قىز گۈزەلئاي بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بېرىلگەن قەلبىدە يېڭىچە بىر ئىنتىلىش ۋە ھەۋەس پەيدا بولىدۇ. لېكىن، ئەلا دەسلەپتە ئۆزىدە پەيدا بولغان بۇ تۇيغۇغا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈش دېگەن بۇ سۆزلەرگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ھاياتىي مەنىنى ۋە ئۇنىڭ كىشى قەلبىنى ئەسىر قىلغۇچى غايىۋى كۈچىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇنىڭچە مۇھەببەت ئىلىم ـ پەننىڭ دۈشمىنى، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشنىڭ زور توسالغۇسى ئىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ساددا چۈشەنچىسى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى مۇنداق يۈزە تەسىراتىنى ھايات رېئاللىقىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنى ئاسانلا يۇيۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈزەلئاينى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن ئەلا بىردىن ئۇنى بارلىقى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىستىقبالىنى ئۇنىڭسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق بىر ئەھۋالدا گۈزەلئاي بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك ئائىلە ئىگىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىپ تۈگىتىدۇ. ئەسلىدە ئەلا مۇھەببەتلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن ناھايىتى زور ئارام ۋە خاتىرجەملىك، تۈگىمەس ـ پۈتمەس رىغبەت ۋە ئىلھام كۈتكەنىدى.

لېكىن، ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۇنىڭغا بۇ نەرسىلەرنى بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ گۈزەلئاي بىلەن بولغان غايە ۋە مەقسەت ئورتاقلىقى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، كۈتمىگەن يېڭى پەرقلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. گۈزەلئاينىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقى، مۇھەببەت ۋە بەخت قارىشىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى، ئەلانىڭ غايە ۋە ئىنتىلىشىنى چۈشىنىشتىكى ئاجىزلىقى، مۇناسىۋەتتىكى مەغرۇر ۋە پەرۋاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋىتىدىكى ھەممە گۈزەل نەرسىلەر ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىشكە باشلايدۇ. ئائىلىۋى ئىللىقلىق ئورنىنى ئاغرىنىش ۋە ئازارلىنىش، چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا يول قويۇش ئورنىنى جاھىللىق ۋە مەنمەنلىك ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە غايە ۋە مەقسەتتىكى پەرق ۋە ئوخشىماسلىقنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، ماھىيەتتە ئەلانىڭ ھايات پاجىئەسىنىڭ باشلىنىشى، ئىلىم ـ پەن يولىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ۋە ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كېلىشى ئىدى. بۇ ئۆزىنىڭ ھەممە مەقسەت ـ ئارزۇسىنى ئائىلىۋى مۇھەببەتكە باغلاپ، تۇرمۇشنى كىتابلاردىكىدەك تىنچ، نازاكەتلىك، گۈزەل ۋە غايىۋى ھالدا چۈشىنىپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەن ئەلا ئۇچۇن بەكمۇ ئېغىر زەربە بولىدۇ. ئەنە شۇنداق بىر چاغدا ئۇنى تېخىمۇ زور يېڭى بىر هايات پاجىئەسى كېلىپ باسىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن بېرى ھەسەت قىلىپ كەلگەن قارانىيەت رەقىب ئۇنىڭ پېشقەدەم زىيالىي ساۋۇت ئەپەندى بىلەن بولغان ئىلمىي مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى گۇمانلىق سىياسىي پائالىيەتتە بولۇپ كەلگەن «ئاق مۇتەخەسسىس» قىلىپ ياساپ چىقىپ، يىراق گەنجا يايلىقىغا ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىۋېتىدۇ. بۇ يېڭى زەربە ئەلانىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى پۈتۈنلەي يېتىم ۋە بىچارە هالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. لېكىن، تەقدىرنىڭ ئەلاغا بولغان شەپقەتسىزلىكى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. رەقىبىنىڭ ئالدىشى ۋە دەپسەندە قىلىشى بىلەن هايات ئىستىقبالىنى يوقاتقان ئادىلە ئەلادىن ئۆزىنىڭ گۇناھسىز نارەسىدىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادىلە ئوتتۇرىغا قويغان پاكلىق ۋە نومۇسقا بېرىپ تاقىلىدىغان بۇ ئېغىر مەجبۇرىيەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇھەببەت، سىياسەت ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئازاب ئاستىدا قىينىلىش تەقدىرىگە دۇچ كېلىدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ بۇ ئازابلىق هايات بىلەن خەيرلىشىش كېرەكمۇ؟ ئىلىم - پەن يولىدا ئاخىرغىچە ئىزدىنىش كېرەكمۇ ياكى رەھىمسىز تەقدىر ئالدىدا تىز پۈكۈپ ھەممە هاياتىي غايىلەردىن بىر يولىلا كېچىش كېرەكمۇ؟ ياق، يەنىلا ياشاش، غايە ۋە ئىستىقبال يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىش كېرەك. هايات دولقۇنلۇق دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا بەختلىكلەرمۇ، بەختسىزلەرمۇ بولىدۇ. مۇبادا بەختسىزلەر هاياتنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ، ئۆزىدە بارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى بىلسە، ئۇلارمۇ خۇددى بەختلىكلەرگە ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن چەكسىز لەززەت ۋە خۇشاللىق تاپالايدۇ، هاياتنى يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان شىجائەتلىك ئادەملەردىن، بەخت ۋە گۈزەللىكنىڭ ياراتقۇچىلىرىدىن بولالايدۇ. ئەلاغا ئەنە شۇنداق ئوي - پىكىرلەر تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىدۇ. ئۇ يېڭىچە بىر ئىرادە بىلەن تۇرمۇشقا ياندىشىپ، پاجىئە ۋە بەختسىزلىكنى چىدام بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ، غايە ۋە ئىرادىنىڭ يېڭى، نۇرلۇق پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇ پاجىئەلىك تەقدىر ئالدىدا تىز پۈكۈش يولىنى ئەمەس، بەلكى ياشاش ۋە ئىزدىنىش يولىنى، ئىلىم ۋە غايە يولىنى تاللىۋالىدۇ.

ئاپتور روماندا ئەلانى ھەر خىل زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. قاتمۇ قات ئازاب ۋە بەختسىزلىكلەر مۇھىتىغا باشلايدۇ. هاياتنىڭ مۇرەككەپ تېپىشماقلىرى بىلەن ئۇنى قىينايدۇ، ئۇنى كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، پاكلىق بىلەن رەزىللىك، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن ساتقۇنلۇق ۋە مۇناپىقلىق ئارىلىشىپ كەتكەن زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. هاياتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ئىلىم - پەن يولىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەلانىڭ قەلب گۈزەللىكىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئەلا كىشىلەرنىڭ پىكىر ۋە نۇقتىئىنەزەرى كەڭ، هايات ۋە كىشىلەرنى چۈشىنىشى چوڭقۇر، كەلگۈسىگە بولغان مۇھەببىتى قايناق، ئىلمىي

ئىزدىنىش غايىسى بىلەن مەنىۋى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش روھى تولۇپ تاشقان ئالاھىدە تىپتىكى يېڭى ئادەم بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

تۇرمۇش مۇشەققەتلىك، ئەگرى ـ توقاي بولغان ئۇزۇن مۇساپە. ئەلا مانا بۇ يولدا نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ ھەم بەختكىمۇ ئېرىشىدۇ، ھەم ئازاب ۋە بەختسىزلىكلەرگىمۇ يولۇقىدۇ. مەسىلەن، ئەلا تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشى بىلەن تەڭلا ئۆز سەپداشلىرىغا زادىلا نېسىپ بولمايدىغان ئوبدان تەشكىللىي ئېتىبارغا، كەم تېپىلىدىغان گۈزەل ۋە نازاكەتلىك بىر قىزنىڭ پاك ۋە سەممىي مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. لېكىن، ئەلانىڭ ھاياتىي مەقسىتى يالغۇز بەختلىك ئائىلىگە ئېرىشىشلا ئەمەس ئىدى. ئۇ غايە ۋە ئەقىدە ئىگىسى بولۇپ، ئۆز خەلقى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشنى، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ھاياتنى يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشنى خالايتتى. دەل مۇشۇ نەرسە يەنى غايە ۋە مەقسەتكە ئېرىشىش يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش ئۇنى كەسپىي شۆھرەتتىنمۇ، ئائىلىۋى بەختتىنمۇ مەھرۇم قىلدى. دېمەك، ئەلانىڭ ھايات پاجىئەسىگە ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلىۋى ھەۋىسى ئەمەس، بەلكى ئىلىم ـ پەن يولىدىكى غايىۋى ئىزدىنىشى سەۋەب بولدى. بىراق ئۇ بەختسىزلىكلەر ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئۇنىڭ قەلبى قانچە ئازابلانغان، يارا بولغان بولسۇن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا توغرا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارىدى. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىشنى توختاتمىدى. روماندا يەنە ئەلانىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلە قارىشىغا ئائىت بولغان مەزمۇنلار ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن يېڭىچە مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلانىڭ مەنىۋى دۈشمىنى بولغان رەقىب ئۇنى تەشكىلىي تەرەپتىن يېڭىپ ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، گۈزەلئاينىڭ مەنىۋى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ساختا شەپقەت ۋە يالغان ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ ھەمدە ھەر خىل ۋاستىلەر، جۈملىدىن ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئارقىلىق ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ ئەلاغا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. ئەلانىڭ بەختلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى بۇزىدۇ. ئەسلىدە، بۇ مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي، ئەخلاقىي قاراشلارغا يات بولغان، ئەرلىك نومۇسى بىلەن ئائىلىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان بىر خىل نەپرەتلىك قىلىق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلا رەقىبتىن كېلىشتۈرۈپ ئۆچ ئېلىشى، ئۇنىڭ يىرگىنىچلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى مۇھەببىتىنىڭ پاكلىقىنى قوغدىشى لازىم ئىدى. لېكىن، ئەلا بۇنداق قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇپ، بۇ زىددىيەتتىن مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنى تارتىدۇ. بۇنداق بولۇشىغا ئەلانىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى يېڭىچە قاراشلىرى سەۋەب بولىدۇ. ئەلا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلىم ـ پەنگە بېرىلگەن، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشكە بارلىقىنى بېغىشلىغان ئىلمىي خادىم. بۇ ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ يادروسى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە سادىق بولماي، رەقىبتىن ئۆچ ئېلىش يولىغا كىرىپ تەشكىلىي دەۋالار بىلەن جېدەل ـ ماجىرالار مۇھىتىدا لەيلەپ يۈرسە، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ غايىۋى مەقسىتىدىن يىراقلىشىپ، ئىلىم ـ پەن خادىمىدىن سىياسىي كۈرەش ئادىمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئەلا ئەلا بولماي قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەلا بۇ ئىشتا گۈزەلئاينىڭ پىكرىگە، رايىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۆز ئىرادىسىنى ئۇنىڭغا زورلاپ تېڭىشنى، ئۆزىنى مەجبۇرىي ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشنى، ئۇنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەرلىك ھۆكمى ئاستىدا تۇتۇشنى خالىمايدۇ. بۇنداق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە قىلىنغان ھاقارەت ۋە ھۆرمەتسىزلىك دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئايال كىشى ئۆمۈر بويى ئەرنىڭ ئىرادە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشايدىغان مەنىۋى قۇل ئەمەس. ئۇمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا تىرىك ئادەم. غايە ۋە ئىستەك ئىگىسى. ئۇ ياخشى كۆرۈش ھوقۇقىغىمۇ، نەپرەتلىنىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە. ئۇنىڭدا خالاش ۋە ئىنتىلىش، چېكىنىش ۋە رەت قىلىش ئەركىنلىكى بار. ئەلا گۈزەلئاينىڭ رەقىب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى مۇشۇنداق يېڭىچە قاراشلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. قارىماققا بۇ ئەلانىڭ بوشاڭلىقى ۋە ئىرادىسىزلىكىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھايات قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، تۇرمۇش مۇرەككەپلىكلىرىنى ئەمەلىي ھېس قىلىپ يەتكەن، ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ بېسىمىدىن خالىي ئەركىن پىكىر ئىگىسى بولغان يېڭىچە بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكى بىلەن ھاياتىي قەتئىيلىكىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ.

ئەلا يەنە دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ. ئۇ ھاشىر بىلەن پىكىر جەھەتتە بەزىدە توقۇنۇشۇپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئادىلە رەقىب تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ، ئىززەت ـ ئابرۇيى يەرگە ئۇرۇلۇش ئالدىدا ئۇ ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

قىسقىسى، ئەلا ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك قەيسەر ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىكى پاۋېل كورچاگىن ئەينى دەۋردە كەڭ ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالغىنىدەك، «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلامۇ مۇشۇ دەۋردىكى كەڭ ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. ياشلىرىمىزنىڭ بۇ رومانىنى قولىدىن چۈشۈرمەي سۆيۈپ ئوقۇشلىرىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئوبرازلارنىڭ ناھايىتى يارقىن ۋە جانلىق قىلىپ يارىتىلغانلىقىدا.

ھاشىر — بۇ روماندا باش قەھرىمان ئەلاغا ياندىشتۇرۇپ تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ بولۇپ، بۇ ئوبرازمۇ ئىنتايىن جانلىق ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىپ يارىتىلغان.

هاشىرنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشى، ئىدىيىۋى خاراكتېرى باشتىن - ئاياغ ئەلاغا سىڭدۈرۈلۈپ، ئەلانىڭ خاراكتېرىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىشكە ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان، ئۇ تەلەپچان، سەمىمىي، ئىرادىلىك ياخشى يىگىت، ماھىيەت جەھەتتە ئەلا بىلەن ئوخشاش. لېكىن ئۇ «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ھەم زەھەرلىنىشكە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئەلادىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇھەببەتكە، ھاياتقا بولغان كۆز قاراشلىرى ئەلاغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. يەنى ئەلا مۇھەببەتنى «گۈزەل ھېسسىياتنىڭ مېۋىسى» دەيدۇ. ھاشىر بولسا «پۈتتا چۈشەك، مەنبەسى شەخسىيەتچىلىك» دەپ قارايدۇ. يەنە ئەلا كىتاب ئوقۇشنى «مەنىۋى بايلىقنىڭ ئاساسى» دېسە، ھاشىر بولسا «··· جاپادىن قېچىش، چىڭ تارتىلغان ھايات سىملىرىنى بوشاشتۇرۇش» دەيدۇ. ئۇ ھەتتا گېزىت ۋە سىياسىي كىتابلاردىن باشقىسىنى ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھاشىرنىڭ قارىشىچە «ئۆزىگە ئوخشاش ئۇچىنچى ئەۋلادنىڭ ۋەزىپىسى بىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەش ئەمەس، بەلكى مول مەھسۇلات ئۇچۇن دۈشمەنلەرنى يوقىتىش، جۇڭگولۇقنى باشقىلارغا بوزەك قىلدۇرماسلىق ئۇچۇن پولات زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى بولۇش···».

ئومۇمەن ئېيتقاندا، «پاكىز ئۆيلەردىن چىقىپ، چاڭ - توزان ئىچىگە كىرىش.» شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ ھەر كۈنى پۈت - قوللىرىنى ئالالمىغۇدەك جىسمانىي چارچاش بىلەن ئورنىغا كىرمىسە ئىچى پۇشىدۇ. ئۇ «ئۇلۇغ مەقسەتنى كۆزلىگەن ئادەمنىڭ ھېسسىياتقا، شەخسىي ھەۋەسكە بېرىلىشى ئىرادىسىزلىك» دەپ قارىغانلىقتىن، رازىيەنىڭ ساپ ۋە قىزغىن مۇھەببىتىگە سوغۇق قەلب بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، قىزنى ئازاب، ھەسرەت، چۈشكۈنلۈك دېڭىزىغا ئىتتىرىدۇ. بىز ھاشىرنىڭ ئەلاغا يازغان خېتىنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالالايمىز. ھاشىرنىڭ خاراكتېرىدە يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ بىز ئۇچۇن يەنىلا ئىنتايىن سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ ھەم ئىختىيارسىز ھالدا ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايدۇ.

روماندا يەنە شۇي شۇجى، ما جۇرېن ۋە گىدىڭ جامىسۇ قاتارلىق پارتىيىنىڭ قابىل ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بىر قىسىم كادىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ چىققان ھەم مۇشۇ ئارقىلىق تەشكىلنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ ھەم زىيالىيلارنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەتنى ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئاپتور روماندا يەنە «نە ئۆي، نە شەخسىي ھالاۋەت بىلەن ھېسابلاشماستىن، خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى، مەدەنىيىتى توغرىلىقلا ئويلايدىغان، پۈتۈن ھاياتىنى ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان» ساۋۇتوۋ ئوبرازىنى، قۇرماش، تاش، رازىيە قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئىگە ئوبرازىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژنى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئۇچۇن

www.uyghurkitap.com

خىزمەت قىلدۇرغان.

ئەسەردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ يارىتىلغان بولۇپ، رەقىب ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ئاساسلىق شەخستۇر. رەقىب كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، بۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ خاراكتېرىدە چىدامسىزلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ھىيلىگەرلىككە ئوخشاش ئىللەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئاساسىي تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ يەنە كېلىپ ئەلانىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولسىمۇ، لېكىن ئەلانىڭ زېرەك، ئۆتكۈر ۋە تىرىشچانلىقىغا ھەسەت قىلغاچقا، كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا نىسبەتەن چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىدا بولىدۇ. يازغۇچى بىر تۈركۈم دېتال، ئېپىزوتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ سۇيىقەستچىلىك، ھىيلە - مىكىر جەھەتتىكى «قابىلىيىتى» نى كۆرسەتسە، پسىخىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەھشىي - رەزىل قىياپىتىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئوبراز ئەلا خاراكتېرىنىڭ تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلىنىشىگە كەڭ زېمىن ھازىرلايدۇ.

رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى 1 - شەخس تىلىدا يەنى «مەن» نىڭ بايانى، «مەن» نىڭ يازغان، تاپشۇرۇۋالغان خەت - چەكلىرى، يازغان - ئوقۇغان شېئىر - نەزمىلىرى قاتارلىقلار ئارقىلىق باش قەھرىمان ئەلانىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى، گۈزەللىككە مۇھەببەتكە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى، ئىنچىكە ۋە نازۇك پسىخىك تەۋرىنىشلىرىنى خېلى تولۇق ئىپادىلەپ، ئەلانىڭ روھىي دۇنياسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن. رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمى 3 - شەخس تىلى ئارقىلىق ئەلانىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئىزدىنىش روھىنىڭ ھايات ئىمتىھانلىرىدىكى ئىپادىلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. دېمەك، ئاپتور بايان ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تاللىۋالغان ۋە بېكىتكەن.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا بولسا ئەلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن ئىبارەت ھايات مۇساپىسىنى، ئىزدىنىش يولىنى سۇژېتنىڭ تەرەققىيات لىنىيىسى قىلىپ تۇرۇپ بۇ لىنىيىنى تاكى ئىككىنچى قىسىمغىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. ئەسەردىكى پۈتۈن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، باشقا پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى مانا مۇشۇ خىل غول لىنىيىگە ياندىشتۇرۇلغان ھالدا بايان قىلىنغان. ئاپتور ئەسەردە مۇرەككەپ ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى يېزىشنى مەقسەت قىلىۋالمىغان، دىققەت - ئېتىبارىنى ۋەقەنىڭ جەريانىنى مۇپەسسەل بايان قىلىشقا قاراتمىغان، بەلكى ۋەقەلىك ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە، ئۇلارنىڭ خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى مەزمۇنغا باي ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان. يۇقىرىقىلار رومانىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدۇر.

## § 3 . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يالغۇز داڭلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانى ۋە «ئويغانغان زېمىن» ناملىق ئىككى توملۇق رومانىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زور نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رومانلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر تارىخىي رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلىگەن «ئىز» ناملىق تۇنجى رومانى 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنىدى. 30 ـ يىللاردىن 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىبدات مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى سۈرەتلەنگەن «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1 ـ قىسمى 1988 ـ يىلى، 2 ـ قىسمى 1994 ـ يىلى نەشردىن چىقتى.

بىزگە مەلۇمكى، ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئەمەلىيەت، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ ئەمەلىيەتنىڭ تارازىسىدۇر. بىز بۇ رومانلار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى 9 ـ 10 يىللىق ئىنكاس ۋە مۇھاكىمىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مېۋىسى بولغان بۇ رومانلار بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، دەپ ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەقلىقمىز.

ئاپتورنىڭ بۇ رومانلارنى يېزىشتىكى ئىجادىيەت مۇددىئاسى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە قۇمۇلدا پارتلىغان تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىق قىلغان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ پارتلاش، زورىيىش، غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى ئىپادىلەش ۋە تارىخىي جەريانىنى دەۋر قىلغان ھالدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى دەۋر تارىخىدىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرنى، ھەر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدار تارىخىي كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىش بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ خىل ئېستېتىك غايىسى «ئىز» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ناھايىتى ئېنىق ئىزھار قىلىنغان.
گەرچە تارىخىي ترىلوگىيە «ئويغانغان زېمىن» نىڭ دەسلەپكى پىلانىدىكى 3 ـ قىسمى ئاپتورنىڭ سالامەتلىكى تۈپەيلىدىن يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان رومانلارنىڭ مەزمۇن كۆچىگە ۋە قۇرۇلما مۇكەممەللىكىگە قاراپ، ئاپتور

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇردى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇ رومانلارنىڭ قايتا ـ قايتىلاپ نەشر قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تىرازىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىپ بېرىشىدىكى، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمىزدەك جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ بىر نەچچە يىلدىلا ئاجىزلاپ كەتمەي، ئەكسىچە كۈچىيىپ بېرىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ مېنىڭچە، تۈپ سەۋەب ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۈچىدە ۋە ئېستېتىك قىممىتىدە.

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزى ئىگىلىگەن مول تارىخىي ماتېرىياللارنى قۇمۇلدىن ئىبارەت كونكرېت ماكاندىن خېلىلا ھالقىغان ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگودىن ئىبارەت كەڭلىككە، كونكرېت جەرياننى نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي مۇساپىگە قويۇپ، بىر تارىخشۇناس، پەيلاسوپ، ئىنسانشۇناسنىڭ كۆزىدە كۆزىتىپ، ئۇنى چىن، جانلىق ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن، تارىخىي مۇقەررەرلىك ۋە ھەقىقەتنى، ھاياتلىق پەلسەپىسىنى توغرا يەكۈنلەپ چىققان. مانا بۇ ئاپتورنىڭ تارىخقا، ھاياتقا ھاسىل قىلغان پۈتۈن تەسىراتىنىڭ تىندۇرمىسى بولۇپ، بۇ تىندۇرما ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەۋھىرى، يەنى ئەسەرنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز خالىساق بۇ جەۋھەرنى ئەسەرلەردىكى كونكرېت تەسۋىر، جانلىق ئوبرازلاردىن، قۇرۇلمىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن تاپالايمىز.

زۇلۇم بار يەردە قارشىلىقمۇ بولىدۇ، زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى قارشىلىقمۇ كۈچىيىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ شىللىسىغا چىقىۋالغان فېئودال ۋاڭ ـ غوجاملار، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەزگۈچىلەر سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشى، ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلقنىڭ سۆڭەكىنى چېقىپ، يىلىكىنى شۇمۇرۇۋاتقان ئاشۇ زۇلمەتلىك يىللاردا تۆمۈر خەلىپە ۋە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى خۇددى لى زىچېڭ، خوڭ شيۇچۈەن باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن ئوخشاشلا تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بىراق، ئىستىخىيىلىك قارشىلىقلاردىن قوراللىق كۈرەشكە، يەككە ئېلىشىشلاردىن تەشكىللىك ھەرىكەتكە ئۆزگەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «ئاچچىق ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ»①

ھەممە «گەرچە مۇرادى ھەل بولمىغان بولسىمۇ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ۋاڭ ئوردىلىرى بىلەن جىياڭجۈن ياملىرىنى گۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەندۇرۇپ» مەغلۇپ بولۇپ كېتىشىمۇ مۇقەررەرلىكتۇر، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى دەۋر تارىخىدا يۈز بەرگەن تارىخىي پاجىئەلەرمۇ بۇنى چۈشەندۈرىدۇ. يازغۇچى بۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەڭ باب كېلىدىغان تراگېدىيىدىن ئىبارەت بەدىئىي شەكىلنى تاللىۋالغان.

ئىنسانىيەت تارىخى خىلمۇ خىللىقلارغا تولغان بولىدۇ، تارىخنىڭ مەزمۇن جۇغلانمىسىدا ئوخشاشماسلىقلارنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن، بىراق، ھەرقانداق

---

① «ئىز» رومانىنىڭ «كىرىش سۆز» ىدىن.

تراگېدىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ئاساسەن ئوخشاش، يەنى ھەممىسلا خۇددى لۇشۇننىڭ بەرگەن تەبىرىدەك: «قەدىر ـ قىممەتلىك نەرسىلەرنى پارە ـ پارە قىلىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ.» چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىش ۋە ساختىلىق، قاباھەت، رەزىللىكنى سۆكۈش ئارقىلىق كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

بۇ رومانلاردا تەسۋىرلەنگەندەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن قۇمۇل خەلقى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋاڭ ـ غوجاملار، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى تېرىپ، چارۋىسىنى بېقىپ تۆككەن تەرىگە، قىلغان ئەجرىگە تۇشلۇق ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان ۋاڭلىق تۈزۈم، شۇنىڭدەك شاھ مەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى ئوردا بەگلىرى ۋە باي ـ غوجاملار خەلقنى ئات، ئېشەك ئورنىدا ئىشلەتكەننى ئاز دەپ، ئۇلارنى ھايات خۇشاللىقلىرىدىن ۋە ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي لەززەتلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى. كۆزىدىلا ئەمەس، يۈرىكىدە قان يىغلاپ، نالە قىلىپ ھېچكىمنى تەسىرلەندۈرەلمىگەن بىچارە خەلق قوزغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكى ۋە ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. بىراق، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىدىن، تارىخىي چەكلىمىلەر ۋە ئۆزلىرىدىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن قۇمۇلدىن باشلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن تۆمۈر خەلىپە ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مەغلۇپ بولدى. قوزغىلاڭلاردا ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن قەھرىمانلار جەڭلەردە قۇربان بولدى. جازا مەيدانلىرىدا بېشى ئۈزۈلگەن، تىلى كېسىلگەن، كۆزى ئويۇلغان جەسەتلەر قەبرىسىز قالدى. بىز ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن قايغۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىدىن، ئىزدىنىشلىرىدىن ئىلھاملىنىمىز. جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق چاقناپ تۇرغان ئەسەر سەھىپىلىرىدىكى كۈچلۈك ئېستېتىك كۈچ بىزنىڭ قەلبىمىزنى زىلزىلىگە سالىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ رومانلىرىنى كۈچلۈك تراگېدىيىلىك تۈسكە ئىگە قىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ بۇنداق خاراكتېرى ھەم تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن، ھەم كىشىگە بىر خىل تراگېدىيىلىك گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدا ئۆلگەن، يەنى «پارە ـ پارە قىلىپ كۆرسىتىلگەن» پېرسوناژلار خېلىلا كۆپ. لېكىن، شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆلۈمى، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىككى پاي ئوق بىلەن جاجىسىنى يېيىشى، قارانىيەت توختى سەيپۇڭ، ئاغمىچى قارا بوسۇقلارنىڭ قەدىرسىز ئۆلۈمى، ساتقىن روزى موللا، توخسۇن فۇگەن، سايىت تۇڭچىلارنىڭ لەنەتلىك ئۆلۈمى، يې شىفۇ قاتارلىق چېرىكلەرنىڭ جەھەننەمگە مېڭىشى بىزدە قىلچە ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە سەپەر قىلىنغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، خوپ بوپتۇ، دەيمىز. ئەمما، تۆمۈر خەلىپىنىڭ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ، ئامانقۇل،

www.uyghurkitap.com

مەڭلىك نىياز، ھەسەن دولان، مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى بىزدە تامامەن باشقىچە تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1 ـ قىسمىدىكى ھەسەن دولان ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە توقۇلما قىلىنغان پېرسوناژ، ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بولغان ئىلغار پىكىرلىك پەن ياۋنەننىڭ ھارۋىكىشى، ئۇ پەن ياۋنەننى «دارىن ئىمانسىز بولغىنى بىلەن ئىنساپلىق، مۇلايىم، باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغان ئوبدان ئادەم» دەپلا بىلىدۇ. شۇڭا، جىن شۇرىننىڭ قولچوماقلىرى پەن ياۋنەننىڭ كىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىغاندا، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «تاياق ئاستىدا ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىنى ئاغزىمغا ئالمايمەن» دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئۇ ياكى بىر ئىلغار تەشكىلاتنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس، ياكى پەن ياۋنەننىڭ شېرىكىمۇ ئەمەس، پەقەتلا ساۋاتسىز، ئاددىي ھارۋىكەش، لېكىن ئۇ بىز كىنولاردا كۆرگەن، كىتابلاردا ئوقۇغان قەھرىمانلارغا ئوخشاش ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە پىسەنت قىلماي، سوراقچىنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ، ئۆلۈمنى مەردانىلىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ساۋاتسىز، ئاددىي بىر ھارۋىكەشنىڭ «ياخشىغا يانتاياق بولۇش» تەك سادىدا، ئەمما ئۇلۇغ ئەقىدىسى بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. مەڭلىك نىياز بولسا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىدىكى ئاددىي بىر قوزغىلاڭچى دېھقان. ئۇمۇ ھەسەن دولانغا ئوخشاش ئەسەرنىڭ مۇھىم قەھرىمانلىرىدىن ئەمەس. مەڭلىك نىياز ئادەتتە يۇزى تۆۋەن، نومۇسچان، ئەمما جەڭدە باتۇر يىگىت. ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ، ھايات گۈزەللىكلىرىگە تەلپۈنىدۇ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ئەتىۋارلايدۇ. لېكىن، قوزغىلاڭنىڭ سەردارى خوجىنىياز ھاجىغا خەۋپ تۇغۇلغاندا، ئۇ ئۆز خوۋلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي خوجىنىياز ھاجىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولىدۇ. ئەسلىدە بەخت ـ سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇشى، گۈزەل مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشى لازىم ئىدى ۋە شۇنىڭغا ھەقلىق ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ قازا قىلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئېچىنىمىز ۋە بۇ قەھرىمانغا قايىل بولىمىز. «ئىز» رومانىدىكى ئۆزىنىڭ چىن مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ، شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ ئەرمىكى بولغۇچە قىلىچ ئاستىدا پارە ـ پارە بولۇپ كېتىشنى ئەۋزەل بىلگەن قەلبى گۈزەل، رەڭگىمۇ گۈزەل گۈلقىزنىڭ شاھ مەخسۇتنىڭ ھۇجرىسىدا ئۆزىنى قىلىچقا ئۇرۇپ ھالاك بولۇشى بىزنىڭ قەلبىمىزدە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. بىز ئېچىنىش بىلەن بىللە پاك، غۇبارسىز بۇ تاغ گۈلىدىن سۆيۈنىمىز. راجى بالىنىڭ جازا مەيدانىدىكى قورقۇمسىزلىقى بىزنى تەسىرلەندۈرسە، جاللاتنىڭ ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشى بىزنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. بۇ ياش، باتۇر يىگىتنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقىغا بولغان قايىللىقىمىز ۋە ھۆرمىتىمىز ئاشىدۇ.

«ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى ئايرىم شەخسلەرنىڭ تەزكىرىسى يېزىلغان بىئوگرافىك ئەسەر ئەمەس، بەلكى تارىخىي رومانلاردۇر. شۇڭا، ئاپتور بۇ رومانلىرىدا

ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ناھايىتى كۆپ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىنى ياراتقان. پەقەت «ئىز» دىلا خېلى مۇپەسسەل يورۇتۇپ بېرىلگەن پېرسوناژلار ئوبرازى يەتمىشكە يېقىن، تىلغا ئېلىنغان يانداش پېرسوناژلار ئاتمىش ئەتراپىدا. «ئويغانغان زېمىن» نىڭ ئىككى كىتابىدا بولسا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ئوبرازى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئاجايىپ مول ۋە رەڭدار پېرسوناژلار دەھلىزىنى ھاسىل قىلغان. بۇ پېرسوناژلار قاتارىدا تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجى، نىياز پالگان، سالى دورغا قاتارلىق قوزغىلاڭنىڭ سەركەردىلىرى؛ ئامانقۇل، راجى بالا، ئەنسارى، قازىم قىزىق، ھۆسنارىخان، ئايقىز، مەڭلىك نىياز، مىرول مەرگەن قاتارلىق قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرى، شۇنىڭدەك ئاددىي دېھقانلار، كاسىپلار، ھۈنەرۋەن، سودىگەرلەر، ئوۋچىلار، خوتۇن ـ قىزلار ۋە بالىلار بار. بۇلاردىن باشقا شاھ مەخسۇت ۋە ئۇنىڭ ھاشىرتەيجى، نۇشىرۋان تەيجى، قىز بەگ خوجا، نورۇز ئەئلەم ئۇۋەيسە مۇپتى، توختى دورغا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەم ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ماجۇڭيىڭ، يولۋاس ··· قاتارلىقلاردىن تارتىپ ئۇلارنىڭ بەي ۋېنچاۋ، چيەن دارىن، ليۇسجاڭ، لى شۇفۇ، شۇي شيەنجاڭ دېگەندەك قولچوماقلىرىغىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن.

ئەگەر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، «ئويغانغان زېمىن» رومانى تارىخىي چىنلىق تۈسىنىڭ قويۇقلىقى، مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، ئوبراز يارىتىش سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ.

«ئويغانغان زېمىن» ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان يىرىك ئەسەر، شۇنداقلا يېڭى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر تارىخى رومانلارنىڭ بىرى. بۇ رومان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى دەۋر تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى، مۇھىم شەخسلەرنى ئاساسلىق يېزىش ئوبيېكتى قىلغانلىقى، ئەشۇ ۋەقەلەرنى، شەخسلەرنى ناھايىتى كەڭ، شۇنداقلا ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، تارىخنى يازغاندا ئۇنى ناھايىتى مول ئۇچۇرغا، كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشكە، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ۋە نۇرغۇنلىغان جاۋابسىز سوئاللارغا قويۇپ يازغانلىقى، تارىخىي تەركىبلەرنى ئەدەبىي شەكىلدە بايان قىلىپ، ئەسەرنى يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغانلىقى، ئەسەردە يېزىلغان تراگېدىيىنى ھەم تارىخىي يوسۇندا، ھەم ئەدەبىي يوسۇندا تەسۋىرلىگەنلىكىگە ئوخشاش بىر قاتار ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدىمۇ، ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. بۇ رومان ياراتقان ئېستېتىك قىممەت ھەققىدە مۇھەممەت پولات مۇنداق دېگەن: «بىزدە ھازىرغىچە نۇرغۇن كىشىلەر تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازدى. بۇلار ئىچىدە بەدىئىي قىممەت، ئېستېتىك قىممەت ياراتقانلىرى يوق دېيەرلىك. مېنىڭچە، تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە ئېستېتىك قىممەت يارىتىش بەدىئىي تالانت بىلەن زىچ

مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكا بىردىنبىر ئېستېتىك قىممەت ياراتقان يازغۇچى. بۇ نۇقتا ‹ئىز› رومانىغا قارىغاندا ‹ئويغانغان زېمىن› رومانىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ».

«ئويغانغان زېمىن» رومانىدا قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ 1933 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغان قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى ۋە قوزغىلاڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ۋەقەلەر يېزىلغان. بۇ ئىككى قىسىملىق رومانىنىڭ 1 ـ قىسمىدا ئاساسلىق قىلىپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرى، شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلاش سەۋەبلىرى ۋە جەريانى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قۇمۇلدا جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان قانلىق كۈرەشلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى يېزىلغان. 2 ـ قىسمىدا بولسا، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆڭلىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈكۈپ، خەلقنى ئەركىن، باراۋەر، زۇلۇمسىز ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قۇمۇلدىن چىقىپ پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا دېگۈدەك ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار كۈرەشلىرى، جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە قوزغىلاڭنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى يېزىلغان. يازغۇچى رومانىدا مانا مۇشۇ ئاساسىي سۇژىتنى چۆرىدىگەن ئاساستا يەنە شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى، ھاكىمىيەت ئەھۋالى، دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى؛ خوجىنىياز ھاجى، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭدىن ئىبارەت ئۈچ بۈرجەكلىك ھەربىي كۈچنىڭ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن باش قەھرىمان خوجىنىياز ھاجىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى، شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي سۇيىقەستچىلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنى، كومپارتىيە ئەزالىرىنى دەھشەتلىك قىرغانلىقىدەك ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى تارىخىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بەرگەن. ئومۇمەن، «ئويغانغان زېمىن» ناملىق بۇ رومان، شىنجاڭنىڭ 30 ـ يىللاردىكى مۇرەككەپ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە ۋەزىيىتى تارىخىي ۋە بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ئەشۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ شۇنداقلا 30 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ تارىخىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى دېسەكمۇ بولىدۇ. روماندىكى مانا مۇشۇنداق مول مەزمۇن بىلەن قويۇق تارىخىي تۈس ۋە بۇلارنىڭ بەدىئىي يۈكسەكلىكتە جانلىق، تەسىرلىك بايان قىلىنىپ، كىشىگە مول تارىخى بىلىم ۋە كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېرىشى مەزكۇر رومانىنىڭ كەڭ تۈردە سۆيۈپ ئوقۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى خوجىنىياز ھاجى ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ئوبرازى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تارىخىي شەخس خوجىنىياز ھاجىنىڭ پروتوتىپىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شۇ ئاساستا بەدىئىي چىنلىق بويىچە

ئەتراپلىق تەسۋىرلىنىپ، بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، تارىخىي شەخس خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بەك مول، ھەرىكەت قىلغان تۇرمۇش سەھنىسى بەك كەڭ، بىسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسى ئۇزۇن بولغاچقا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پەقەت قۇمۇل بىلەنلا چەكلەنمەي، پۈتكۈل شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن زور تارىخىي ۋەقە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسەردە ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يورۇتۇش مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى دەۋر تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ چىگىشىنى چىقىرىشنى، خىلمۇ خىل سىياسىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ زور تارىخىي ۋەقەلەرگە چېتىشلىق بولغان خوجىنىياز ھاجىدەك تارىخىي شەخسكە توغرا باھا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ۋىجدان ئىشى دەپ بىلىدىغان ئۆتكۈر ئەپەندى تارىخقا شۇنىڭدەك خەلققە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىجادىيەتكە يۈزلەنگەن بولۇپ، بەزى ئاپتورلاردەك ئۆتكۈر ۋە نازۇك زىددىيەتلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىگەن. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا ئەسەرنىڭ مەزمۇن كۈچىگە تەسىر يېتىپلا قالماي، ئوبرازنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىغىمۇ يەتكىلى بولمايتتى. ئۆتكۈر ئەپەندى خېلى بىر مەزگىل چەكلەنگەن رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىنىڭ تولىمۇ تېيىزلىقىغا قارىماي، قەھرىمانىنى ياراتقان تارىخىي مۇھىت ۋە شارائىتنى تەتقىق قىلدى. ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق شەيئىلەرنى كۆزىتىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بىلەن تارىخىي ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلدى. شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ھادىسىلەرنىڭ يۈزە كۆرۈنۈشلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ماھىيىتىگە يېتەلىدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلابىيلىق، ئىلغارلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي تەرىپىنى كۆرۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭدىكى تارىخىي چەكلىمىلىك ۋە خاراكتېر چەكلىمىلىكلىرىنى، شۇنىڭدەك ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىنىمۇ قەلەمگە ئالالىدى. گىرەلەشمە زىددىيەتلەرگە تويۇنغان تىپىك ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ گۆش ۋە ئۇستىخىنىمۇ بار، تومۇرلىرىدا ئىسسىق قېنى ئوقچۇپ تۇرىدىغان جانلىق، يارقىن بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ چىقالىدى.

خوجىنىياز ھاجى تاغدا ئۆسكەن يۈرەكلىك، قەيسەر، تۈز كۆڭۈل ئادەم. ئۇنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئۇ تۆمۈر خەلىپىنىڭ باشچىلىقىدا قۇمۇل تاغلىرىدا پارتلىغان قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، پالۋانلىقى بىلەن دەسلەپىدىلا تونۇلغان. دېمەك، ئېزىلگەن، خورلانغانلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، بايلارغا ئۆچ بولۇش ۋە باتۇرلۇق جەھەتلەردە ئۇ تۆمۈر خەلىپە ۋە باشقا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئورتاقلىقلارغا ئىگە. لېكىن، ئۇنىڭ ئالاھىدە كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭدا ئۆزگىچە سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقاندا تېخى ياش بالا ئىدى. جەڭلەردە پىشتى، تاۋلاندى، مۇھىم سەركەردىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ يۇرتمۇ يۇرت سەرگەردان بولۇپ يۈردى. خېلى ئۇزاق مەزگىللىك سەرگەردانلىق هايات ئۇنىڭ كۆپنى كۆرۈشى، كۆپنى چۈشىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ ئۇنىڭغا بىر مەكتەپ بولدى. ئۇ ھەممىلا يۇرتتا كەمبەغەل، يوقسۇللارنىڭ ئېزىلىپ، خارلىنىپ غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىغانلىقىنى، خۇددى جاھاندىكى قاغىلارنىڭ ھەممىسىلا قارا بولغىنىدەك، ھەممىلا يەردىكى باي ـ غوجاملارنىڭ ئاچ كۆز، زومىگەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇۋېلىپ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ، سۆڭىكىنى چېقىپ يەيدىغانلىقىنى كۆردى. بولۇپمۇ چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭ ئېڭىنىڭ بىر بالداق كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. ھەر مىللەتتىن بولغان مەخمۇت مۇھىتى، ھەيدەر ئەپەندى، خوخول گېرىگورى قاتارلىق ئىنقىلابچىلار، ئىلغار زاتلار بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — ئىنقىلاب قىلىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى، شۇنىڭدەك ئىنقىلابنى قانداق قىلىش مەسىلىسىدىمۇ بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. مانا مۇشۇنداق زۆرۈر بولغان چېنىقىش ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىق ھازىرلانغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ يولباشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قۇمۇل تاغلىرىدا، قۇمۇل دىيارىدا قايتىدىن يانغان ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرىنى ئۇلغايتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىكى زۇلۇمغا قارشى خەلق ئىنقىلابىنىڭ غايەت زور گۈلخىنىغا ئايلاندۇرالىدى.

ئاپتور خوجىنىياز ھاجىنى مانا مۇشۇنداق كەڭ كۆرەش سەھنىسىگە، خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقناپ تۇرغان داھىيانە سۈپەتلەردىن بولغان ئەينى دەۋردە كەم تېپىلىدىغان ئەقىل ۋە تەجرىبە، مەردۇ ـ مەردانىلىك، پىداكارلىق روھ، ئىنساني پەزىلەت قاتارلىقلارنى دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە تەرەققىيات ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلىگەن، يەنى تەسۋىرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ ئاددىي بىر تاغلىق يىگىتتىن قەلبىگە مىللەتنىڭ غېمىنى سىغدۇرۇپ، يەلكىسىگە ئەلنىڭ يۈكىنى يۈكلىگەن يولباشچىغا ئايلانغانلىقىدىن ئىبارەت ھەرىكەت جەريانىغا قويغان. ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇشۇنداق بىر پرىنسىپقا ئىزچىل بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن بىز خوجىنىياز ھاجى ئوبرازىدىكى ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئىچىدىكى كەمتۈكلۈكنى، باتۇرلۇقنىڭ ئىچىدىكى قاراملىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكنى، ئەقىل ۋە تەجرىبە ئىچىدىكى كالتە پەملىكنى، يىراقنى كۆرەرلىك ئىچىدىكى ئامالسىزلىقنى، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىچىدىكى دىني ئەقىدىچىلىكنى، چىقىشقاقلىق، كەمتەرلىك ئىچىدىكى ئۆز سۆزلۈكلۈك، چوڭچىلىقنى ئېنىق كۆرىمىز، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئوبرازىدىكى مۇرەككەپلىكنى ھاسىل قىلغۇاتقان تارىخىي چەكلىمىلەر ۋە خاراكتېر چەكلىمىلىرىگە قارىتا چۈشەنچە ھاسىل قىلىمىز. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەقدىرىدىكى تراگېدىيىلىك

خاتىمىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆز ئالدىمىزدا روشەنلەشتۈرەلەيمىز.

«ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

1. روماندا رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىپ، رومانىنى تەشكىل قىلغان بارلىق مەزمۇنلار رېئالىزملىق ئىجادىيەت پرىنسىپى ئاساسىدا چىن، ئەينەن تەسۋىرلەنگەن، پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ تىپىك شارائىتتا قويۇپ يارىتىلغان. بۇ ھال بىر تەرەپتىن رومانىنىڭ چىنلىق تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن رومانىنىڭ تارىخىي تۈسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

2. روماندا پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. يازغۇچى ئاساسىي مەقسەتنى ۋەقەلىككە ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلارغا مەركەزلەشتۈرگەن، پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشت ـ قىسمەتلىرى ئاساسىدا دەۋر رېئاللىقىنى، تارىخىي ۋەقەلەرنى سىمۋوللاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن. پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى روشەن خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتكە، ئۆزىگە خاس تىل ـ ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىنغان.

3. رومانىنىڭ بايان ماھارىتىمۇ نىسبەتەن ئۇستۇن بولۇپ، تارىخىي رومانچىلىقتىكى بايان قىلىش سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. يازغۇچى روماندا ئاپتور بىلەن بايانچىنى ئايرىپ، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى، قەلب ئىزھارلىرىنى، ئۇزۇندىن ئۇزۇن مۇلاھىزىلىرىنى بەرمىگەن، ھەممىنى بايانچىغا تاپشۇرۇپ، شۇنىڭ بايانى ياكى پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق ھېسسىيات ئاشكارىلىغان. رومانىنىڭ بايانچىسى ئەسەردىكى پېرسوناژلار بىلەن ئوخشاش سالاھىيەتتىكى بايانچى بولۇپ، «خۇدادەك ھەممىنى بىلىدىغان» بايانچى ئەمەس. بۇنداق بايانچى ئەسەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

4. روماندا خەلق ئەدەبىياتى تەركىبلىرى نىسبەتەن مول. خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە بۇ رومانىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، شۇنداقلا ناھايىتى مۇھىم رولىلارنى ئوينىغان. يازغۇچى روماندا خەلق تىلىدىن كەڭ پايدىلانغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ماقال ـ تەمسىل، چۆچەك، مەسەل، قوشاق ـ بېيىت، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى قوللىنىپ، ئەسەرنىڭ مەنا قاتلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، شۇنداقلا ئەسەر شەكلىنى رەڭدارلاشتۇرغان.

## § 4. خېۋىر تۆمۈر

خېۋىر تۆمۈر يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنى ئۇنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» قاتارلىق بىر تۈركۈم قىسسەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەلگىلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەن ، خېۋىر تۆمۈر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ۋە مول ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىگە بولغان، ئەمما كېيىنكى مەزگىللەردە دىققەتنىڭ سىرتىدا قالغان قىسسەچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى پروزا شەكلىنى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىردى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىنى ياراتتى.

خېۋىر تۆمۈر1922 ـ يىلى توقسۇن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ساۋادىنى يۇرتىدا چىقارغاندىن كېيىن، دادىسى — ئاتاقلىق خەلق قوزغىلاڭچىسى تۆمۈر ئېلىگە ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىگە دېگۈدەك بارغان. 1937 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1939 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن توقسۇندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1945 ـ يىلى توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ئازادلىققىچە نەشرىيات ـ مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلىگەن. «سول» لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئۇزۇن يىل سورۇقچىلىق تارتقان. 1979 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن . 1992 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

خېۋىر تۆمۈر 40 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئېلان قىلدۇرغان شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ بۇ مەزگىللەردە «بالا» ، «ئالدانغان چولپان» ، «تىنچلىق» ناملىق داستانلارنى ۋە «يولۋاس ئۇخلاپ ياتاتتى» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلغان.

يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر 80 ـ يىللاردا قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» ، «تاڭ ئالدىدا» قاتارلىق ئەدەبىي تەزكىرە ـ قەسسەلىرى ۋە پوۋېستلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى.

خېۋىر تۆمۈر ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدىغىنى، شۇنداقلا كىتابخانلار ئارىسىدا كەڭ تەسىر قوزغىغىنى ئۇنىڭ ئەدەبىي تەزكىرىلىرى ـ قىسسىلىرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلىرىدە بارلىققا كېلىشكە باشلاپ، خوجىلار دەۋرىدە يۇكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرنى ئەدەبىي ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان ئەدەبىي ژانىر تەزكىرە ئەدەبىياتىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي ئەسەرلەر مۇنبىرىدە ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان زور ھەجىمدىكى يىرىك ئەدەبىي تەزكىرىلەرنى يېزىپ چىقتى. يازغۇچىنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە گەرچە كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى تەزكىرە يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش رېئال تارىخىي شەخس ـ تارىخىي

ۋەقەلەرنى يېزىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردىكى نوقۇل ھالدىلا شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار بىلەن بۇنداق جىددىي پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان غازاتچىلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى يېزىشتەك ئورتاقلىققا ئوخشىمىغان ھالدا، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ۋە يېقىنقى دەۋر تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەر كۆيەر، ئەل ـ يۇرتسۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر تارىخىي شەخسلەرنى، ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي تەزكىرىلىرىدە تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ:

1. رېئال تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى تېما قىلىش.

خېۋىر تۆمۈر ئۆزىنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق زور ھەجىملىك ئەدەبىي تەزكىرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋر تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن رېئال تارىخىي شەخسلەرنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلىغان.

«موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان لۇكچۇندىكى باغرا يېزىسىدا تۇغۇلغان، XIX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن رېئال تارىخىي شەخس موللا زەيدىننىڭ تۇرپان، كورلا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى كۈچلۈك يۇمۇرىستىك تۈسكە ئىگە ئىشلىرى ۋە تەسىرلىك پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» دە بولسا 1862 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان، قەشقەر، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1924 ـ يىل ئاۋغۇستتا قەشقەردە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردىكى يېڭى مەكتەپ ئېچىش، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتەك ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن.

«بالدۇر ئويغانغان ئادەم» 1901 ـ يىلى تۇرپان يېڭىشەھەردە تۇغۇلغان، يېڭى مەكتەپ ئېچىپ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللانغان، خەلق قوزغىلاڭلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان، شۇ سەۋەبتىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن 1933 ـ يىل مارتتا چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن رېئال تارىخىي شەخس ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، يۇقىرىقى ئۈچ ئەسەرنىڭ ھەممىسىدىلا رېئال تارىخىي شەخسلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساس قىلىنغان.

2. زۇلۇمغا، جاھالەتكە، نادانلىققا قارشى تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەش.

يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاساسلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلغان ئوبرازلار زۇلۇمغا، مۇستەبىتلىككە، جاھالەتكە، خۇراپاتلىق ـ نادانلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىكى، ئازادلىقى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشىلەر بولۇپ، ئاپتور بىر تەرەپتىن بۇ قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەلسۆيەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئەركپەرۋەرلىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ زورلۇقلىرى ۋە زۇلۇم ـ ستەملىرىنى، مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ خۇراپاتلىق ـ بىدئەتلىكلىرىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ.

«موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دىكى موللا زەيدىن يالغۇز ئادەتتىكى بىر قىزىقچىلا ئەمەس، بەلكى ئەل ـ يۇرتسۆيەر، ئەر كۆيەر ئوغلان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە زېرەكلىكىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، ئۆتكۈر ساتىرىك چاقچاقلىرى ۋە يۇمۇرىستىك قوشاق ـ بېيىتلىرى ئارقىلىق ۋاڭ ـ گوڭ، بەگ ـ غوجىلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا سالغان دەھشەتلىك زۇلۇملىرى، ئۇلارغا قىلغان زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى، مۇتەئەسسىپ ـ خۇراپىي كۈچلەرنىڭ ۋاڭ ـ غوجىلارغا يانتاياق بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن مەسخىرىلىك شىكايەت قىلىدۇ. دىنىي خۇراپىي كۈچلەرنىڭ مۇتەئەسسىپلىكلىرىنى، ۋاڭ ـ غوجىلار، بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئاچ كۆز قازىلارنى ئەپچىللىك بىلەن بابلايدۇ.

موللا زەيدىننىڭ خەلقسۆيەرلىكى ۋە ئەر كۆيەرلىكى، ئۇنىڭ ۋاڭلىق ئېرىق چېپىش يارلىقىدىن پايدىلىنىپ خەلق ئاممىسىنى قورقۇتۇپ، ئالداپ، بېسىم ئىشلىتىپ ئۆز يانچۇقلىرىنى سەمرىتمەكچى بولغان ۋەلىخان بەگ ۋە مەتىم دوغىنى ئۇستىلىق بىلەن دەررىگە تۇتۇپ بېرىپ جازالىتىشى، ۋاڭنى يۈزىچىلا «سوپى ـ ئىشانلار بىر قوشۇق، ۋاڭ ـ غوجاملار بىر ئۇششۇق» دەپ مەسخىرە قىلىشلىرى، ۋاڭنى كولدۇرلىتىپ، گۇناھكارلارغا كەپتەر قوغلىتىش جازاسى بېرىشكە كۆندۈرۈپ، بىگۇناھ ھالدا زىندانغا تاشلانغان سېتىۋالدى ياقاڭ، ئامۇر، سۇلتان، قوغۇنچى بوۋاي قاتارلىق ئون نەچچە گۇناھكارنى زىنداندىن قويدۇرۇۋېتىشى، تول ئايالنى ئۆلتۈرۈپ، پۇل ـ ماللىرىنى ئۆزى ئوغرىلىۋېلىپ، يۇرت خەلقىنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىۋاتقان خوجا ھاپىز بەگنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشى، نادان ئاممىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى دۇئا ئوقۇپ قويۇش ھېسابىغىلا ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋالىدىغان ئىشان داموللىنى يەم بىلەن بابلاپ، بۇ شەھۋەتپەرەس قېرىنى ئاللا ـ توۋا توۋلىتىپ، رەسۋا قىلىشى، ئاچ كۆز ھەسەن قازىنى ئەپچىللىك بىلەن بابلاشلىرى شۇنداقلا تۇرپان خەلقىنىڭ بېيجىڭ خانغا يازغان ئەرزىنى ئېلىپ بېيجىڭغا مېڭىشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلىكلەر ھەم تەپسىلاتلار ئەسەردە ئىنتايىن جانلىق ۋە تەسىرلىك ئېچىپ بېرىلگەن.

«ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» دە يازغۇچى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئويغىنىش، مەرىپەت

ئۆگىنىش تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۇرگۈزۈشكە پىسەنت قىلماي، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يېڭىچە پەننىي مائارىپىغا چىش تىرنىقىغىچە قارشى تۇرۇشىغا ۋە جان ـ جەھلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشلىرى ھەم بۇزغۇنچىلىق قىلىشلىرىغا، چەت ئەل مۇخالىپەتچىلىرىنىڭ پۇتلىكاشاڭلىرىغا قارىماي كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، تەلىم ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ ئاقارتىش، مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، كەڭ خەلقنى روھىي قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش، مىللەتنى تەرەققىيات يولىغا باشلاپ، مەھكۇملۇقتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغان ۋە مۇشۇ يولدا جېنىنىمۇ پىدا قىلغان ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ئىسلاھاتچى، ئالىم ھەم شائىر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئۇنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

«بالدۇر ئويغانغان ئادەم» مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان. بۇ ئەسەردىمۇ يازغۇچى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق چەكلىشىگە، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇشىغا قارىماي ھېساپسىز زۇلۇم، مەخسۇت مۇھىتى، لېتىپ ئەپەندى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ھەم يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى بىلەن تۇرپاندا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، كۈندۈزلۈك سىنىپتا كىچىك بوغۇنلارنى، كەچلىك سىنىپتا چوڭ ياشتىكى ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنى ئوقۇتۇپ، بارا ـ بارا مەكتەپنى بىر نەچچە ئورۇنغا كېڭەيتىپ مەرىپەتچىلىك، ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن ھارماي ـ تالماي شۇغۇللىنىپ، پۈتۈن زېھنىنى خەلق ئاممىسىنى نادانلىقتىن، جاھالەتتىن ۋە زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشقا سەرپ قىلغان، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى ھەم تەشكىللىگۈچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازىنى ئۇتۇقلۇق يارىتىپ، ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

3. كەڭ دائىرىدىكى مەزمۇن سىغىمچانلىقى.

خېۋىر تۆمۈر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەزكىرىلىرىدىكى باش قەھرىمانلارنى كەڭ ئىجتىمائىي تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن. نەتىجىدە ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن سىغىمچانلىقى زور دەرىجىدىكى كەڭلىككە ئىگە بولغان.

ئاپتور مەيلى قايسىلا ئەسەردە بولسۇن، يالغۇز ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ مەلۇم ماكان، مەلۇم زاماندىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى پېرسوناژلار ھەرىكەت قىلىۋاتقان ماكان ـ زاماندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى، شۇ ماكان، شۇ زاماندا ياشىغۇچى باشقا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرى، ئەينى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتى، ھەرقايسى قاتلام، تەبىقىلەرنىڭ شۇ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇ دەۋرلەردە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر قاتارلىقلارنى ناھايىتى ماھىرلىق ھەم ئۇستىلىق بىلەن ئەسەرگە سىڭداپ كىرگۈزۈپ ۋە كىرىشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ بىر پۈتۈن سىياسىي - ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

«موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دە ئاپتور موللا زەيدىننىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى يېزىشنى مەركەز قىلغان ھالدا، موللا زەيدىننىڭ سەپىرىگە ئەگىشىپ تۇرپان، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي ئەھۋالى، شەھەر قۇرۇلۇشلىرى، بازارلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى قاتارلىقلارنى بىر قەدەر تەپسىلىي يازغان. مەسىلەن، موللا زەيدىن كۇچاغا كەلگەندە ئاپتور كۇچانىــــڭ شەھەر مۇداپىــــئە قۇرۇلۇشلىرىنى، جۈمە كۈنلۈكتە بولىدىغان ئازنا بازىرىنى، بۇ بازاردىكى قۇش بازىرى، ھايۋان - مال بازىرى، گەزمال دۇكانلىرى، يىپ بازىرى، يىك بازىرى، دوپپا، تۇماق، ئۆتۈك بازىرى، ئاشلىق بازىرى، پاختا دۇكانلىرى، پاختا بازارلىرىنىڭ جايلىشىش ئورۇنلىرى قاتارلىق تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلىگەندىن كېيىن، كۇچادىكى دىنىي ئۆلىمالار، سوپى - ئىشانلار تەبىقىسى، ۋاڭ - غوجىلار تەبىقىسى، سودىگەرلەر تەبىقىسى قاتارلىق تەبىقىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ پۇل تېپىپ، جان بېقىش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۇچا ئاشخانىلىرىدىكى تاماق يېگىلى كىرگەن خېرىدارلارنىڭ ئۆزئارا ئىززەت قىلىشىپ بىر - بىرىگە چاي تۇتۇش ئادەتلىرى، توي - نىكاھ ئادەتلىرى قاتارلىقلاردىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. قەشقەرگە بارغاندا قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشلىرى، ئۆي - ئىمارەت، كوچا - رەستىلىرى، دەريا - ئېقىنلىرى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرى، بايلار، تىجارەتچىلەرنىڭ، قازى - قۇززاتلارنىڭ پۇل تېپىش، نەپ ئېلىش ئۇسۇللىرى، كەمبەغەللەرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى، قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى يازىدۇ؛ ئاقسۇ ئايكۆلگە كەلگەندە، ئۇ يەردىكى چېرىك تۇتۇش ۋەقەسى، تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بىر مەھەللىدە قىزنىڭ توي قاتارلىقلارنى قوشۇپ يازىدۇ.

«ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» دە ئابدۇقادىر داموللىنىڭ يېڭى مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى مەركەزلىك تەسۋىرلىگەندىن تاشقىرى، قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ھاكىمىيەت ئەھۋالى، ئىجتىمائىي قىياپىتى، بايلىق - نامراتلىق ئەھۋاللىرى، جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي قاراشلىرى، چەت ئەل مۇخالىپچىلىرىنىڭ ئەقىدە ئوغرىلاش، مىللەتنى پارچىلاش سۇيىقەستلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى خەلق نامايىشىنىڭ جەريانى قاتارلىقلاردىن قەشقەردىكى مېھماندارچىلىق، مېھمان كۈتۈش ئادەتلىرىگىچە، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ سېلىــــنىــــش، بېزىلىـــــش، زىننەتلىنىش، سىرلىنىش، نەقىشلىنىش ئەھۋاللىرىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىلغان.

«بالدۇر ئويغانغان ئادەم» دە ئاپتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېڭى مەكتەپ ئېچىپ

مەرىپەت تارقىتىشتەك مەرىپەتچىلىك پائالىيىتى بىلەن ئىجادىي ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىللە يەنە 1931 ـ، 1933 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە 1932 ـ يىل دېكابىرنىڭ ئاخىرىدىن 1933 ـ يىل مارتنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋاللىرىنى ئىنتايىن ئەتراپلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور يەنە قۇمۇلدا يۈز بەرگەن توپىلاڭلار يېغىلىقىنىڭ ۋە تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەبلىرىدىن باشلاپ، تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرىگىچە، قوزغىلاڭ باشچىلىرىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىگىچە بولغان بىر قاتار رېئال تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەپچىللىك بىلەن ئەسەرگە كىرىشتۈرۈپ، قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىنىڭ 30 يىلغا يېقىن ئارىلىقتىكى زور تارىخىي ۋەقەلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى يەنە ئەينى چاغدىكى ئۈرۈمچىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، 1928 ـ يىل 7 ـ ئىيۇل كۈنىدىكى يەن ياڭزېڭنىڭ ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشى، جىن شۇرېننىڭ يەن ياڭزېڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشى، زو زۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ بەدۆلەتنى يوقىتىشى، بەدۆلەتنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ شاھلىق تالىشىپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشى، زو زۇڭتاڭ، لىيۇ جىنتاڭ، رويىڭچى، لىيەن كۈي، يۈەن داخۇا، ياڭ زېڭشىن قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭنى سوراش ئەھۋالى قاتارلىقلار ۋە باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدىكى قىسمەن مەلۇماتلار ئەسەرگە قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئەسەرنى يۇقىرى تارىخىي ھۆججەتلىك قىممەتكە ئىگە قىلغان.

بىز يۇقىرىدا توختالغان بۇ ئۈچ پارچە ئەسەر تارىخىي تېمىلارغا مەنسۇپ بولغان تەزكىرە تۈسىدىكى ئەسەرلەردىن بولغاچقا، ئاپتور ئۇلارنىڭ بەدىئىي چىنلىقىغا ئەجىر سىڭدۈرۈپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ تارىخىي چىنلىقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. چەكلىك بولغان تارىخىي ماتېرىياللار ۋە پاكىتلار بىلەن چەكلىنىپ قالماي، دادىل ئىزدىنىپ رومانلاردىكى تارىخىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى روشەنلىككە، كونكرېتلىققا ئىگە قىلالىغان، نەتىجىدە پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارقىنلىشىشى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان بەدىئىي مۇھىتنىڭ تىپىكلىكىگە ئېرىشكەن.

گەرچە بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىدە ئالاھىدە يېڭىلىق يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئاپتورنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى، پايدىلىق تەركىبلەردىن ئوبدان پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. ئەسەرلەردىكى بايانىڭ قىزىقارلىق ۋە جەلپكارلىقى، ھېكايە تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، قۇرۇلما شەكلى، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى ۋەھاكازالار بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر يېزىش تەسرەك بولغان تارىخىي تېمىلارنى قولغا ئېلىپ ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقتى، تارىخىي تېما ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇپلا قالماي، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە يول تېپىشىغا بەلگىلىك ھەسسە قوشتى.

## 5 § . ئەخەت تۇردى

ئەخەت تۇردى دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللەپ ـ ياشناش ۋەزىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ 40يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا پروزىچىلىقنىڭ رومان، پوۋېست، ھېكايە قاتارلىق ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرىتىپ، ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك نەتىجە قازىنىپ، كىتابخانلىرىمىزغا «مەرھابا، باغۇەن»، «گۈلخان»، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە»، «خەير ـ خوش توققۇز كۇنلۇك ماكان»، «ئەلۋىدا كۆز يېشىم»، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «سەرسان روھ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلدى. ئەخەت تۇردى بۇ ئەسەرلىرىدە ئاساسەن ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى قىياپەتلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ ئەكس ئەتتۈردى، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرىنى ۋە بەدىئىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ كىتابخانلار قەلبىدە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدى.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئەخەت تۇردى 1940 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1949 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1964 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، بىرلەشمە قارمىقىدىكى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر 1 ـ دەرىجىلىك كەسپىي يازغۇچى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى.

ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى 1958 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. شۇندىن تارتىپ 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتكە باھار كەلدى»، «كۆرەش داۋام قىلىدۇ»، «ئازاد زامانەمدىن ايلىناي»، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق بىر قىسىم

ھېكايىلەرنى يېزىپ، شۇ دەۋر رېئاللىقىنى خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۇرگەن ھەم كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئەخەت تۇردىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە «يالقۇنلۇق ياشلىق»، «مەرھابا، باغۇەن»، «مەھبۇس قىزى»، «غىلغايلىق كىشى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، زىيالىيلارنىڭ پاراكەندە يىللاردا باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە ھاياتنى تەسىرلىك، جانلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئاساسىدا تەسۋىرلەپ، شۇ دەۋر ھېكايىچىلىقىدا خېلى زور تەسىر پەيدا قىلغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مەرھابا، باغۇەن» ناملىق ھېكايىسى چىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ ئۇستۇنلىكى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى، ھاموت مۇئەللىم ئوبرازىنىڭ ياخشى يارىتىلغانلىقى بىلەن، شۇ دەۋردە كىتابخانلار ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ھېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. كېيىنكى يىللاردا ئۇ يەنە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئى ـ يېڭى كىشىلەر تەسۋىرلەنگەن، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلەر سۈرەتلەنگەن، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە»، «خەير ـ خوش توققۇز كۇنلۇك ماكان»، «قىزىق ئىشلار»، «نېمە دېگۈلۈك» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ماھارىتىنى، بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلدى. بۇ ھېكايىلەر جەمئىيەتتىكى مۇھىم، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى تېما قىلغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ھەم ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جىددى مۇئامىلە قىلىشتەك جەڭگىۋارلىقىنى مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە قىلدى. ئەخەت تۇردى ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «قىيانلىق دەريا»، «باھاردىكى جۇدۇن»، «مۇزلىغان يۈرەك»، «سەبىيلەر پاجىئەسى»، «قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا»، «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم» قاتارلىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ، بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى ئىجادىيىتى بولۇپ قالدى. ئۇ 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، 1989 ـ يىلى تۇنجى رومانى «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ رومان ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە خېلى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئاساسلىق كۈچىنى رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، كەينى ـ كەينىدىن «ھايات شۇنداق»، «ئاي يامغۇرى»، «يىراقتا قالغان مۇھەببەت»، «سەرسان روھ» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى. يازغۇچىنىڭ بۇ رومانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت، ئائىلە ئىشلىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ رومانلارنىڭ تۈرمۇش ئاساسى ناھايىتى كۈچلۈك. رومانلاردا شەخسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى دەۋرنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، شۇ ئاساستا سۇژېت تەشكىللەنگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، يېڭى دەۋر رومانچىلىقىمىزدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ رومانلاردا يازغۇچىنىڭ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە ئىدىيە ياكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى كۆڭۈل قويۇپ يارىتىش، تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇش، روھىي دۇنيانى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇش، ئەسەرنى ھېسسىيات، مۇھاكىمە قاتارلىق لىرىك تەركىبلەر بىلەن بېزەش... كە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى خېلى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ھېكايىچىلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە مۇھىم قىسمى. «گۆرۈچ» ھېكايىسى 1958 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى ۋە دەسلەپتىلا خېلى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان ئەسىردۇر. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتكە باھار كەلدى»، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ»، «ئازاد زامانەمدىن ئايلىناي»، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ئېلان قىلدى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن تۇرمۇشنى كۆزىتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، بولۇپمۇ ئېستېتىك ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ «مەرھابا، باغۇەن»، «ئەشرەپ بوۋا»، «گۈلخان»، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە»، «خەير ـ خوش توققۇز كۇنلۇك ماكان» قاتارلىق ھېكايىلەرنى، «قىيانلىق دەريا»، «مۇزلىغان يۈرەك»، «باھاردىكى جۇدۇن»، «سەبىيلەر پاجىئەسى»، «قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا»، «ئەلۋىدا كۆز يېشىم» قاتارلىق پوۋېستلار ۋە «ھايات شۇنداق»، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «ئاي يامغۇرى» قاتارلىق رومانلارنى ئېلان قىلدى.

ئەگەر بىز «ئەلۋىدا كۆز يېشىم» ناملىق پوۋېستنى ئۇنىڭ پوۋېست ۋە ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى بىر پەللە دېسەك، ئۇنداقتا «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان نادىر ئەسەردۇر.

ئەخەت تۇردى بۇ رومانىدىن كېيىن «ئاي يامغۇرى» ناملىق يەنە بىر تارىخىي رومانىنى يېزىپ، ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان، شۇنىڭدەك بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن زادى يىتمەيدىغان 60 ـ يىللاردىكى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنى ئەقىل كۆزىدە سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ، ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى.

ئاپتور تارىخىي ھۆججەتلەر، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قارار ۋە خۇلاسىلىرىگە شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان نەق پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئېلىمىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋر تەرەققىيات تارىخىدىكى بۇ ئالاھىدە سەھىپىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن، تەبىئىي ئاپەت ۋە چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنىڭ كاساپىتىدىن تۇغۇلغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئىلمىي يوسۇندا مۇئامىلە

قىلغان. يازغۇچى ئەخمەت تۆردى بۇ روماندا 60 ـ يىللاردىكى ئۇدا بىرقانچە يىل يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتنىڭ كاساپىتىدىن، بولۇپمۇ چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىملىرىنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدىن ماددىي ۋە مەنىۋى دۇشكەللىكلەرگە ئۇچرىغان بىر ئەۋلاد ياش ستۇدېنتلارنىڭ رومانتىكىغا باي، قىزغىن، جۇشقۇن دەۋرىي خۇسۇسىيەتلەرگە باي خاراكتېرىنى يورۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلارنىڭ ياشلىق كۆلكىسى ئىچىدىكى ئازابلىق ياشلىرىنى، تۇرلۇك خۇشاللىقلار ۋە پاجىئەلەرگە تولغان سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كۆلپەتلىك يىللارنى لەنەتلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھاياتقا، مۇھەببەت، غايىگە تەلپۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن تۇرلۇك كۆلپەتلەرنى يەڭگەن ياشلارنىڭ ياشلىق باھارىغا مەدھىيە ناخشىسى ئوقۇغان.

يازغۇچى روماندا بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇيدىغان شاۋكەت، ئاقنىياز، زايىت، تۇرغۇن، سەلەي قاشاڭ ۋە بادامگۈل قاتارلىق ساۋاقداشلارنىڭ ئاشۇ داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك ۋە جانلىق دېتاللار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇلار گەرچە دەسلەپتە بىر ناننى تەڭ تالىشىپ يەيدىغان يېقىن دوستلاردىن بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ يوچۇقلار كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. زايىت دوستى شاۋكەتنىڭ سۆيگۈنى بادامگۈلگە بولغان يوشۇرۇن ئاشىقلىقى، شۇنداقلا ئالا كۆڭۈللۈكى، زەئىپلىكى ۋە نامەردلىكى تۈپەيلىدىن كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، قارانىيەت سىياسىي يېتەكچى ھاۋاز بەختىگە ئەگىشىپ، دوستلىرىغا ئۆزلۈكسىز ساتقىنلىق قىلىدۇ. يۇرتى چۆچەككە بېرىپ ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەن شاۋكەت «چەتكە قېچىشقا ئۇرۇنغان ئۇنسۇر» دەپ قاماپ قويۇلغاندا، زايىت قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شاۋكەتتىن ئازراق ئازار يېگەن ھېسسىياتچان قىز بادامگۈلنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىدۇ. زايىت بۇ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ بولغان ئەھۋالنى ھاۋاز بەختىگە ئېيتىدۇ، ھاۋاز بەختى بۇ ئىشنى ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى سەلىم ئەپەندىمگە دۆڭگەپ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولىدۇ ھەم زايىتقا بۇ ھەقتە بادامگۈلدىن ئىسپات ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇرىدۇ. زايىتنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرى ۋە شېرىن گەپلىرىدىن ئېرىپ كەتكەن بادامگۈل ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا قەدىردان ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تۆھمەت خېتىنى يېزىپ ئۇنىڭغا قول قويىدۇ. سەلىم ئەپەندى بوھتانغا ئۇچراپ، مۇئەللىملىكتىن قارا ئىشچىلىققا چۈشۈرۈلىدۇ. زايىت نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن بادامگۈلنى تاشلاپ زۇلپىيە ئىسىملىك يەنە بىر قىزنى تېپىۋالىدۇ، خورلۇق ۋە ۋىجدان ئازابىدىن يۈرىكى لەختە ـ لەختە قان بولغان بادامگۈل جاندىن تويىدۇ ھەم ۋىدالىشىش خېتىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، بىر يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇستىۋېشىغا بېنزىن چېچىپ، پاجىئەلىك ھالدا ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلۈۋالىدۇ. زۇلمەتلىك كېچىنى يورۇتقان ئوت يالقۇنى سانسىز ستۇدېنتلارنىڭ يۈرەك قەلبىنى ئېزىدۇ. تەتۈر پەلەككە، تۇمانلىق

دەۋرگە، تاش يۈرەك مۇناپىقلارغا ئوقۇلغان لەنەت ـ نەپرەت ئەرشىئەلاغا يېتىدۇ...

روماندا يەنە ئاقنىيازنىڭ ئۆزىدىن باشقا بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان، مۇھەببەتتى بار گۈزەل قىز — غۇنچەقىزغا بولغان ساپ ـ سەممىمىي مۇھەببىتى مۇۋاپىق دېتاللار بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئاقنىيازنىڭ غۇنچەقىزنى مەست قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىپپىتىنى بۇزۇشقا ۋىجدانى چىدىماسلىقى؛ ئېتىزلىقتا بىر ئاچ كالا بىلەن بىر تال قىزىلچىنى تالىشىپ «جەڭ» قىلغانلىقى، ئاخىر كالىغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا قىزىلچىنى تاشلاپ بەرگەنلىكى، شاۋكەت قاتارلىق دوستلىرى بىلەن ئىزچىل تۈردە ئاچلىقنى يېڭىپ، مەنىۋى شادلىقنى ئىزدىگەنلىكى قاتارلىق جانلىق دېتاللار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس روشەن خاراكتېرى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. روماننىڭ ئاراچلىرىغا يەنە ئوقۇشتىن چېكىنىپ يۇرتىغا كەتكەن تۇرغۇننىڭ خەتلىرى قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ شامىلى سوقۇش ئالدىدا تۇرغان جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدۇ.

روماندا پېرسوناژلار ئوبرازى كۈچلۈك خاسلىققا ۋە يارقىنلىققا ئىگە بولۇپ، ئاشۇ داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردىكى ھەر خىل ئېقىملارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تەۋرەپ تۇرغان دەۋرنىڭ بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك پاجىئەلىرىنى، ئاشۇ تىنچسىز يىللاردىكى ستۇدېنتلارنىڭ كۆلكىسى ۋە يىغىسى، خۇشاللىقى ۋە ئازابلىرىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش دولقۇنلىرىدا ئۆزۈپ چېنىقىشۋاتقانلىقىنى، ئۆسۈۋاتقانلىقىنى، غايىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ توختاۋسىز ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى جانلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەسەرنىڭ تىلىمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىغا ماسلاشقان بولۇپ، دەۋرىي خۇسۇسىيەتلەرگە باي ۋە جانلىق، دەۋر روھىنى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى تورسىمان بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلما شەكلى بىر توپ پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىشقا قولايلىق بولغاچقا، ۋەقەلىكنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكى، تەسۋىرلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىكلىكى ۋە ئىنچىكىلىكى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلغان. سۇژىتنىڭ ھەر تەرەپكە يېيىلغان لىنىيىلىرى بىر ـ بىرىگە تەبىئىي باغلانغان، كېسىشكەن بولغاچقا، ۋەقەلىكتە ئۈزۈكلۈك، قالايمىقانچىلىق ئالامەتلىرى ئانچە كۆرۈلمىگەن.

قىسقىسى، «ئاي يامغۇرى» رومانى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنى ئۇتۇقلۇق سۈرەتلەپ بەرگەنلىكى، ياراتقان ئوبرازلىرىنىڭ يارقىن ۋە تەسىرلىكلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى مايىل قىلدى، زوقلاندۇردى. شۇ دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابنى كۆزىدىن ياش قۇرۇمىغان ھالەتتە ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە. بىراق، ئايرىم دېتاللاردىكى تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ كەملىكى، بەزىبىر

ۋەقەلەردىكى سۇنئىيلىك ئەسەر قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ رومان ئەدەبىياتىمىزدا كەم يېزىلغان، ھەتتا يېزىلماي كەلگەن ستۇدېنتلار تۇرمۇشىنى تېما قىلىپ بۇ جەھەتتىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ 60 ـ يىللارغا تەئەللۇق تارىخىي سەھىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەردى.

## 2. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ناملىق رومانى

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى 1988 ـ يىلى نەشر قىلىندى. بۇ روماننىڭ نەشر قىلىنىشى، ئەخەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ پروزىنىڭ يىرىك ژانىرىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. يازغۇچى بۇ روماندا قەشقەر خەلقىنىڭ 1944 ـ يىل نويابىردا ئىلىدا پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قوزغىلىپ، ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. روماننىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، قۇرۇلمىسى پۇختا، تىلى رەڭدار بولۇپ، ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب ياراتقان بولۇپ، روماندىكى باتۇق، نازاكەت خېنىم، مامۇت قۇرغۇي، ھەمدەمبەگ قاتارلىق بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلىشى روماننىڭ ئەڭ مۇھىم بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، باتۇق ۋە نازاكەت خېنىمنىڭ ئوبرازى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنىڭ قاتارىنى بېيىتتى دېيىشكە بولىدۇ.

يازغۇچى روماندا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇشتا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان بولۇپ، پېرسوناژلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ماھىيەتلەرنى قېزىشقا، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىشكە، ئۇلارنى تەگكىلى بولمايدىغان مەبۇد ياكى ئىلاھ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى قېنى ۋە گۆشى بار ھەرىكەتچان ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەشكە تىرىشتى. شۇڭا، ئەسەردىكى باش قەھرىمان باتۇق بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

باتۇق ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل، مەرد ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئاددىي يىگىت ئىدى. ئۇ باشتا پەقەت ھەمدەمبەگكە ئوخشاش زوراۋانلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدىلا قارشىلىق كۆرسىتىش يولىغا قەدەم قويىدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قارشىلىق كۆرسىتىش ئىستىكى پەقەت ئاڭسىز ئىستىخىيىلىك ھالدىكى قارشىلىق ئىدى، خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە باتۇق كىچىكىدىن تارتىپ چۈس، قارام ئۆسكەنلىكى، سىستېمىلىق تەربىيە كۆرمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۆز خاراكتېرىدىكى بىر قىسىم چەكلىمىلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ، ھەتتا ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى بىلەنلا ھەمدەمبەگنىڭ قىزى خان بۇۋىگە يولسىزلىق بىلەن چېقىلىدۇ... مانا بۇ باتۇقنىڭ خاراكتېرىدىكى ھالقىپ كەتكىلى بولمايدىغان ئاجىزلىقلاردۇر. يازغۇچى دادىللىق بىلەن بىر جانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(ئادەم) نى يېزىۋاتقان پوزىتسىيىدە ئۆز پېرسوناژلىرىغا مۇئامىلە قىلىدۇ. باتۇق نۇرغۇنلىغان ئەگرى ـ توقايلىقلار ۋە روھىي جەھەتتىكى كۈرەشلەردىن كېيىن، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تەدرىجىي چېنىقىپ ۋە پىشىپ، ئاڭسىز ھالدىكى قارشىلىقتىن ئاڭلىق ھالدىكى كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. ئۇزۇل ـ كېسىل، مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا، ئازادلىق ۋە ھۆرلۈكنى ئاخىرقى نىشان قىلىشقا تەرەققىي قىلىدۇ. دېمەك، يازغۇچى باتۇقنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنى كونكرېت تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، روھىي كەيپىياتى، پسىخىك يېتىلىشى قاتارلىق ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنىمۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئۇنى باتۇق ئوبرازىنى يورۇتۇشتىكى ئاساس قىلىدۇ.

دەرۋەقە، باتۇق ئاجايىپ ئۇلۇغ، شانۇ شەۋكەتلىك، نۇقسانسىز ۋە كەم ـ كۈتىسىز ئەپسانىۋى قەھرىمان ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىغا ئادىمىلىك تامغىسى بېسىلغان، جاپالىق يىللاردىكى قانچىلىگەن ئاددىي يىگىتلەرنىڭ بىرى، خالاس. يازغۇچى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا ئەپسانىۋى قەھرىمانلارغا خاس مۇكەممەللىكنى ئەمەس، ئادەملەرگە خاس مۇرەككەپلىكنى ئەندىزە قىلغان، شۇڭا بىز باتۇق ئوبرازىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىدىن، سۈرلۈكلۈكىدىن ۋە ئىلاھىي تۇسىدىن ئەمەس، بەلكى ئاددىيلىقىدىن، زىددىيەتلىك روھىي دۇنياسىدىن ۋە توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان چەكلىمىلىكلىرىدىن سۆيۈنىمىز. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نازاكەت خېنىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە مۇرەككەپ روھىي داۋالغۇشلىرى بىزنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ، چۈنكى باتۇقتا زۇلۇم ئۈستىدە كۈرەش قىلغۇچى بىر قەھرىمانغا خاس ئالاھىدىلىكلەردىن تاشقىرى، يەنە مۇھەببەتكە ئىنتىلىش، سۆيۈش ۋە سۆيگۈگە نائىل بولۇش ئىستىكىمۇ بار ئىدى، يازغۇچى مانا مۇشۇ تەرەپلەرنى روماندا ئاددىي، تۈز يول بىلەن بايان قىلماستىن، بەلكى زىددىيەتلىك، ئەگرى ـ توقاي جەريان بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. شۇڭا، باتۇق ئوبرازى تۈرلۈك چەكلىمىلىكلەرگە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىزگە يەنىلا سۆيۈملۈك تۇيۇلىۋېرىدۇ.

يازغۇچى روماندا تارىخنىڭ ئۆزىنى ۋە ئەسلى قىياپىتىنى كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلماي، بەلكى ئاددىي، كونكرېت مۇھىتتىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق، تارىخنىڭ سىرتقى پوستى ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىچكى ماھىيەتنى ئاشكارا قىلغان.

رومانىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئوبراز — نازاكەت خېنىم ئوبرازىدۇر. نازاكەت خېنىم كىچىكىدىن تارتىپلا باياشات ۋە دۆلەتمەن ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. سىلىق ـ سىپايە تەربىيە كۆرىدۇ. پاك مۇھەببەتكە تەلپۈنىدۇ. بىراق، ئۆز ئارزۇسىغا قارشى ھالدا ھاپىز خوجىغا ياتلىق قىلىنىپ ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ، پاك، غۇبارسىز مۇھەببىتى ۋاقىتسىز خازان بولىدۇ. ئۇ ئەيش ـ ئىشرەتلىك، مەنىسىز، بۇرۇقتۇرمىلىق تۇرمۇش ئىچىدە چۈشكۈن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باتۇقنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. باتۇقنىڭ جۇشقۇن، ئوچۇق ـ يورۇق، ئەرلەرگە خاس

چۈس خاراكتېرى نازاكەت خېنىمنىڭ ۋۇجۇدىغا دۇملىنىپ قالغان پىنھان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى قايتىدىن ئويغىتىدۇ. ئۇ باتۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كۈندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى، ئادەملەرگە خاس ياشاشنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساقايماس جاراھەت ئۇنى تىنىمسىز ئازابلايدۇ. ئۇ باتۇقنىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا ئۆزىنى پاك ھېسابلىمايدۇ. ئۆزىنىڭ خورلانغانلىقىدىن، دەپسەندە قىلىنغانلىقىدىن ۋە پاك جىسمىنىڭ بۇلغانغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ. شۇڭا، باتۇققا بولغان تۇنجى، پاك سۆيگۈسىنى خۇددى «دېڭىزنىڭ تېگىدىكى يىڭنىدەك پىنھان» تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنى يوشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا باتۇققا قاتتىق تەلپۈنىدۇ، ئۇنى سېغىنىدۇ، ئۇنىڭ باتۇققا بولغان مۇھەببىتى پىنھانلىق ئىچىدىكى تەلپۈنۈش، ئازاب ئىچىدىكى سېغىنىش ۋە كىشەن ئىچىدىكى تىپىرلاش جەريانىدا بارغانسېرى بىخلىنىدۇ. بىراق، فېئوداللىق قائىدە ـ يوسۇنلار، دىنىي ئەقىدىلەر ۋە ئائىلە بويۇنتۇرۇقى ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىسىدۇ ۋە بۆسۈپ چىقىش ئىمكانىيىتى بەرمەيدۇ.

دېمەك، نازاكەت خېنىم ئوبزارى باتۇقتىنمۇ مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك ئوبرازدۇر. يازغۇچى ئۇنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇشتا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەتلىك تۇيغۇلارنى قېزىشنى تۇتقا قىلىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بىراقلا ئاشكارىلىماستىن، ئاستا ـ ئاستا، تەدرىجىي يورۇتىدۇ. شۇنىڭدەك روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە، ئۇنىڭدىكى ئىنچىكە، ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئاپتور باشتىن ـ ئاياغ ئوبراز يارىتىشقا، ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن، ئىجابىي ـ سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىپ ئىجابىي قەھرىمانلارغا رەڭ ـ بوياقنى ئۆز خاھىشىچە بولۇشىغا بېرىپ كۆپتۈرۈۋېتىدىغان، نەتىجىدە قەھرىمانلارنى دەۋردىن ۋە ئۆز خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىسىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان؛ سەلبىي قەھرىمانلارنى قولىدىن كېلىشىچە سەتلەشتۈرۈپ ئادەمگە ئەمەس، جىنغا ئوخشىتىپ قويىدىغان، نەتىجىدە ھېچقانداق ئېستېتىك لەززەت بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدىغان ناچار ئادەتلەردىن ساقلانغان. ئاپتور ئىزچىل رەۋىشتە باتۇق قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، جۇملىدىن خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن قان كېچىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئويغىنىشى، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئارقىلىق كۈرەشنىڭ ئەگرى ـ توقاي، مۇشەققەتلىكلىكى، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلىگەن. شۇ نەرسە ئېنىقكى، پېرسوناژلار ئابستراكت ئۇقۇم ۋە تەجرىبىلەر زېمىنىدە ئەمەس، جانلىق ھەرىكەت ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش ئىچىدە يورۇتۇلغان، ھەرىكەت ۋە تارىخىي ۋەقەلەر بولسا پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان، تەسۋىرلەنگەن. ئەخەت تۇردى ئوبرازلارنى ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە فورمۇلا ۋە قېلىپقا چۈشۈرۈپ ياساپ چىقمىغان ياكى پېرسوناژلىرىغا ھەرىكەت

لازىم بولۇپ قېلىپ ۋەقە توقۇپ چىقمىغان. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ھەم ۋەقەلىك ھەرگىزمۇ سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك يوق. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا تەبىئىي سىڭىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئورگانىك بىر گەۋدە.

بۇ ئەسەر مۇشۇنداق ئېستېتىك ئىزدىنىشنىڭ مېۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈن «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدىن ئاسان كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» نىڭ ھاياتى، ئىزدىنىشلىرى تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر ئەينىكى سۈپىتىدە كۆڭۈل ئېكرانىمىزدا ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئەسەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېستېتىك قىممىتى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇ رومان يازغۇچىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى تەرەپلىرى بىلەن بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، رومانچىلىقىمىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يازغۇچىنىڭ پىشقان بەدىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلدى.

## § 6 . جالالىدىن بەھرام

جالالىدىن بەھرام يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خېلى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە تەسىرگە ئېرىشكەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ دەۋر رېئاللىقى كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى كەسكىن، پېرسوناژلىرى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر رومانلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن ئۇنىڭ رومانچىلىق ساھەسىگە گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

جالالىدىن بەھرام 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ گۈزەل سەنئەت كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، تاكى 1981 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى، مەدەنىيەت خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1981 ـ يىلدىن بۇيان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى گۈزەل سەنئەت بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

جالالىدىن بەھرام ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 60 ـ يىللاردا يازغان سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن. ئۇ شۇ يىللاردا يەنە «ئۇنتۇلغان قەلب»، «كۈتۈلمىگەن تەقدىر»، «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» قاتارلىق ھېكايىلەرنىمۇ يازغان، ئەمما «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سەۋەبلىك بۇ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنمايلا قالماستىن،

ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تارتقان. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ پروزا ئىجادىيىتى ساھەسىگە قايتىدىن كىرىپ كەلگەن. ئۇ، 1979 ـ يىلى يازغان «بۇلبۇل بوستاننى تاپتى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنى رەسمىي باشلىدى ۋە جامائەتچىلىككە تونۇلدى. ئۇ شۇندىن كېيىن «ھارۋىكەش»، «500 يۈەنلىك چاقچاق»، «تويدا» قاتارلىق ھېكايىلەرنى؛ «قاباھەتلىك چۈش»، «ئادەم پارچىسى»، «قامغاق»، «قۇدرەتلىك ئىلاھ» قاتارلىق پوۋېستلارنى؛ «مېھرىگىياھ» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

جالالىدىن بەھرام پروزىچىلىق ساھەسىگە ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن كىرىپ كەلگەن، كېيىنچە پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭدىن كېيىن رومان ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ شۇغۇللانغان ئەدەبىي ژانىرلار جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ قىسقا ھەجىملىك ئەسەرلەرنى يېزىشتىن چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى يېزىش، جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، ئۇ رومانچىلىقتا ئۆز ئالدىغا تېما ئالاھىدىلىكى، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا روشەن ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈپ، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە رەڭدارلىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

جالالىدىن بەھرام ئەسىر ئاخىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چوڭ تەسىر قوزغىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. جالالىدىن بەھرام رومانلىرىنىڭ شۇنچە كۈچلۈك تەسىر قوزغىشىدىكى سەۋەبلەر گەرچە كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، ئەمما مۇنداق ئاساسلىق سەۋەبلەر بار: ئۇنىڭ ئىجادىيىتى پۈتۈنلەي بۈگۈنكى دەۋر تۇرمۇشىنى تېما قىلغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە خەلقىمىز كېيىنكى 50 يىلدا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشت ـ قىسمەتلەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەسەرلەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئەسەرلىرىدە «رېئاللىقنى، تۇرمۇشنى بەدىئىي، ئەمما پەردازسىز سۈرەتلىگەن»، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ـ سىنىپىي زىددىيەتلەردىن كۆرە، ھاياتتىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، ئىنسانلار خاراكتېرىدىكى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى كۆرسىتىلىش ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسلىق سۈژىتى قىلىنغانلىقى، ئەسەرلىرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەشەببۇس قىلغانلىقى، ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى، چىنلىقنى مەدھىيىلەپ، كىشىلەرنى ئادىمىيلىك يولىغا، ئۆزلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دەۋەت قىلغانلىقى قاتارلىقلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

جالالىدىن بەھرامنىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرىدە ئاساسلىق قىلىپ خوتەن يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچىنىڭ بۇلارنى يېزىشى ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس. جالالىدىن بەھرام ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ئارىلىشىشى، جەمئىيەتنى تونۇشى دەل خوتەن يېزىلىرىدا

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتىن باشلانغان. ئۆزگىچە تەبىئىي مۇھىت، ئىجتىمائىي شارائىت، ئۆزگىچە خاراكتېرلىك ئادەملەر توپى، شۇنداقلا ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بۇ ياش سەنئەتكارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغان، ئۇنى هايات ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئەشۇ «ئاجايىپ ئادەملەرنى، ئاجايىپ دەۋرنى ۋە ئاجايىپ يىللار» نى دەۋرىمىز كىتابخانلىرىغا ھېكايە قىلىپ بېرىش نىيىتىدە «مېھرگىياھ» رومانلىرىنى يازغان.

ئۇنىڭ تۇنجى رومانى بولغان «مېھرگىياھ» 1988 ـ يىلى يېزىلغان. يازغۇچى بۇ رومانىدا ئۆزىگە نىسبەتەن پىششىق تونۇش بولغان خوتەن يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سەلىم ئۆز ئىختىيارلىقىدىن كۆرە تەشكىلنىڭ خىزمەت تەقسىماتىغا بويسۇنۇپ، ناھىيىدىن ناھايىتى يىراقتىكى قاراڭغۇ تاغ مەكتىپىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ چەت، نامرات، قالاق ئۇيغۇر يېزىسىدىكى جاپالىق تۇرمۇشى ۋە تۇنجى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى مۇشۇ يەردە باشلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ئالدى بىلەن مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشىنى تۇتىدۇ. ئۇ بارلىقىنى دېھقان بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئۇلارغا ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى، شۇنداقلا جەمئىيەتكە تۆھپە قوشماقچى بولىدۇ. دەرۋەقە ئۇ قاراڭغۇ تاغ يېزىسىدا يېڭىچە بىر مەكتەپ ھاياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بالىلارغا بىلىم بېرىدۇ، خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىغا مەرىپەتتىن نۇر چاچىدۇ، ئۇلارنى گۈزەل ئەتىگە ـ كەلگۈسىگە ئۈمىدلەندۈرىدۇ. ئەمما، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى نادانلىق، ياۋۇزلۇق، رەزىللىك بىلەن تولغان، باشقىلارنىڭ بەختى، خۇشاللىقىدىن ئازابلىنىدىغان، شەخسىيەتچى، ھىيلە ـ مىكىرچى ھەمدۇل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەر قەدەمدىكى توسقۇنلىقىغا، زەربىسىگە، زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ ئىرادىلىك، قەيسەر، ئۈمىدۋار بولغاچقا، بېشىغا نۇرغۇن كۆلپەتلەر كەلسىمۇ، ھاياتقا، ياخشى كۈنلەرگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتمايدۇ. سەرۋەردىن ئىبارەت يېتىملىك، نادانلىق، فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ھاياتلىق يولىنى، تۇرمۇش خۇشاللىقىنى تاپالمىغان قىزنى مەكتەپ تەربىيىسى ئارقىلىق يېتەكلەپ، ئاخىرىدا يېڭىچە دۇنيا قاراشقا، ئۇلۇغۋار غايىگە، مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە يېڭى دەۋر ئادىمى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ.

يازغۇچى بۇ رومانىدا، ئەسەر باش قەھرىمانى سەلىمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا، 60 ـ ، 70 ـ ، 80 ـ يىللاردىكى ئوخشىمىغان دەۋر رېئاللىقىنى، جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، يېزىلارنىڭ نامرات، قالاق ھالىتىنى، مائارىپنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يازغۇچى رومانىدا ئاساسلىق قىلىپ يېزا تۇرمۇشىنى يازغان، يېزىلاردىكى نامراتلىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن، بۇ نامراتلىقنىڭ بىرى ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىق بولسا، يەنە بىرى مەنىۋى جەھەتتىكى

نامراتلىق. يازغۇچى ئالاھىدە دىققەت قىلغىنى يەنىلا مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىق بولۇپ، يازغۇچى مەنىۋى جەھەتتىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق، رەزىللىكنىڭ ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىنمۇ ئېغىرلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئال مەسىلىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئىجادىيەتنىڭ قىممەتلىك تەرىپى قانداقتۇر مەسىلىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكتىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق ھەل قىلىشنىڭ يولى ھەققىدىمۇ ئىزدەنگەنلىكتە. يازغۇچى بارلىق ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ رومانلىرىدا ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساسلىق پېرسوناژ قىلىپ يارىتىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئىلىم - مەرىپەتنى تەشۋىبۇس قىلىدۇ، يازغۇچىنىڭ نەزەرىدە بىلىمسىزلىك بىلەن نادانلىق، نامراتلىق قوشكېزەك بولۇپ، جەمئىيەتنى ياخشىلاشنىڭ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ، ئادەملىكتە مۇكەممەللىشىشنىڭ يولى يەنىلا ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەشتىن ئىبارەت، روناق تېپىش يولىمۇ يەنىلا مەرىپەتچىلىك يولىدىن ئىبارەت. يازغۇچى روماندا مانا مۇشۇ نۇقتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن.

بۇ رومان بىر قاتار ئاكتىپ ئىدىيىسى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە بايان قىلىشتىكى نەپىسلىكى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا، شۇنداقلا ئەدەبىيات ساھەسىدە ياخشى باھالارغا ئېرىشتى

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. نېمە ئۈچۈن يېڭى دەۋر باسقۇچىنى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دەپ ئاتايمىز؟

2. يېڭى دەۋردىكى رومان ئىجادىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

3. زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت يولىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

4. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا قانداق ئوبراز؟ ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

5. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنى نېمە ئۈچۈن تارىخىي رومانچىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى دەيمىز؟

6. «ئويغانغان زېمىن» رومانى قانداق ئاساسلىق بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

7. خېۋىر تۆمۈر قىسسىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

8. خېۋىر تۆمۈرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسى نېمە؟

9. ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

10. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى مىسالىدا ئەخەت تۇردىنىڭ پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# VIII باب يېڭى دەۋردىكى پروزا ئىجادىيىتى (2)

## 1 § . مەمتىمىن ھوشۇر

مەمتىمىن ھوشۇر يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى ھېكايە ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

مەمتىمىن ھوشۇر 1944 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1962 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋاقتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىگە توغرا كېلىپ قالغان بولغاچقا، تاكى 1979 ـ يىلغىچە يېزىغا چۈشۈپ چېنىققان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غۇلجا شەھىرى كېپەكيۈزى يېزىسىدا، غۇلجا شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدا خەلق ئىشلار كادىرى ۋە تەشۋىقات كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. 1995 ـ يىلى ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، 1996 ـ يىلى ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. ھازىر شۇ ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا باشلانغان. ئەشۇ يىللاردا ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «شىنجاڭ

ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا «مېنىڭ ئانام»غا ئوخشاش ئوچېركلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. 1965 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئالما» ناملىق ھېكايىسى بىلەن پروزىچىلىق ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. ئەشۇ يىللاردا يازغان «ئاخىرقى سىناق»، «قىز قەلبى» قاتارلىق ھېكايىلىرى قولىيازما ھالىتىدە تارقىلىپ، ياشلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئەمما، مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى پروزا ئىجادىيىتى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ رەسمىي باشلاندى.

مەتتىمىن ھوشۇر پروزىچىلىقنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ھەممە تۈرلىرىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرىتىپ، ھەممىسىدىلا كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشكەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ھېكايىچىلىقتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ھېكايىچىلىقتا ئۆزىگە خاس تېما، مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن ھەم يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتقان. ئۇنىڭ ھېكايىچىلىق يولىغا قارايدىغان بولساق، مۇنداق تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز:

مەتتىمىن ھوشۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «ئۇستام»، «سىناش»، «نەي ئاۋازى»، «يىراقتىن يېزىلغان خەت»، «ئىككى پارچە خەت»، «دېھقان»، «كونا ـ يېڭى ئىشلار»، «بۇغا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى بىر پروزىچىلىق دەۋرىنى باشلىدى. بۇ ھېكايىلەرنى ئادەتتە «ئەنئەنىۋى ھېكايىلەر» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئۇ بۇ ھېكايىلىرىدە ئەدەبىياتىمىزدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھېكايىچىلىق شەكلىگە مۇراجىئەت قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئاددىي لېكىن ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى نەپىس تەسۋىر، ئىپادىلىك تىل، جانلىق تەپسىلاتلار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، خېلى ياخشى بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ بىر تۈركۈم ھېكايىلەر گەرچە ئۇنچە چوڭ يېڭىلىق يارىتالمىغان، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە ئۇنچە بەك سازاۋەر بولۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يازغۇچىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئاساس سېلىش شۇنداقلا تەجرىبە توپلاش رولىنى ئوينىدى.

80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە يازغۇچى ھېكايە ئىجادىيىتىدە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ئىلگىرىكى ھېكايىلىرىدىن مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن پەرقلىنىدىغان «ھاراق توغرىسىدا ھېكايە»، «سىم ـ سىم يامغۇر»، «ئايخان»، «مۇساپىرلار قاۋىقىدا»، «بۇ چۈش ئەمەس» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى يېزىپ، بۇ يىللاردىكى ھېكايىچىلىققا جانلىنىش ئېلىپ كەلدى ۋە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. بۇ بىر قاتار ھېكايىلەردە يازغۇچى ئاددىي كىشىلەرنىڭ قىسمەتلەرگە باي سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى، مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىنى، تۇرمۇش ئېقىمىدىكى تۈيغۇ ـ تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەپ، يېڭى دەۋر ھېكايىچىلىقىمىز ئۈچۈن يېڭىلىق ھېسابلىنىدىغان بىر خىل «پسىخىك ھېكايىلەر»نى مەيدانغا كەلتۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يازغۇچى بۇ ھېكايىلىرىدە تۇرمۇش رېئاللىقىنى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى، قىسمەت ـ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ، رېئال بىلەن خىيال بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئۆزگىچە بىر بەدىئىي دۇنيا ياراتتى. بۇ ھېكايىلەردە يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى يۇمۇستىك تۈسكە ئىگە قىلىش، مىللىي تۇرمۇش ۋە مىللىي خاراكتېرنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشكە ئوخشاش ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇ ھېكايە ئىجادىيىتىنى ھەقىقىي مەنىدىكى ھېكايە سەنئىتىگە ئايلاندۇردى.

مەتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايە سەنئىتىدىكى ئىزدىنىشى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى ۋە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ 1988 ـ يىلى «ساراڭ» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ھېكايىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مەتىمىن ھوشۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى. يازغۇچى شۇندىن كېيىن بۇ ھېكايە بىلەن مەلۇم جەھەتلەردىن باغلىنىشى بولغان «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز»، «چوشقىلارغا بايرام» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلەرنى يازدى. بۇ ھېكايىلەرنى يېڭى دەۋردىكى ھېكايىچىلىقىمىزدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر «چاتما ھېكايىلەر» دەپ ئاتاش مۇمكىن. بۇ بىر تۈردىكى چاتما ھېكايىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا بايان ماھارىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن، يازغۇچى بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىدىكى «ھېكايە دېمەك، بايان قىلىش سەنئىتى دېمەكتۇر» دېگەن چۈشەنچىگە ماس ھالدا، ھېكايىلەرنى ھەقىقىي مەنىدە بايانچىلىق سەنئىتىگە ئايلاندۇرغان، يېڭىچە بايان نۇقتىسى تاللىغان، ئاپتور بىلەن بايانچىنى ئايرىغان، ھېكايە ئىككى بايانچى ئارقىلىق پۈتكەن. بۇلار ھېكايىنىڭ بەدىئىي جەلب قىلىش كۈچىنى ۋە جەزبىدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلاردا تۇرمۇشتىكى ئاددىي كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ماھىيەتلىك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ھاياتلىق مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھېكايىلەر مەنە جەھەتتىن كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلىنغان. ھېكايىلەر ناھايىتى كۈچلۈك يۇمۇرىستىك تۈسكە ئىگە قىلىنغان، يازغۇچى يۇمۇر ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىقچى، خۇشچاقچاق خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇمۇر پەيدا قىلىدىغان كۈلكە ئاستىغا كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇلاھىزە تېمىلىرىنى يوشۇرغان، يۇمۇر ئارقىلىق مەنىۋىيىتىمىزدىكى ھەر خىل ئىللەتلەر مەسخىرە قىلىنغان. مەتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ بىر تۈركۈمدىكى چاتما ھېكايىلىرى كىتابخانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغاپلا قالماستىن، ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ياخشى باھالارغا سازاۋەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچى 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاساسەن مۇشۇ تۈردىكى ھېكايىلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تارتىپ مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدە يەنە بىر خىل يېڭىچە يۈزلىنىش مەيدانغا كەلدى. ئۇ «شاھ ۋە قاغا»، «بۆرە جىلغا»، «قارا قورساق سەركە»، «ئىت ئېتىش» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە رېئال تەركىبلەر بىلەن سېھرىي ـ ئەپسانىۋى تەركىبلەرنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى ئۈچۈن بىر خىل يېڭىلىق ھېسابلىنىدىغان «سېھرىي ھېكايىلەر» نى ئىجاد قىلدى. بۇ ھېكايىلەردە يازغۇچى تۇرمۇشتىن ھالقىغان تەپسىلاتلارنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئەشۇنداق سېھرىي ـ ئەپسانىۋى تەركىبلەر ئارقىلىق يەنىلا ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھايات ھەققىدىكى ئۆزگىچە مۇلاھىزە ـ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى توختاۋسىز ئىلگىرىلىگەن، بارغانسېرى چوڭقۇرلىغان، قەدەممۇ قەدەم يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ئىجادىيەت بولدى. ئۇ دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتتى، يېڭىلىق يارىتىشتا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى، ئۇيغۇرلار خاراكتېرىنى مەنبە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلدى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلدى. ئۇ ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنىغىمۇ، شەكلىگىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەردى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن پەزىلەتلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى، مىجەز ـ خاراكتېرى، روھىي ـ دۇنياسى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەكس ئەتتى.

مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن بىرگە يەنە پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «نۇزۇگۇم»، «ساۋاقداشلار»، «سالام، ھېسام ئاكا»، «خاسىيەتلىك قار» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازدى. ئۇنىڭ پوۋېستلىرى ئىچىدە «نۇزۇگۇم» ناملىق پوۋېستى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يازغۇچى بۇ پوۋېستى ئارقىلىق، نۇزۇگۇم ھەققىدە يېزىلغان ئوخشاش مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا، نۇزۇگۇمدىن ئىبارەت بۇ خەلق قەھرىمانىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئەسەرنىڭ ئاساسلىق سۇژىت لىنىيىسى قىلىپ، ئۇنىڭ ئەركىنلىك ـ ئازادلىققا بولغان چەكسىز تەلپۈنۈشىنى، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق خاركتېرىنى، دۈشمەنگە ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان قەيسىرانە روھىنى، مۇھەببەتكە بولغان چىن ئەقىدىسى ـ ۋىجدانىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. يازغۇچى پوۋېستىدا ئاساسلىق دىققەت مەركىزىنى نۇزۇگۇم ئوبرازىنى يارىتىشقا قاراتقان بولۇپ، يازغۇچىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يارىتىشى بىلەن كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان نۇزۇگۇم ئوبرازى مەيدانغا كەلگەن. پوۋېستتا يەنە ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى تارىخىي يوسۇندا چىنلىق بىلەن قايتا كۆرسىتىپ بەرگەن، يۇرتىمىز تاغ ـ دەريالىرىنىڭ، خەلقىمىز تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشلىرى سۈرەتلەنگەن. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بۇ ئەسەرنى «ئۆزى كۆتۈرەلىگۈدەك مەزمۇننى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەسەر» دەپ تەرىپلەيدۇ.

يازغۇچىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان «قۇم باسقان شەھەر» رومانى ئەدەبىيات ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى.

«قۇم باسقان شەھەر» رومانىدا يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى ۋەقەلەر ئۆزگىچە رىۋايەت شەكلى ئارقىلىق ھېكايە قىلىنغان. يازغۇچى بۇ رومانىدا ھاياتلىقنى تەسۋىرلەپ، تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ سۇپۇرگە ھەققىدىكى، ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ھەققىدىكى ۋە چۆل ئوغلى ھەققىدىكى ھەم نىسپىي مۇستەقىل بولغان، ھەم ئۆزئارا باغلىنىدىغان ئۈچ ھېكايىدىن تەشكىل تاپقان. رومانىنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە قۇرۇلما شەكلى ئۇيغۇر رومانچىلىقى ئۈچۈن بىر خىل يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. رومانىنىڭ سۇژىتى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارغا، پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تاسادىپىيلىقلارغا باي، كۆرۈنۈش ـ تەپسىلاتلار قىزىقارلىق ـ سىرلىق، سېھىرلىك بولۇپ، كىشىگە ئۆزگىچە بىر خىل ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ، كىشىنى ئىختىيارسىز يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگە باشلاپ، تەبىئەت گۈزەللىكىدىن، شۇنداقلا ھايات گۈزەللىكىدىن سۆيۈندۈرىدۇ. رومانىدا، كۆپلىگەن سېھرىي تەركىبلەر بار بولۇپ، بۇ تەركىبلەر ئەسلىدىلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ، تەسەۋۋۇر ئادىتىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بولغاچقا، كىتابخانلارغا غەيرىي تۇيۇلمايدۇ، ئەكسىچە رومانىنىڭ جەلب قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. سۇژىت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بۇ رومان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى تۇنجى قېتىم ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خەلقىمىزنىڭ نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى ئەنئەنىسىگە باغلىغان. يازغۇچى ئەسەردە يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە ئىزدىنىپ، رېئال بىلەن خىيالنى، چىنلىق بىلەن تەسەۋۋۇرنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تولىمۇ رەڭدار بولغان ئۆزگىچە بىر بەدىئىي دۇنيا ياراتقان.

مەمتىمىن ھوشۇر ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋالايمىز:

1. مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىشقا، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان يازغۇچى. ئۇ ياراتقان پېرسوناژلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىپىك مىللىي خاراكتېرى، جۈملىدىن ئىلى خەلقىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئەندىزە قىلىنغان. بۇ خىل تىپىك خاراكتېر يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆز قاراشلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن.

2. مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنىڭ ساتىرىك خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، يۇمۇرغا باي. يازغۇچى مېھماندوست، خۇش چاقچاق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ئۇ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتتىكى غۇلجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ پسىخىكىسىدىكى كۈلكە ـ چاقچاقسىز ياشىيالماسلىقتەك تىپىك ئالاھىدىلىكىنى تۇتقا قىلىپ، مۇشۇ ئارقىلىق بىر

تەرەپتىن، مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر، ئاجىزلىقلارنى مۇشۇ ئالاھىدىلىك ئاستىدا دارىتمىلاش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ھەر قانداق بىر كىتابخان كۈلمەي تۇرالمايدۇ. ئەمما، بۇ كۈلكە مەنىسىز ھىجيىش ئەمەس، شۇنداقلا ئەسەر پەيدا قىلغان زورۇققان كۈلكىمۇ ۋە ياكى ئاددىيلا كۈلكىمۇ ئەمەس. بۇ كۈلكىنىڭ ئارقىسىغا ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ۋە كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر، چۈشكۈنلۈك، زەئىپلىك، بىچارىچىلىككە قارىتىلغان ئۆتكۈر كىنايە ۋە ئاچچىق تەنە يوشۇرۇنغان.

مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، رېئال ھايات ئۈستىدىكى تەپەككۇرىدا ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى، شۇنداقلا مىللەتنى تونۇغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرىدا بىز شەرھلىگەن سەنئەت قانۇنىيىتىنى تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە كۈلكىدىن كېيىنكى تۈيغۇلار ئېلىپ كېلىدىغان ئەلەملىك خىياللارنى، ئىزتىراپلىق مۇلاھىزىلەرنى كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرىدۇ. بۇ ھال يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ چەمبەرچاس گىرەلىشىپ، پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بەدىئىي تالانتىنىڭمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3. مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنىڭ تىلىمۇ روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى دەل مەمتىمىن ھوشۇر بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىگە ئىسمىنى يازمىسىمۇ، ئەسەر تىلىدىنلا ئۇ ئەسەرنى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ يازغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى ئىپادىلىك، خەلق تىلىغا باي، يەڭگىل، قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق، يېقىشلىق، كىشىگە بىرسى بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان شۇنداقلا كۆپ مەنىلىك دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەنە شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈۋاتقان، جەلپكار قىلىۋاتقان ماددىي ئامىل دەل ئۇنىڭ تىلىدۇر.

## 2. «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسى

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى تولۇق ئەكس ئەتكەن، بەدىئىيلىكىمۇ باشقا ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن نادىر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى.

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» يازغۇچىنىڭ «ساراڭ»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «داپ»، «چوشقىلارغا بايرام»، «چار خوراز» قاتارلىق بىر تۈركۈم چاتما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېكايىلىرىنىڭ بىرى. مۇشۇ تۈردىكى باشقا ھېكايىلەرگە ئوخشاش بۇ ھېكايىنىمۇ بىر ئالجوقا ئاپتور ئېلىپ كېلىدۇ. باشقا ھېكايىلەرگە ئوخشاش بۇ ھېكايىدىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەلىتە، شۇنداقلا قىزىقارلىق بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ.

چەت ئەللەر بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلايدىغانلار بارغانسىرى كۆپىيىپ باردۇ. «مەن»مۇ چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلاپ كىرمەكچى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايالى بىلەن ئىككىسىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، چېگرادىن چىقىدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى بولغان «ئاق تاپان» ئىسىملىك ئىتنى ئامالسىزلىقتىن ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما ئۇلار چېگرادىن ئەمدىلا ئۆتۈشىگە ئاق تاپانمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر ئائىلىنىڭ چەت ئەلدىكى تۇغقان يوقلاش پائالىيىتى باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، كۆڭۈللىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدۇ، چەت ئەلنىڭ غەلىتە تۇرمۇش ئۇسۇلىغىمۇ بارا ـ بارا كۆنۈپ قالىدۇ. چەت ئەلدە ھەممىدىن بەك راھەت سۈرگىنى، ھەممىدىن بەك ئۆزگەرگىنى يەنىلا «ئاق تاپان» بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئادەملەرگە ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ، بەزىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. سورۇنلاردا سىلىق ـ سىپايە بولۇپ كېتىدۇ، داستىخاندىكى نەرسىلەرگە مۇنداقچە ئېغىز تېگىپ قويۇپلا، چىشىنى كولاپ چوڭ سۆپەت ئولتۇرىدۇ. ئەڭ چىرايلىق قىزلارنى تانسىغا تارتىدۇ، ئىشقىلىپ بۇ ئىت بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدۇ.

«مەن» سوۋغا ـ سالامدىن ئاشقان نەرسىلىرىنى سېتىپ، بىرمۇنچە پۇللۇق بولۇپ قالىدۇ. قايتىدىغان چاغدا، پۇلنى چېگرادىن ئۆتكۈزۈشكە ئامال بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن ئېلىپ ئۆزلىرىگە، شۇ قاتاردا «ئاق تاپان»غىمۇ ئالتۇن چىش سالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاق تاپان «ئالتۇن چىشلىق ئىت» بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «ئاق تاپان»تۇزۇكرەك قاۋاپمۇ قويمايدۇ، ئالتۇن چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىپلا يۈرۈيدۇ. ياخشىراق كىيىنگەن مېھمانلارنى كۆرسە ناياناقلاپ خۇشامەت قىلىدۇ، ناچار كىيىنگەن كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ كېتىدۇ.

شۇ كۈنلەردە «مەن»نىڭ ئايالى ئاغرىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالىدۇ. ئەمما دوختۇرلار ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن «مەن» دوختۇر ـ سېستىرالارغا ئارقا ئىشىك قىلىدۇ. ئايالىنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان باش دوختۇر ئۇنىڭدىن ئالتۇن چىشلىق ئىتنى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئايالىنىڭ ھاياتى ھەممىدىن مۇھىمدە. ئۇ ئىتنى دوختۇرغا بېرىدۇ، ئوپېراتسىيە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، ئايالىمۇ ساقىيىپ قالىدۇ. بىر كۈنى «مەن» ئەخلەتخانىدا «ئاق تاپان»نىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىدىكى ھەممە نەرسە خىرەلىشىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ.

ھېكايە مۇنداق ئاخىرلىشىدۇ: «ئاز كۈن ئۆتمەي، دوختۇرخانىدىكى بىرىدىن يەنە

غەلىتە بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم. ھېلىقى چوڭ دوختۇرنىڭ مۇز چىراي ئايالى يېڭىدىن ئالتۇن چىش سالدۇرغان ئىكەن، شۇ كۈندىن باشلاپ ھېچ ئىش قىلماي، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ، كوچىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەر خەقلەرگە ھىجىيىپلا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇدەك. . .

— چوڭ دوختۇرنىڭ ئۆزىچۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدىم.

— چوڭ دوختۇرمۇ بىر ـ ئىككى تال چىش سالدۇرغان ئىكەن، ئاڭلاپ ئىنتقا ئوخشاش قاۋاپ، خالتىسىنىڭ يانچۇقىغا پۇل سالمىغانلارغا رەسمىي خىرىس قىلىپ ھۆرپىيىدىغان بولۇپ قاپتۇ. »

تۇرمۇشتىكى ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان ناھايىتى ئاددىي، ناھايىتى ئومۇمىي، شۇنداقلا بەزىدە غەلىتە تەپسىلاتلار ئارقىلىق ھاياتتىكى، جەمئىيەتتىكى ماھىيەتلىك، شۇنداقلا ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش مەتىمىن ھوشۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدىمۇ ئىنتقا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار سەرگۈزەشتىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا مەلۇم دەرىجىدە باش كۆتۈرۈپ قالغان ئادەمىيلىك ئەخلاق، ئادەمىيلىك پەزىلەت، ئادەمىيلىك قىممەتنى ئۇنتۇپ، پۇل ـ بايلىققا ئۆزىنى ئۇرىدىغان، ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن پۇل ـ بايلىق توپلاشنى مەقسەت قىلىۋالغان، شەخسىيەتچى، نەپسانىيەتچى كىشىلەرنىۋە شۇلار پەيدا قىلغان ناچار ئىجتىمائىي خاھىشنى قاتتىق مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان. يازغۇچى ھېكايىدىكى بۇ مەركىزىي ئىدىيىنى ئاق تاپاننىڭ ئالتۇن چىش سالدۇرغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتكەن خۇيىنى، دوختۇر ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئالتۇن چىش سالدۇرغاندىن كېيىنكى پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن. يازغۇچى ئىتنى ئادەملەشتۈرۈپ، ئادەمنى ئىتلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھەر خىل ناچار ئىللەت ـ خاھىشلارنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى ياتلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىدەك بىر ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، مەزكۇر ھېكايىنىڭ ئىپادىلىگەن ئىدىيىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭقۇر، شۇنداقلا بۇ ئىدىيە كۈچلۈك رېئال قىممەتكە ئىگە.

مەتىمىن ھوشۇر ئەسەر ئىدىيىسىنى يوشۇرۇن ئىپادىلەشكە ناھايىتى ماھىر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئەسەر ئىدىيىسىنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويمايدۇ، مەدھىيىسى بىلەن تەنقىدىنىمۇ ئاسان ئاشكارىلىمايدۇ. ئۇ ھېكايىدە كەيپىيات يارىتىپ، مۇشۇ كەيپىيات ئارقىلىق، ياكى بولمىسا ئەسەر پېرسوناژىنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزى ياكى بىرەر ھەرىكىتى ئارقىلىق، ياكى بولمىسا بايانچىنىڭ بېشارىتى ئارقىلىق ئاندىن ئىجادىيەت مۇددىئاسىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسىنى ئالىدىغان بولساق، يازغۇچى بۇ ھېكايىنىڭ كۆپ سەھىپىسىدە ئاساسلىق قىلىپ ئىتنى يازغان. ئىتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، مىجەزىدىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق رېئاللىقتىكى، ئادەم خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يازغۇچى دوختۇرخانىدا

www.uyghurkitap.com

داۋالىنىۋاتقان دېھقاننىڭ ئاغزىدىن «يائاللا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى بېرىپ بۇنداق ئۆزگىرىشنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن. دوختۇرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ پەيلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى يوقىتىشنىڭ، نىيىتى يامانلىقنىڭ ئىنسانغا قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ناھايىتى ياخشى بېشارەت بەرگەن. يازغۇچى ھېچقانداق بىر ھېكايىسىدە خۇلاسە ئوتتۇرىغا قويمايدۇ، پەقەت نۇرغۇن يىپ ئۇچى، بېشارەتلەرنى قالدۇرۇپ، خۇلاسە چىقىرىشنى كىتابخانلارغا تاپشۇرىدۇ. مەتتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرىدىغان، ئىجتىمائىي ـ بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم بىر ئامىل دەل مۇشۇ.

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق بۇ ھېكايىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ھېكايىدە ناھايىتى جانلىق بولغان ھېكايە كەيپىياتى يارىتىلغان. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە جانلىق ھەم يۇمۇرلۇق تىل، غەلىتە تەركىبلەرگە باي قىزىقارلىق سۆزىت، ئاجايىپ ئوخشىتىش ۋە قىلىقلاندۇرۇش ۋاستىلىرى ئارقىلىق كۈچلۈك بولغانساتىرىك كەيپىيات ھاسىل قىلغان. ئۇ بۇ خىل ساتىرىك كەيپىيات ئىچىدە ناھايىتى مول تەركىبلەرگە ئىگە مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى يۇدۇپ بۈگۈنكى دەۋر تۇرمۇشى ئىچىگە كىرىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئادەم بولۇش ئۆلچەملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، قىممەت قاراشلىرى، ئېستېتىك چۈشەنچىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئوخشىمىغان نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يازغۇچى ئەسەردە ياراتقان كەيپىيات شۇ دەرىجىدە جانلىقكى، ئۇ ئەسەردىن ھالقىپ چىقىپ، كىتابخاننىڭ كەيپىياتى ۋە روھىي دۇنياسىغىمۇ كۈچلۈك تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسىدە مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ ئۆزگىچە بايان قىلىش ئۇسۇلى ۋە ماھارىتى ناھايىتى ئۈنۈملۈك قوللىنىلغان. ھېكايىدە ئىككى بايانچى بار. ئۇنىڭ بىرى، مۇشۇ ھېكايىلەرنى يازغان، ئالجوقىدەك كۆرۈنىدىغان ھەقىقىي ئاپتور؛ يەنە بىرى، ئەشۇ يازمىلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى «ئۆز نامىدا ئېلان قىلىدىغان» مۇھەررىر. بۇ ئىككى بايانچىنىڭ سالاھىيىتى، كەسپى، ھايات قارىشى، تۇرمۇشنى، رېئاللىقنى كۆزىتىشى، ئۇ ھەقتە يۈرگۈزىدىغان مۇلاھىزىلىرى بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ھېكايىدە بۇ ئىككى بايانچىنىڭ ئۇچرىشىشى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

«. . . بۇ ھېلىقى ‹ساراڭ› نىڭ ئاپتورى ئىدى.

ـ سالامەتمۇ سىز؟ ـ دېدىم، ئۇنى ئۇچراتقىنىمغا خۇشال بولۇپ.

ـ ھوي، مۇھەررىر ئەپەندىمۇ بۇ؟

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئىككى قولىنى بوينۇمغا ئارتىپ، مەڭزىمگە شاپاشلىتىپ

سۆيۈپ، قۇچاقلاپ قويدى. خىجىللىقتا ئىتتىك ئەتراپىمغا قاراپ، ئەمدى بۇ نەچچە كۆرۈشۈش بولۇپ كەتتى دەپ قالدىم. . . »

... ... ...

«شۇنداق قىلىپ سالامەت تۇردىڭىز؟ ھېلىمۇ شۇ ئۇستەلگە دۈمچىيىۋېلىپ، قەغەز ـ قەلىمىڭىزنى كىتىرلىتىپ ۋاقتىڭىزنى زايە قىلىپ ئولتۇرامسىز؟

— قانداق قىلىمىز، ئۆمرىمىز مۇشۇ ئىش بىلەن ئۆتۈپتۇ، ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە...

— بۇمۇ غەلىتە ھۆكۈمەت ئىكەن، بىر زامانلاردا باي بولغانلارنى يوقىتىمىز دەپ كۈندە ئەپچىقىپ دۇمبالىدى. ئەمدى ماختاپ ھالى قالمايۋاتىدۇ. . . مەن سەل قورقۇپ قالدىم. ئاز كۈندىن كېيىن زادى باي بولالمىغان كەمبەغەللەردىن بىر ـ ئىككىنى ئەپچىقىپ ئاتامدۇ ـ قانداق؟ !

نېمە دەيدىغاندۇ بۇ، دەپ ئەتراپىمغا قارىدىم. »

بۇلارنى ئوقۇش ئارقىلىقلا ئىككى بايانچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز، شۇنداقلا ئاساسلىق بايانچى ھەققىدە بەلگىلىك قاراشقا كېلىمىز. ھېكايىدە قوللىنىلغان مانا بۇنداق ئالاھىدە بايانچىلار ھېكايىنىڭ بايان شەكلىنى روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان. يازغۇچى ھېكايىنى ھېلىقى ئالجۇقا ئاپتورنىڭ نەزەرىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىتىش ئۇسۇلى ئاساسىدا، ئۇنىڭ ئۆزگىچە تىل ئادىتى بىلەن يېزىپ چىققان، بايانغا ھېچقانداق سۇبيېكتىپ تەسىرات، چۈشەنچىسىنى قوشمىغان. يەنى يازغۇچى بىلەن بايانچىنى ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەسەردىكى ھەرقانداق ۋەقەگە، ھەرقانداق ئادەمگە ھېچقانداق باھا بەرمىگەن. تۇرمۇشنى ئەينەن بايان قىلغان. بۇ ھال بايانچىلىقتىكى بىر خىل ماھارەتكە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۈنۈمىلى، چىنلىق تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى ھېكايىدە يەنە بىمەنىلەشتۈرۈش، مۇبالىغە قىلىش، قىلىقلاندۇرۇشقا ئوخشاش بەدىئىي ماھارەتلەردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مۇبالىغە قىلىش، قىلىقلاندۇرۇش، جانلاندۇرۇش، ئوخشىتىش ئۇسۇللىرى مەمتىمىن ھوشۇر ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم يارىتىدىغان ئۇسۇللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھېكايىدە يازغۇچى بولۇپمۇ مۇبالىغە قىلىش، قىلىقلاندۇرۇش ئۇسۇلىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. يازغۇچى ئەسەردە ئادەملەردىكى نەپسانىيەتچىلىك، پۇل ـ مالغا دۈم چۈشۈشتەك ناچار خاھىشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىتقا ئالتۇندىن چىش سېلىش، ئىتنىڭ ئالتۇن چىشىنى ئۆزلىرىگە سالدۇرۇۋالغان دوختۇر بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىت مىجەزلىك بولۇپ قالغانلىقىغا ئوخشاش بىمەنە تەپسىلاتلارغا مۇراجىئەت قىلىپ ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن. بولۇپمۇ يازغۇچى ئىتنى قىلىقلاندۇرۇش ئارقىلىق، يەنىلا ئادەملەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ:

«. . . كىرگەن ـ چىققانلارغا ئۇ خۇددى ئاغزىمدىكى ماۋۇ ۋاللىداپ تۇرغاننى

كۆردۇڭلارمۇ؟ ھەممىڭلار جىنىڭلارنى بېرىدىغان ئالتۇن دېگەن شۇ، دېگەندەك قىلىپ، ھىجىيىپ قاراپلا تۇراتتى. تېخى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، ياخشىراق كىيىنىۋالغان مېھمانلارنى كۆرسە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ نايناقلاپ كېتەتتى. كىيىملىرى ناچارراق مۇساپىرلار كەلسە كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى. . .

. . . ئۇ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئولتۇرىدىغان، ئولتۇرغان يېرىنى قۇيرۇقى بىلەن پاكىز سۈپۈرىۋېتىپ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىرتىلدىتىپ تۈكۈرگىنىچە چوڭ كوچىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ھىجىيىپ قارايدىغان بولۇۋالدى. تېخى بەزى كۈنلىرى چەت ئەلدىكى سارماي سۈركەلگەن بولكىلارنى يەپ، بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچىپ يۈرگەن كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتقاندەك، ئېغىكىنى تۇتقىنىچە خىيالغا كېتىپ قالاتتى…»

تۆتىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھارىتى بۇ ھېكايىدە ناھايىتى ئۇنۇملۇك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەتتىمىن ھوشۇر ھەقىقىي مەنىدىكى تىل ئۇستىسى، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە تىل مەنە ئىپادىلەشتىكى بىر خىل ۋاسىتىلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل مەقسەت، بىر خىل سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. يازغۇچىنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتى ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزلىشىش ئادىتىگە، تىل ئىشلىتىش خۇسۇسىيىتىگە يىلتىز تارتىپ كەتكەن. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ مەزكۇر ھېكايىسىدىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يازغۇچى ھېلىقى ئاپتورنىڭ تىلىدىن شۇنداق سۆزلەيدۇ:

«… چەت ئەلدىكى يازغۇچىلار يۇگۇرۇپ يۈرۈپ ئەسەر تەھرىرلەيدىكەن، شائىرلىرى ‹ھېسسىياتقا تەسىر يېتىمدۇ› دەپ خوتۇنىمۇ ئالمايدىكەن. . . بىر شەھەرگە بارسام پۇقرالىرى شۇنچە پۇزۇر ياسىنىۋاپتۇ، شەھەر باشلىقى يالاڭئاياغ يۈرۈيدىكەن. ئاياللىرى يالغان بۇرۇت قويۇپ، ئەرلىرى يالغان چاچ سالىدىكەن. تاماقنى بازاردا يەپ، كېچىسى مېھمانخانىدا يېتىپ، ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىدىكەن. قىزىق چايغا مۇز سېلىپ ئىچىپ، مارۇژنىنى ئىسسىتىپ يەيدىكەن. . . بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئەقلىڭىز ھەيران بولىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىدىكى سەمىتاخۇننى تونۇمسىزكىن؟ ئۇ ھازىر ئىشتانپايپاق ئېلىپ ـ سېتىپ بېيىپ كەتتى، بەيتۇلھەرەمگە بېرىپ ئابدۇسەمەت ھاجى بولۇپ كەلدى. يېقىندىن بېرى ئۇ بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىز نەگە كەتتى، دەپ قايناپ، ماتادىن كۆڭلەك كىيىپ، سەگەزدىن گىلاستۇك باغلاپ، ئالغان پىكاپىنىڭ ئىچىگە بورا سېلىپ ھەيدەپ يۈرۈيدۇ…» .

بۇلارنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىتابخان يازغۇچىنىڭ بىز يۇقىرىدا تەرىپىنى قىلغان قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك، خەلق تىلىغا، ئادەت سۆزلىرىگە يېقىن تىل قوللىنىشتەك ئۆزگىچە تىل ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋالالايدۇ.

## 2 § . مۇھەممەت باغراش

مۇھەممەت باغراش يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان، پروزىچىلىق ساھەسىدە ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، روشەن ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۇرگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى يېڭى دەۋر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئىجادىيىتىنى يېڭى دەۋر باسقۇچىدا

باشلىغان، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باشتىن كەچۈرگەن ئىجادىيەت مۇساپىسىنى ئۇمۇ بىللە باشتىن كەچۈرگەن، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا ئاز بولمىغان يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كىرگەن. ئۇنىڭ «سەپداش»، «ئاقساق بۇغا»، «يۈرەكتاغ» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلىرى پروزىچىلىقنىڭ يېڭى بىر پەللىسى ھېسابلانغان بولسا، ئۇ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»، «تۆتقۇلاق»، «كەلكۈن» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلىرى بىلەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى ئىزدىنىش - يېڭىلىق يارىتىش خاھىشىغا ئاساس سالغان ھەم ئۇنىڭ مەلۇم پەللىسىنى ياراتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مۇھىم، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، مۇھاكىمىگە بايلىقى، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقانلىقى، يېڭىچە بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى ئۈنۈملۈك قوللانغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

مۇھەممەت باغراش 1952 - يىلى قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قاراشەھەردە ئوقۇپ تاماملاپ، 1965 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دەسلەپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىس، كېيىنچە، كورلىدىكى شىنجاڭ 4 - ترانسپورت شىركىتىدە شوپۇر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ شوپۇرلۇق ھاياتىدا باشتىن كەچۈرگەن تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى ناھايىتى مول تۇرمۇش ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن. 1980 - يىلى يازغان «سەپداش» ناملىق تۇنجى ھېكايىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەسىرى ئۇنىڭ شوپۇرلۇق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان. 1982 - يىلى ئۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، «ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1987 - يىلىدىن بۇيان شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

باغراشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1980 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «سەپداش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. باغراشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى خۇددى ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىگە ئوخشاشلا ئەگرى - توقاي بىر مۇرەككەپ جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاددىيلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ھادىسىۋى كۆرۈنۈشلەردىن ماھىيەتلىك كەڭلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى. شۇڭا، باغراشنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت مۇساپىسىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭ ئەنئەنە - يېڭىلاش - ئالاھىدە مەنىدىكى يۈكسەك ئەنئەنە ۋە مىللىي روھتىن ئىبارەت بۇ ھالقىسمان قۇرۇلما ئىچىدە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. باغراش مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك

www.uyghurkitap.com

سىياسىي بوھران نەتىجىسىدە چارچىغان، يېڭى بىر روھىي پارلاقلىقا تەقەززا بولۇۋاتقان، ئۆچۈر ۋە رىقابەت ئېڭى كۈچەيگەن يېڭى بىر تارىخىي دەۋردە ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلدى ۋە بىر سەنئەتكارغا خاس بەدىئىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەدرىجىي ھالدا ئادەتتىكى «ياخشى ـ يامان» تامغىسى بېسىلغان ئادەملەرنى يېزىشتىن ھەقىقىي «گۆش ۋە ئۇستىخىنى» بار بولغان ئادەملەرنى يېزىشقا؛ بىر خىل قېلىپتا چۈشكەن كونا شەكىلدىن ئۆزگىچە، قېلىپى بۇزۇلغان بەدىئىي شەكىللەرگە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

يازغۇچى مۇھەممەت باغراش باشتىن ـ ئاخىر بىر تىرىشچان يازغۇچىغا خاس روھ بىلەن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسەكلىكى ئۈچۈن ئىزدەندى. ئۆز ئەسەرلىرىدە بىر خىل «يېڭىلاش» روھىنى ئىپادە قىلدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بەدىئىي رامكىلىرىنى دادىللىق بىلەن بۆسۈپ، بەدىئىي شەكىل ۋە تەپەككۇردا مۇئەييەن ئۆزگىرىش ياسىدى ۋە ئۆزىگە خاس بىر خىل ئۇسلۇب تىكلىدى. چۈنكى، باغراش ئەمدىلا ئەجادىيەتكە كىرىشكەن 80 ـ يىللار دەل ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە سەنئەت ئۆلچىمى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان دەۋرلەر ئىدى. ئەنئەنىۋى، قېلىپقا چۈشكەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە كونىچە بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى مىللىتىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە قارىغاندا ئېستېتىك ئۈنۈمگە بەكرەك قىزىقىدىغان، ئەدەبىياتتىكى ئاددىي ۋەزخانلىقنى ئەمەس، بەلكى سەنئەت چوڭقۇرلۇقىنى ئىزدەيدىغان، قىپيالىڭاچ سىياسىي ئىدىيىگە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ يوشۇرۇن، تېخىمۇ پىنھان ئىچكى ئېنېرگىيىگە تەشنا بولىدىغان بولۇپ قالدى ... ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشى مۇقەررەر يوسۇندا سەنئەتتىكى قايتا ئويلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يازغۇچى مۇھەممەت باغراش مانا مۇشۇنداق بىر داۋالغۇپ تۇرغان تارىخىي شارائىتتا ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى ۋە بەدىئىي قىزىقىشتىكى كەسكىن ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلدى. ئۇ بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىغا خاس روھ بىلەن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى «يېڭىلاش» ئۈچۈن دادىللىق بىلەن ئىزدەندى. بىز ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىغا نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭ بەدىئىي شەكىل ۋە سەنئەت چوڭقۇرلۇقى ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلىقىنى، ھەر قەدىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاشقا تىرىشقانلىقىنى، چوڭقۇرراق تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىشىنىڭ مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز:

1. بىرىنچى باسقۇچ دەل باغراش ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى بولۇپ، 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان دەسلەپكى بەش يىل ئىچىدىكى ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باسقۇچنى باغراشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ۋە

دەسلەپكى ئاساسىنى تىكلىگەن دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ «ـسەپداش»، «ساۋاب»، «ئالىمچى»، «ئادەملەر»، «گۈزەل ۋادا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرلەر ئۇسلۇب جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ۋە ئەنئەنىۋى تېمىلاردا يېزىلغان بولۇپ، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئادەملەر مۇناسىۋىتى ۋە ئادەملەر بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نازۇك مۇناسىۋەتلەرنى يارقىن پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە قىزىقارلىق پارچىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆپىنچە ئۆزى بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن شوپۇرلۇق تۇرمۇشى داۋامىدىكى بىۋاسىتە تەسىراتلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى قىلدى. «سەپداش»، «ساۋاب» ناملىق ھېكايىلىرى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاپتور گەرچە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا، ئۆز ھېكايىلىرىدە راستچىل، سەممىي، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، ئەپۇچان، كەڭ قورساق «ئىجابىي» پېرسوناژلارغا مەدھىيە ئوقۇپ (مەسىلەن، «سەپداش» تىكى سابىر بىلەن «ساۋاب» تىكى دېھقان)، شەخسىيەتچى، ئالا كۆڭۈل «سەلبىي» پېرسوناژلارغا نەپرەتلىنىشنى (مەسىلەن: «سەپداش» تىكى مەخمۇت بىلەن «ساۋاب» تىكى ساۋۇت موللام) ئىپادە قىلىسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا زور تەسىر قوزغىغانىدى. پېرسوناژلار ئوبرازى ئاپتورنىڭ ئۈزۈندىن - ئۈزۈن قۇرۇق بايانلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە سۆز - ھەرىكەتلىرى داۋامىدا يارىتىلغانىدى. بەدىئىي تىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىنمۇ ئاپتور ئۆزىگە خاس بىر خىل ماھارەتنى ئىپادە قىلغانىدى.

2. 1986 - يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانىدا مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. مەزكۇر پوۋېستنىڭ ئېلان قىلىنىشى باغراش ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئەسەر ئېلان قىلىنىپلا كىتابخانلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى، ئۇلار ھەر خىل مەيدان ۋە نۇقتىلاردا تۇرۇپ، مەزكۇر پوۋېست ھەققىدە كەسكىن بەس - مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردى. ئاپتور پوۋېستتا پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى قىلىشتەك يېڭىچە ئىپادىلەش شەكلىنى قوللىنىپ، ئۇزۇن تارىختىن بۇيان مىللىتىمىز ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنە تۇيغۇسىنى، بۇرۇقتۇرمىلىقنى، قاششاقلىقنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىد قىلدى. مىللىتىمىز روھىيىتىنى قامال قىلىپ تۇرغان ئۇدۇم كىشەنلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، يېڭى دۇنيانىڭ رىقابەتكە تولغان ئىرادىسىنى ۋە ھازىرقى دەۋر ئېڭىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ قۇياشقا مىنگەن بۇدرۇق بالىنى تارىم ئاسمىنىغا باشلاپ كېلىپ، مىللىتىمىز روھىيىتىدە ھازىرقى دەۋر ئېڭى تۇرغۇزۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

گەرچە مەزكۇر پوۋېست ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ قىسمەن تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، شەكىل جەھەتتە دادىللىق بىلەن بۆسۈش ھاسىل

www.uyghurkitap.com

قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ ئەنئەنە ۋە يېڭىلاشقا بولغان بىر تەرەپلىمە كۆز قارىشىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى باغراش ئىجادىيىتىدىكى بىر قېتىملىق ئىزدىنىش جەريانى دېيىش مۇمكىن. باغراش ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت قەدىمىدە بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئەسەرلىرىنى باشقىچە ئۇسۇلدا ۋە باشقىچە بەدىئىي رەڭدە ئىپادە قىلدى.

1987 ـ يىلىدىن كېيىن، باغراش ئىجادىيىتىدە ئۈچىنچى باسقۇچ، يەنى ئالاھىدە بىر جەريان باشلاندى. ئۇ بۇ مەزگىلدە «تەنها ماشىنا» ، «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» ، «تۈگىمەس چۈشلەر» ، «تۆتقۇلاق» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۆزگىچە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ دەل باغراشنىڭ ئىجادىيەت كۈچى تولۇپ تاشقان، بەدىئىي دىتى پىشقان، ئىزدىنىش روھى ئۇرغۇپ تۇرغان مەزگىللىرى بولۇپ، ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىچە مۇھىتنى ئىپادە قىلدى. بۈگۈنكى دەۋر يازغۇچىسىغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن مىللەتنىڭ بۈگۈنى بىلەن ئۆتمۈشى، ئۇدۇم خاسىيەتلىرى بىلەن روھىي موھتاجلىقى، تارىخىي ئەنئەنىلىرى بىلەن ھازىرقى دەۋر ئازابى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ئېلىپ باردى. دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى «يىلتىز ئىزدەش» ۋە «ئەپسانىگە قايتىش» قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىنى ئىجابىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مىللىتىمىزنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە بەدىئىي ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان بىر مۇۋاپىق نۇقتىدا ئىپادە قىلدى. خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقالغان، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەت ۋە قىسسە ـ چۆچەكلەرنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە دېتاللىرىنى بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي چاڭقىشىنى ۋە ھازىرقى دەۋر تۇرمۇشى ئېلىپ كەلگەن مەنىۋى كرىزىسلەرنى ئىپادە قىلدى.

«ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» ، «ئاقساق بۇغا» قاتارلىق ئەسەرلەر مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر. «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» ناملىق ھېكايىدە يازغۇچى ئۈستىلىق بىلەن كەسپىي كاۋاپچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئائىلىنى تەسۋىرلەيدۇ. چۈنچىباي بېيىشنىڭ شېرىن تەمەسىدە شۇنچە جاپالىق ئوقەت قىلسىمۇ، لېكىن بىر پۇلى ئىككى بولمايدۇ. ئۇ قاقشايدۇ، زارلىنىدۇ. يېڭىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئاتىللا بىلەن كارى بولمايدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ ھويلىسىدىكى سۆگەتگۈللەر ئاپئاق چېچەكلەپ كېتىدۇ. «سۆگەتگۈل ئاق چېچەكلىسە شۇملۇقنىڭ ئالامىتى» دەپ ئاڭلىغان مايسىخان قاتتىق ساراسىمىگە چۈمىدۇ. چۈنچىبايمۇ ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈللىرىگە قاراپ قورقۇنچ ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇل، بايلىق ۋەسۋەسىسى بىلەن تولغان كاللىسىدا بۇ ئىشنى ئويلاپ تۇرۇشقا ئورۇن قالمايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئاتىللا چوڭ بولىدۇ. ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا تاماق ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ كاۋاپدىنى ئالدىغا بارىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن سېتىلماي قالغان كاۋاپلار بەس ـ بەستە سېتىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ چۈنچىباي ئوغلىدا بىر ئاجايىپ خاسىيەت بارلىقىنى ھېس

قىلىپ، ئاتىللانى كۈندە كاۋاپ سېتىشقا مەجبۇرلايدۇ، كاللەك - كاللەك پۇللار چۈنچىباينىڭ چۆنتىكىگە سۈدەك ئېقىپ كىرىدۇ. چۈنچىباي بېيىغانسېرى نەپسى يوغىناپ ئادەمىيلىك خىسلىتىنى يوقىتىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، پۇل ساناۋاتقاندا، ئاتىللا بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ غال - غال تىترىگىنىچە ئۈنسىز ئازاب چېكىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ...

دېمەك، ئەسەرنىڭ باشلىنىشىدىن ئاخىرلىشىشىغىچە قويۇق ئەپسانىۋى تۈس بېرىلگەن بولۇپ، ئاپتور قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەت، ئېپوس ۋە چۆچەكلىرىمىزدە گويا ئېرسىيەت گېنىغا ئوخشاش تالاي قېتىم تەكرارلانغان، قەھرىمان شەخسلەر ئوبرازىنى يارىتىشقا زۆرۈر بولغان بەدىئىي ۋاستىلەرنى مەزكۇر ھېكايىسىدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلايدۇ. «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» دىكى، ئاتىللانىڭ تۇغۇلۇش جەريانىدىكى ھېكايە قىلىش ئامىللىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرىدىكى ھېكايە قىلىش ئامىللىرى بىلەن تامامەن ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، يازغۇچى ئېپوس قەھرىمانلىرى بىلەن ئاتىللانى بىر - بىرىگە باغلايدۇ. مەسىلەن، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ھەر قايسى خەلقلەر ئىچىدە كەڭ تارقالغان «ئوغۇزنامە»، «ماناس»، «ئالپامىش»، «دەدە قورقۇت»، «گۆر ئوغلى» قاتارلىق ئېپوسلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئاتا - ئانىلارنىڭ قېرىغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەسلىكى، تەڭرىدىن پەرزەنت تىلىشى، ئانىلارنىڭ تاسادىپىيلا غايىبانە ھامىلدار بولۇپ قەھرىماننى تۇغۇشى ۋە تۇغۇلغان بالىنىڭ غەيرىي نورمال ھالەتتە چوڭ بولۇشى ۋە ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە بولۇشتەك قەدىمىي ئالاھىدىلىك ئۇچرايدۇ. يازغۇچى مەزكۇر ھېكايىسىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسچىلىقىدىكى بۇ خىل ئورتاق ئىپادە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسەرگە قويۇق ئەپسانىۋى تۈس بېغىشلايدۇ. ئەسەردە مايسىخان چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە ئەجدادلىرى ياشاپ ئۆتكەن قەدىمىي قەلئەگە بېرىپ قالىدۇ ۋە قەدىمىي قەلئە خارابىسى ئىچىدە ئەجدادلىرىنىڭ روھىنى كۆرگەندەك بولۇپ ۋۇجۇدى ھاياجانغا چۆمۈلىدۇ. نەتىجىدە تۇيۇقسىزلا ھامىلدار بولۇپ قالىدۇ. تۇغۇلغان بوۋاق ناھايىتى غەيرىي بولۇپ كۆزلىرىدە كۆپكۆك ئوت چاقناپ تۇرىدۇ. چۈنچىباي بوۋاققا «ئاتىللا» دەپ ئىسىم قويىدۇ. دېمەك، ئاپتور ھېكايىدىكى ئاتىللانىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئېپوس قەھرىمانلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىسى بىلەن بىر نۇقتىغا باغلايدۇ. ئېپوسلاردا قەھرىمان شەخسلەر دەھشەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىپ، شۇنچە زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا دوست - بۇرادەرلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ئۆلۈم قىسمىتىگە ئۇچرايدۇ. «ئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى» دە ئاتىللا ئاچ كۆز دادىسىنىڭ پۇل - مالغا ھېرىسمەنلىكى، ئىنسانىي خاسلىقىنى يوقاتقانلىقى ۋە رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئەسەر مىللىتىمىز ۋۇجۇدىغا يىراق ئۆتمۈشتىن تارتىپ ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان تراگېدىيە ئېستېتىكىسىنى بۈگۈنكى دەۋر ئېڭى ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ. ئەسەردىكى چۈنچىباي بىلەن ئاتىللانىڭ زىددىيىتى ئەمەلىيەتتە پۇل، مەنپەئەت، ماددىي

www.uyghurkitap.com

قۇلچىلىق بىلەن ئەقىدە، ئىشەنچ ۋە ئۇدۇم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىپادىسىدۇر، ئاتىللانىڭ ئۆلۈمى ئەمەلىيەتتە مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى دەۋر تراگېدىيىسىدۇر.

يازغۇچى مۇھەممەت باغراش «ئاھ، شوپۇر، ئاھ قىزچاق»، «جەزىرە» قاتارلىق بىر يۈرۈش پوۋېستلىرىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتنى ئىپادە قىلدى. بولۇپمۇ «جەزىرە» پوۋېستى ئۆزىنىڭ يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر.

يازغۇچى مەزكۇر پوۋېستتا تەكلىماكان تاشيولىدا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن ماڭغان بىر ياش شوپۇرنىڭ قۇرغاق، دىمىق، ئىسسىق، سۇسىز زىرە يولىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن روھىي كەچۈرمىشلىرىنى، يېرىم ھوشسىز ھالەتتە ئويلىغان خىياللىرى ۋە خاتا تۇيغۇلىرىنى ئىنچىكە، سىدام تەسۋىرلەر ئارقىلىق سىزىپ كۆرسىتىپ، مىللىتىمىز روھىي دۇنياسىنىڭ تەكلىماكان جەزىرىسى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

يازغۇچىنىڭ «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىنى تېما ۋە مەزمۇنىدىكى يېڭىلىقى بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىش خاھىشىنى ئىپادىلىگەن ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىنسانىيەت ئۆزىنى چۈشىنىشكە باشلىغان قەدىمىي زاماندىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان سىرلىق مەۋجۇدات بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغانىدى. مىللىي مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئالساق، «بۆكۆخان رىۋايىتى»، «ئوغۇزخان رىۋايىتى» قاتارلىقلار بۇنىڭ پاكىتلىرى بولالايدۇ. كىشىلەر دەسلەپىدىلا رەزىللىك بىلەن گۈزەللىكنى ئايرىشنىڭ ئەڭ توپ ئۆلچىمى تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە ئۇلۇغلاش دەپ قارىدى. بۇ قاراش ئىنسانىيەتنىڭ جەمئىيەتنىڭ جۈملىدىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا گاھىدا ئۇنتۇلۇپ، گايىدا قوزغىلىپ تۇردى. بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە كەلگەندە بۇ جەھەتتىكى بەس ـ مۇنازىرە دۇنياۋى «قىزىق نۇقتا» بولۇپ قالدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئىنسانىيەت ئورتاق ھېس قىلىۋاتقان كرىزىس تۇيغۇسىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئەكس ئېتىشىدۇر. ئەسەردە ئىشقىيارنىڭ ئۆز سەپداشلىرى بىلەن كېتىۋېتىپ بىر ياردار بۇغىنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقى ۋە ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپ يەنە تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت تەسىرلىك جەريان ھېكايە قىلىنىدۇ. ئاپتور رىۋايەتلەردىن ئەپلىك پايدىلىنىپ، يىلتىزغا قايتىش، يىلتىزنى ئىزدەشتەك خاھىشنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئانا تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاشتەك يىلتىزنى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىشقىيارغا باغلىغان، نۇرغۇنلىغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ۋارىسى بولغان ئىشقىيارنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەللىككە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيەتكە بالا كەلتۈرۈۋاتقان، ئاپەت تۇغدۇرۇۋاتقان ئامىللارنىڭ، ئىللەتلەرنىڭ ئەتراپىمىزدا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نەپرەتلىنىدۇ، خاۋاتىرلىنىدۇ. مانا بۇ ئەسەر ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان دۇنياۋى كرىزىس تۇيغۇسىدۇر.

## 2. «يۈرەكتاغ» ناملىق پوۋېستى

«يۈرەكتاغ» ناملىق پوۋېست مۇھەممەت باغراشنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا 90 - يىللاردىكى ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ياخشى پوۋېستلاردىن بىرى. يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا، قەدىمكى دەۋر رىۋايىتىنى ھازىرقى دەۋر رېئاللىقى بىلەن ئۇنۇملۇك باغلاپ، ئەۋلاد بىلەن ئەجداد مۇناسىۋىتىگە دائىر پەلسەپىۋى - دىداكتىك قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يىراق قەدىمقى زامانلاردا تەكلىماكان ۋادىسى ناھايىتى گۈزەل بوستانلىق بولۇپ، بۇ يەردە ياشايدىغان خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ پاسىبانى بەگقۇلىبەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھايىتى بەختلىك ياشايدىكەن. ئەمما دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا ھەسەت قىلىپ، بۇ يۇرتنى بېسىۋالماقچى بولۇپتۇ. بەگقۇلىبەگ خەلقىنى باشلاپ دۈشمەنلەرنى سۈر - توقاي قىلىپ، زەپەر قۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، دۈشمەن باشلىقى سېھىر ئىشلىتىپ، بۇ گۈزەل ۋادىغا قۇم ياغدۇرۇپ، ھەممىنى قۇم ئاستىغا غەرق قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ. دېگەندەك پۈتۈن يۇرت قۇم ئاستىدا قاپتۇ. ئەمما بەگقۇلىبەگكە ئەگەشكەن بىر بۆلۈك خەلق ئاپەتتىن ئامان قاپتۇ. بەگقۇلىبەگ خەلقىنى گۈزەل ۋادىلارغا باشلاپ مېڭىپتۇ، ئەمما مەنزىل ناھايىتى يىراقتا بولغاچقا، ئۇلار ئاچلىقنىڭ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ، ئىسسىقنىڭ ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، قىرىلىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. باشقا ھاياتلىق يولى قالمىغاندا، بەگقۇلىبەگ ئۆزىنىڭ تومۇرىنى كېسىپ، خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ بالىلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ. خەلق بەگقۇلىبەگنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاتا قىلغان ھاياتلىق ئارقىلىق يەنە جانلىنىپتۇ، بالىلارنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوشۇنغا بەگنىڭ ئايالى ئوتلۇق - كۆكلەئىنە يېتەكچىلىك قىپتۇ. نۇرغۇن يوللار بېسىلغان بولسىمۇ، ئەمما نىجاتلىق تېپىلماپتۇ، بالىلار ھالسىزلىنىپتۇ، چوڭلار كۈچ - مادارىدىن قېلىپتۇ، قىرىلىپ تۈگەش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قاپتۇ. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئوتلۇق - كۆكلەئىنە يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، خەلققە گۈزەل زېمىن، تاتلىق سۇ، سۈزۈك ئاسمان تەقدىم قىپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بىر يۈرەكتاغ پەيدا بوپتۇ، تاغ باغرىدا يېڭىچە ھاياتلىق باشلىنىپتۇ. خەلق يۈرەكتاغنى ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇپتۇ.

مانا بۇ مەزكۇر پوۋېستتا ھېكايە قىلىنغان قەدىمكى بىر رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى. ئەسەرنىڭ رېئال تەركىبى مانا مۇشۇ قەدىمكى رىۋايەت بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا قانات يايدۇرۇلغان. پوۋېستتا تەسۋىرلەنگىنى بۈگۈنكى دەۋر تۇرمۇشى. يۈرەكتاغ ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتنى بوۋاي - مومايلار ھېكايە قىلىشىپ يۈرۈپ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىتىۋەتكەن. شۇڭا بۇ رىۋايەت خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. يۈرەكتاغنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆزىمۇ يۇرتقا يېقىندىنلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ تاغقا ھېچكىشى قەدەم بېسىپ باقمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە تېخىمۇ سىرلىق بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يېزىدىكى مىرۋۇش، تۇرەك دېگەن ئىككى بالا ۋە شەھەردىن مومىسىنى يوقلاپ چىققان ئېلدوس دېگەن يەنە بىر بالا يۇرەكتاغنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. پوۋېستىنىڭ ئاساسىي سۇژىتىدا مۇشۇ ئۈچ بالىنىڭ سەپىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئۈچ بالا جاپالىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ يۇرەكتاغقا قىلغان سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەمما قاتتىق بوراندا قۇم ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. جامائەت بالىلارنىڭ جەسىدىنى تېپىپ يۇرتقا قايتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارغا كۆكلەئىنەنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ جەسىدىنى يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئايروپىلان ۋە خىزمەتچى خادىملار ئۇچرايدۇ. شۇ چاغدا نارىش قاتارلىق بوۋايلار بۇ بىرقانچە كۈندىن بېرىقى يامغۇر، بوران ئاپەتلىرىنىڭ، پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىغان تۇماننىڭ ئەشۇ قەبرىلەرنى ئېچىش - كولاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، بالىلارنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ مۇشۇلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نارىش بوۋاي بۇ ئۈچ بالىنىڭ جەسىدىنى يۇرت ئىچىگە ئەمەس، يۇرەكتاغقا دەپنە قىلىشنى قارار قىلىدۇ. پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق ۋەقەلىك مانا مۇشۇ.

يازغۇچى بۇ پوۋېستتا قەدىمكى رىۋايەت بىلەن ھازىرقى رېئاللىقنى گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئۈچ بالىنىڭ تراگېدىيىسى ئارقىلىق، ئەجدادلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، ئەجدادلارنى ئۇنتۇپ قېلىش ئەۋلادلارنى تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدۇ، دېگەن قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەزكۇر پوۋېست يېقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «يىلتىز ئىزدەش» ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەردە گەۋدىلىك قىلىپ بالىلارنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى — ئۆلۈمى يېزىلغان. بالىلارنىڭ ئۆلۈمى ئەسەرنىڭ ئەڭ ھالقىلىق قىسمى بولۇپ، بۇ ئۆلۈم ئارقىلىق يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. يازغۇچى ئەسەردە ئالدى بىلەن بەگقۇلىبەگ بىلەن كۆكلەئىنەنىڭ ئۆلۈمىنى يازغان. يازغۇچى بۇ ئۆلۈمنى تەسۋىرلىگەندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ھاياتلىقى، بەختى ئۈچۈن جانپىدا قىلغانلىقىدەك ئۇلۇغلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئەۋلادلىرىنى ساقلاپ قېلىشتەك ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە ئۆلۈم ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى قىممەتلىك روھ ئىدى. ئەمدى بۇ ئۈچ بالىنىڭ ئۆلۈمىنى — تراگېدىيىسىنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ دېگەن مۇھىم مەسىلىگە كەلسەك، يازغۇچى بوۋاينىڭ تىلى ئارقىلىق بۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى ئەجدادلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمىز، ئۇلارنى تاشلىۋەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت تۇزكورلۇقىمىز كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ:

«... مۇشۇ بالىلىرىمىز كىچىك بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىزنى ياد ئېتىپ، بىز

ئۆيلىمىغاننى ئۇيلاپ مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار بولۇپتۇ! بۇنىڭ گۇناھى كىمدە؟ ئاتا ـ بوۋىسىنى ياد ئېتىپ چىققان مۇشۇ ئۈچ ئوغۇل بالىدىمۇ ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن، ئۆلارنىڭ روھىدىن يۈز ئۆرۈپ، بىر بۇردا ناننىڭ قۇلى بولۇپ، تىرىكلىك غەۋغاسىدا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويغان بىزدىمۇ؟ بىزمۇ مۇشۇ باللاردەك ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى ياد ئېتىپ تۇرغان بولساق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ يۈرىكىدىن بىنا بولغان يۇرەكتاغنى تاشلىۋەتمەي تاۋاپ قىلىپ تۇرغان بولساق، مۇشۇ باللارنى ماۋۇ ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ، مۇنۇسى ئۇلۇغ موماڭنىڭ ياتقان يېرى بولىدۇ دەپ پات ـ پات يۇرەكتاغقا ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئاپىرىپ تۇرغان بولساق، بۇ باللار بۈگۈنكى قىسمەتكە دۇچار بولامتى؟ مانا ئەمدىچۇ؟ كۆكلەئىنەمنىڭ گۆرىنى ئېچىپ، ئۇستىخانلىرىنى ئېلىپ كېتىشىپتۇ. ئەتە بەگقۇلىبەگ ئاتىنىمۇ شۇنداق قىلغۇدەك! ئەمدى كىمگە تېۋىنىمىز، ئەمدى كىمگە سېغىنىمىز؟ كىم گۇناھكار؟ مانا بىز ـ مۇشۇ تۇرغانلار! مۇشۇ چوڭلار! بىزنى شۇ تاپتا ئاسىي دېسىمۇ، ‹گۇمراھ› دېسىمۇ، ئىشقىلىپ نېمىلا دېسە ئەرزىيدۇ! ئەلھۆكمىللا، دەپ بېشىمىزنى سېلىپ تۇرماقتىن باشقا ھېچقانداق سەۋەب ـ باھانىمىز يوق! گۇناھىمىز ئۈچۈن يۈزىمىز قىزارسۇن! ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى ئالدىدا، يۇرەكتاغنىڭ ئالدىدا، مۇشۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يۈزىمىز قارا» .

نارىش بوۋاينىڭ مۇشۇ سۆزى ئارقىلىق يازغۇچى ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئەجدادلىرىمىزنى، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا چاقىرغان. يازغۇچى بۇ مەركىزىي ئىدىيىنى ئەسەرگە ئېفىگراف قىلىپ ئالغان «ئوغلۇم، ئاتاڭ ئاچقان بوزنى، ئاتاڭ كەچكەن سۇنى ئىمانىڭنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەشنى بىل» ، «ئوغلۇم، ئاتا ـ بوۋاڭنى، ئۇلار ياتقان يەرنى دائىم ياد ئەت، ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشى چۆلدەرەپ قاراقسىز قالسا، يەرلىكى ئېچىلىپ قالسا، قارا بوران چىقىپ، جاھانغا توپا يېغىپ، كۈننىڭ يۈزى تۇتۇلىدۇ» ، دېگەن ئاتا ـ ئانا سۆزىدىمۇ روشەن گەۋدىلەندۇرگەن.

يازغۇچى ئەسەرنى باللارنىڭ تراگېدىيىسى ئارقىلىقلا ئاخىرلاشتۇرغان. ئەسەردە باللارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بەگقۇلىبەگ، كۆكلەئىنەلەرنىڭ ئۆلۈمى ماھىيەتلىك باغلىنىشقا ئىگە قىلىنغان. بەگقۇلىبەگ، كۆكلەئىنەلەر ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ بالاسىدىن، ئۆلۈم گىرداۋىدىن ساقلاپ قالغان بولسا، بۇ باللار ئۆز ئۆلۈملىرى ئارقىلىق دەۋرىمىز كىشىلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىكى گۇمراھلىقتىن، ئەجدادلارنى ئۇنتۇپ قېلىشتەك جىنايەتتىن تېزراق قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلغان. ھېسابتا بۇ ئۈچ بالىنىڭ ئۆلۈمى نارىش بوۋاينىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «يۇرەكتاغقا بېرىشنى، ئۇ يەرنى تاشلىۋەتمەسلىكنى، ئۇ يەرنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكنى بىزنىڭ سەمىمىزگە سالدى، شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىزگە ئۆگەتتى. بىزنى غەپلەتتىن، ئازغۇنلۇقتىن تارتىپ چىقاردى. بىزنى ئويغاتتى! » . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۈچ بالىنىڭ تراگېدىيىسى ماھىيەتتە ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تراگېدىيىسى، ھازىرقى دەۋر ئادەملىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنىۋى جەھەتتىكى ئىللەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان تراگېدىيە. ئەسەر ئىدىيىسىنىڭ تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، يازغۇچى بۇنداق تراگېدىيىلەرنىڭ يەنە يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ يىلتىزىنى ئۈنتۈپ قالماسلىقىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ.

«يۇرەكتاغ» پوۋېستىدا مۇھەممەت باغراشنىڭ ئەسەرلىرىدە ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ھاياتلىقتا، رېئاللىقتا، جەمئىيەتكە، تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش؛ ھازىرقى دەۋر ئادەملىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ھەر خىل تراگېدىيە ـ پاجىئەلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى، شۇنداقلا ئۇنى كۆيۈمچانلىق بىلەن تەنقىدلەشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇش؛ شەخسنىڭ ئايرىم سەرگۈزەشتىلىرى، يەككە خاراكتېرىنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ ئورتاق سەرگۈزەشتىلىرىنى، مەنىۋى جەھەتتىكى ئومۇمىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىش؛ ئادەم بىلەن تەبىئەتنى بىر گەۋدە قىلىپ، تەبىئەت قوينىدىكى ئادەمنى يېزىش، تەبىئەتنىڭ تەبىئىيلىكىنى قوغداش، ئۇلۇغلىقىنى تونۇتۇش ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش؛ سېھرىي ـ ئەپسانىۋى تەركىبلەرنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش؛ ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن زامانىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش؛ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھاكىمىلەرگە ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىشقا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى خېلى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

## 3 § . خالىدە ئىسرائىل

خالىدە ئىسرائىل — يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتقا باي، لىرىكىلىقى كۈچلۈك، پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ روھىي دۇنياسى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن، بايان ۋە تەسۋىرلىرى ئىنتايىن نەپىس بىر تۈركۈم پوۋېستلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى پروزىچىلىقىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتتى، شۇنداقلا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى چولپان» دېگەن شەرەپكە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئوربىتا»، «مەختۇمسۇلا» قاتارلىق بىر تۈركۈم پوۋېستلىرى تېمىسىنىڭ رەڭدارلىقى، ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى يۈكسەكلىكى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى نامايان قىلىدىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ قالدى.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

خالىدە ئىسرائىل 1952 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە

تۇغۇلغان. مەمۇرىي ۋەزىپىدىكى ئاپىسىنىڭ خىزمىتىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن، ئۇ بالىلىق - ئۆسمۈرلۈك يىللىرىنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، 1971 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. 1972 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1975 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ هازىرغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1985 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ئېھ، هايات» ناملىق هېكايىسى بىلەن باشلانغان. شۇندىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان 10 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت هاياتىدا ئۇ «ئانا»، «ئويغىنىش»، «ئەڭ گۈزەل خاتىرە»، «يىلتىز»، «هاڭگىرت كۆلى»، «تىمتاس شەهەر»، «ئارمان» قاتارلىق هېكايىلەرنى، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئۇ كۆزلەر»، «رەڭدار قۇيۇن»، «باهاردا ياغقان قار»، «مەختۇمسۇلا»، «ئوربىتا» قاتارلىق پوۋېستلارنى يېزىپ، بۇ ئەسەرلەردە يارىتقان يۇقىرى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

خالىدە ئىسرائىل «ئېھ، هايات» ناملىق تۇنجى هېكايىسىدا، ئەسەر باش قەهرىمانلىرىنىڭ ئارشاڭدىكى بىر مەزگىللىك تۇرمۇشى ۋە شۇ جەرياندىكى ئىدىيىۋى هېسسىياتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق مۇهەببەتنى ئۇلۇغلاپ، گۈزەللىكنىڭ سېھرىي كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، هاياتنىڭ قىسمەتلەرگە باي، رەڭدار كۆرۈنۈشلىرىنى ئىپادىلىگەن. بۇ هېكايە ئايالنى باش قەهرىمان قىلغانلىقى، پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەنلىكى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، لىرىكىغا بايلىقى، سۈژىتىنىڭ سۇسلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئالاهىدىلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئاپتور بۇ هېكايىسىدە كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنى يازغان ئەمەس، بەلكى ناهايىتى ئاددىي، كىشىلەر تەرىپىدىن ئايالLARنىڭ غەيۋەتلىرى دەپ ئاتالغان «كۈس - كۈس» پاراڭلار ئارقىلىق هاياتلىقنىڭ كىشىلەر تازا زەن سېلىپ كەتمەيدىغان، ئاسانلا هېس قىلالمايدىغان نازۇك تەرەپلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، هايات گۈزەل، ئۇنىڭ پىنهان چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئىنسانلارنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمى بىلەن ئاچچىق كۆز يېشى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. يازغۇچى ئارشاڭدىن ئىبارەت بۇ هاياتلىقنىڭ كىچىككىنە بۆلۈكىنى تۇتقا قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئارشاڭنىڭ مۇڭلۇق ئۆتمۈشىنى سۆزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزلىرىدىن ياشلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ياش چوكان گۈلچېھرەنىڭ دوختۇر قاسىمغا بولغان مۇهەببىتىنى تەسۋىرلەيدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۈتكۈل هېكايە بىر گۈزەل شېئىرغا ياكى يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا مۇكەممەل سۈژىت قۇرۇلمىسى ۋە «ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن»

www.uyghurkitap.com

پېرسوناژلار ئوبرازى يوق. يازغۇچى بىر ماھىر قەلەم ئىگىسىگە خاس سەزگۈرلۈك بىلەن، تۇرمۇشنىڭ ناھايىتى ئاددىي ۋە «تۇتامغا چىقمايدىغان» تەرەپلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

ھېكايىدە تۇراخۇن بوۋاينىڭ گويا چۈشكە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئۇلانما ھېكايىلىرى بىزگە ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئۈزلۈلمەس ئېقىمىدىكى تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان چۈچۈك كارتىنىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئارىشاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ياش چوكان گۈلچېھرەنىڭ قەلبىدە ئويغانغان مۇھەببەت ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتىۋېتىدۇ. ئۇ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ… يەنە بىر تەرەپتىن ئارىشاڭدىكى ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ: ئاياللار ھاۋائانىدىن قېپقالغان كۆندەشلىك ۋە رەشك ئازابى بىلەن گۈلچېھرەگە ھەم ئۆچلۈك، ھەم قىزىقىش ئىچىدە قارايدۇ؛ ئەرلەر ئۆز نازاكىتى ۋە ئاياللارغا خاس ناز ـ خۇلقى بىلەن ھەممە ئەركەكلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەت قىلىۋاتقان بۇ يېقىملىق چوكانغا ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ.

دېمەك، ئارىشاڭ ئۆز نۆۋىتىدە بىر جەمئىيەت، شۇنداقلا ھاياتلىق دۇنياسى. يازغۇچى كىچىككىنە ئارىشاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆزنەك ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ خىلۋەت بوشلۇقلىرىغا يوشۇرۇنغان ئاچچىق خۇشاللىق بىلەن شېرىن ئازابنى تولۇق ئېچىپ بېرىدۇ. مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، گۈزەللىكنىڭ ھەممىنى مەپتۇن قىلىدىغانلىقىنى، ئاددىي تۇرمۇش قاينىمىغا مۇرەككەپ ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ھاڭگىرت كۆلى» (1988 ـ يىلى) ناملىق ھېكايىدىمۇ يازغۇچىنىڭ يۇقىرىقى ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ ھېكايىدىمۇ يازغۇچى بىر ئايالنىڭ مۇھەببەت ـ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىجادىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، تۇرمۇش، خىزمەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئاياللار ئازادلىقىنى تەكىتلەشتەك ئاساسلىق ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈردى، شۇنداقلا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى ئىپادىلەشكە دىققەت قىلىپ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ئېچىپ بەردى. يازغۇچى ھېكايىدە بىر تەرەپتىن، باش قەھرىمان زۆھرەنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە، جەمئىيەت، ئەخلاق ئالدىدىكى تېڭىرقىشىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئاياللار ئازادلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك بىر غايە ئۈچۈن ئىنتىلىپ، ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىدەك جەڭگىۋارلىقىنى تەسۋىرلىگەن. گەرچە ئۇ ئاخىرى يەنىلا تراگېدىيىلىك تەقدىردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، بەرگەن قۇربانلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىسيانكارلىق روھى كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ھېكايە ئىجادىيىتىدە «تىمتاس شەھەر»

نامىلىق ھېكايىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ھېكايىدە ئەسەر باش قەھرىمانى ئابلىزنىڭ بىر قاتار سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلغان. ئۇ مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ ئادەتتىكى بىر خىزمەتچىسى بولۇپ، ناھايىتى ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ باشلىقلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەيدۇ. يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان شەھەر باشلىقى ئابلىزنىڭ تۇغقىنى ئىكەن دېگەن يالغان خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا، ئورنىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ھەممە ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ، ياخشى ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، ھەتتا قىز ـ ئاياللارنىڭمۇ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدۇ. شەھەر باشلىقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئابلىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ، ئابلىزنىڭ قورقۇنچ ـ ۋەھىمىسى كۈچىيىدۇ، ئەمما باشلىق ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن راست ئاكا ـ ئۇكىلاردەك پاراڭلىشىدۇ. «يازغۇچى بۇ ئەسەردە كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان، شۇنداقلا چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان رېئال مەسىلىنى ئۆزگىچە ماھارەت بىلەن كۆرسىتىپ، ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەخلاقىي زەئىپلىك بىلەن مەنىۋى قاششاقلىق تۈپەيلى ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتقان ھالسىز ھاياتىمىزنىڭ ساتىرىك مەنزىرىسىنى سىزىپ بەردى» (مۇھەممەت پولات). «ئىمتاس شەھەر» خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلىپ يازغان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، يازغۇچى ھېكايىدە ئاددىي كىشىلەرنىڭ قىسمەتلىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ۋە مەنىۋىيىتىمىزدىكى رەزىللىكلەرنى كېلىشتۈرۈپ مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان.

پوۋېست يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ گەۋدىلىك ئەدەبىي شەكىل بولدى. ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى خالىدە ئىسرائىل بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئوربىتا»، «مەختۇمسۇلا» قاتارلىق پوۋېستلىرى بىلەن ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىنى تېما جەھەتتىن تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلدى، شۇنداقلا لىرىك پروزىچىلىقتىن ئىبارەت ئۆزگىچە بىر خىل ئىجادىيەت خاھىشى ھەققىدە ئىزدەندى. ئۇ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» نامىلىق پوۋېستىدا قەدىمكى بىر رىۋايەتكە ئىجادىي ياندىشىپ، بىر تەرەپتىن، تەكلىماكان باغرىدا ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەببەتنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھاياتلىق ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«مەختۇمسۇلا» نامىلىق پوۋېستىمۇ يازغۇچىنىڭ خەلق ئىجادىيىتىگە ئىجادىي ياندىشىشتەك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يازغۇچى بۇ پوۋېستنى

www.uyghurkitap.com

خەلق داستانى «چىن تۆمۈر باتۇر» ئاساسىدا ئىجادىي يېزىپ چىققان. خالىدە ئىسرائىل خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قايتىدىن ئىجادىي يېزىپ چىقىشتا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەن ھەم ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن يازغۇچى. خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ يۈرگەن مەختۇمسۇلا ھەققىدىكى ھېكايىنى ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئىجادىيەت تالانتى ئاساسىدا ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە جانلىق ھېكايە قىلىپ يېزىپ چىققان. خەلق داستانىغا مۇراجىئەت قىلغاندا، ئۇ ئاساسەن دېگۈدەك ئىجادىي يول تۇتۇپ، ئەسلىدىكى ئەپسانىۋى، خىيالىي تەركىبلەرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىجادىي تەپسىلاتلارنى قوشۇپ، ئەسەرنى بىر پارچە مۇنەۋۋەر رېئالىزملىق ئەسەرگە ئايلاندۇرغان. يازغۇچى «مەختۇمسۇلا» پوۋېستىدا، ئەسەرنىڭ چىڭگىزخان ئىستىلاسى دەۋرىدىن ئىبارەت تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىنى ئەشۇ تارىخىي رېئاللىق بىلەن ناھايىتى زور دەرىجىدە باغلاپ، ئەسەر پېرسوناژلىرىنى تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارغا ئايلاندۇرغان. يازغۇچى ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭگىزخان ئىستىلاسىغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى كۆپ سەھىپىلەردە تەسۋىرلەپ، خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مەختۇمسۇلانىڭ ئائىلىسى موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ قەھرىمانلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قانچە ئاكىسى موڭغۇللار بىلەن بولغان كۈرەشتە باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ. چىن تۆمۈر باتۇر، مەختۇمسۇلالار موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغان مەزگىلدە تۇغۇلىدۇ. ئەمما ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالىدۇ. مۇستەقىل تۇرمۇش ۋە جەڭگىۋار ھايات ئۇلارنى تولىمۇ باتۇر، قەيسەر قىلىپ تاۋلاپ چىقىدۇ. مەختۇمسۇلانىڭ بىر تال چېچىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى يوقاتقان موڭغۇل شاھزادىسى ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپى قويىدۇ. ئەمما مەختۇمسۇلا، چىن تۆمۈر باتۇرلار بۇنى ئۆزلىرىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قاراپ، قەتئىي رەت قىلىدۇ. ھەرقانداق ۋاستىسىنى ئاقتۇرالمىغان موڭغۇللار ئاخىرى قېرى موماي ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، مەختۇمسۇلانى بۇلاپ ئېلىپ قاچىدۇ. چىن تۆمۈر باتۇر، كەنجى قاتارلىقلار موڭغۇللار بىلەن بولغان جەڭدە شۇنچىلىك قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما سانسىز دۈشمەنگە تەڭ كېلىپ بولالمايدۇ. مەختۇمسۇلا موڭغۇللارنىڭ كىگىز ئۆيىدە ياشىغان بىر قانچە يىلدا قارشىلىقنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمايدۇ، شاھزادىغا بىر قېتىممۇ ئىلتىپات قىلمايدۇ، پۈتۈن ئوي ـ خىيالى يۇرتىدا، ئاكىسىدا، سۆيگەن يىگىتىدە بولىدۇ. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەندە ئۇ پەم ئىشلىتىپ، باتۇرلۇق كۆرسىتىپ موڭغۇل ئوردىسىدىن قاچىدۇ. ئوغۇللىرىنىڭ نالە ـ پەريادى، پاجىئەلىك ئۆلۈمىمۇ ئۇنى ئىرادىسىدىن قايتۇرالمايدۇ. ھەيۋەتلىك ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۆز يۇرتىغا ئاياغ باسقاندىن كېيىن نەچچە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئەركىن نەپەس ئالىدۇ.

يازغۇچى بۇ پوۋېستتا، چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىن ئىبارەت تارىخىي

شارائىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللار ئىستىلاسىغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى، تاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلمى ۋە يولسىزلىقىغا بولغان چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىنى شۇنداقلا خەلقنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىي ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يازغۇچى مەختۇمسۇلانىڭ ھاياتىغا تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆز بالىلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت كۆرۈنۈش ئارقىلىق يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قەھرىمانلىق بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئۇيغۇر روھى بۇ ئەسەردە ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتىگە كەلسەك، يازغۇچى ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي رېئاللىقىنى يېزىشقا، پېرسوناژلارنى ئەشۇ تارىخىي شارائىتقا قويۇپ تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ تەرەپتىن مەزكۇر پوۋېست قويۇق تارىخىي تۈسكە ئىگە بولغان بولۇپ، خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيىتىدىكى بىر ئۆزگىچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئورىبىتا» خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە يازغۇچىنىڭ ھايات قارىشى، جەمئىيەت قارىشى، ئاياللار قارىشى ھەمدە ئەدەبىيات قارىشى مەركەزلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تالانتى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ئىزدىنىش ـ يېڭىلىق يارىتىش روھى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ بىر پارچە لىرىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىق قىلىپ ئەسەر باش قەھرىمانى ئاسىيەنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىش ئاساسىدا، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. ئاسىيە مەلۇم تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى. ھېسابتا ئۇ دەۋرىمىزدىكى زىيالىي ئاياللارنىڭ ۋەكىلى. ئەمما ئۇ ھاياتقا، تۇرمۇشقا، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى، ئائىلىدىكى ئورنىغا سوئال نەزەرى بىلەن قارايدۇ، بىر قاتار مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئاخىرى ئۇ ئاياللارنىڭ قانداقتۇر بىر «ئورىبىتا»دىن يىراقلىشالمايۋاتقان پاجىئەسىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. «ئاسىيە تراگېدىيىسى بىزگە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھالدىكى ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى سېلىشتۇرۇش ئېڭى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئېلىشىشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئاسىيەنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئاياللارنىڭ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ئىزدىشى ـ ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئەگرى ـ توقاي بىر جەريان. ئۇ ئاياللاردىن رېئال تۇرمۇشتىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتتىمۇ ئەرلەر بىلەن تەڭ ـ باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىگە خوجا بولۇشنى، مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈشنى ھەم ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەنئەنە بولۇپ ساقلىنىپ قالغان كونا، قالاق قاراشلارنى يېڭىپ، ئۆزىدە بىر ئويغاق روھ تىكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكىمۇ ئاياللارغا تەڭ ـ باراۋەر قاراپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ مەزكۇر پوۋېستتا ئوتتۇرىغا قويغان تۈپ ئىدىيىسىدۇر.»①

خالىدە ئىسرائىل ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن

① ئارزىگۇل تۇراپ، گۈلشەن بەسىر: «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى ئاياللار»، «تارىم»، 2001 ـ يىللىق 5 ـ سان، 110 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. بىرىنچىدىن، خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرىنىڭ لىرىكىلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلاردا ئاساسلىق قىلىپ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ھەر خىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، يازغۇچى ئىنسان خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق روھىي دۇنياسىنى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە سۈرەتلەپ بېرىپ، ئىنسان خاراكتېرىنى سۈرەتلەشنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتقان. ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن ئۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق باش تېمىسى قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇ ئاياللار ئازادلىقى ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك چۇقان سالغۇچىدۇر.

## 2. «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ناملىق پوۋېستى

«قۇملۇقنىڭ چۈشى» ناملىق پوۋېست خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

تېما ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، «قۇملۇقنىڭ چۈشى» يېڭى دەۋر يازغۇچىلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچتى. يازغۇچى بۇ ئەسەرنى خەلق ئارىسىغا تارقالغان ھەۋزىخان ھەققىدىكى رىۋايەت ئاساسىدا يېزىپ چىققان. شۇنى تىلغا ئېلىش كېرەككى، ھەۋزىخان ھەققىدىكى رىۋايەت باشقا رىۋايەتلەرگە ئوخشاش ئۇنداق مۇكەممەل، سىستېمىلىق ساقلىنىپ، خاتىرىلىنىپ قالمىغان. يازغۇچى ھەۋزىخان ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ يىپ ئۇچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئېنىق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خاراكتېرى روشەن پېرسوناژلار بىلەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، تۇرمۇش پۇرىقىغا باي تەپسىلات ــ توقۇلمىلار بىلەن بېيىتىپ، ئۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىجادىي ئەسەرگە ئايلاندۇرغان، شۇنداقلا بۇ ئەسەردە خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، مۇھەببەت ــ نەپرىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، خەلق ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى.

«قۇملۇقنىڭ چۈشى» كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر پارچە لىرىك پوۋېست بولۇپ، ئۇنىڭ سۇژىتى بەئەينى بىر سىمفونىيىگە ئوخشايدۇ. بۇ سىمفونىيە ئەمەلىيەتتە ئەسەر باش قەھرىمانى بولغان ھەۋزىخاننىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھايات سىمفونىيىسىدىن ئىبارەت. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىپ مەھەللە ئارىلاپ كېتىپ بارغان ھەۋزىخان ئانىسىغا بىرقانچە تال غورا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ناتونۇش ئادەمنىڭ بېغىغا كىرگەندە، مەجبۇرلىنىپ ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ قەلبىدە ئېغىر جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. ئارقا ــ ئارقىدىن كەلگەن ئانىسىدىن ئايرىلىش، ئۆزى ئەڭ يىرگىنىدىغان ئادەم بىلەن توي قىلىش، تۇل بولۇپ ئولتۇرۇش… قاتارلىق بىر قاتار كەلگۈلۈكلەر ئۇنىڭ شوخ، قىزغىن خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. كۆڭلەرنىڭ

ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنى يېنىشقا باشلاپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ ئۇچقۇن بىر گۈلخانغا ئايلىنىدۇ. ھەۋزىخان باشقا يېزىدىكى ئابدۇللا ئىسىملىك يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ھەمدە ئابدۇللا بىلەن مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتىش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىسى يۇرتتىن قېچىپ كېتىپ باشقا يۇرتلاردا توي قىلىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىدۇ. بىر مەزگىللەر ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ بەختلىك تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما بۇنداق بەختلىك كۈنلەر ئۇزاققا بارمايدۇ. ئابدۇللا ھەۋزىخانىنىڭ جان ـ جىگەر دوستى ھەمراخان بىلەن خۇپىيانە باردى ـ كەلدى قىلىپ، ھەۋزىخانغا يامان مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما مۇھەببەتنى، ئائىلىنى مۇقەددەس بىلىدىغان ھەۋزىخان ئائىلىسىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما كۆز ئالدىدىلا بولۇۋاتقان رەزىللىك ئۇنى ئەقلىدىن ئاداشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ جان ـ جىگەر دوستى ھەمراخاننى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك تۈرمىگە تاشلانغان ھەۋزىخان دوستى ھەمراخاننى سېغىنىدۇ. دادىسىغا، قورسىقىدىكى بالىسىغا چىدىمايدۇ، ئەمما ئابدۇللانىڭ قۇتقۇزۇۋېلىش تەلىپىنى، مانجۇ سوتچىنىڭ توي قىلىش تەلىپىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۆلۈمنى تاللىۋالىدۇ.

«قۇملۇقنىڭ چۈشى» ئىنسان يېزىلغان، ئىنسان خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن، ئىنساندىكى غۇرۇر ئۇلۇغلانغان ئەسەر. ئەدەبىي ئەسەر شەكلى ئارقىلىق ئىنسان خاراكتېرى ھەققىدە ئىزدىنىش — خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە ھەۋزىخانىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىش ئارقىلىق، ئىنسانىي غۇرۇرنى، ئۇنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك روھ ئىكەنلىكىنى، ھەۋزىخانىنىڭ غۇرۇر بىلەن ياشاپ، غۇرۇرى ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنى يازغان. ھەۋزىخان ھەقىقىي ئادەمىيلىك غۇرۇرىغا، ئادەمىيلىك پەزىلەتكە ئىگە. بۇ جەھەتتىن ئۇ دوستى ھەمراخاندىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تۇنجى قېتىم باينىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ غۇرۇرى قاتتىق خورلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىدىن يىرگىنىدۇ، ناپاك تېنىنى ئۆستەڭگە چىلاپ پۈتۈن بىر كېچە تۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ ناپاك تېنىنى باشقا بىر پاك تەنگە بېغىشلىغۇسى كەلمەي، ئۆزى ئۆلگىدەك نەپرەتلىنىدىغان باي بىلەن توي قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى جازالايدۇ. باي بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن بولسا، ئوخشاشلا ئۆز غۇرۇرىنى، ئىپپىتىنى ساقلاپ ياشايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش تۇل دوستى ھەمراخان بولسا «ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا، جىگدىلىكتە ئالدىنى توسۇۋېلىپ، مەيدىسىنى سىلاپ، يوتىسىنى چىمداپ ئوينىشىدىغانلارنى نېرى تۇر دېمەيدۇ، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگىنى بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك يۈرۈۋېرىدۇ. ھەۋزىخان بولسا، ئالدىغا كەلگىنىنى چىشلەپ، ئارقىسىدىن كەلگىنىنى تېپىپ دېگەندەك ھېچقاندىقىنى ئۆزىگە يولاتمايدۇ، تالا تۈزگە چىققان چاغلىرىدىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئارتۇقچە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كەتمەيدۇ». ئۇ ئابدۇللا بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغاندىن كېيىن بارلىقىنى ئابدۇللاغا، ئۇنىڭ بىلەن قۇرغان ئائىلىسىگە بېغىشلايدۇ، قوشنىسى روزىمۇھەممەتئاخۇننىڭ يامان نىيەتلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاسىنى بېرىپ، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلايدۇ. ئابدۇللانىڭ ھەمراخان بىلەن بولغان غەيرى مۇناسىۋىتىنى كۆرگەندە بولسا ئۇنىڭ غۇرۇرى يەنە بىر قېتىم قاتتىق خورلىنىدۇ ۋە مۇشۇ خورلۇققا چىداپ بولالماي، دوستى ھەمراخاننى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. جان ـ جىگەر دوستىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆز غۇرۇرىنى، ئۆز مۇھەببىتىنى، ئۆز ئائىلىسىنى قوغداش يولىدىكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن، ئەقىل كونتروللىقىنى يوقاتقان بىر خىل ئۇرۇنۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەۋزىخاننىڭ ئۆز غۇرۇرىنى قوغداش، ساقلاش جەھەتتىكى بۇنداق ئالاھىدە روھى يەنە ئۇنىڭ ياشاشنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ، ئۆلۈمنى باتۇرلۇق بىلەن تاللىۋېلىشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھەۋزىخان تۈرمىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن ئابدۇللا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ، ئەمما بۇنداق ياشاشنى خالىمايدۇ، كېيىن ئامبال ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىش بەدىلىگە ئۇنىڭغا ھاياتلىق بەرمەكچىمۇ بولىدۇ، ئەمما ھەۋزىخان بۇنداق ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. شۇنداق، ھەقىقىي ئىنسان ئۈچۈن غۇرۇرىنى يوقىتىپ، خورلىنىپ ياشىغاندىن ئۆلۈم مىڭ ھەسسە ئەۋزەل بولۇپ تۇيۇلىدۇ، ھەقىقىي غۇرۇرلۇق كىشىلەرلا ھەۋزىخانغا ئوخشاش ئۆلۈمگە دادىللىق بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ. قىسقىسى، ئىنسان غۇرۇرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش، غۇرۇرلۇق ئىنسانلارنى مەدھىيىلەش — بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مەركىزىي ئىدىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆرۈنۈشتىكى ھادىسىلەرنى، ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنسان ھەققىدىكى چوڭقۇر ئىزدىنىش ئىپادىلەنگەن، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ئېچىپ بېرىلگەن، ھەم بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بۇ ئەسەرنى يېڭى دەۋردىكى پروزىچىلىقىمىزغا چوڭ يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن ئەسەر سۈپىتىدە باھالىشىمىز كېرەك ئەلۋەتتە.

«قۇملۇقنىڭ چۈشى» پوۋېستىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭدا پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەشتە يېڭى بىر پەللە يارىتىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ، بولۇپمۇ باش قەھرىمان ھەۋزىخاننىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى، قەلبىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىنى، خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكنى ئۆزگىچە بىر يۈكسەكلىكتە كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى خاراكتېر يارىتىش سەنئىتىدە يېڭى بىر قەدەم تاشلانغان. يازغۇچى ھەۋزىخاننىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى يارىتىقاندا، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، ئىش ـ

پائالىيەتلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەلب تىلى، ھېسسىيات ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. تۇنجى قېتىملىق خورلۇقتىن كېيىنكى كەيپىياتى، ئابدۇللانى ياخشى كۆرۈپ قالغان چاغدىكى ھېسسىياتى، كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەن چاغلاردىكى پەرىشانلىقى، ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىنكى پۇشايمىنى، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنى تاللاش پەيتىدىكى مۇرەككەپ خىياللىرى ۋە ئۆلۈمنى تاللىغان چاغدىكى قەيسەرلىكى قاتارلىقلاردا يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىش، روھىي دۇنيانى ئىپادىلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يۈكسەك ماھارىتى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

## 4 § . ئەختەم ئۆمەر

ئەختەم ئۆمەر يېڭى دەۋر باسقۇچىدا يېتىشىپ چىققان، «تەكلىماكان روھى» نى ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچىلىكى، يېڭى تۇرمۇشنى تەسۋىرلەشتىكى ئەينەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان، تەكلىماكان بويلىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلەشنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق خاھىشى قىلغان، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتە ئۆزگىچە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ، «تاش مۇنار» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «يېگانە ئارال» ناملىق رومانى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى، كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، شۇنداقلا خەلقئارادىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئەختەم ئۆمەر 1963 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1969 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1981 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مەكتىتىكى شۆبە سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزۇلىنىڭ دىكتورى بولۇپ ئىشلىگەن. 1985 ـ يىلى قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ دىكتور بولغان. 1988 ـ يىلىدىن تارتىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. ھازىر شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1983 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «كىنوخانا ئىشىكى ئالدىدا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. 1986 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېستى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە تونۇلغان. شۇنىدىن تارتىپ 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان تەخمىنەن 10 يىللىق ۋاقىت ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ھوسۇللۇق، نەتىجىلىك يىللىرى بولدى. بۇ يىللاردا ئۇ «يۇلتۇزسىز كېچە»، «قاغجىرىغان تىنىق»، «ئۇيقۇلۇق سەھەر»، «قەدىمىي زەرداب»، «يۇرەكسىز سۆيگۈ»، «ئۇرۇمچىنىڭ ئارقا كوچىسى»، «كونا پاختا» قاتارلىق 100 پارچىدىن كۆپرەك ھېكايە، «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «قىيامەتتە قالغان سەھرا»، «ئومىقىم، كۆزۈڭنى ياشلىما»، «تاش مۇنار» قاتارلىق پوۋېستلارنى، «يېگانە ئارال» ناملىق رومانىنى، شۇنداقلا «ۋاسكىتبول چولپىنى — ئادىلجان» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلارنى، «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» قاتارلىق پوبلىستىك ماقالىلەرنى يېزىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسىرى چوڭ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئەختەم ئۆمەر «نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بىر خىلدا كېتىپ بارغان، بۇرۇقتۇرمىلىق، بېكىنمە ھالەتتىكى ھاياتنى تەسۋىرلەشتە يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ بەردى؛ ئاددىي ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئاشۇ تىنچسىز يىللاردىكى مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى، تۇراقسىز ۋە زىددىيەتلىك خاراكتېرىنى سىزىپ بەردى؛ باشقىلار دىققەت قىلمىغان ياكى ئېتىبارسىز قارىغان تېمىلارغا دادىللىق بىلەن شۇڭغۇپ كىرىپ، تەكلىماكان بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ خۇشاللىق ۋە ئازابلىرىنى، كۈلكە ۋە يىغىسىنى، ئۈمىد ۋە خۇرسىنىشلىرىنى ئىپادە قىلدى؛ شۇنداقلا پاجىئە بىلەن سۇغىرىلغان، كۆز يېشى بىلەن نەمدەلگەن تراگېدىيىلىك زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى يۇكسەك زىلزىلە، ئاجايىپ دەبدەبە بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاددىي زاغرا تىل، تۇز ۋە سىدام تەسۋىر ئارقىلىق سەنئەت يۇكسەكلىكىگە ئىگە قىلدى... ئەنە ئاشۇ تاشقى پوستى ئاددىي، ئەمما ۋۇجۇدى مۇرەككەپلىككە ۋە رەڭدارلىققا تولغان دۇنيا — ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىسىنى تاپتى. يىراقتىن بىر خىل بوزىرىپ ياتقان، بارخانلىرى مۈگدىگەن، ۋۇجۇدى قاغجىرىغان، ئەمما قوينىغا سىرلىق دۇنيانى يوشۇرۇپ ياتقان تەكلىماكان ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قايتىدىن جانلاندى.»①

ئەختەم ئۆمەر پروزىنىڭ ھەممە شەكىل ـ تۈرلىرىدە دېگۈدەك يازدى. ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە يازغان ھېكايىلىرىدە تۇرمۇشتىكى ئەدەبىي قىممەتكە ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق مەلۇم پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، ياكى مەلۇم خاراكتېرنى سۈرەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن، ئۇ «ئۇيقۇلۇق سەھەر» ناملىق ھېكايىسىدا، ئەسەر قەھرىمانى قاۋۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىپ، دېۋانىنىڭ قىزى سائادەت بىلەن توي قىلغانلىقى، ئەمما دېۋانچىلىق قىلىشقا يۈزى چىدىماي ئائالىسىزلىقتىن ئايالىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى، سائادەتنىڭ قاۋۇلنى دەپ ئۆز قەۋمىنىڭ ئادىتىنى بۇزۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ قاۋۇلنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدەك ۋەقەلىكىنى يېزىش ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغىنى، شۇنداقلا

---

① ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، 355 ـ بەت.

ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ بەك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ پوۋېستلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «قىيامەتتە قالغان سەھرا»، «تاش مۇنار» قاتارلىق بىر تۈركۈم پوۋېستلىرىدا ھاياتنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئوخشىمىغان كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەپ، تەكلىماكان بويلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستى «ھەقىقىي ئەختەم ئۆمەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى» (ئازاد سۇلتان)، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ ئاجايىپ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى، ئۆزگىچە تەسۋىرلەش سەنئىتىنى ۋە روشەن تىل ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. يازغۇچىنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ كۆپلىگەن پوۋېستلىرىنىڭ ئاساسەن يازغۇچى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتنى — مەكىت يېزىلىرىنى يېزىشقا بېغىشلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ جەھەتتە يازغۇچى روشەن تىپما ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن.

يازغۇچىنىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان بىردىنبىر يىرىك ئەسىرى ھېسابلىنىدىغان «يېگانە ئارال» (2000 ـ يىل) ناملىق رومانىدىمۇ «تەكلىماكاننى ھاياتلىق ماكانىغا ئايلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان» ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. «يېگانە ئارال» يازغۇچىنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي دىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ يازغۇچى ئىجادىيىتىدىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى بىر بۆسۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ رومانىدا يېگانە ئارال تەكلىماكاننىڭ غەربىي چېتىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۆزگىچە ئىنسانىي خىسلەتكە، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە، مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە بولغان دولانلىقلار ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن. يازغۇچى رومانىدا ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ، ئادەمىيلىك پەزىلەتلىرىنىڭ، ھاياتلىق ئۇچۇن كۈرەشنىڭ، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى كەڭ كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتلەپ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھازىرغىچە ئىپادىلەنمىگەن، ئەمما ئۇيغۇرلار خاراكتېرىدە گەۋدىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. رومانىدا تەسۋىرلەنگەن تەكلىماكان ۋادىسىغىلا خاس بولغان قۇملۇق بىلەن بوستانلىق گىرەلىشىپ كەتكەن، ئادەم بىلەن تەبىئەت بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئۆزگىچە تەبىئىي مۇھىت، مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا پەيدا بولىدىغان باتۇرلۇق، قەيسەرلىك، مەرت ـ مەردانىلىق، جەڭگىۋارلىق بىرلىشىپ كەتكەن خاراكتېر، تەكلىماكان بويلىرىدىكى باي مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتىقاد قاتارلىقلار يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش تالانتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتى يالغۇز پروزا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇ نەسر، دراما، كىنو سېنارىيىسى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، ئەدەبىي ئاخبارات، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىق ژانىر ـ شەكىللەردىمۇ ئاز بولمىغان ئەسەرلەرنى يازغان.

ئەختەم ئۆمەر ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن، مۇشۇ

ئالاھىدىلىكى بىلەن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە چوڭ تەسىر قوزغىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتى مۇنداق بىرقانچە ئاساسلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاساسلىق قىلىپ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تىپىك تەكلىماكانچە مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا، فولكلور ئالاھىدىلىكىگە، ياشاش ئۇسۇلىغا ۋە ئادەمىيلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان مەكىت يېزىلىرى، مەكىت دېھقانلىرى تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى روشەن تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان.

2. ئەختەمئۆمەر ئەسەرلىرىدە «تەكلىماكان روھى» گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئەختەم ئۆز ئەسەرلىرىدە تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە ياشايدىغان خەلقىمىزنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى، كىشىلىك ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرىنى، دەۋر، جەمئىيەت، تۇزۇم ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ياشاش شارائىتى بىلەن بولغان كۆرۈنۈشتىكى تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىش بىلەن بىرگە يەنە، بىر خىل ئىدىيە، قىممەت قارىشى، دۇنيا قاراش سۈپىتىدە ئەسىرلەردىن بېرى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، مۇكەممەللىشىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئەجداتتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ مەنىۋىيىتىمىزنىڭ ئۆلى بولۇپ تۇرۇۋاتقان تەكلىماكانغا، تەكلىماكانلىقلارغا خاس بولغان روھنى ئىپادىلىدى. ئەختەم ئۆمەر تەسۋىرلىگەن تەكلىماكان تۇرمۇش قاينىمىدىكى، رېئاللىقىمىزدىكى تەكلىماكان بولۇپ، ئەسئەت سۇلايمان نەزەرىدىكى «تارىخىي قىسمەتلەرگە باي، مەدەنىيەت تىندۇرمىسى مول، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى بولغان تارىخى كىشىنى سۆيۈندۈرۈپ، كەلگۈسى چەكسىز ئۈمىدلىك» بولغان تەكلىماكاندىن پەرقلىنىدۇ. ئەختەمنىڭ تەكلىماكانى ئۆزگىچە ئىنسان، ئۆزگىچە قىممەت قارىشى، ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆزگىچە مەھەللىۋى ئادەت بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇرگەن بىر خىسلەتلىك زېمىندىن ۋە بۇ يەردە شەكىللەنگەن ئۆزگىچە روھتىن ئىبارەت.

3. ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىدە «تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى» قوللىنىلىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى چىنلىق بىلەن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالىتى قانداق بولسا ئۇنى ھېچقانداق پەردازسىز، شۇ پېتى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش — ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىنى ناھايىتى چوڭ تەسىرگە، ئالقىشقا ئېرىشتۈرگەن ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرىمۇ دەل يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى ئەينەن يازغانلىقىدىن ئىبارەت. ئەختەم ئۆمەر ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىپ كەلگەندىن تارتىپلا تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى دادىللىقى، سىدام تەسۋىر ئارقىلىقمۇ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى بولغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالىغانلىقى، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى يېڭى

مەنىگە ئىگە قىلغانلىقى بىلەن ئالاھىدە ئالقىشقا ئىگە بولدى.

4. ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىدە چىن، ھەقىقىي ئادەملەر ئوبرازى يارىتىلغان. ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھەقىقىي ئادەم ئوبرازىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە تېخىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەختەم ئۆمەر يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا تۇنجى قېتىم رېئاللىقتىكى ئادەملەرگە ئەڭ يېقىن بولغان، شۇنداقلا سەنئەت يۈكسەكلىكىدە جۇلالىنىدىغان بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا مۇشۇ جەھەتتىمۇ گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ ياراتقان جامال («زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»)، ياسىن مەدەك، نۇسرەت («قۇرتلاپ كەتكەن كۆل») قاتارلىق بەدىئىي ئوبرازلار يازغۇچىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان يېگانە تۆھپىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

5. ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرىدە تۇرمۇش تىلى بىلەن يازغۇچى تىلى روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىنغان. ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئىجادىيىتى تىل نۇقتىسىدىنمۇ روشەن خاسلىققا ئىگە. ئۇنىڭ تىل خاسلىقى شۇ يەردىكى, مەيلى ئاپتور تىلى بولسۇن، مەيلى پېرسوناژ تىلى بولسۇن روشەن تۇرمۇش تىلى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ئۇنىڭ بايانلىرى ئۇدۇل، تەسۋىرلىرى سىدام، دىئالوگلىرى تۇرمۇشتا ئەڭ ئومۇمىي قوللىنىلىدىغان خەلق تىلىدىن ئىبارەت. شۇڭا بەزى تەنقىدچىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى «زاغرا تىل» دەپ سۈپەتلەيدۇ. بۇ دېگىنى ئۇنىڭ تىلى خەلق تىلىغا يېقىن، ئاممىباب، ئىپادىلىك، يېقىملىق تىلدىن ئىبارەت. ئۇ ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىنمۇ روشەن بىر خاسلىق قوشتى.

## 2. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستى

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ئەختەم ئۆمەر پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن پوۋېست بولۇپ، 1988 ـ يىلى يېزىلغان. مەزكۇر پوۋېست ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەدەبىيات ساھەسىدە، شۇنداقلا پۈتۈن جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. پوۋېستىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان كۆپلىگەن ئوبزورلار يېزىلغان، پوۋېست باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. مۇشۇ پوۋېست سەۋەبىدىن يازغۇچى گېرمانىيىدە نەشر قىلىنغان «XX ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتى لۇغىتى» ناملىق نوپۇزلۇق لۇغەتتە تونۇشتۇرۇلغان. قىسقىسى، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تەسىرى چوڭ ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

«قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق بۇ پوۋېستتا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان ئاياغقۇم كەنتىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلار، جۈملىدىن بىر قاتار تراگېدىيىلەر يېزىلغان. ئاياغقۇم كەنتى تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان تۆت ئەتراپى قۇم باراخانلىرى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدىغان يېگانە بىر كەنت بولۇپ، تەبىئىي شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، بولۇپمۇ سۇنىڭ قىسلىقى كەنتتىكى كىشىلەرگە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ھەممە يەردە، ھەممە ئادەمدە سۇغا تەشنالىق مانا مەن دەپ گەۋدىلىنىپلا تۇرىدۇ. بۇ يېزىنىڭ بىردىنبىر ھاياتلىق كاپالىتى بولغان كۆل — «باپكارنىڭ كۆلى» گەرچە نامدا كۆل بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ سېسىپ، قۇرتلاپ كەتكەن بىر مەينەت سۇ كۆلچىكى. ئەمما ئۇ سۇنى ئىچمەي ئامال يوق. بۇ كۆلدىن ئادەملەرمۇ، ئات ـ ئۇلاغلارمۇ سۇ ئىچىدۇ. يېزىنىڭ چىرايلىق، ئەقىللىق قىزى نۇسرەت بۇنداق سۇنى ئىچىشنى قەتئىي خالىمايدۇ، ئەمما ئامالسىز ئىچىدۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى سەۋەبسىزلا ئۇنىڭ قورسىقى يوغىناپ قالىدۇ. ئۇ مەھەللىسىدىكى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، يىگىتلىك غۇرۇرى كۈچلۈك يىگىت ياسىن مەدەكنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار ھەققىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر پۈتۈن مەھەللىگە تارقىلىپ كېتىدۇ. نۇسرەتنىڭ قورسىقىنىڭ يوغىناپ قېلىشىنى مۇشۇ ئىش بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن مەتىمىن سەيدىن قىزىنىڭ بۇ ھالىتىدىن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ پاكلىقىغا ھېچكىمنى ئىشەندۈرەلمىگەن نۇسرەت زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ. نۇسرەتنىڭ ئۆلىمى ئۇچۇن ھەممە قاتتىق ئېچىنىدۇ. بولۇپمۇ قىزىغا ئامراق دادا ئېلىشىپ قالىدۇ. كېيىن ھارۇن بوۋاينىڭ قورسىقىنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا پاقا چىققاندىن كېيىن ، مەتىمىن سەيدىن قىزىنى ئورۇنسىز ئەيىبلەپ ئۇنىڭ ئۆلىمىگە سەۋەبچى بولغىنىدىن قاتتىق ۋىجدان ئازابى تارتىپ، كېچىلىرى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، قىزىنى توۋلاپ نەرە تارتىپ يىغلايدۇ. ئۇ بىر كۈنى باپكارنىڭ كۆلىگە كىرىپ، كۆلگە سىيىدۇ، كىشىلەر ئۇنى تىللاپ قويۇپ، سۇدىن 7 چېلەك سۇنى ئېلىۋېتىپ، سۇدا شەك يوق، دېيىشىپ ھالاللاپ ئىچىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

يازغۇچى بۇ پوۋېستتا ئەسەر باش قەھرىمانى نۇسرەتنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرى ۋە تراگېدىيىلىك تەقدىرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، تەكلىماكان بويلىرىدا ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان جاپالىق كۈرەشلىرىنى، تولىمۇ قىيىن بولغان ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇنداقلا يەنە يازغۇچى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ھەددىدىن ئارتۇق نادانلىق، تەقۋادارلىق، خۇراپىيلىققا ئوخشاش ئىللەتلەرنى تەنقىدلەپ، ئۇلارنىڭ خەلقىمىزگە ئېلىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل يامان ئاقىۋەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يازغۇچى ئابدۇرېشىت داموللامغا ئوخشاش دىنىي تونغا ئورۇنىۋېلىپ، خەلقنىڭ ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ بارلىق يامانلىق ـ رەزىللىكلەرنى قىلىدىغان ئالدامچىلارنى، مامۇت نۇر، سىدىق بايچەككە ئوخشاش يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەننى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ جان باقىدىغان بيۇروكرات كادىرلارنى تەنقىدلەپ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي خاھىشىنى زور

دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن.

يازغۇچى بۇ پوۋېستتا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە بولغان ئۇزۇن مەزگىللىك كۆزىتىشىنى، بۇ ھەقتىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىسىنى، شۇنداقلا تەنقىدىي قارىشىنى روشەن ئىپادىلىگەن.

يازغۇچى پوۋېستتا كىنايىنىڭ رولىدىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. يازغۇچى ئەسەر ۋەقەلىكىنى يېزىپ كېتىۋېتىپ، مۇناسىپ جايلارغا كەلگەندە ئۇيغۇرلار خاراكتېرىدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى تەنقىدلەپ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي خاھىشىنى كۈچەيتىپ بارغان. بولۇپمۇ يازغۇچى ئاياغقۇم كەنتىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەرگە باغلاپ تۇرۇپ، بىزدىكى ھەق ـ ئادالەت ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلماسلىق، ھەددىدىن زىيادە تەقۋادارلىق، خۇراپاتلىق، ئەمەلدارلاردىن، دىنىي كۈچلەردىن قورقۇش، مۇستەقىل پىكىر قىلالماسلىق، ئۆم بولالماسلىق ... قا ئوخشاش بىر قاتار ئىللەتلەرنى، شۇنداقلا جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە باش كۆتۈرۈپ قالغان چىرىكلىك، نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىككە ئوخشاش ناچار خاھىشلارنى، شۇنداقلا دىنىي تونغا ئورۇنىۋالغان ھەر خىل ئالدامچىلىق، رەزىللىكلەرنىمۇ تەنقىد قىلغان. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ئىجتىمائىي تەنقىد كۈچى روشەن بولغان ياخشى پوۋېست بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى بۇ پوۋېستتا پېرسوناژلار ئوبرازىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىر قاتار پېرسوناژلار ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىدىكى ئۆلمەس ئوبرازلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان نۇسرەت ناچار تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ۋە بۇرۇختۇم ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ، شۇنداقلا ناچار ئادەتلەرنىڭ بىگۇناھ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن يېزا قىزى. ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە روھىي دۇنياسىمۇ ئىنتايىن گۈزەل. ئۇنىڭدىكى كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق، شەرم ـ ھايا قاتارلىق ئېسىل سۈپەتلەر يېزىدىكى غەيۋەتخور، قۇل مىجەز ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ مۇھەببەتكە ئىنتىلىدۇ، مۇھەببەت ئارقىلىق بەختكە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. ئۇ تۇنجى بولۇپ مەۋجۇت تۇرمۇش شارائىتىغا نارازى بولىدۇ. قۇرتلاپ كەتكەن، ئات ـ ئۇلاغلارمۇ، ئىت ـ ئېشەكلەرمۇ سۇ ئىچىدىغان كۆلنىڭ سۈيىدىن قاتتىق سەسكىنىدۇ، پاكىز سۇ ئىچىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئەمما پاكىز سۇغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەممە جايىنى خۇراپاتلىق قاپلاپ كەتكەن، ئەركىن مۇھەببەتلىك توي دېگەن چۈشەنچە ھېچكىشىنىڭ يادىغا كىرىپ چىقمايدىغان، باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە شەرتسىز بويسۇنۇش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن مۇشۇنداق بىر شارائىتتا ئەركىن مۇھەببەتكە جۈرئەت قىلىشى، ھېچكىشى شەك كەلتۈرمەي ئىچىدىغان ئەشۇ پاسكىنا سۇنى ئىچىشتىن باش تارتىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ قىممەتلىك تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، پۈتۈن ئاياغقۇمنىڭ كۆزى ۋە پەخرى بولمىش بۇ ناتىۋان قىز ئەشۇ پاسكىنا كۆل سۈيىدىن

www.uyghurkitap.com

ئاغرىپ، كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىدىن خىجىل بولۇپ، نومۇسنى قىزىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان سەپرا دادىسىنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. بۇ يۈرەكنى ئېزىدىغان، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان، شۇنداقلا نۇرغۇن ماددىي، مەنىۋى ئامىللارغا بېرىپ چېتىلىدىغان بىر تراگېدىيە، ئەلۋەتتە بۇ تراگېدىيىنىڭ سۇبيېكتىپ سەۋەبىدىن ئوبيېكتىپ سەۋەبى كۈچلۈك.

مەمتىمىن سەيدىن جىگەرلىك، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان، كىشىلەرگە كۆيۈنىدىغان، رەزىللىككە باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىقالايدىغان دېھقان. مۇشۇنداق خاراكتېرى بىلەن ئۇ پۈتۈن ئاياغقۇمدىكى بىردىنبىر ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇرېشىت ئىمامدىن ئىبارەت دىنىي تونغا ئورۇنىۋالغان ئالدامچىنىڭ ئىمام بولۇپ سايلىنىشىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇ پۈتۈن كەنتنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. ھەممە ئادەم نامازدىن كېيىن ئاللاغا يېلىنىپ، بالا - قازانى نېرى قىلىشنى، تۆھمەتتىن ساقلاشنى، بايلىق، ئىنساب بېرىشنى تىلىسە، مەمتىمىن سەيدىن يۈرتقا پاك ئىمان، ۋىجدان، دىيانەت تىلەيدۇ. ئادەملەرنى لامزەللىلىكتىن، غاپىللىقتىن ساقلىغايسەن دەپ دۇئا قىلىدۇ. قىزى نۇسرەتنىڭ دوستى ھاشىرخاننى دادىسى ئابدۇرېشىت ئىمامغا ئۈچ كۈنلۈك خوتۇنلۇققا تۇتماقچى بولغاندا، ئۇ قىزنىڭ دادىسىنى توسىدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ھاقارەتلىك گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىۋالىدۇ. كەنت باشلىقلىرى بىلەن ئابدۇرېشىت ئىمام دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۇلارغا ئالۋاڭ چاچقاندا ئالدى بىلەن مەمتىمىن سەيدىن قارشى چىقىدۇ. يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە دەرد ئېيتىپ بارىدىغانغا ھېچكىشى چىقمىغاندا، يەنىلا مەمتىمىن سەيدىن بېرىپ، كەنتكە سۇ ھەل قىلىپ كېلىدۇ. ئەمما پۈتۈن كەنتتىكىلەر ئۇنى «ساراڭ» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئىرادىسىزلىكىدىن، ئىتائەتمەنلىكىدىن، قورقۇنچاقلىقىدىن غەزەپلىنىدۇ، ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كۆلگە سىيىپ، «مانا ئىچىشە» دېيىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ساراڭلىقىنىڭ ئەمەس، بەلكى چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە، مەمتىمىن سەيدىنمۇ تەكلىماكانلىقلارنىڭ بىرمۇنچە خاراكتېرىدىن مۇستەسنا ئەمەس. گەرچە ئۇنىڭ خاراكتېرىدە نۇرغۇن قىممەتلىك تەرەپلەر بولسىمۇ، ئەمما ئىپپەت - نومۇسنى، ئائىلىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى ياخشى نامىنى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلىشتەك ئىدىيە ئۇنىڭ قەلبىدىنمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئامراق قىزى نۇسرەتنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق ئىدىيە يەنە ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژلاردىن بىرى بولغان ياسىن مەدەكنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ سەۋەب بولىدۇ. بۇلار بەلكىم ئۇيغۇرلار خاراكتېرىنىڭ بىر قېتىملىق ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى بولسا كېرەك. ھايات مۇھىممۇ، يۈز - ئابرۇيمۇ دېگەن مەسىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس قارىشى بار ئەلۋەتتە.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستى بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ

ئۆزىگە خاس بىر قاتار خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1. پوۋېستنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا تەكلىماكان بويلىرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرىنى ، ئەشۇ يېزىلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئەينەن كەلتۈرىدۇ. يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا «رېئال تۇرمۇشنى ئەينەن يېزىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەر بىر كۆرۈنۈش ـ ھەر بىر تەپسىلاتقىچە، ھەر بىر بايان ـ ھەر بىر تەسۋىرگىچە، ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكەت، ھەر بىر ھېسسىياتقىچە شۇنچىلىك دەرىجىدە تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك يازغانكى، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھەقىقەتەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان. بۇنداق يۈكسەك دەرىجىدىكى چىنلىق ئەسەرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

2. يازغۇچى تەبىئەتنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنى بىر گەۋدە قىلىپ يېزىشقا دىققەت قىلغان. ئەسەردىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ، كۆز قاراش ـ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئوينىغان رولىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تەكلىماكانلىقلارنىڭ خاراكتېرى، تۇرمۇشىنى ياراتقانلىقىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن.

3. يازغۇچى تەپسىلاتلار تەسۋىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تەپسىلاتلارنىڭ تىپىك، تاللانغان، مەركىزىي ئىدىيە ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن ئالاھىدە باغلانغان بولۇشىغا دىققەت قىلغان. نۇسرەتنىڭ ئوتتەك ئىسسىقتا باغرىنى نەم قۇمغا يېقىپ ياتقان؛ ياسىن مەدەكىنىڭ ئۇنى سۆيۈۋېلىشنى قەستلەپ، «روزا بۇزۇلمايدۇ» دەپ ئالدىغان؛ مەتىمىن سەيدىنىنىڭ كېچىلەردە نۇسرەتنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ بوزلىغان؛ بوۋاينىڭ قورسىقىدىن تىرىك پاقا چىققان؛ تولغاق ئازابىدىن قىينىلىپ يۈرسىمۇ، دورا ئىچىشنى خالىمىغان. . . غا ئوخشاش ئېسىل تەپسىلاتلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمدارلىقىنى، شۇنداقلا چىنلىق تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

4. يازغۇچى ئەسەرنى ئۆزگىچە تىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىنىڭ تىلى ھەقىقەتەنمۇ «زاغرا تىل» ، يەنى ھەقىقىي خەلقنىڭ تىلى. بۇنداق تىل ئىشلىتىش ئەختەم ئۆمەرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتى ئۈچۈنمۇ بىر خىل ئورتاق ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەختەم ئۆمەر بۇ پوۋېستىدا، ھەتتا بايانچى تىلىنىمۇ ياساپ ـ جابدۇپ كەتمىگەن، پېرسوناژلار تىلىنى بولسا، دېھقانلارنىڭ ئاغزىدىن ئەينەن ئالغان. بۇنداق تىل ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ۋە چىنلىق تۈسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

5. يازغۇچى پوۋېستتا فولكلور تەركىبلىرىنى كۆپ يېزىپ، ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. يازغۇچى ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇش بىلىمى ئاساسىدا، مەكىت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىپىك تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى، خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى، شۇنداقلا مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى گەۋدىلىك تەسۋىرلەپ، ئەسەرنى قويۇق مەدەنىيەت ئارقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشى بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ ھال ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ـ مەدەنىيەت قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

## 5 § . توختى ئايۇپ

توختى ئايۇپ يېڭى دەۋردىكى پروزىچىلىقىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ پروزىچىلىقنىڭ ھېكايە، پوۋېست ۋە روماندىن ئىبارەت ھەممە شەكىللىرىدە دېگۈدەك يېزىپ، ھەممىسىدىلا نەتىجە قازانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەم روشەن خاسلىققا ھەم ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە. ئۇ ھەقىقىي بىر يازغۇچىغا خاس ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، ئەسەرلىرىدە دەۋر رېئاللىقىدىكى، خەلق تۇرمۇشىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۇردى، مۇھاكىمە قىلدى، گۈزەللىك، چىنلىق، ياخشىلىقنى قىزغىن مەدھىيىلىدى، ھايات ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان پېرسوناژلارنى يارىتىپ، تۇرمۇشنىكى مۇرەككەپلىكنى سۈرەتلىدى. ئۇ ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر يازغۇچى بولۇپ، ئەسەرلىرىنى مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن يېڭىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇنىڭ «بۆرە ئانا»، «قۇم باسقان دېڭىز»، «ئوت ئىچىدىكى ئادەم»، «بۆشۈك»، «مۆڭگۈز» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىپادىلەنگەن مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى ۋە ياراتقان بەدىئىي پەللىسى بىلەن دەۋرىمىز ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بولۇپ قالدى ھەم يازغۇچىنى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ تەسىرگە ۋە ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

توختى ئايۇپ 1945 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلىغىچە كۇچادا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇ ئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، 1963 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. شۇندىن تارتىپ 1970 ـ يىلىغىچە «سولچىل» ئىدىيىنىڭ ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۈرمىدە ياتقان، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئىشلىگەن، جەمئىيەتتە ئىشسىز سەرسان بولۇپ يۈرگەن. 1979 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان بۇنداق تۇرمۇش ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئىجادىيىتىنى مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن. 1979 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن 1981 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1981 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەدەبىياتقا كىچىكىدىن تارتىپلا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىغان توختى ئايۇپ دەسلەپ شېئىر يازغان. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ 1965 ـ يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» («تارىم») دا «ماخوچىنىڭ قەلبى» ناملىق تۇنجى ھېكايىسىنى ئېلان قىلدۇرغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي پروزا ئىجادىيىتى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ باشلانغان. 1980 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «بەخت يېشى» ناملىق ھېكايىسى ئۇنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە يازغان «بەخت يېشى»، «ئانا»، «قاراۋۇل» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە ئاساسەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى، يېزىلاردىكى يېڭى ھايات، يېڭى تۇرمۇشنى، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي دېھقانلارنى، ئاپەتلىك يىللارنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشكەن ھەر ساھە ـ ھەر كەسىپتىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، شۇ يىللاردىكى «جاراھەت ئەدەبىياتى» خاھىشىنىڭ مەلۇم پەللىسىنى ياراتقان. توختى ئايۇپ ئىجادىيىتىنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ ئىجادىيەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپلەرنى قويۇپ، دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قويغان يېڭىدىن يېڭى تەلەپلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، قەدەممۇ قەدەم ئالغا باسقان، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ھارماي ئىزدىنىپ، داددىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ بارغانسېرى پىشىپ يېتىلگەن يازغۇچى. ئۇ بولۇپمۇ ھېكايە ئىجادىيىتىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، كېيىنكى مەزگىللەردە ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، مۇھىم، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى بەدىئىي ئۇسۇل ـ ۋاسىتىلەرنى داددىللىق بىلەن قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ «بۆشۈك»، «مۈڭگۈز»، «پۇقرانىڭ قېنى»، «غۇر ـ غۇر شامال» قاتارلىق ھېكايىلىرى يازغۇچىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر سۈپىتىدە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرىمىزدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ بىر تۈركۈم ھېكايىلىرىدە ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بەدىئىي ۋاسىتىلەر جەھەتتە داددىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، چوڭقۇر پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەپ، ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ مەلۇم پەللىسىنى ياراتتى. سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈملۈك قوللىنىلىشى ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «بۆشۈك»

نامىلىق ھېكايىسىدە روشەن ئىپادىلەنگەن. تارىم ۋادىسىدا سەلتەنەتلىك ھايات كەچۈرگەن ئەجداد ساھىبقىرانىنىڭ نەچچە يۈز يىل ياشىغان ۋارىسى — بۆشۈكچى بوۋاي قايناق بازارنىڭ بىر چېتىدە بۆشۈك ساتىمەن دەپ ئولتۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۆشۈكلىرىنى ھېچكىشى ئالمايدۇ. ئۇنىڭ بۆشۈك سېتىش ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدۇ. بوۋاي كىشىلەرنىڭ بۆشۈك ئالماس بولۇپ قېلىشلىرىدىن، بۆشۈكنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى خاسىيىتىنىڭ ئېتىبارسىز قېلىشلىرىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. شۇڭا بوۋاي سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىدۇ، ساقلايدۇ. بالىلىرىنى بۆشۈكتە ياتقۇزمىغانلارنى، بۆشۈكتە ياتماي چوڭ بولغانلارنى بوۋاي تېنىگەنلەر دەپ ئاتايدۇ. ئەنە شۇنداق تېنىگەنلەردىن بىرى بىر كۈنى ئېغىر ئاياغ ئايالىنى ئەگەشتۈرۈپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بوۋاي ئۇلارغا بۆشۈكنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى خاسىيىتىنى سۆزلەپ، بالا ئۈچۈن بارلىق ياخشىلىق، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ ئەشۇ بۆشۈكتىن كېلىدىغانلىقىنى، بالا بۆشۈكتە ياتسا تەڭرى كېلىپ ئۇنى يوقلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما ھېلىقى تېنىگەن يىگىت بۆشۈكنى زادىلا مەنسىتمەيدۇ. بوۋاي ھەتتا بۆشۈكنى ئۇنىڭغا بىكارغىلا بېرىۋەتمەكچىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئالغىلى زادى ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھامىلە بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ،چۈشكىلى ئۇنىمايدۇ. بۆشۈكنى كەمسىتكەن، ئۆزىنى بۆشۈكتە ياتقۇزمىغان دادىسىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاخىرى مۆجىزە يۈز بېرىپ تېنىگەن دادا ئەسلىگە قايتىپ، بالىسى بىلەن بىللە بۆشۈكتە يېتىپ، تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە، ئانىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ، قايتىدىن ئادەم بولىدۇ. . .

بۇ ھېكايىدىكى بۆشۈكمۇ، بۆشۈكچى بوۋايمۇ كۈچلۈك سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. بۇنداق سىمۋوللۇق مەنە ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ناھايىتى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. يازغۇچى تېنىگەن يىگىتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، بوۋاينىڭ بايانى، ئەسلىمىسى ۋە ئاخىرىدا ئۆز بايانى ئارقىلىق بۆشۈكنىڭ ئىنسان تەربىيىسى، ئادەمىيلىكنىڭ مۇكەممەللىشىشى، ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم رولىنى كۆپ گەۋدىلەندۈرگەن. ئەلۋەتتە بۇ يەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان بۆشۈك ياغاچچىلار ياسايدىغان ئادەتتىكى كونكرېت بۆشۈك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئادەمنى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەيدىغان، ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ، يەنى ئەقىل ـ پاراسەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، مېھرى ـ شەپقەت، مۇھەببەت ـ نەپرەت، چىدام ـ غەيرەت، ئىمان ـ ئېتىقاد قاتارلىقلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلمىسىنىڭ سىمۋولىدىن ئىبارەت. بوۋاينىڭ ئېيتقىنىدەك، ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان بۇنداق ئەنئەنىۋى ئامىللار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بېرىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ھاياتلىق ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ئادەمىيلىك روھ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ئەمما مۇشۇنداق خىسلەتلىك بۆشۈكلەرنى ئالىدىغان ئادەم چىقمايدۇ، بىكارغا بېرىۋېتەي دېسىمۇ بۆشۈكلەر يەنىلا ئېتىبارسىز قالىدۇ. بۆشۈكسىز چوڭ بولغان ھېلىقىدەك تېنىگەنلەر ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپمۇ يەنىلا ئازابلانمايدۇ، بوۋاق بۇنداق

دادىدىن نەپرەتلىنىدۇ، ھەممىدىن نارازى بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ تۇغۇلۇشىنىمۇ خالىمايدۇ. دېمەك، يازغۇچى مۇشۇ بىر قاتار تەپسىلاتلار ئارقىلىق، رېئاللىقىمىزدىكى، جۇملىدىن مەنىۋى دۇنيارىمىزدىكى، تەربىيىمىزدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى كۆرسەتكەن، شۇنداقلا قاتتىق تەنقىد قىلغان. بىر خىل خاھىشقا ئايلىنىپ قالغان «تېنەش پىسخىكىسى» نىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. «بۆشۈك» ھېكايىسىنىڭ بۇنداق مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدىكى بىر يېڭى دەۋرنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

توختى ئايۇپ 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تارتىپ پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. توختى ئايۇپ پوۋېستلىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرىنىڭ مۇھىملىقى، سۇژېتىنىڭ جانلىق، تەسىرلىكلىكى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغانلىقى، لىرىكىغا، مۇھاكىمىگە بايلىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىلغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ئۇ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «مارجان بۇلاق»، «ئارمان»، «تاشلاندۇق كەپىدە»، «ئوت ئىچىدىكى ئادەم»، «قۇم باسقان دېڭىز»، «ئاھ، يەر» قاتارلىق بىر تۈركۈم پوۋېستلارنى يازدى ھەم بۇ پوۋېستلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق تونۇلغان پوۋېست يازغۇچىسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ «قۇم باسقان دېڭىز»، «ئوت ئىچىدىكى ئادەم» قاتارلىق بىر قىسىم پوۋېستلىرى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «قۇم باسقان دېڭىز» توختى ئايۇپنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نادىر پوۋېستلاردىن بىرى. توختى ئايۇپ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، بۇنى ئەسەر سۇژېتىنىڭ ئاساسى قىلىش، روھىي دۇنيانى تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەپ بېرىشتەك يېڭىچە ئىجادىيەت خاھىشىنى بۇ ئەسىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقى ئۈچۈن يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان. بۇ پوۋېستتا يېزىلغىنى ئۈچ بۇرجەكلىك مۇھەببەت ۋە بۇ مۇھەببەتنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرىدىن ئىبارەت. ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئوغلى ئېلى يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىپ چېنىقىۋاتقان چاغلىرىدا، بىللە چېنىقىۋاتقان ساۋاقدىشى گۈلجەننەت بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ ھەم ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىدۇ. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلگەندە ھەر ئىككىلىسى ئىمتىھان بېرىدۇ، گەرچە ئېلىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما دادىسىنىڭ يول مېڭىشى ۋە مەجبۇرلىشى بىلەن گۈلجەننەتنىڭ يۇقىرى نومۇرى ھېسابىغا ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كېتىدۇ. ئېلىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىقتىن قاتتىق رەنجىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىنىڭ بالىسىغا قورساق كۆتۈرگەن گۈلجەننەت ئۆزىدىن چوڭ، كۆرۈمسىز، مەجرۇھ بولسىمۇ ئەمما ئۆزىگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلىدىغان قاۋۇل ئىسىملىك كونا ئەسكەر بىلەن توي قىلىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئېلى دادىسى بىلەن پىكىر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدىيە جەھەتتە چىقىشالماي، يىراقتىكى ئورمانچىلىق مەيدانىغا كېتىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئۇزۇن يىل ئىزدىگەن، زادىلا ئۇنتالمىغان گۈلجەننەتنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ ھەم قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىدۇ. . . . . .

ئەلۋەتتە، بۇ پوۋېستتا بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلىپ، مۇھەببەت ئۇچۇن ئادەمىيلىك پەزىلەت، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، سەممىيلىكنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن. ئەمما، بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئەشۇ مەركىزىي ئىدىيىدە ئەمەس، بەلكى، پېرسوناژلار روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتىكى يۈكسەكلىكتە گەۋدىلىنىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى پروزا ئەسەرلىرىمىز ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرى، زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى ئاساسىدىكى سۇژىت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىپادىلەشكە، روھىي دۇنيادىكى مۇرەككەپلىكنى، زىددىيەتنى ئەسەر سۇژىتىنىڭ ئاساسى قىلىشقا، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مەنىۋى قاتلىمىنى ئېچىپ بېرىشكە سەل قاراپ كەلگەنىدى. توختى ئايۇپ مانا مۇشۇ جەھەتتە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، پېرسوناژنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىن كۆرە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى كەچۈرمىشلىرىنى، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى، خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىقنى ئىپادىلەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ھەتتا ئۇنى ئىجادىيەت مۇددىئاسى قىلىپ، بۇ جەھەتتە ھەم يېڭىلىق ياراتتى، ھەم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئەسەردىكى گۈلجەننەت، ئېلى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ياشايدىغان، خاراكتېرى كۈچلۈك، قەلبى مۇرەككەپ ھېسسىياتلار بىلەن تولغان پېرسوناژلار بولۇپ، يازغۇچى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى مانا مۇشۇنداق خاسلىقى ئاساسىدا ياراتقان. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يازغاندا، خاراكتېرىنى ياراتقاندا روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىكنى، خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىقنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن، شۇڭا ئۇلار ھەقىقىي ئادەملەرگە، شۇنداقلا بەدىئىي جەھەتتىن مۇكەممەللىككە يەتكەن ئوبرازلارغا ئوخشاش كىتابخاندا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئەسەردە يارىتىلغان ئېلى ئوبرازىغا قارايدىغان بولساق، «ئېلى ئوبرازى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، ھېسسىيات جەھەتتە چىنلىق بىلەن ساختىلىقنىڭ، پىسخىك جەھەتتىن قەيسەرلىك بىلەن ئىرادىسىزلىكنىڭ، ئېستېتىكا جەھەتتە گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ زىددىيەتلىك بىرلىكى، شۇنداقلا يۇقىرىقى تەرەپلەرنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يۇقىرىقى قارىمۇ قارشى ئامىللار ھامان كۈرەش قىلىپ بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ.» (ئابدۇللا مەتقۇربان: «‹قوم باسقان دېڭىز› ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» دىن). يازغۇچى مانا مۇشۇنداق قەلب زىددىيىتىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن. يازغۇچى ئەسەرنىڭ يەنە بىر باش قەھرىمانى بولغان گۈلجەننەتنىمۇ ئۇنىڭ

مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى، قىزلىق ھېسسىياتى، ئەخلاقىي قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ زىددىيىتى ئىچىگە قويۇپ ياراتقان. قىسقىسى، توختى ئايۇپ «قۇم باسقان دېڭىز» ناملىق بۇ پوۋېستىدا روھىي دۇنيانى يېزىشقا، روھىي دۇنيانى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم يارىتىشقا، روھى دۇنيانى ئىپادىلەشكە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىغا بىر يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى.

توختى ئايۇپ ھېكايە، پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، تەجرىبە ساۋاقلىرى ئاساسىدا 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، سەرگۈزەشت خاراكتېرىدىكى «تەڭرىنىڭ ھۆكمى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق رومانىنى يازدى. بۇ رومان باش قەھرىمان سەرگۈزەشتىسىنىڭ يازغۇچى باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلەرگە ئاز ـ تولا ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقىدەك تەرجىمىھال خاراكتېرى بىلەن، شۇنداقلا بىر ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يىللاردا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى، ئەدەبىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن يېڭى دەۋردىكى رومانچىلىقىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ رومان كىتابخانلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ رومانىنى يازغۇچىنىڭ ئىلگىرىكى ئىجادىيەتلىرى بىلەن مۇسبەتلەشتۇرۇش ئاساسىدا يەنە، يازغۇچى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى دېسەكمۇ بولىدۇ. روماندا باش قەھرىمان نادىرنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى سەرگۈزەشت ـ قىسمەتلىرى بايان قىلىنغان. شۇ دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىيلىرىدىن بىرى بولغان نادىر يوقىلاڭ بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ، تۈرمىدە ئۇ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىقىپ گىزىتخانىدا ئىشلەيدۇ. ئەمما، مۇھەببەت، تۇرمۇش، ئائىلە جەھەتتە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرايدۇ، پەزىلىتى، خاراكتېرى ناچار كىشىلەر ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاپ، ئۇنى گېزىتخانىدىن قوغلىۋېتىدۇ. يازغۇچى مانا مۇشۇ ۋەقەلىكنى نۇرغۇن جانلىق تەپسىلاتلار بىلەن بېيىتىپ، ئەسەرنى مول مەزمۇنغا، جەلپكارلىققا ئىگە، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارغا باي سۇژېتقا ئىگە قىلغان. سۇژېتنى يېزىشتا ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى، خىيال بىلەن رېئاللىقنى ئۆزئارا نۆۋەتلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسەرنى ئۆزگىچە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. بۇ قۇرۇلما ئەسەرنى ئۆزگىچە قىياپەتكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى، جەلپكارلىقىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغان. «تەڭرىنىڭ ھۆكمى» بىر پارچە مۇھاكىمىلىق رومان بولۇپ، يازغۇچى ئەسەرنىڭ مۇناسىپ جايلىرىغا نۇرغۇن مۇھاكىمىلەرنى بەرگەن. بۇ مۇھاكىمىلەر ئەسەرنى ئۆزگىچە بىر ئىدىيىۋى قىممەتكە ئىگە قىلغان. يازغۇچى روماندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھىم تەپسىلاتلار بىلەن، ئۆزىنىڭ بايانى بىلەن، پېرسوناژ تىلى ياكى دىئالوگى بىلەن ئادەمگە، ھاياتلىققا، دۇنياغا، جەمئىيەتكە. . . مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر، مەزمۇنلۇق، قايىل قىلارلىق مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ مۇھاكىمىلەر پەلسەپىگە، ئەخلاققا، ئىجتىمائىيەتكە، ھېسسىياتقا چېتىلغان بولۇپ، ئەسەرنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. بۇلاردىن باشقا ئەسەردە يازغۇچى پېرسوناژلار ئوبرازىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان، بايان، تەسۋىرلەرنى ماھارەتلىك يازغان، چۈشنى، خىيالنى، ئەسلىمىنى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن بەرگەن، شۇنداقلا پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە، قەلب دۇنياسىنى ئېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

توختى ئايۇپ ئەسەرلىرىدە خەلق مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈلۈپ، دەرد ـ ھەسرىتىگە ئېچىنغان. ئۇ دەۋر رېئاللىقىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، جەمئىيەت قىياپىتىنى ئەسەرلىرىدە ئوبرازلىق سۈرەتلىگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يەنە مەلۇم ئىزچىللىققىمۇ ئىگە بولۇپ، بۇ ئىزچىللىق روشەن ئالاھىدىلىكمۇ شەكىللەندۈرگەن، ئۇ ئەسەرلىرىدە ئىنسانىنى، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن، زىيالىيلار ھەققىدە كۆپ يېزىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئۇلۇغلىغان، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە يەنە پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە، ھاياتلىق ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە، مۇرەككەپ خاراكتېر ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. توختى ئايۇپ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئوخشاشلا تەسىرىمۇ چوڭ ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كىتابخانلىرىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدۇ، يۇقىرى باھالايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان، مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ 1986 ـ يىلى جىياڭ جۈڭۋېن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇزۇن بىر مەزگىللىك تەييارلىقتىن كېيىن 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يازغۇچى «بۆرە ئانا» رومانىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى.

## 2. «بۆرە ئانا» رومانى

«بۆرە ئانا» توختى ئايۇپ ئىجادىيىتىدىكى بىر يۇقىرى پەللە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن بىر كاتتا مۇۋەپپەقىيەت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. رومان ئادەمنى، تەبىئەتنى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئادەملەر بىلەن ئادەمىيلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساسلىق تېما قىلغان بولۇپ، تېما ئالاھىدىلىكى جەھەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېگانە ئەسەر بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى گۈزەل تەبىئەت ـ ئانا زېمىن قوينىدا كاپالەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەن ھاياتلىق ئەمدى بولغاندا تېخىمۇ ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىدۇ. روماندا مانا مۇشۇ كرىزىس ۋە ئۇ پەيدا قىلغان تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتلەر تەسۋىرلەنگەن. ئادەملەرنىڭ تراگېدىيىسى ئاساسەن ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ياخشىلىقلارنى يوقىتىپ، تەبىئەتكە، باشقىلارغا رەزىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى، بۇنداق رەزىللىكنىڭ ياخشىلىق ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئورمانچىلىق كەسپىدە ئالىي مەلۇمات ئالغان قەيسەر بىرمۇنچە سەرگۈزەشتىلەردىن كېيىن ئاخىرى ئورمانچىلىق مەيدانىغا خىزمەتكە كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە يۈلتۈز ئىسىملىك تاغ پەرىسى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ مۇھەببەتلىشىدۇ. ئەمما، پۈتۈن ۋۇجۇدى رەزىللىك بىلەن تولۇپ كەتكەن، رەزىللىك، يامانلىقنىڭ ئادەم سىياقىدىكى كۆرۈنۈشى بولغان سۇلتان ئەلى بۇ شېرىن مۇھەببەتنى، بەختىيار ھاياتنى نابۇت قىلىدۇ. ئۇ يۈلتۈزلارغا تۇغقان كېلىشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ساددا دادىنى قايىل قىلىپ يۈلتۈزنى شەھەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمەن دەپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ يۈلتۈزنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ـ بىلمەيدۇ. ئۇ يامان نىيىتىنى ئاخىرى ئاشكارىلاپ، يۈلتۈزغا چېقىلىدۇ. يۈلتۈز شۇ قاچقىنىچە تاغقا — ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. قەيسەر يۈلتۈزغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ، ئەمما يۈلتۈز گەپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. يۈلتۈزنىڭ ئانىسى مەسلىھەت بېرىپ ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بارماقچى بولىدۇ. ئەمما دەل شۇ چاغدا يۈلتۈز چۈشىدە نۇر ئاتىنى كۆرىدۇ. نۇر ئاتا ئۇنىڭغا «قىزىم، سەن دوختۇرخانىغا بارمىغىن، قورسىقىڭدىكىسى سۇلتان ئەلىنىڭ بالىسى ئەمەس، ئۇ ھايۋان ساڭا چېقىلالمىدى. بۇ بوۋاق شۇنداق خاسىيەتلىك بىر بوۋاقكى، ئۇ كۆك نۇردىن ئاپىرىدە بولغان، ئۇ قەۋمىمىزنىڭ پارلاق ئۈمىدى، ھاياتلىقىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك تەجەللىسى. سەن دۇنيادىكى بارلىق مەنپەئەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، بۇزۇقچىلىقلاردىن خالىي بىر گۈزەل قەلب ئىگىسى بولغاچقا بۇ ھاياتلىقنى سېنىڭ ۋۇجۇدىڭدا ئاپىرىدە قىلدۇق. سەن مۇشۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشىڭ مۇمكىن، ئەمما بۇ ھاياتلىقنى ساقلاپ قال» دەيدۇ. نۇرئاتىنىڭ سۆزى بىلەن يۈلتۈز دوختۇرخانىغا بارماي، بەلكى دەريا بويىغا بېرىپ تۇغىدۇ. نۇرئاتا بوۋاقنى دەريا سۈيىدە يۇيۇپ، ئانىسى يېنىدا ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا «بىلىكيار» دەپ ئىسىم قويۇپ بېرىپ كېتىپ قالىدۇ. نۇرئاتا كېتىشىگە بۇ يەرگە چىشى بۆرە كېلىپ قالىدۇ. چىشى بۆرىنىڭ ھەمرىيىنى ئادەملەر ئۆلتۈرۈۋەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بالىلىرىنىمۇ سۇلتان ئەلى تاغارغا سېلىپ مەھەللىگە ئېلىپ كېلىپ، ھەممىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى. بالا دەردىدە باغرى قان چىشى بۆرە بىلىكيارنى كۆرۈپلا بالىلىرىنى سېغىنىپ، ئۇنى ئېلىپ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. يۈلتۈز بالىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بۆرىنىڭ كەينىدىن دەرياغا چۈشىدۇ. يىراقتىن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇرغان سۇلتان ئەلى مىلتىق بىلەن يۈلتۈزنى ئېتىۋېتىدۇ، يۈلتۈز دەريا سۈيىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ. سۇلتان ئەلى تۆھمەت قىلىپ، قەيسەرنى يۈلتۈزنىڭ

www.uyghurkitap.com

قاتىلى دەپ تۇتۇپ بېرىدۇ. قەيسەر بىر مەزگىل تۈرمىدە يېتىپ، كېيىن كۆمۈر كانىدا ئەمگەككە سېلىنىدۇ. بىر قېتىملىق گاز پارتلاشتا ئۇنى ئۆلگەنلەر قاتارىدا يەرلىككە قويۇۋېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ جەسىدىنى چىشى بۆرە ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى ھورداپ، ئۇنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. بۆرە ئانا، قەيسەر، بىلىكيار ئۈچى بەختلىك ھالدا بىرگە ياشايدۇ. بۆرە ئانا ئۇلاردىن «مەن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالدىم، سىلەر مېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ. قەيسەر بىلەن بىلىكيار ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىدۇ، يېقىنچاقلىق قىلىدۇ. بىر كۈنلىرى ئورمانغا ئوت كېتىدۇ، قەيسەر بىلىكيارنى ئېلىپ ئوتتىن قاچماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇنداق ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە ئانا بۆرە كېلىپ بۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. پۈتۈن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ھەممە ھاياتلىق ھالاكەت ۋەھىمىسىگە چۆمۈپ، ھەممە خەلق نالە ـ پەرياد كۆتۈرىشىدۇ. بىلىكيار ئۆز ۋۇجۇدىدىن نۇر تارقىتىپ، زۇلمەتتە قالغان كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ ھەم ئۇلارنى مەنزىلسېرى باشلاپ ماڭىدۇ. ئەمما ئادەملەر نىيىتىنى بۇزۇشۇپ ئانا بۆرە بىلەن قەيسەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانا بۆرە، بىلىكيار، قەيسەرلەر نۇرئاتا چوققىسىغا چىقىپ غايىب بولىدۇ، قاراڭغۇ زۇلمەتتە قالغان كىشىلەر بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ، نىشانىنى تاپالماي ھالسىزلىنىشىپ ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ. رومان ئانا بۆرىنىڭ نۇرئاتا چوققىسىدا ھۇۋلىغان ئاۋازى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

«بۆرە ئانا» ناملىق بۇ رومان يازغۇچىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئادەم ھەققىدىكى چوڭقۇر كۆزىتىشىنىڭ، ئويلىنىشىنىڭ ۋە مۇھاكىمىسىنىڭ مەھسۇلى. روماننىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، يازغۇچى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى ياتلىشىش ھادىسىسى، مىللىي روھنىڭ سۇسلاپ ھەتتا يوقىلىپ بېرىشى، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئىللەتلەر، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئەبەدىيلىك كۈرىشى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرنى روماننىڭ مەزمۇنى قىلغان. يازغۇچى روماندا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ يازغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى تەبىئەت ئېكولوگىيىسى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. تەبىئەت بىزنىڭ ئانىمىز، ئۇنى سۆيۈشىمىز كېرەك. تەبىئەت دېمەك خۇدا دېمەكتۇر، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشىمىز كېرەك. بۇ روماندىكى مەركىزىي ئىدىيىلەرنىڭ بىرى. رومان ۋەقەلىكى تەبىئەتنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەشۇ تاغلىق يېزىدا بولۇپ ئۆتىدۇ. سەل يىراقتا ھەيۋەتلىك تېغى، يېقىنىدا بۈك ـ باراقسان قەدىمىي ئورمىنى، يېنىدا ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان دەرياسى، ئەتراپىدا گىلەم يايلىقى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زۇمرەت سۇلۇق يۇلتۇز كۆلى بار بۇ يېزا ئويغۇر يېزىلىرىنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئەمما، بۇنداق جەننەتكە ئەنداز تەبىئەت، ئۇنىڭ گۈزەللىكى سۇلتان ئەلى، ساتتار ھامۇت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پۇل تېپىپ باي بولۇشتىكى دەسمايىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار يازلىق سەيلىگاھ قۇرۇش ئۈچۈن گىلەم يايلاقنى ۋەيران قىلىدۇ، نەتىجىدە چارۋا ماللار

تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، تەبىئەت گۈزەللىكىنى ھەر خىل يوللار بىلەن خاراب قىلىدۇ، كۆكۈل ئېچىش ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاپ قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنى قىرىپ تۈگىتىدۇ، يەنە كىملەر كېلىپ ئورمانلارنى شىددەت بىلەن كېسىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت تەبىئەتكە ئوخشىماي قالىدۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. كىملەرنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن ئورمانغا ئوت كېتىپ، پۈتۈن ھاياتلىق پاناھسىز قالىدۇ، ئادەملەر قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە نېمە قىلىشىنى، نەگە بېرىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. يازغۇچى مانا مۇشۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ دۇنياۋى چوڭ تېما — ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق تېمىسىغا دادىللىق بىلەن ياندىشىپ، بۇ تېمىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلغان. يازغۇچى بۇ تېمىنى يازغاندا بىرىنچىدىن، تەبىئەتنىڭ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت بۇ رېئال مەسىلىنى جانلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن؛ ئىككىنچىدىن، بۇنداق بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتىنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە تەبىئەت بىلەن ئادەم مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر يىپقا باغلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنى تەبىئەتنى سۆيۈشكە، تەبىئەتنى ئاسراشقا چاقىرغان؛ ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى تەبىئەتنى ئادەملەرنىڭ خاراب قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مانا مۇشۇ بىر نۇقتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئادەملەر ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ سالمىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. «بۆرە ئانا» رومانى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ھەققىدىكى مۇشۇ ئاكتىپ تېمىسى ۋە ئۇنى ئىپادىلەشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

روماندىكى يەنە بىر مۇھىم تېما ئادەم تېمىسى. يازغۇچى بۇ روماندا ئادەم ھەققىدىمۇ چوڭقۇر، شۇنداقلا ماھىيەتلىك پىكىر يۈرگۈزگەن. يازغۇچى روماندا ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەللىك جەھەتتە بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇرىدىغان ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. قەيسەر، يۇلتۇز قاتارلىقلار ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەللىكنىڭ مىسالى قىلىنغان بولسا، سۇلتان ئەلى، ساتتار ھامۇت قاتارلىق كىشىلەر يامانلىقنىڭ، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى خۇنۇكلۇكنىڭ، رەزىللىكنىڭ مىسالى قىلىنغان. يازغۇچى سۇلتان ئەلى، ساتتار ھامۇتلارنى يېزىش ئارقىلىق دىققەت مەركىزىنى ئەجداد روھىدىن يىراقلىشىپ، ئادەمىيلىكتىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقان، دۇنيادىكى بارلىق يامانلىقلارنىڭ، رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسى بولغان ئەشۇ بىر خىلدىكى ئادەملەر ئۈستىگە قويغان. بۇلارنى يېزىش ئارقىلىق روھىيىتىمىزدىكى، مەنىۋىيىتىمىزدىكى ھەر خىل يىمىرىلىشلەرنى كۆرسىتىپ، ئادەملەر تەبىئەتنى قۇتقۇزۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۆزىنىمۇ قۇتقۇزۇشى كېرەك، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن. سۇلتان ئەلى ئىنسان خاراكتېرىدىكى بارلىق يامانلىقلارنى، رەزىللىكلەرنى ئۆزىگە توپلىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۈچىغا چىققان قارانىيەت، شەخسىيەتچى، زالىم، چىرىك، شۆھرەتپەرەس ، ئۇ ئادەم بولۇپ تۇغۇلغاندىن تارتىپلا باشقىلارغا يامانلىق قىلىپ كېلىدۇ، يۇلتۇزنىڭ ئانىسىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ساتتار هامۇتقا مەجبۇرى نىكاھلاپ قويىدۇ، كېيىن ئۆزىنىڭ قىزى بولمىش يۇلتۇزغا يامان نىيەتتە بولىدۇ، مەقسىتىگە ئۇنۇملۇك يېتەلمىگەندىن كېيىن يۇلتۇزنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، جىنايىتىنى بىگۇناھ قەيسەرگە ئارتىپ، ئۇنىڭ ناھەق ھالدا جازالىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ، ئۇ ھەر خىل رەزىللىكلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ، يايلاقلارنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، ئورمانلارنى خاراب قىلىدۇ، دەريا ـ كۆللەرنى بۇلغايدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇ تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ئادەملەرگە ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى سالىدۇ. يازغۇچىنىڭ گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغىنى بىر ئادەم ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق يامانلىق، رەزىللىكلا ئەمەس، بۇنداق خاراكتېردىكى ئادەملەر ئىنسانلار ئارىسىدا قەدىمدىن بار، ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ بار. ئەمدى توختى ئايۇپنىڭ تەنقىدلەۋاتقىنى نوقۇل سۇلتان ئەلى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر جەمئىيەت كوللېكتىپى. بىر ئادەم تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ئىنسان ھاياتىغا مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلسۇن، ئەمما ئۇنىڭ سورىقى بولمىسۇن؟! ھېچ بىر ئادەم ئۇنى بۇ قىلمىشى بىلەن توسمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن؟! يازغۇچى سۇلتان ئەلى ئوبرازى ئارقىلىق ئىنسان خاراكتېرىدىكى يامانلىق، رەزىللىكنىڭ دۇنيانى خاراب قىلغۇچى ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولسا، ئەشۇنداق يامانلىقنى، رەزىللىكنى توسىدىغان ئادەمنىڭ، كۈچنىڭ يوقلىقى، ياكى كۈچلۈك ئەمەسلىكى ئارقىلىق مەنىۋىيەتتىكى خارابلىقنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن. يازغۇچى بۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن يەنە نۇرئاتىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى قىسمەتلىرى، تاماكىچى خوتۇننىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» بەتلىرىنى يىرتىپ تاماكا ئورىشى، ئاخىرقى زۇلمەتتە ئاران بىر يول تېپىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ نىجاتلىق تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنماي، بىگۇناھ بۆرە بىلەن قەيسەرنى يوقىتىش ۋەسۋەسىسىدە يۈرۈپ، ئاخىرى ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئوخشاش تەپسىلاتلارنى بەرگەن. يازغۇچى بۇ روماندا مۇشۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ روھىي دۇنياسى، مەنىۋى تۇرمۇشى قاتارلىقلار ھەققىدە چوڭقۇر پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا «ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشى كېرەك» دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«بۆرە ئانا» رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە، يازغۇچى رومانتىزم بىلەن رېئالىزمنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان، شۇڭا روماندا رېئال تەركىبلەر بىلەن خىيالىي تەركىبلەر دائىم دېگۈدەك بىرگەۋدىگە ئايلانغان ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ھال رومانىنىڭ مەنە قاتلىمىنى، ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقىنى، بەدىئىي جەلپكارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. رېۋايەتلىك شەخسلەرنىڭ ئەسەرگە پېرسوناژ قىلىنىشى رومانىنى قەدىمكى ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىمىز، چۈشەنچىلىرىمىز، قاراشلىرىمىز بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى بېيىتىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. روماندا يارىتىلغان چىشى بۆرە، نۇر ئاتا قاتارلىق ئوبرازلار كىشىگە ئىختىيارسىز يىراق زامانلاردىكى نىجاتكار بۆرىنى، مىللەت ۋۇجۇدىدا

بار بولغان ياكى بولۇشى كېرەك بولغان بارلىق ئىزگۈ سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن خىزىر سۈپەت كىشىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئوبرازلار ئۆز نۆۋىتىدە ئەسەرنى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە قىلىدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلى سەۋەبلىك روماندا ماكان ـ دەۋر چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ھەممە ئەركىن تەسۋىرلىنىدۇ، يازغۇچى رېئال بىلەن خىيالنى، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە بۇنى رومانچىلىقىمىزدىكى بىر يېڭىلىق دەپ قاراش مۇمكىن. روماننىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ بىر پارچە مۇھاكىمىلىق رومان. يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئالغىنىمىزدەك، يازغۇچى بۇ روماندا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان، نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن. يازغۇچىنىڭ ھەر بىر تەپسىلاتى، ھەر بىر تەسۋىرى ھامان بىر مۇھاكىمىگە مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلگەن. يازغۇچى بەزىدە ئۆز بايانى ئارقىلىق مۇھاكىمە بەرگەن، يەنە بەزىدە پېرسوناژلىرىنىڭ تىلى، مونولوگى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغان، يەنە بەزىدە بولسا، مۇھاكىمە قىلىشقا، ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى كىتابخانغا سۈرەتلەپ بېرىپ، مۇھاكىمىنى ئۇلارنىڭ قىلىشىغا قالدۇرغان. يازغۇچى كىتابخانلارغا قالدۇرغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق سوئال يەنىلا «مانا مۇشۇنداق كىرىزىس پەيتىدە تەبىئەتنى، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ روھىمىزنى، ئادەمىيلىكىمىزنى قانداق قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك؟» دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت.

## § 6 . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىقىغا، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن دەۋرىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، لىرىكىلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، داستانلىرىدا دەۋرنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؛ ھېكايىلىرىدا مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، ھايات مەسىلىلىرىنى يازغان بولسا، رومانلىرىدا زور تارىخىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ ھەرقايسى ژانىرلاردىكى ئىجادىيىتى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئورتاقلىقلارغا ئىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لىرىكا ۋە رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئۇ مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دەۋرىمىزدىكى داڭلىق ژۇرنالىستلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇش، ژۇرنال چىقىرىش جەھەتلەردىكى نەتىجىسىمۇ ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1951 ـ يىلى خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1957 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1972 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1976 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن بۇيان شۇ ژۇرنالدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ھازىر «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا باش مۇھەررىر، ئالىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1963 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تالمايدىكەن بىلىكى » ناملىق شېئىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن. گەرچە، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەر خىل ژانىرلاردا بولسىمۇ، دەسلەپكى باسقۇچتا شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئىجادىيەتكە يېڭى كىرىشكىنىگە، ئىجادىيەت ساھەسىدە شەكىللىۋازلىق، شوئارۋازلىق، سولچىللىق ئاساسلىق خاھىش بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، بۇ يىللاردا يەنە «يۇلغۇن چېچىكى» ، «ياشلىق ناخشىسى» ، «تېرىم پەسلى» ، «قىلىچ ۋە قەلەم » ، «ھاياتتىن خاتىرىلەر» ، «چاقىر ۋەتەن» ، «ۋەتەنگە» ، «گۈل يېزام» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، بۇ شېئىرلاردا ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى ئۇلۇغلاپ ۋە مەلۇم بەدىئىي سەۋىيە يارىتىپ، ئۆزگىچە رەڭ ئىجادىيەت يولى تۇتقان ۋە ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئوتتەك قىزغىنلىقى ۋە ھەم شېئىرىي تالانتىنى ئاشكارىلىغان. شائىر 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 80 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنى باشلاپ، ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان شېئىرىي تالانتىنى، ئۆزگىچە كۆزىتىش، ئۆزگىچە پىكىر قىلىش، ئاجايىپ شېئىرىي ئۇنۇم پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى «ئۇچ غەزەل» ، «خوتەن قەغىزى» ، «ئەتلەسكە مۇخەممەس» ، «گىلەم» ، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق ئېسىل لىرىكىلاردا نامايان قىلغان. بۇ لىرىكىلار ئەشۇ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كىتابخانلار ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان. شائىرنىڭ «قەشقەردە كەچ» ، «قەشقەر باغچىسى» ، «قەشقەر ئۇستىسىغا» قاتارلىق شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان «ئۇچ غەزەل» ئەبەيدۇللا ئىبراھىم لىرىكىلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دەۋردىكى غەزەلچىلىكتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. قەشقەر ھەققىدىكى بۇ بىر يۈرۈش غەزەللەردە شائىر بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزىدىكى تىپىك، ۋەكىللىك، جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئاجايىپ ھاياجان، قىزغىن مۇھەببەت، ئېسىل مىسرالار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر خىل ئېستېتىك ئۇنۇم ياراتقان.

«خوتەن قەغىزى» ، «ئەتلەسكە مۇخەممەس» ، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق شېئىرلاردىمۇ شائىر ئىجادكار، ئەمگەكچان، مەدەنىيەتلىك ئەجداتلىرىمىز ياراتقان قەغەز، ئەتلەس، مۇقام قاتارلىقلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىمىزدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يۈكسەك دەربىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كلاسسىك شەكىللەردە ئەڭ ياخشى يازالايدىغان ۋە ئۇنىڭ مەلۇم سەۋىيىسىنى ياراتقان بۈگۈنكى دەۋر شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. بۇ شېئىرلارغا ئوبزورچىلار يۇقىرى باھالارنى بېرىشكەن. يۇقىرىدا ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن ئەشۇ بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىر خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجادچانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدىغان مۇقام، مەشرەپ، ئۆرپ ـ ئادەت، گىلەم، ئەتلەس، قەغەز. . . قاتارلىقلارنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە داستانچىلىقمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا داستان يېزىشقا كىرىشكەن، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھايىتى چوڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن. 1978 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «گۈلزۇپەر» ، «پولات» ، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» ، «چىمەندە توي» ، «قارا ۋە ئاق» ، «ھەسەن ـ ھۈسەن» قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. شائىرنىڭ بۇ بىر قاتار داستانلىرى ئىچىدە «قارا ۋە ئاق» داستانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، شائىر بۇ داستانىدا سانائەت تېمىسىنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆمۈركان ئىشچىسى تەلئەتنىڭ كەسىپ ۋە مۇھەببەت جەھەتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. داستاندا شائىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ھايات ھەققىدە، گۈزەللىك ھەققىدە، كەسىپ ھەققىدە، قەلب ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان ھەم يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسەرنى مەزمۇن جەھەتتىن يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان. «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» شائىرنىڭ يەنە بىر يىرىك داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا باش قەھرىمان سەرسانىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى، پاجىئەلىك تەقدىرى ئارقىلىق، بىر ئەۋلاد زىيالىيلار باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شائىر داستاندا مۇكەممەل، بىر پۈتۈن ۋەقەلىك ئارقىلىق دەۋر رېئاللىقىنى كەڭ ۋە ماھىيەتلىك كۆرسەتكەن ۋە مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئوخشىمىغان خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، ھايات ھەققىدىكى ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، داستاندىكى كەسكىن زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار، ئوخشىمىغان تەقدىرلەر كىشىگە چىنلىق

www.uyghurkitap.com

تۇيغۇسى بەخش ئەتسە، كۈچلۈك لىرىكا ۋە ئۆزگىچە مۇھاكىمىلەر كىشىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تونۇلغان يازغۇچى. ئۇ 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئاجايىپ كۆزلەر»، «يەر»، «كۈن نەدىن چىقىدۇ»، «سېرىق سەبدە»، «ھەي، ئادەملەر»، «ئىنسان قەدرى»، «كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىپ، كىتابخانلارغا سۇندى. يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولغاچقا، بۇ ھېكايىلەردە تۇرمۇشنىڭ ئاددىي، كۆرۈنۈشتىكى تەرەپلىرى يېزىلىپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ ھېكايىلەر كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇپ كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى «تۇمانلىق دۇنيا» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. يازغۇچى بۇ ھېكايىلىرىدە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي، جانلىق ۋەقەلەرنى، خاراكتېرلارنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ھەم ئەدەبىيلەشتۈرۈپ يېزىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئەخلاق قارىشى، ئادەمىيلىك ساپاسى ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىنى، مۇلاھىزىلىرىنى، قاراشلىرىنى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋەقەلىك ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. ھېسابتا يازغۇچى ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئادەم ھەققىدە ئىزدەنگەن، ھاياتلىقنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار مەقسەت ئەمەس. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ھەجىم جەھەتتىن ئىخچام، ئاممىباب، ئۆزگىچە قۇرۇلما ماھارىتى بىلەن يېزىلغان؛ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدا تىل ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كىشىگە كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈپ، 1988 ـ يىلى «تۇندىكى چاقماق» ناملىق تارىخىي رومانىنى، 1996 ـ يىلى «داغ» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشر قىلدۇردى. يازغۇچىنىڭ ھەر ئىككى پارچە رومانى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بولۇپ، قىزغىن ئالقىشقا، يۇقىرى باھالارغا سازاۋەر بولدى. يازغۇچىنىڭ تۇنجى رومانى ھېسابلىنىدىغان «تۇندىكى چاقماق»تا، خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە XX ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن، خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت، چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا، يەرلىك فېئودال بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق كۆلىمى چوڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى، تۇرمۇش بىلىمى ۋە كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى، شەخسلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ يېزىپ، رومانىنى ھەم تارىخىي چىنلىققا ھەم بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلغان. يازغۇچى روماندا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي

مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنىمۇ يۈرگۈزۈپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. روماندا سوپۇرگە ئاخۇن، سىيىت ھاجى، ئابلىز قارى، ئابدۇللا چاققان قاتارلىق بىر تۈركۈم روشەن خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىككە، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى يارىتىلغان بولۇپ، يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. يازغۇچى روماندا تارىخىي تەركىبلەر بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلغان بولغاچقا، بۇ رومان ئىسمى جىسمىغا لايىق تارىخىي رومان بولۇپ چىققان.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «تۇندىكى چاقماق» رومانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رومانچىلىقىغا ئاساس سالغان بولسا، «داغ» رومانى ئارقىلىق رومان ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان.

## 2. «داغ»ناملىق رومانى

«داغ» تارىخىي رومان بولۇپ، ئۇ ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يىرىك ئەسىرى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن نادىر رومانلارنىڭ بىرى. روماندا، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئەكسىيەتچى، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار، زالىم بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئەل ـ يۇرتقا ئېلىپ كەلگەن تۈگىمەس بالايىئاپەتلىرى، ۋەيرانچىلىقلىرى، بۇنىڭغا چىداپ بولالمىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى ئاساسىدا ئەسەرنى كۈچلۈك تارىخى چىنلىققا ئىگە قىلىپ، خەلقىمىز تارىخىدىكى ئەشۇ بىر قېتىملىق جەڭگىۋار كۈرەشنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. يازغۇچى تارىخنى يازغاندا نوقۇل تارىخ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە بەدىئىي تەسەۋۋۇر، توقۇلمىلار بىلەن ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، يازغۇچى تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى قايتىدىن كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئەشۇ تارىخىي ۋەقەلەردىن، تارىخىي شەخسلەردىن بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ساۋاق بولىدىغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، رومانىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. يازغۇچى ئۆز ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە تارىخ ئارقىلىق بۈگۈنگە ئىبرەت قىلغان، ئىنسان ھەققىدە، ھايات ھەققىدە چوڭقۇر قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن، ئاجايىپ جەلپكار ۋەقەلىك ئارقىلىق ئەسەر سۇژىتىنى قانات يايدۇرغان، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتنىڭ مەھسۇلى بولغان، كىشىگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرىدىغان نىياز ھېكىمبەگ، كېپەك دەرۋىش قاتارلىق يېگانە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇنىڭدىن باشقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رومانىنىڭ تەسۋىرلەش، بايان قىلىش، تىل ئىشلىتىش، قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارەتلىرىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن.

رومانىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى نىياز ھېكىمبەگ، كېپەك دەرۋىش قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىدا گەۋدىلىنىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ «قۇۋلۇق، شۇملۇق بىلەن سۈيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىردە تەڭدىشى يوق بىر ئادەم. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن ۋە مەرتىۋە ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئەزىز ۋە قىممەتلىك. ئۇنىڭچە ۋاپا ۋە ساداقەت دېگەنلەر ياشاش ئىقتىدارى بولمىغان يارامسىز ئادەملەرنىڭ ئويلاپ تاپقان نەرسىسى. ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھايات يولىنى كېسىش — نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزگەرمەس ھايات مەنتىقىسى. ئۇ رەزىللىك ۋە مۇناپىقلىقنىڭ جانلىق تىپى، ياۋۇزلۇق ۋە قانخورلۇقنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۈلگىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ھەقىقەت ۋە ئادالەت، دەردمەن، بىچارىلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتىشى. يازغۇچى . . . ئۇنى ماھىيىتى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت قايىنىمىغا، يەنى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۆز كۈشەندىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ئېقىمىغا تاشلايدۇ. نەتىجىدە نىياز ھېكىمبەگ بۇ شەپقەتسىز ئېلىشىشتا ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئىككىلا سەپتە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ جىنايەتلەك شەرمەندە ھاياتىنى يىرگىنىشلىك ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ»، «كېپەك دەرۋىش خەلق ۋە ئۇنىڭ غايىلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بۇ يولدا ئۆمۈر بويى ئىزدىنىش ۋە رىيازەت چېكىشنى ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدىغان، خەلقىنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكىدىن باشقا ھېچقانداق غەم، تەشۋىشى بولمىغان ھالال بىر ئادەم. ئۇ ھايات چۈشەنچىسى كەڭ، تۇرمۇش بىلىمى چوڭقۇر، ھەممە نەرسىگە ئۆزگىچە قارايدىغان، ھەرقانداق مۇرەككەپ ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ سىر، ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ساددا پىكىر، مۇلاھىزىلىرى بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە ئەقىل ئىگىسى»، «كېپەك دەرۋىش بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازلىرى ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرغىچە قەلەمگە ئېلىنمىغان، پروزىمىزدا ھېچقانداق بەدىئىي ئىزناسى بولمىغان پۈتۈنلەي يېڭى ئوبرازلار بولۇپ، ئۇلارنى ئاپتور ئۆزىنىڭ ماھارەتلىك قەلىمى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كىردى.»[1].

## § 7 . نۇرمۇھەممەت توختى

نۇرمۇھەممەت توختى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچىدا يېتىشىپ چىققان، پروزا ئىجادىيىتى روشەن خاسلىقتا، مۇئەييەن چوڭقۇرلۇقتا ۋە گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولغان يازغۇچى. ئۇنىڭ «بەش تۈپ سەگۈ تېرەك»، «ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە»، «يېڭى قوشنام»، «شاھ مەشرەپ خوتەندە» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «قارلىغاچ ئۇۋا

---

[1] مۇھەممەت پولات: «‹داغ› — ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى»، «ئەدەبىيات — چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى» 35 ـ، 36 ـ، 37 ـ بەتلەر.

سالغان ئايۋاندا» ، «چۆل ئوغلى» قاتارلىق پوۋېستلىرى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى 1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1966 ـ يىلى خوتەن شەھىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1973 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇتقۇچى، مەمۇرىي كادىر، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومدا كاتىپ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەشكىلات ـ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى نىسبەتەن كېچىكىپ باشلانغان. گەرچە ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن بولۇپ، ئەدەبىيات ئىشقىدا كۆيۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ 1984 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «بويناق ھەققىدە خاتىرىلەر» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئاندىن ئەدەبىيات ساھەسىگە رەسمىي كىرىپ كەلگەن. نۇرمۇھەممەت توختىنى بەك ھوسۇللۇق يازغۇچى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ 15 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا نەچچە پارچىلا پوۋېست، ئون نەچچە پارچە ھېكايە، بىر قانچە پارچە ئەدەبىي ئاخبارات ۋە بىر كىتابلىق نەسىر ئېلان قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدە بىر ئەھۋال شۇكى، ئۇنىڭ ھەر قانداق ژانىردا يازغان ھەرقانداق بىر پارچە ئەسىرى ئۆزىنىڭ ئاكتىپ تېمىسى، ياكى روشەن خاراكتېرلىك پېرسوناژلىرى، ياكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چوڭقۇرلۇقى، ياكى بولمىسا ھەجىۋى ـ تەنقىدىي تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، ۋە ياكى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان كەيپىيات ـ تەسىراتى، ھېچ بولمىدى دېگەندە كىشى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئۈلگۈرەلمەيدىغان نەتىجە ـ يېشىمى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا ھەر قەدەمدە چوڭ تەسىرلەرنى قوزغايدۇ. شۇ سەۋەبتىن نۇرمۇھەممەت توختى بۈگۈنكى ئەدەبىيات رېئاللىقىدا تەسىر كۈچى زور يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بىزدىكى ئەسەرلىرىنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، ساپاسى بىلەن داڭق چىقارغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» ، «بەش تۈپ سەگۈ تېرەك» ، «ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە» ، «ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئۆز ۋۇجۇدىچە كىتابخانلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەي تەرىپلىنىپ يۈردى، «شەھلا كۆز» پوۋېستى ئەدەبىي مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولدى، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ناملىق پوۋېستىدا ئىنسان قەلبىنىڭ پىنھان جايلىرى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ئىپادىلەندى؛ «چۆل ئوغلى» پوۋېستى سالامىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى يۇم ـ يۇم يىغلاتتى، «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ، «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» قاتارلىق تارىخىي ھېكايىلىرى كلاسسىك شائىرلاردىن مەشرەپ ۋە تەجەللىلەرنىڭ ئوبرازىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تۇنجى قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېلىپ كىرگەنلىكى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر تارىخىي ھېكايىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

نۇرمۇھەممەت توختى ھېكايىلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئۇ ئاۋام خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ھېكايىلىرىگە ۋەقە، پېرسوناژ تېپىشقا ناھايىتى ماھىر يازغۇچى. ئۇنىڭ دىققەت نەزەرى كۆپىنچە جەمئىيەتتە نىسبەتەن ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان، ئاۋام كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىشىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆز ئەينىدەك تەسىرات بېرىدۇ. ئۇ تۇرمۇشنى يازغاندا ئاۋام خەلققە بولغان چەكسىز ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە يەنە، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ جانلىق، تەسىرلىك، تىپىك بولۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى كۈچلۈك تەنقىدىي روھقا، ھەجۋى تۈسكە ئىگە. ئۇ تەنقىدنى ئاۋامنىڭ قەلبى ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مەسخىرە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى «ئىجتىمائىي ھېكايىلەر» دەپ ئاتىسا تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرىمۇ دەل مۇشۇ.

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى مۇۋەپپەقىيىتىنى تونجى قېتىم نامايان قىلغان ئەسەر «بەش تۇپ سەگۇ تېرەك» ناملىق ھېكايىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مەسۇمتۇمۇچۇقنىڭ بەش تۇپ سەگۇ تېرەككە ئېرىشىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشى ھېكايە قىلىنغان. ئەترەتنىڭ تېرەكلىرى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلگەندە مەسۇم تومۇچۇققىمۇ بەش تۇپ سەگۇ تېرەك تەقسىم بولىدۇ. بىر ئۆمۈر كوللېكتىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشىدا ھېچبىر ئىلگىرىلەشلەرگە، ھېچبىر خۇشاللىقلارغا ئېرىشەلمىگەن مەسۇم تۇمۇچۇق بۇ تېرەكلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن چەكسىز خۇش بولىدۇ. ئۇ «ئاللىقاچان ماغدۇرىدىن كەتكەن غولاچلىرىنى كېرىپ تېرەكلەرنى بىرمۇ بىر قۇچاقلاپ چىقتى، ھېچقايسىسىغا قۇچاق يەتمەيتتى. بۇ تېرەكلەر گەرچە سوغۇق ۋە قوپال بولسىمۇ ئۇنىڭغا خۇددى يۇمشاقتەك، ئىسسىقتەك بىلىندى. ئۇ ئاخىرقى تېرەكنى ئۇزاققىچە قۇچاقلاپ تۇردى. زادىلا قويۇۋەتكۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ قەلبى ئۇزاق يىللار پەرۋىش قىلىنغان لېكىن ئەمدىلا چېچەكلەۋاتقان ئارمان گۇللىرىنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن مەست ئىدى». ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق مەستخۇشلىقى، ھاياجانلىق كۈنلىرى ئۇزاققا بارمايدۇ. نەدىندۇر كەلگەن ئاجۇجاڭ ئىسىملىك بىرسى يېزا باشلىقلىرىنىڭ خوشامەتلىرى ھېسابىغا ئۇنىڭ تېرەكلىرىنى — ئۇنىڭ خۇشاللىقى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، تۇرمۇشىنىڭ كاپالىتىنى ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ. «ياغاچ باسقان ماشىنىلار گۇرۇلدەپ كەتتى. مەسۇم تۇمۇچۇق ماشىنىلارنى خۇددى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە دەسسەپ ئۆتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئېغىرلىقنى — يۈرىكىنى ۋە پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئېزىپ چەيلىگەن ئېغىرلىقنى روشەن سەزدى. لېكىن ئىگرىيالمىدى. ئۇ ھېچنېمىنى

كۆرەلمەي قالدى. ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ ـ توزان ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇۋالدى» . يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە ئاپتور بايانى ئۇسۇلى ئارقىلىق مەسۇم تۇمۇچۇقنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى بىر قۇر ۋاراقلاپ، پەقەت 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى يېڭى سىياسەتنىڭلا دېھقانلارغا ھەقىقىي نىجاتلىق يولى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆلارنىڭ ياخشى سىياسەتكە، يەرگە، دەل ـ دەرەخلەرگە ۋە يەنە نېمە ـ نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ دەۋردىن، پارتىيىدىن ئىنتايىن رازىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەمما يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە مانا مۇشۇنداق چوڭ ئومۇمىيلىقنىڭ ئىچىدە يەنە مەسۇم تۇمۇچۇقنىڭ پاجىئەسىگەئوخشاش ئىشلارنىڭمۇ بارلىقىنى، ئاجۇ جاڭ، قادىر قوتازغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئۆز مەنپەئىتى، ئۆز خۇشاللىقى بەدىلىگە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى، تەقدىرىنى خاراب قىلغانلىقىدەك بىر ئەپسۇسلۇقنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئەسەرنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان مۇھىم بىر ئۈتۈقى شۇكى، يازغۇچى ئەسەردە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر قانچە دەۋردىكى ئوخشىمىغان تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى يېزىلاردىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى، دېھقانلارنىڭ يەرگە، دەرەخكە ۋە باشقا ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكەنلىكى، مۇشۇ ئىسلاھات داۋامىدا يەنە بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقى، بىر قىسىم نەپسانىيەتچىلەرنىڭ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ، دېھقانلارنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى بولمىغانلىقى. . . غا ئوخشاش ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىر تەرەپتىن، تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئىش، راست ئادەملەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يېزىلغانلىقتا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەشۇ تۇرمۇشنى جانلىق، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلىگەنلىكىدە. يازغۇچى بۇ ھېكايىدە نېمىنى يېزىشقىمۇ، قانداق يېزىشقىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەن.

ئۇ كېيىن يازغان ئەسەرلىرىدە ئىجادىيىتىدىكى مەسخىرە ۋە تەنقىدنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، دىققەت مەركىزىنى ئاساسەن ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل چىرىكلىكلەرنى پاش ۋە تەنقىد قىلىشقا قاراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەنقىدىي خاھىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ، جەمئىيەتتە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىنكاسلارنى قوزغىدى. نۇرمۇھەممەت توختى تۇرمۇشقا ھەممىدىن بەك ئارىلىشىپ ياشايدىغان يازغۇچى بولغاچقا، ئۇ مۇشۇ خىل ئەۋزەللىكىنى ناھايىتى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇپ، ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشتىكى راست، ماھىيەتلىك، جانلىق تەپسىلاتلارنى يېزىپ، بولۇپمۇ رېئاللىقتىكى، ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى كۆپرەك تەنقىد ۋە مەسخىرە قىلىپ، مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن تۇرمۇشقا تېخىمۇ بەك يانداشتى. يازغۇچى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن بىر كوممۇنىست يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پارتىيىمىزنىڭ پاكلىقىنى قوغدىمىسام بولمايدۇ، بۇ مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. شۇڭا ناپاك

www.uyghurkitap.com

ئادەملەرنى، ناتوغرا ئىشلارنى، ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلاشنى ئۆزەمنىڭ كۈرەش ۋەزىپەم دەپ ھېسابلايمەن» . ئۇنىڭ بۇنداق مۇددىئا بىلەن يازغان ھېكايىلىرى ئومۇمەن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. «يېڭى قوشنا» ناملىق ھېكايىسىدە يازغۇچى باستىماشىنچىنىڭ نەزىرى ئارقىلىق، يېڭى قوشنىسىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى شەخسىيەتچىلىك، ئالدامچىلىق، پارىخورلۇقنى مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان. يازغۇچىنىڭ تەنقىدي خاھىش بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇنداق ھېكايىلىرى ئاز ئەمەس. ئۇ «يىگىرمە مىڭ باغاق» ناملىق ھېكايىسىدە مەلۇم ئىدارىدا خىزمەت قىلىدىغان مۇھەممەت خۇدابەردىنىڭ 6 يىل ئىچىدە ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا ھەر قېتىمدا 1000 تال باغاق تارقىتىپ 20 قېتىم ئەل ـ جامائەتكە «ئادەمگەرچىلىك» پائالىيىتى قىلىپ، نۇرغۇن پايدا ـ نەپكە ئېرىشكەنلىكى، نەتىجىدە ئۇنىڭ قازان ئېسىپ، باغاق تارقىتىپ بىرەر مۇراسىم ئۆتكۈزمىسە تۇرالمايدىغان غەلىتە بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى، ئەمما بۇنداق قىلىشقا ھېچبىر ئامال قىلالماي، ئاخىرى سۇ ئامبىرىدىن سۇزۇۋېلىنغان ئىگىسىز جەسەت ئۈچۈن مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. يازغۇچى مەسخىرە ۋە تەنقىدنى بيۇروگرات، چىرىك ئەمەلدارلار بىلەنلا چەكلەپ قويماي، بەلكى يەنە ئاددىي كىشىلەر ۋۇجۇدىدىكى ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرگىچە كېڭەيتكەن. ئۇ «ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە» ، «يەنە بىر ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە نوقۇل باي بولۇشنىلا قوغلىشىپ، ئادەمىيلىك پەزىلىتىنى يوقاتقان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلغان ۋە ئاگاھلاندۇرغان بولسا، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە چۈش مەنزىرىسىنى يېزىشقا ئوخشاش ئالاھىدە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، گۇرۇھۋازلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق پاش ۋە تەنقىد قىلغان. يازغۇچىنىڭ بۇنداق تەنقىدى سۆزسىزكى يازغۇچىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى بىر خىل مەجبۇرىيىتى، ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى رەزىللىكتىن نەپرەتلەندۇرۇپ ياخشىلىققا دەۋەت قىلىشتەك ئىجادىيەت مۇددىئاسىنىڭ مەھسۇلى. ئەلۋەتتە، نۇرمۇھەممەت توختى ئەسەرلىرىدە مەزمۇن ئىپادىلەشكە، بىرەر ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالدى بىلەن ئەھمىيەت بېرىدىغان يازغۇچى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئالدى بىلەن گەۋدىلىنىدىغىنى ئىدىيۋىلىك. ئەمما، بۇ دېگەنلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بەدىئىي رەڭدارلىق يوق دېگەنلىك ئەمەس. بەدىئىيلىك يېقىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر ئۇسلۇبى كۈچلۈك مەسخىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ تەنقىدى مەسخىرە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مەسخىرىسى تولىمۇ جانلىق، ھەقىقەتەن كۈلكىلىك، شۇنداقلا ئاستىرىتتىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسخىرىسى كىنايىلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، كىشىدە ئۆزگىچە بىر تەسىرات قالدۇرىدۇ: «مەن ئاشۇ پىلە قۇرتىدەك بۇدرۇققىنە سەمىرىگەن خېلى كۆپ ئادەملەرنى بىلىمەن… ئۇلار خالتا ـ خالتا سېمونت، توپ ـ توپ ئەينەكلەرنى، ھەتتا نەچچە ئون مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات چىۋىق بىلەن قاتتىق سۇ تۇرۇبىلىرىنىمۇ كىمىرىپ يېۋېتەلەيدۇ.

بەزى هاللاردا ئۇلارنىڭ كىمىرىپ يېيىشى بەكمۇ جىددىيلىشىدۇ. ئىسكىلاتتىكى زاپاس لازىمەتلىكلەرنىڭ كاسىسىدىكى، پاراۋانلىق فوندىنىڭ، ئىشقىلىپ ساقلىنىۋاتقان بارلىق جامائەت مۈلكىنىڭ تىۋشىسىز ئازلاپ كېتىش سۈرئىتى بۇ جىددىيلىكنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ...

مەن سېمونت بىلەن ئەينەكنىڭ، ياغاچ ـ تاش بىلەن ئېلېكتر سىملىرىنىڭ، پولات چىۋىق بىلەن يېشىل سىرلارنىڭ نەقەدەر قۇۋۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يېتىۋاتىمەن. ئۇلار ئادەمنى نەقەدەر چىرايلىق سەمىرىتىدۇ ـ هە؟! ناھايەتكى، ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن يىپەك ئىشلەپچىقىرالىسا! ئېھ، بۇدرۇققىنە سېمىزلىرىم، سىلەر نېمە دېگەن ئوماق. » («كىمىرىپ يېيىش» تىن). مىسال ئېلىنغان بۇ پارچىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغان بۇ بىر قاتار ھېكايىلىرىدە تەنقىد بىلەن مەسخىرە ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

نۇرمۇھەممەت توختى ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدا يازغان ھېكايىلىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ تارىخى ھېكايىلىرى ئاساسەن تارىخىي شەخسلەرگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆتكەن داڭلىق شائىرلارغا بېغىشلىنىشتەك روشەن تېما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرىدىن «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ناملىق ھېكايىسى شەرق شېئىرىيىتىدە كاتتا ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر شائىر مەشرەپنىڭ خوتەندىكى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» ناملىق ھېكايىسى بولسا، ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك شائىرلىرىدىن تەجەللى، فۇرقەت، ئەسمايىل ھاجى قاتارلىقلارنىڭ قوشتاغدىكى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى ـ مۇشائىرىسىنى يېزىشقا بېغىشلانغان. «شاھ مەشرەپ خوتەندە» ناملىق بۇ ھېكايە ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن شەرق شېئىرىيىتىدىكى كاتتا شائىر شاھ مەشرەپ ئاساسلىق پېرسوناژ قىلىنغان بولۇپ، بۇ كلاسسىك شائىرلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازى يارىتىلغان تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچى بۇ ھېكايىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق شاھ مەشرەپنىڭ خوتەندىكى زىيارەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك خەلق ئارىسىغا تارقالغان رىۋايەتلەرنى ئاجايىپ بەدىئىي يۈكسەكلىكتە جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا بىر پارچە مۇكەممەل ھېكايىگە ئايلاندۇرغان. تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، يازغۇچى ناھايىتى زور ئىجتىھات كۆرسىتىپ مەشرەپنىڭ تەرەققەتچىلىكتە يۇقىرى ھۆرمەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە بولغان پەلسەپىۋى ئىدىيىسىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان روھىي دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان. بۇ ھېكايىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك يېرى شۇكى، يازغۇچى بايانىنى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن بەرگەن. مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ سۆز ـ ھەرىكىتىمۇ، روھىي دۇنياسىمۇ ئىنتايىن سىرلىق بولغان، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋلىيا دەپ سۈپەتلىنىدىغان بۇ زاتنى، ئۇنىڭ سىرلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى، ئىدىيىسىنى يازغۇچى يېشىمەن، چۈشەندۈرىمەن

دەپ زورۇقمىغان، بەلكى ئۇنىڭ ئەشۇ سىرلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى، ئاجايىپ چوڭقۇر بولغان روھىي دۇنياسىنى ئېينەن، سىرلىق پېتى تەسۋىرلەپ، مەشرەپ ئوبرازىنى يارىتىشتا ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. ئاپتورنىڭ مەشرەپ ھەققىدىكى بايانلىرىمۇ مەشرەپ ئىدىيىسىدىكى چوڭقۇرلۇققا يېقىنلاشقان بولغاچقا، ھېكايە كۆپ تەرەپتىن ئۇتۇقلۇق چىققان. ئەمدى، يازغۇچىنىڭ «قوش تاغدىكى مۇشائىرە» ناملىق ھېكايىسىدە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر ـ خوتەنلەردە ياشاپ ئىجاد قىلغان شائىرلارنىڭ بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى ۋە شۇ ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتكەن باغلاقتا چۈشۈپ قالغان كىيىك ھەققىدىكى بىر قېتىملىق مۇشائىرىنى يېزىش ئارقىلىق، يازغۇچى بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك شېئىرىيىتىدە مەشھۇر بولغان «سەيدىڭ قويابەر سەيياد...» دەپ باشلىنىدىغان غەزەلگە ئەنزە ئاغدۇرغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەشۇ يىللاردىكى ئەدەبىي ھاياتنى، جەمئىيەت رېئاللىقىنى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھېكايىلەر ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن تارىخىي ھېكايىلەرنىڭ سەرخىللىرىدىن، شۇنداقلا نۇر مۇھەممەت توختىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ پوۋېستلىرى يەنە بىر بەدىئىي دۇنيا. ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە «چۆل ئوغلى»، «شەھلا كۆز»، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» قاتارلىق پوۋېستلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىغا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى ھېكايە ئىجادىيىتىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ، بۇ پوۋېستلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشت ـ تەقدىرىنى بايان قىلىپ، بۇ سەرگۈزەشت ـ تەقدىرلەر ئارقىلىق، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ھايات ھەققىدە، رېئاللىق ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ناملىق پوۋېستىدىكى ۋەقەلىك دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئاساسلىق سۇژېت شەكلى ھېسابلىنىدىغان «ئودىپوس سۇژېتى تۈگۈنى» گە شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل دۇنياۋى خاراكتېرلىك سۇژېت شەكلىگە ياندىشىش مەيلى ئاڭلىق بولسۇن ياكى ئاڭسىز بولسۇن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، شۇنداقلا يازغۇچى ئىجادىيىتى ئۈچۈن بەلگىلىك ئەدەبىي قىممەتكە، شۇنداقلا تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. يازغۇچىنىڭ «شەھلا كۆز» ناملىق پوۋېستىدا شەھلا كۆزلۈك قىز ساجىدەنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى بۇ ئەسەردە ئادەمىيلىك مەسىلىلىرى ھەققىدە نىسبەتەن چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن: ھاياتتىكى نۇرغۇن خۇشاللىقلارغا ياخشى ئادەملەر، ئېسىل پەزىلەتلەر سەۋەب بولغىنىغا ئوخشاش، نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، پاجىئەلەرنىمۇ يەنە شۇ ئادەملەر ـ يامان ئادەملەر، ناچار ئىللەتلەر پەيدا قىلىدۇ. ساجىدەدىن ئىبارەت شۇنداق سەبىئىي، گۈزەل، ئاق كۆڭۈل قىزنى، ئۇنىڭ ياشلىق غۇنچىسىنى، ئۆمۈر باھارىنى غازاڭ قىلىۋەتكىنى يەنە شۇ ئادەملەر بولىدۇ. بۇ بىر پارچە سەرگۈزەشت ئاساس قىلىپ يېزىلغان پوۋېست بولۇپ، ئۇنىڭدا باش

قەھرىمان ساجىدەنىڭ ئازاب بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن، ئازاب ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان سەرگۈزەشتىلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى يېزىلغان. ئەسەردىكى پاجىئە ھەقىقەتەن كىشى قەلبىنى ئۆرتەيدۇ، شۇنداقلا ئادەمنى ھايات ھەققىدە، ئادەملەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ. بۇ بىر ياخشى يېزىلغان تراگېدىيىلىك ئەسەر. ئۇنىڭ تراگېدىيىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى يېزىلغىنى يەنىلا «چۆل ئوغلى» ناملىق پوۋېستى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«چۆل ئوغلى» بالىلار تۇرمۇشى ئاساس قىلىپ يېزىلغان، دۇنيا، ھايات، ئادەملەر بالىلارنىڭ نەزەرى بىلەن كۆزىتىلگەن، بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن پوۋېست بولۇپ، كىشىگە بالىلارنىڭ قەلبىدەك سەممىي، چىن، چەكسىز، ھېسسىياتلىق بىر خىل تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ ئەسەر يەنە مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردە ئاساسلىق قىلىپ سالام ئىسىملىك بالىنىڭ بىپايان چۆللۈكتىكى ھاياتى تەسۋىرلىنىدۇ. ھېسسىياتىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن كۆڭۈللۈك ئائىلىسىدىن سوۋۇشقا باشلىغان ئاتا بىلەن ئانا تۇرمۇشقا يەڭگىلتەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىپ تېخى قىزىل ئەت سالامنى يېتىم قىلىپ ئاجرىشىپ كېتىدۇ. سالام دادىسىغا ئەگىشىپ، ئادەمسىز چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان سۇ ئامبىرى بويىدا ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. ئۇ تەبىئەت قوينىدا ياشايدۇ، ئاھۇ سۈتلىرىنى ئىچەپ، چۆل قوينىدا يۈرۈپ، چۆل، كۆل، قومۇشلۇق، قۇملۇقلاردا ئېغىناپ، ئاھۇ سۈتىنى ئىچىپ، ئۇنىڭ ئوغلاقلىرى بىلەن ئويناپ چوڭ بولىدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق ياشاپ تەبىئەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قەلبى سىرتقى دۇنياغا، ئوقۇشقا، ئانا مېھرىگە تەلپۈنىدۇ. دادىسى چېلىپ بەرگەن ئىسكىرىپكىنىڭ مۇڭى، ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇڭ، گۈگۈم مەزگىلىدىكى تەبىئەتنىڭ مۇڭى، ئۇ ئۇچراشقان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرىدىغان مۇڭ ئۇنى تولىمۇ مۇڭلۇق بىر بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ كېيىن شەھەرگە ئوقۇشقا كىرىدۇ، ئەمما جۇشقۇن ئوقۇش ھاياتى ئۇنىڭ مۇڭلۇق قەلبىگە ھېچبىر خۇشاللىق ئاتا قىلالمايدۇ، ئۇ مىڭبىر مۇشەققەتتە ئانىسىنى تاپقان بولسىمۇ، ئەمما ئانىسىنى تاپقان كۈنى دەل ئانىسىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان كۈنىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇ چەكسىز سېغىنغان، باغرىنى پۈتۈن ھاياتلىقىنىڭ خۇشاللىقى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئانىسىنىڭ پەقەت يۈزىنىلا كۆرەلەيدۇ. تەقدىر بۇ كىچىككىنە نارەسىدىگە مانا مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك قىلىدۇ. ئۇ قىشلىق تەتىل قىلىپ چۆلگە — دادىسىنىڭ يېنىغا قايتقاندا بولسا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بىر پاجىئە يۈز بېرىدۇ: سالامنىڭ دادىسىنىڭ باشلىقى ئاغىنىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يەرگە قىشلىق ئوۋغا كېلىدۇ. ئۇلار سالامنىڭ ئانىسى ئورنىدىكى ئاھۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن سالام چەكسىز قايغۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ياۋۇز ئەبلەخلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مىلتىقىنى كۆلگە تاشلىۋېتىدۇ. بۇ ئىش بىلىنگەندىن كېيىن ئۇلار سالامنىڭ دادىسىنى كۆلگە چۈشۈپ مىلتىقلارنى ئېلىپ چىقىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەجبۇرلايدۇ. دادا قەھرىتان سوغۇقتا كاچكولدىن كۆل ئاستىغا نەچچە شۇڭغۇپ ئاخىرى مىلتىقلارنى ئېلىپ چىقىدۇ ۋە شۇ ياتقانچە ئەتىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. سالام «دادىسىنىڭ جەسىدىگە تىكىلگىنىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بويىنىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان ئىپار ئاھۇنىڭ چىرايلىق بېشىمۇ بار ئىدى. ئاھۇنىڭ يېرىم ئوچۇق قالغان كۆزىدە ئەمدى ياقۇت پارلىمايتتى. قىپقىزىل چوغمۇ پىلدىرلىمايتتى. ئۇنىڭ چاناقلىرىدا ھېلىقى ئاۋاق ئوۋچى چاچقان توپا ـ تۇمان تولۇپ تۇراتتى. ئوغۇل ئاشۇلارغا قاراپ ماتەملىك سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇنىڭ سۈكۈناتى مۇشۇ تەكلىماكاننىڭ، ئۇلۇغ ئانا چۆلنىڭ مەڭگۈلۈك سۈكۈناتىغا ئوخشايتتى. سالامنىڭ مېڭىسىمۇ سۈكۈناتقا چۆمگەندەك ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. خىيالىغا ھېچنەرسە كىرمەيتتى. ھېچنېمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. شۇ كۈنى ئۇ ھېچنەرسە يېمىدى، ئەتىسىمۇ ئاغزىغا ھېچنەرسە سالمىدى. قورسىقىنىڭ ئاچقان ـ ئاچمىغانلىقىنى بىلەلمەيتتى. تاماق يېيىش كېرەكلىكىمۇ ئېسىگە كەلمەيتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ جەسىدىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. چۆل شاماللىرى، چۆل ئاپتىپى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىز سىلىپ ئۆتكەن بوغداي ئۆڭ چىرايىدا چەكسىز بىر مۇڭ، دەرد ـ ھەسرەت بەلگىلىرى قېتىپ قالغان ئىدى». شۇنداق قىلىپ، ھاياتنىڭ ھېچبىر خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن كىچىككىنە جان — سالام بۇ دۇنيادا ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ئەسەردە تراگېدىيە يېزىلغان. بۇ تراگېدىيىنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ ئەلۋەتتە ئادەم كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مانا مۇشۇنداق سىرلىق، مۇرەككەپ بىر ھايات. يازغۇچى ئەسەردە تەبىئەتنى ناھايىتى زور ئىجتىھات بىلەن يازغان. تەبىئەتنى ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن، تەبىئەتنى يېزىشتا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان ئەسەرمۇ دەل مۇشۇ بولسا كېرەك. يازغۇچى ئەسەردە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى، سەممىيلىكى، مېھرىبانلىقى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى سېلىشتۇرما قىلىپ تەسۋىرلەپ، ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئىپادىلەش ئۈنۈمى ياراتقان. يازغۇچى ئەسەردە تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتنى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرگەن. پۈتۈن ئەسەرگە بىر خىل كەيپىيات، بىر خىل ھېسسىيات ـ مۇڭ ئارىلىشىپ بارىدۇ. يازغۇچى مۇڭنى بەك كۆپ، بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك يازغان، شۇڭا ئەسەرنىڭ ھېسسىيات كەيپىياتى، لىرىكىلىقى تولىمۇ گەۋدىلەنگەن.

بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان مۇنداق بىر قانچە تەرىپى بار. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدا ناھايىتى كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە كەيپىيات ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ھال ئەسەرنىڭ لىرىكىلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئەسەردىكى لىرىك تەركىبلەرگە قاراپ ئۇنى بىر پارچە لىرىك داستان دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ. ئەسەر باش قەھرىمانى سالامنىڭ چۆل ھاياتىنى، ئاجايىپ قىسمەتلىرىنى، بالىلارغا خاس ھېسسىياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە كىشىنى ئىختىيارسىز يىغا تۇتىدۇ. پۈتۈن ئەسەردىن مۇڭ تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ. سالام مانا مۇشۇنداق مۇڭ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇڭلۇق قەلبى، مۇڭلۇق

نەزەرى ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىنى مۇڭلۇق كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەشۇ مۇڭلار ئىچىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ، خۇشاللىق تاپىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەسەردە تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئادەم يېزىلغان. يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا تەبىئەتنى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېزىشتا بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەقىقەتەن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى بۇ پوۋېستىدا ئاسترىتتىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئادەم تەبىئىتىدىكى رەزىللىكلەر، ۋەھشىيلىكلەر ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ. سالامنى ئاھۇ ئانىسىدىن، بىردىنبىر دىلكەشى ۋە ھاياتلىق كاپالىتى دادىسىدىن دەل ئەشۇ ئادەملەر — ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى پەرۋاسىزلىق، ئاچ كۆزلۈك، رەھىمسىزلىك، تەبىئەتنى سۆيمەسلىك. . . كە ئوخشاش ئىللەتلەر ئايرىپ، ئاجايىپ بەختسىز بىر يېتىمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. تۆتىنچىدىن، پوۋېستتا باش قەھرىمان سالامنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ھېسابتا پۈتۈن ئەسەر سالامنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلار، ئوي ـ خىياللار، تەسىراتلار ئاساسىدا قانات يايىدۇ. يازغۇچى سالامنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئىپادىلەشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ، ئادەملەرنى، ۋەقەلىكنى، تەبىئەتنى، ھېس ـ تۇيغۇلارنى سالامنىڭ نەزەرى ئارقىلىق بېرىدۇ، شۇڭا ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرچانلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. «چۆل ئوغلى»نى بىر پوۋېست دېگەندىن كۆرە، ئۇنى ئىنسان بېشىغا كېلىدىغان ئېغىر مۇڭلار ئىپادىلىنىپ، تەقدىرنىڭ كاجلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان بىر كۈي دەپ قارىسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا پۈتۈن ئەسەردە ھېكايە ئەمەس ھېسسىيات دولقۇنلاپ تۇرىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزدىكى قابىل نەسرچىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ نەسىر ھەققىدە مۇستەقىل قارىشى، ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بار. «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر» توپلىمىدىكى نەسرلەرنى ئوقۇساق بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ نەسرلىرىدە تېما نىسبەتەن كەڭ بولۇپ، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئادەم يېزىلغان؛ بايان بىلەن مۇھاكىمە، لىرىكا، ئېپىكا ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن؛ بولۇپمۇ ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭىچە، چوڭقۇر پىكىرلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. يازغۇچى تەبىئەت بىلەن، ئادەم بىلەن، جەمئىيەت بىلەن نەسىر شەكلى ئارقىلىق سۆزلەشكەن، جاۋابسىز سوئاللىرىنى، قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھېسسىياتىنى نەسىر شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ھازىرغىچە «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» (1990 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى) ، «شەھلا كۆز» (1995 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) ، «چۆل ئوغلى» (1993 ـ يىل، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) ، «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر» (1992 ـ يىل، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) قاتارلىق ئەسەرلەر توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 8 § . ئابدۇللا ساۋۇت

ئابدۇللا ساۋۇت ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان ھوسۇللۇق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ رومان ۋە تارىخىي ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆپچىلىكنىڭ ياخشى باھالىرىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇللا ساۋۇت 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1972 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە قىزىلسۇ دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاقتۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، رادىئو ئۇزۇلى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. 1988 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ ئەدەبىي ھاياتى 70 ـ يىللاردا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن باشلانغان. ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاساسەن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىشىنى مەست قىلىدىغان قويۇق ئىشقى ـ مۇھەببەت ھېدى پۇراپ تۇرىدىغان مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى، ۋەتەن، خەلق ئۇلۇغلىنىدىغان جەڭگىۋار لىرىكىلارنى، جەمئىيەتنىڭ رېئال قىياپىتى، كىشىلەرنىڭ ئورتاق ساداسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان رېئالىستىك شېئىرلارنى، ئاچچىق كىنايە، ئۆتكۈر مەسخىرە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ساتىرالارنى، مەي ۋاستە قىلىنىپ، ھايات ھەقىقەتلىرى، كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك رۇبائىيلارنى يېزىپ، شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ چوڭ داغدۇغا قوزغىدى. ئۇنىڭ «ھايات كۈيى» ، «كۆڭلۈم» ، «ساڭا ھەمرا بولاي مەڭگۈ» ، «قەدەھ» ، «كۆردۈم سېنى» ، «توك كېتىدۇ» ، «يەتكىن قىزىم ھالىمغا» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇللا ساۋۇتنى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىرگە ۋە ئورۇنغا ئىگە قىلغىنى يەنىلا ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇللا ساۋۇت 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىلا ئۆزىنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. 80 ـ يىللاردا يېزىلغان «تاش بوران» ناملىق ھېكايىسى، «قانلىق قىرغاق» ناملىق پوۋېستى، «چاقماق» رومانى قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىپادىلىگەن تېمىسى، ياراتقان پېرسوناژلىرى ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەسەر سۇژېتىنىڭ جانلىق، قىزىقارلىق

بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە تاشقى كۆرۈنۈشلەر بىلەن قەلب چىنلىقىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇچۇن ئىزدىنىشتەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

90 ـ يىللار ئابدۇللا ساۋۇت پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ھوسۇللۇق، شۇنداقلا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردە يازغۇچى ھېكايە ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «شىراق»، «تەڭرىنىڭ ئوغلى»، «ئارسلان قۇترايدۇ»، «تۇمارس» قاتارلىق بىر تۈركۈم تارىخىي ھېكايىلەرنى، «ئەۋلىيا ئوت» قاتارلىق ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى يازدى. ئۇنىڭ تارىخىي ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىلىرى ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە بولۇپ، تارىخىي ھېكايىچىلىقنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. ئۇ يەنە پوۋېست ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار»، «دات باسماس قىلىچ»، «مۇھەببەت قارىغۇ ئەمەس»، «قىسمەت»، «ئۇيۇقتا قېتىپ قالغان كۆن»، «ئۇششۇك ماڭغان كېچە» قاتارلىق زور بىر تۈركۈم پوۋېستلارنى ئېلان قىلدى. رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يۇلتۇز ئەپسانىسى» (1999 ـ يىل)، «پۈتمەس سەتىرلەر» (2000 ـ يىل)، «ھاياتلىق زەنجىرى» (2000 ـ يىل) قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇنمۇ مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى.

ئۇنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرىنىڭ ۋەقەلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمقى زاماندىكى تارىخىدىن ياكى رىۋايەتلىرىدىن تېما ئېلىش ئاساسىدا يېزىلغان. يازغۇچىنىڭ «شىراق» ناملىق ھېكايىسىنى مىسال ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان شىراقنىڭ ئۆز ھاياتى بەدىلىگە خەلقىنى دۈشمەنىنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن ساقلاپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھېكايە يېزىلغان. ئىران شاھى دارا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى دۇنياغا كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ساكلار ئۈستىگە قوشۇن باشلاپ كېلىدۇ. ساك ئاقساقاللىرى غايەت زور دۈشمەن قوشۇنىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش، خەلقنى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن قانداق قىلىپ ئامان قالدۇرۇشنى ئويلىشىۋاتقاندا، ئۈستىۋېشى جۇل ـ جۇل، ئەمما كۆزلىرىدىن باتۇر، قەيسەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان پادىچى شىراق ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەگەر بالا ـ چاقىلىرىغا قاراپ قويۇش مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا، دارا ئەسكەرلىرىنى ئۆزى يالغۇز يوقىتىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئاقساقاللار دەماللىققا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يالقۇنلاپ تۇرغان باتۇرلۇق، قەيسەرلىككە قايىل بولۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىراق يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، پۈتۈن بەدىنىنى قانغا بوياپ، ئىران پادىشاھى ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ پادىشاھقا: «مەن ساك قېرىنداشلارغا ئىران شاھى ئۇلۇغ، باتۇر. ئۇنىڭغا ئەل بولايلى دېسەم، ئۇلار مېنى مۇناپىق دەپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلاردىن مېنىڭ ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا ئىكەن» دەپ «ھال ئېيتىدۇ». ياخشى بىر يول باشلىغۇچىنىڭ چىققانلىقىدىن خۇشال بولغان ئىران شاھى ساكلار ئۈستىگە لەشكەر تارتىدۇ. شىراقنىڭ يول باشلاپ

مېڭىشى بىلەن دارا قوشۇنلىرى بىپايان قۇملۇققا كىرىپ قالىدۇ. ئۇزۇن سەپەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما مەنزىل كۆرۈنمەيدۇ. دەھشەتلىك ئىسسىق، سۇسىزلىقنىڭ دەردىدىن ئىران ئەسكەرلىرى، ئاتلار ھالىدىن كېتىدۇ. شىراقنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلگەن لەشكەر باشلىقى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ھەم ئۆزىمۇ پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن قىرىلىپ تۈگەيدۇ. ھېسابتا بىر شىراق ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، باتۇرلۇق، قەيسەرلىكىگە تايىنىپ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە دۈشمەننىڭ نەچچەمىڭلىغان ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، ۋەتەن ۋە خەلقىنى بالايىئاپەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدا، قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان بۇ رىۋايەتنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن تېخىمۇ يۈكسەك ئىدىيىۋى قىممەتكە ۋە بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلىپ، شىراقتىن ئىبارەت بۇ قەھرىماننىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتەك قەھرىمانلىق، ئادەمىيلىك خاراكتېرىنى ئۇلۇغلىغان. شۇنداقلا يەنە مۇشۇ بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ يۇقىرى بىر پەللىسىنى ياراتقان.

يازغۇچىنىڭ تارىخىي ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلغان يەنە بىر پارچە ئەسەر «تەڭرىنىڭ ئوغلى» ھېكايىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەدھىيىلەنگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىللاردا ھونلار بىلەن ياۋچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلىشىدۇ. ياۋچىلارنىڭ قولىدا تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتقان ھون شاھزادىسى باتۇر تەڭرىقۇت بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قېلىپ، ياۋچىلارنىڭ دۆلەت گۆھىرى بولغان تۇلپارنى ئوغرىلاپ ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېلىپ كۆرگەن رېئاللىق ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىق ئورنى بىكار قىلىنىپ، كىچىك ئىنىسى تەخت ۋارىسى بولغان، دۆلەت ئىشلىرى ئانچە روناق تاپمىغان. بۇنداق ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن باتۇر ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىدۇ ۋە دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا دائىر بىر قاتار ئىشلارنى باشلايدۇ. شۇنداق كۈنلەردە قەدىمكى قەبىلىلەردىن بىرى بولغان توڭگۇسلار ئەلچى ئەۋەتىپ ھونلارنىڭ دۆلەت گۆھىرى ھېسابلىنىدىغان، تۇمەنخاندىن قالغان تۇلپارنى يولسىزلىق بىلەن سورايدۇ. ئوردىدىكىلەر بۇ تەلەپنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، ئەمما باتۇر تەڭرىقۇت «دوستلۇق ھەممىدىن مۇھىم. بىر تۇلپارنى دەپ قوشنا ئەللەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتساق بولماس» دەپ، تۇلپارنى توڭگۇسلارغا بېرىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن توڭگۇسلار تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، ھون خانىشىنى ئۆزىنىڭ خانىغا خوتۇنلۇققا سوراپ كېلىدۇ. بۇ ئىش ھونلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. ئەمما باتۇر تەڭرىقۇت بۇ تەلەپكىمۇ ماقۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ 1 ـ خانىشىنى توڭگۇسلارغا بېرىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن توڭگۇسلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ھونلاردىن زېمىن سوراپ كېلىدۇ. بۇ تەلەپ باتۇر

تەڭرىقۇتنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ، كېڭەش قىلىدۇ. ۋەزىرلەر «دوستلۇق مۇھىم. ئازراق زېمىننى ئۇلارغا بەرگەنگە زېمىنىمىز كىچىكلەپ كېتەمتى» دەپ سۇلھىگە پىلان تۈزىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت تەسلىمچى ۋەزىرلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ ھەمدە توڭگۇسلار ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىستىلاھ قىلىپ، خانىشنى، تۇلپارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، بۈيۈك ھون ئىمپېرىيىسىگە ئاساس سالىدۇ ھەم ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىدە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى ۋە توڭگۇسلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تارىخىي ۋەقەلەردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن بولغان، شۇنداقلا بەدىئىي تەسەۋۋۇرلارغا تويۇنغان بىر ۋەقەلىكنى يېزىپ چىققان. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

بۇ بىر قاتار تارىخىي ھېكايىلەرنىڭ ئورتاقلىقى شۇ يەردىكى، بىرىنچىدىن، يازغۇچى يىراق قەدىمكى دەۋر تارىخىدىكى داڭلىق قەھرىمان شەخسلەرنى ھېكايىلىرىنىڭ باش قەھرىمانى قىلغان. يەنى ئۇ تاللىغان پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى تارىختا داڭقى بار قەھرىمانلاردىن ئىبارەت. ئىككىنچىدىن، يازغۇچى بۇ بىر قاتار ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى گەرچە ناھايىتى يىراق قەدىمكى دەۋرلەر تۇرمۇشىنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما تارىخىي ماتېرىياللاردىن كۆرە يۈكسەك دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، يىراق قەدىمكى دەۋر تۇرمۇشىنى، كىشىلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى جانلىق نامايان قىلغان. تۆتىنچىدىن، يازغۇچى پېرسوناژلارنى روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ھەم ئورتاق مىللىي ئالاھىدىلىككە ھەم روشەن شەخسىي خاراكتېرگە ئىگە قىلغان. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، يازغۇچى بۇ بىر قاتار تارىخىي ھېكايىلىرىدە شەخسنىڭ شەخسىي ھېسسىيات ئۈستىدىن غالىب كېلىشى، ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشىدەك بىر خىل يۈكسەك ئىدىيىنى ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنى ھېكايىلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى چوڭ بىر ئۆتۈقى سۈپىتىدە كۆرۈشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىجادىيەت يولىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
2. مەمتىمىن ھوشۇرنى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار خاراكتېرىنى ئىپادىلەشكە ماھىر يازغۇچى دەپ ئاتايمىز؟
3. «قۇم باسقان شەھەر» رومانىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى نېمە؟

4. «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسىدا قانداق مەركىزىي ئىدىيە ئىپادىلەنگەن؟

5. مۇھەممەت باغراشىنى نېمە ئۈچۈن «ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي» يازغۇچى دەپ ئاتايمىز؟

6. مۇھەممەت باغراشىنىڭ ئىجادىيىتى قانداق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن؟

7. «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىدا قانداق مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

8. «يۈرەك تاغ» پوۋېستىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

9. خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئىجادىيەت يولىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

10. «مەختۇمسۇلا»، «ئوربىتا» پوۋېستلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

11. خالىدە ئىسرائىل ئىجادىيىتى قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

12. «قۇملۇقنىڭ چۈشى» پوۋېستىدىكى ھۆزىخان ئوبرازىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.

13. ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئىجادىيەت يولىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

14. ئەختەم ئۆمەر ئىجادىيىتى قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

15. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىنىڭ چوڭ تەسىر قوزغىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر قايسى؟

16. توختى ئايۇپنىڭ ئىجادىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

17. «بۆرە ئانا» رومانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن بۇ رومانىنى دۇنياۋى تېمىلارغا ياندىشقان رومان دەيمىز؟

18. ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئىجادىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

19. «داغ» رومانىدا قايسى مەزگىلدىكى ئىشلار يېزىلغان؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى قايسى؟

20. نېمە ئۈچۈن نۇرمەھەممەت توختىنىڭ ئەسەرلىرى «ئىجتىمائىي ھېكايىلەر» دەپ تەرپلىنىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈڭ.

21. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلىرىدە قانداق يورۇتۇلغان؟ ئەسەرلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈڭ.

# IX باب ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر دراماچىلىقى

## 1 § . قىسقىچە بايان

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دراماچىلىقمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۈگۈنكى زاماندىكى دراماچىلىقىمىز ھازىرقى دەۋر دەۋرىدىكى دراماچىلىقىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلدى ھەمدە ناھايىتى چوڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى. بۈگۈنكى دەۋر دەۋرى ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دراماچىلىق ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىلا «مايترى سىمىت»قا ئوخشاش كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە، خېلى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە، مۇكەممەل سۇژېت ـ قۇرۇلمىغا ۋە خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلىرى روشەن پېرسوناژلارغا ئىگە درامىلار ئىجاد قىلىنىپ، دراماچىلىقىمىزدا شانلىق بىر سەھىپە ئېچىلغان. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دراما ئىجادىيىتى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا بىر خىل ژانىر سۈپىتىدە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ بارالمىغان، ئەنئەنە شەكىللەندۈرەلمىگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىيەت ئاساسەن شېئرىيەت ئىجادىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، دراماچىلىق پەقەت خەلق سەنئىتى تەركىبىدە ئەلنەغمە، مەشرەپ، ئېيتىشىش ... قا ئوخشاش ئويۇن تۈرلىرى شەكلىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك سەنئەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئەدەبىياتىمىزدىكى دراماچىلىق ئەنئەنىسىدىن كۆرە، زامانغا لايىق ئەدەبىيات يارىتىش تەقەززاسى، ئەدەبىي شەكىل ـ ژانىرلارنى كۆپ خىللاشتۇرۇش جەھەتتىكى تىرىشچانلىق، شۇنداقلا باشقا مىللەت، باشقا ئەللەر دراماچىلىقىنىڭ تەسىرى، يۇرتىمىزنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا دېگۈدەك «سانايى نەپىسە» لەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى، ئاممىۋى سەنئەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر دراماچىلىقى دەسلەپكى قەدەمدە مەيدانغا كەلدى ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 30 ـ ، 40 ـ يىللار ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ بىر قېتىملىق ئالتۇن دەۋرى بولدى. بۇ يىللاردا زۇنۇن قادىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، خەمىت ھەكىم، زىيا سەمەدى، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق تۇنجى ئەۋلاد دراماتورگلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەتلىرى نەتىجىسىدە «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ، «غۇنچەم» ، «گۈلنىسا» ، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» ، «كۆرەش قىزى» ، «چىن مودەن» ، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ، «قانلىق داغ» ، «زۇلۇمغا زاۋال» ، «پېرىخون»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

، «ئەمەت سەرراپ» قاتارلىق زور بىر تۈركۈم دراممىلار مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر سەھنىلىرىنى بىر مەزگىل جانلاندۇردى ھەم خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشناللىقىنى قاندۇردى. بۇ يىللاردا يەنە سەيپىدىن ئەزىزى «شانلىق غەلىبە» قاتارلىق دراممىلىرى بىلەن، ئەھمەد زىيائى «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسى بىلەن، نىمشېھىت «پەرھاد ـ شىرىن» دراممىسى بىلەن ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر دراممىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر دراماتورگلار تەرىپىدىن يېزىلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال ھاياتىدىن تېما ئېلىنغان، شۇ يىللاردىكى ئىجتىمائىي ھايات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن زور بىر تۈركۈم دراممىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھىم بىر ۋەقە بولدى ۋە كېيىنكى يىللاردىكى دراممىچىلىقىمىزغا پۇختا ئاساس سالدى.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر دراممىچىلىقى ھازىرقى دەۋر دراممىچىلىقىنىڭ ئەنە شۇنداق نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلدى. شۇڭا، بۈگۈنكى دەۋر دراممىچىلىقىمىزنىڭ ھازىرقى دەۋر دراممىچىلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق.

50 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ھال خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا، روھىي دۇنياسىغا، شۇ قاتاردا ئەدەبىياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، روھىي دۇنيانىڭ ئىپادىلىنىشى بولغان ئەدەبىياتتا، جۈملىدىن دراممىچىلىقتىمۇ بىر قاتار يېڭىلىقلار بولدى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا دراممىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن گەۋدىلىك بولدى. شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، بۈگۈنكى دەۋر دراممىچىلىقى شەكىللىنىشكە باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، سەھنىلەردە يەنىلا ھازىرقى دەۋر باسقۇچىدا يېزىلغان «قانلىق داغ» ، «زۇلۇمغا زاۋال» ، «غۇنچەم» ، «گۈلنىسا» ، «شانلىق غەلىبە» دراممىلىرى داۋاملىق ئوينالدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۈگۈنكى دەۋر دراممىچىلىقىنىڭ تۇنجى مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىدە بىر قىسىم دراممىلار مەيدانغا كەلدى. بۇلار ئىچىدە مۇھەممەت تاتلىق يازغان «يېتىملار كۆز يېشى» ، نەجمىدىن سىدىق يازغان «قۇللۇقتىن ئازاد» ، ئەمەت ئۆمەر يازغان «تاڭ بىلەن باراۋەرلىك» ، زۇنۇن قادىرى يازغان «توي» ، سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «كۈرەش يولى» ، «خېمىرتۇرۇچ سېلىش كېرەك» ، بۇرھان شەھىدى يازغان «يالقۇنتاغ غەزىپى» ، شۇكۇر يالقىن يازغان «يالغۇز قىز» ، «دەل توي كۈنى» قاتارلىقلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ دراممىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ مۇدھىش كونا جەمئىيەتتە تارتقان چىدىغۇسىز ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، يېڭى جەمئىيەتتە ئازادلىققا، باراۋەرلىككە، ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن، ئۇلاردا يېڭى جەمئىيەت بىلەن كونا جەمئىيەت ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلىنىپ، ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئۆزگىرىشلەر تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھەم قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. بۇ دراممىلارنىڭ رېئال تۇرمۇش

بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، دەۋر روھى كۈچلۈك، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر درامىلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەندى.

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە زۇنۇن قادىرىنىڭ «توي» ناملىق دراممىسى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ دراما 1954 - يىلى يېزىلغان. بۇ درامىنىڭ ئەسلى نامى «توي ئۈستىگە توي» بولۇپ، كېيىن مۇشۇ نامغا ئۆزگەرتىلگەن. زۇنۇن قادىرى بۇ درامىسىنى يېزىش ئۈچۈن ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگەنگەن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى، بۇ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ كەلگەن ئالەمچە ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈپ، ناھايىتى چوڭ ئىلھامغا ئىگە بولغان. مۇشۇ ئاساستا «توي» دراممىسىنى يازغان. بۇ دراما سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئوينالغاندىن كېيىن، ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان. 1956 - يىلى مەملىكەت بويىچە بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئازسانلىق مىللەتلەر دراما كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ درامىدا 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىغا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلىرى، دېھقانلارنىڭ بۇ ھەرىكەتكە تۇتقان ئوخشىمىغان پوزىتسىيىلىرى تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى درامىدا ئاساسلىق قىلىپ ئوتتۇرا دېھقان ھاشىمنىڭ كوپېراتسىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى يېزىش ئارقىلىق، شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى، دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدىكى ئىدىيىۋى سەرگۈزەشتىلىرىنى، دېھقانلار تۇرمۇشىدا، يېزا ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى، دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى، كوپېراتسىيىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭىچە ھاياتقا قەدەم قويغان چاغدىكى بەختىيارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇ دەۋردە يېزىلغان باشقا بىرمۇنچە ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا بۇ ئەسەردىمۇ «ئۆزگىرىش» باش تېما قىلىنغان، ئەمما ئۆزگىرىش بۇ ئەسەردە سەنئەت يۈكسەكلىكىدە، باش قەھرىمان ئىدىيىسىنىڭ، خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىدا، سەنئەت قانۇنىيىتى ئاساسىدا كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇ درامىدىكى زىددىيەت جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان سىنىپلارنىڭ زىددىيىتى ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە درامىنىڭ ئاساسلىق باش تېمىسى «ئۆزگىرىش» بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسەردە ھاشىمنىڭ ئۆزگىرىشى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. دراما زىددىيەتلەر ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىنغان، ھەممە خۇشاللىققا چۆمگەن ھالەتتە ئاخىرلاشقان بولۇپ، درامىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇش درامىنىڭ كەيپىياتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن. قىسقىسى، زۇنۇن قادىرىنىڭ «توي» دراممىسى ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشىنىڭ تىپىكلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چىنلىقى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىش جەھەتتىن بولسۇن، ياكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى جەھەتتىن بولسۇن، 50 - ، 60 - يىللاردىكى دراماچىلىقىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يىللاردا ئۇيغۇر دراماتورگلىرى يازغان درامىلاردىن باشقا يەنە «شاھى سوزانە»، «گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق»، «سىرلىق سومكا»، «ئىككى بايغا بىر مالاي»، «61 سىنىپپى قېرىنداش ئۈچۈن»، «قوش توي»، «قىزىل ئاياللار قوشۇنى» قاتارلىق جۇڭگو ـ چەتئەل درامىلىرىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئوينالدى. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ يىللاردىكى درامىچىلىق ھازىرقى دەۋر باسقۇچىدىكى درامىچىلىقنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى.

60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تارتىپ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرى قاتارى درامىچىلىق ساھەسى ئۈچۈنمۇ ئاپەتلىك يىللار بولدى. بۇ يىللاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە باشقا چېكىدىن ئاشقان سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر سەۋەبلىك ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن بارلىق درامىلار ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنكار قىلىندى، يېڭى درامىلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. 70 ـ يىللارغا كەلگەندە ئەدەبىي قىممىتىدىن كۆرە، سىياسىي تۈسى قويۇق بولغان «ئۈلگىلىك تىياتىر» لارنى ئويناش تەرغىب قىلىندى. مۇشۇ ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى «قىزىل چىراغ» ئوپېراسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپ، ئۇنىڭ مۇزىكا ـ ئاھاڭلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ سەھنىلەردە ئوينىدى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ 10 نەچچە يىلدا سەھنىگە ئېلىپ چىقىلغان بىردىنبىر ئەسەر «قىزىل چىراغ» بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇ تىياتىر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر درامىچىلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق قىممىتى، تارىخىي ئورنى بولمىدى. قىسقىسى، مۇشۇ يىللاردا ئۇيغۇر درامىچىلىقى قىسقىغىنە بىر ئۈزۈكچىلىك دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى.

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ يەنە بىر ئالتۇن دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر درامىچىلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەندى، چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

بۇ يىللاردا دراماتورگلار قوشۇنى تېخىمۇ زورايدى، شۇنداقلا سەرخىللاشتى. ئۇيغۇر ھازىرقى دەۋر درامىچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرى ۋە مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بولغان زۇنۇن قادىرى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئېلى ئېزىز، ئەمەت ئۆمەر قاتارلىق بىر ئەۋلاد پېشقەدەم دراماتورگلار قايتىدىن جانلىنىپ، ئىجادىيەت ساھەسىگە قايتىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇلار ياكى بۇرۇن يازغان ئەسەرلىرىنى قايتىدىن يېزىپ ئۇلارنى تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈردى، ياكى بولمىسا يېڭىدىن يېڭى درامىلارنى ئىجاد قىلدى. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، تۇرسۇن يۇنۇس، تۇرسۇنجان لېتىپ قاتارلىق يېڭى بىر ئەۋلاد دراماتورگلار ئىزچىل تۈردە دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن گەۋدىلىك نەتىجىلىرى بىلەن ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەرەققىياتىغا ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ زۇنۇن قادىرىدىن كېيىنكى يىرىك ۋەكىللىرىگە ئايلاندى. بۇلاردىن باشقا يەنە ژانىرلاردا ئىجاد قىلىنغان بىر تۈركۈم ئەدىبلەرمۇ دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇلار ئىچىدە زوردۇن سابىر، توختى ئايۇپ، سەمەت دۇگايلى، ئەختەم ئۆمەر، تۇردى

سامساق، هاجى ئەھمەد كۆلتېگىن قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. بۇ يىللاردا يەنە بىر تۈركۈم ياش دراماتورگلار، دراما ھەۋەسكارلىرى يېتىشىپ چىقتى. بۇلاردىن جاپپار قاسىم، ئابلەت قەييۇم، پەرھات ئابدۇرېھىم، نۇرنىسا ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. مانا مۇشۇنداق بىر دراماتورگلار قوشۇنىنىڭ بولۇشى ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ يېڭى دەۋردە ناھايىتى گۈللىنىپ، كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە ئاساس بولغان مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يىللاردا ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر دراما ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان دراماتورگلىرىمىز بۇ يىللاردا ھەر خىل تېمىدىكى، ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى كۆپلىگەن دراملارنى يېزىپ، ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنى ياراتتى. بۇ يىللاردا قايتىدىن يېزىلغان ياكى ئۆزگەرتىپ يېزىلغان «غېرىب ـ سەنەم»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق دراملارنىڭ سەۋىيىسى ئىلگىرى يېزىلغان دراملارنىڭ سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ دراملارنىڭ قايتىدىن يېزىلىشى بىلەن ھازىرقى دەۋر دراماچىلىقىمىز بىلەن بۇگۈنكى دەۋر دراماچىلىقىمىز بىر ـ بىرىگە بىۋاستە باغلاندى. زۇنۇن قادىرى «گۈلنىسا» دراممىسىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىپ، بۇ دراممىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى، سەيپىدىن ئەزىزى «ئامانىنىسا» ناملىق دراممىسىنى يېزىپ، تارىخىي تېمىدىكى دراماچىلىقىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «مەسلىھەت چېيى»، «رابىيە ـ سەئدىن»، «مۇقام ئۇستازى»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» دراملىرى، تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «قانلىق يىللار»، «مۇقام ئەجدادلىرى»، «دۇنياۋى تىلسىمات» دراملىرى، تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «بىزگە ئىشىنەمسىز»، «قېرى يىگىتنىڭ تويى»، «تانسىكەش تۆمۈر خوتۇنلار» دراملىرى، جاپپار قاسىم يازغان «گۈلەمخان» دراممىسى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دراملارغا ئايلاندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىمىن ئەخمىدى بىلەن ئابلەت قەييۇم بىرلىشىپ يازغان «مۆلجەر تاغ بورانلىرى»، ئابلەت قەييۇم يازغان «ۋەتەن قۇربانلىرى» تۇرسۇنجان لېتىپ بىلەن شاھىدىن گۆھىرى بىرلىشىپ يازغان «چىن مودەن»، سەمەت دۇگايلى يازغان «شائىر ئۆلمەيدۇ»، «رابىيە ـ سەئدىن»، جاپپار قاسىم يازغان «ۋىجدان سوتى ئالدىدا»، توختى ئايۇپ يازغان «قىساس»، زوردۇن سابىر يازغان «تۇمان»، ئەختەم ئۆمەر يازغان «سىرىتماق»، «شەپقەتچى»، پەرھات ئابدۇرېھىم يازغان «ئۆركەشلە، سۆيگۈ دەرياسى»، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن يازغان «نۇزۇگۇم» دراملىرىمۇ جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ھەم خەلقىمىزنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ دراملاردىن «غېرىب ـ سەنەم»، «قانلىق يىللار»، «مۆلجەر تاغ بورانلىرى»، «چىن مودەن»، «قېرى يىگىتنىڭ تويى» قاتارلىق دراملار مەملىكەتلىك دراما ـ تىياتىر كۆرەكلىرى، مۇسابىقىلىرىدە ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. جۈملىدىن «گۈلەمخان» ئوپېراسى مەملىكەت بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» دراما مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قىسقىسى، مۇشۇ يىللار ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھوسۇللۇق، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك «ئالتۇن دەۋرى» بولدى.

بۇ يىللاردىكى دراممىلارنىڭ تېمىسى كۆپ خىل، ئەكس ئەتتۇرگەن مەزمۇنى كەڭ، ئىلگىرى سۇرگەن مەركىزىي ئىدىيىسى چوڭقۇر، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى كەسكىن، سۇژىت ـ قۇرۇلمىسى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، پېرسوناژلار ئوبرازى روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىنغان، تىلى تاۋلانغان، ھەر خىل بەدىئىي ئۇسۇللار ئۇنۇملۇك قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئۆلچەملىك دراممىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئامىللار خېلى يۇقىرى دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ھەتتا بەزىلىرى ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىنى ئېلىپ، مەزمۇندىن تارتىپ شەكىلگىچە روشەن يېڭىلىقلارنى ياراتتى. بىر قىسىم دراممىلاردا سىمۋوللاشتۇرۇش، بىمەنىلەشتۇرۇش، ماكان ـ زامانىنى تەرتىپسىزلەشتۇرۇش، رېئال بىلەن خىيالنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋېتىش، چىراغ نۇرىدىن پايدىلىنىپ كۆپ قاتلاملىق، ئۆزگىرىشچان كۆرۈنۈش پەيدا قىلىشقا ئوخشاش ماھارەتلەر قوللىنىلىپ، دراممىچىلىقىمىزغا يېڭى بىر ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. بۇ يىللاردا دراممىچىلىقىمىزنىڭ تېما دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. دراممىلار ئىلگىرى ئاساسەن ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىسى بىلەن سىياسىي، ئىجتىمائىي تېمىلاردا كۆپ يېزىلغان بولسا، بۇ يىللاردا يۇقىرىقى تېمىلاردىن باشقا يەنە تارىخىي تېمىلاردا، رېئال تۇرمۇش تېمىسىدا، ئىسلاھات تېمىسىدا، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر خىل ئىللەتلەر مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلىنىدىغان، خەلقنى ئادەمىيلىككە، ياخشىلىققا، چىنلىققا دەۋەت قىلىدىغان ئاكتىپ خاھىشلىق كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەر يېزىلدى. بۇ يىللاردىكى دراممىچىلىقتا كۆرۈنۈشتىن ئۆتۈپ ماھىيەت يېزىلىدىغان، دراما تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان، بەدىئىي ئوبرازلار، ھەر خىل سەھنە ۋاستىلىرى ئارقىلىق پىكىر يۇرگۈزۈلىدىغان، دراممىنىڭ سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ياخشى ئەھۋال شەكىللەندى. شۇڭا، بۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن دراممىلارنىڭ كۆپىنچىسى خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان دراممىلاردىن بولۇپ قالدى.

90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر دراممىچىلىقى كرىزىس دەۋرىگە دۇچ كەلدى. دراممىچىلىقنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ھەر خىل پايدىسىز ئامىللاردىن باشقا يەنە كۇنسېرى گۇللەنگەن كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى، تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېزلىكى، مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىش يوللىرىنىڭ كۆپلىكى، بازار ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل مەسىلىلەر دراممىچىلىققا نىسبەتەن پايدىسىز ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈپ قويدى. دراممىنىڭ تاماشىبىنلىرىنىڭ كۇنسايىن ئازلاپ كېتىشى بىلەن ئىلگىرىكى كۆپلىگەن دراما ـ ئوپېرا ئۆمەكلىرى ۋەيران بولدى، بەزى ساقلىنىپ قالغان ئۆمەكلەر درامىدىن كۆرە ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئېتوت ـ ئېپىزوتلارغا قىزىقىپ، دراممىلارنى ئاساسەن ئوينىمىدى. دراممىلار سەھنىلەردە ئوينالمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بازىرى، خېرىدارى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن دراما ئىجادىيىتى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە دراممىچىلىق بىر تارىخقا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بارا ـ بارا ئېپىزوت ـ ئېتوتلار ئىگىلەشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى يېرىم ئەسىرلىك تارىخى مۇساپىسىگە

قارايدىغان بولساق مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز: (1) بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى دەۋرىدە ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى نىسبەتەن تەكشىسىز بولدى. بۇ يېرىم ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسىدا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر دراماچىلىقى شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، توختاپ قېلىش، گۈللىنىش ۋە پەسىيىپ قېلىشتىن ئىبارەت مانا مۇشۇنداق دولقۇنسىمان تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. (2) ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى مۇشۇ باسقۇچتا يارىتىلدى. بولۇپمۇ يېڭى دەۋر باسقۇچى ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى يەنە بىر «ئالتۇن دەۋر»ى بولۇپ قالدى. (3) بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا، بولۇپمۇ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ تېمىسى كۆپ خىللاشتى، تارىخ ئېقىنلىرىدىن تارتىپ رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىگىچە، ماددىي تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەردىن تارتىپ مەنىۋى دۇنيادىكى مەسىلىلەرگىچە درامىلىرىمىزدا خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مەزمۇنغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىش بۇ باسقۇچتىكى دراماچىلىقىمىزنىڭ ئاساسلىق بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. (4) بۇ باسقۇچتىكى ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ باردى. تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇللىرى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، يېڭىلىنىپ باردى. ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە درامىلاردىكى پىكىرلەر پەلسەپىۋى تۈس ئېلىشقا، ماكان - دەۋر تەرتىپى يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇلۇشقا، سىمۋوللاشتۇرۇش، بىمەنىلەشتۈرۈش، سۈژىتسىزلاشتۇرۇش، قەھرىمانسىزلاشتۇرۇشقا ئوخشاش ئۇسۇللار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوللىنىلىشقا، درامىنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىنى يارىتىش ئۈستىدىكى سىناقلاردىن نەتىجىلەر چىقىشقا باشلىدى. مىللىيلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى دراماچىلىقىمىزدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىدى.

## § 2 . مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر - تۈرلىرىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرىتىپ ھەممىسىدىلا مۇناسىپ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان، دراماچىلىقىمىزنى ئوبراز، ئۇسلۇب، تىل، مىللىي ئالاھىدىلىك قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «مەسلىھەت چېيى»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، «رابىيە - سەئىدىن»، «ھېيتگاھ تۇمانلىرى»، «ئەزىزە» قاتارلىق درامىلىرى تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، بەدىئىي ئوبرازلىرىنىڭ يارقىنلىقى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر دراماچىلىقىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان، شۇنداقلا خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممەت ياراتقان.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ساقىيە مەھەللىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆشتاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلىدىن تارتىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولغان. 1991 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر ـ شەكىللىرىدە دېگۈدەك يازغان، ھەممىسىدىلا كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن ئەدىب. ئۇ 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىپ كەلگەن. مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى دەسلەپتە شېئىر يېزىشتىن باشلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، لىرىكىغا بايلىقى، ئاھاڭدارلىقى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، كلاسسىك شېئىرىي شەكىللەرگە بايلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇنىڭ «ۋىسال سەھىرى»، «قۇچاقلا ئۇ سىنىڭ داداڭ»، «گۈلمېھرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىر ـ داستانلىرى كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ باشلىغان شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، دەۋرىمىزدىكى مۇنەۋۋەر شائىرلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ناخشا تېكىستى ئىجادىيىتى ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولدى. ئۇ «كارۋان ناخشىسى» قاتارلىق 100 پارچىدىن كۆپ ناخشا تېكىستى يېزىپ، بۇ تۈردىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇ يەنە پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «ئىككى ئوقۇغۇچۇم»، «باشلىقمىكىن دېسەم»، «قوش مەسچىت»، «مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. بۇ بىر تۈركۈم ھېكايىلىرىدا ئۇ، مىللىتىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل ئىللەتلەرنى ئۆتكۈر مەسخىرە ئارقىلىق كېلىشتۈرۈپ تەنقىدلىدى. بولۇپمۇ «قوش مەسچىت» ناملىق ھېكايىنىڭ تەسىرى، مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى.

گەرچە مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئىجادىيىتىدە ھەر قايسى ژانىرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى گەۋدىلىك بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا دىرامچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دەۋرىمىزدىكى مۇنەۋۋەر دراماتورگلارنىڭ بىرى. يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر دىرامچىلىقىدا ئۇنىڭ تۆھپىسى ۋە تەسىرى ھەقىقەتەن ناھايىتى گەۋدىلىك.

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 50 ـ يىللاردىلا دراما ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. ئەمما ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتى مەشىق ئەسەرلىرى بولۇپ قالغان. يېڭى دەۋر باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۇ ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى دراما

ئىجادىيىتىگە قارىتىپ ،زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر درامىلارنى يېزىپ چىقتى. 1979 ـ يىلى يېزىپ چىققان «ھەسىنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟» ناملىق دراممىسى ئۇنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچىدا يازغان تۇنجى دراممىسى، شۇنداقلا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان دراممىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دراممىدا ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە، مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەمىيلىك پەزىلىتىنى، ئەخلاق جەھەتتىكى مۇكەممەللىكنى گەۋدىلەندۈرگەن. تۇنجى دراممىسىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇ شۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدىلا «مەسلىھەت چېيى»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «ھېيتگاھ تۇمانلىرى»، «مۇقام ئۇستازى»، «ھىجران»، «يەتتە قىزلىرىم»، «كۆن تۇغدى»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، «قايچا قۇدا»، «كېچىككەن توي»، «كۆمۈلمەس ئىزلار»، «ئەزىزە» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق دراممىنى ئىجاد قىلدى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئەنئەنىۋى تىياتىرچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، رېئاللىقتىكى ھەر خىل زىددىيەت ـ كۈرەشلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن بەلگىلىك ئالقىشقا ئېرىشتى.

بىز مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ دراما ئىجادىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدىمۇ، رېئال تېمىدىمۇ ناھايىتى ياخشى ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇشقا يېقىن بولۇپ ئادەمنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە دراما ئەسىرىدە تارىختىكى مۇھىم ۋەقەلەر ـ شەخسلەر ياكى رېئاللىقتىكى ئەمەلىي ئىشلار تەسۋىرلەنگەن، پېرسوناژ تىلى ناھايىتى تاۋلانغان ۋە روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىنغان، ئەسەرلىرىدە يەرلىك ئالاھىدىلىك تولۇق ئەكس ئەتكەن. ئاددىي تېما ئارقىلىق يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە رېئاللىقنى تەسۋىرلەش مۇھەممەتئېلى زۇنۇن دراممىلىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ھەسىنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟»، «مەسلىھەت چېيى»، «قايچا قۇدا» قاتارلىق دراممىلىرىدا ئوخشاشلا مىللىتىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كونا ئۆرپ ـ ئادەتكە يېپىشىۋېلىش، مۇتەئەسسىپلىك، نەپسانىيەتچىلىك، ھەشەمەتخورلۇققا بېرىلىشكە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەر قاتتىق قامچىلىنىدۇ. گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق، ۋاپادارلىققا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەر مەدھىيىلىنىدۇ. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ جانلىق ھەرىكىتى، تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرى ۋە مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى ئارقىلىق دراماتىك توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، يۈكسەك ئىدىيىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇرلار مۇھىتىدىن ئېلىنغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى، كىشىلەرنىڭ رېئال مۇناسىۋەتلىرىنى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن دراما سەنئىتىدە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولدى.

گەرچە مۇھەممەتئېلى زۇنۇن رېئال تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقىدەك دراممىلارنى

www.uyghurkitap.com

ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي سالماقنى يەنىلا تارىخىي تېمىدىكى درامىلار ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ تارىخىي تېمىدا يازغان بىر قانچە سەھنە ئەسىرى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇرەككەپ ھەم جانلىقلىقى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى، بولۇپمۇ خىلمۇ خىل تارىخىي كۈرەشلەرنى، تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋە تارىخىي شەخسلەرنى چىن ۋە تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. مەسىلەن، ئۇ «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» ناملىق تراگېدىيىسىدە تارىخىي رېئاللىق ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يارقىن يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ئەسەردىكى ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى، بارات ئاخۇن، نائىلە خېنىم، زۇمرەتخانلارنىڭ ئوبرازى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ئەكىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئۇرۇنغان تاجاۋۇزچى، ساتقىن كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ئىنگلىز كونسۇلى، شۋېد كونسۇلى ۋە ھەسەن شۋېد، ئىشان مەزىن قاتارلىقلار ئوبرازى روشەن سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق سەھنىگە چىقىرىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئاپتور ئەسەردە بىر تەرەپتىن، ئىلغار ئىدىيە بىلەن قوراللىنىپ جاھالەت دۇنياسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرگە ۋە ئويغىنىۋاتقان خەلق ئاممىسىغا مەدھىيە ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئانا تۇپرىقىمىزنى ۋەيران، بايلىقلىرىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا يول قويغان ياڭ زېڭشىن، ماتتەيلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان. «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ناملىق درامىدا بولسا دەل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن تەڭ پارتلىغان جەنۇبىي شىنجاڭ قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جەنۇبتىكى جاھىل كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ قۇدرەتلىك جەڭ ساداسىنى يىغىنچاق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئەسەردە ئەينى زامانلاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي، ياۋۇز دۈشمەنلىرى ھېسابلانغان گۇەن تۇەنجاڭ، ماتۇەنجاڭ، جۇ پاڭگاڭ ۋە ئۇلارنىڭ شەرمەندە يالاقچىلىرى ھەببۇللا ئىشان، مەتتوختى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا يارىتىلىپ، بۇلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ياشاۋاتقان چىرىك تۇرمۇشى، ۋەھشىيلەرچە ئېلىپ بارغان جىنايى ھەرىكەتلىرى، پەسكەش ئىچكى دۇنياسى شەپقەتسىز پاش قىلىنغان.

دېمەك، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئۇيغۇر ھازىرقى دەۋر دراماتورگىيىسىگە ئۆزىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلىرى ئارقىلىق بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي پاجىئەلىرى ۋە مەنىۋى ئازابلىرىنى، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ھەق ـ ئادالەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى رېئاللىققا ماس ھالدا يۈكسەك بەدىئىي پەللىگە كۆتۈرۈپ يارقىن ۋە تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەن، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن

قابىل ئاپتوردۇر. ئۇنىڭ بىر قاتار دراما ئەسەرلىرى دراماتورگىيىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن خېلى ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئەنئەنۋى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ھېچقانداق ئېقىمنىڭ ياكى تىياتىر شەكىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. ۋەقەنىڭ بايان قىلىنىشى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى، دراماتىك توقۇنۇشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، پەردە ــ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئالمىشىشى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە بىر قەدەر خاسلىققا ئىگە.

ئىككىنچى، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرىنىڭ تىلى بىر قەدەر تاۋلانغان ھەم جانلىق. بىزگە مەلۇمكى، دراما ئەسەرلىرىدە بېرىلىدىغان تىلدا پېرسوناژلار تىلى يەنى دىئالوگ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى، دراما ئەسەرلىرىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ھەرىكەت ۋە دىئالوگلارنىڭ بىۋاسىتە ياردىمى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن قىزىقارلىق، جانلىق، تاۋلانغان، چۈشىنىشلىك خەلق تىلى ئارقىلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بەردى. بولۇپمۇ ئۇ پېرسوناژ تىلىنى قويۇق ھېسسىياتقا ئىگە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويدى. ئۇ يازغان «ھەسىنكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟»، «مەسلىھەت چېيى»، «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» قاتارلىق درامىلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ پىشقان، ئىخچام، مېغىزلىق، ھېسسىياتلىق دىئالوگلىرى بۇنىڭ جانلىق پاكىتىدۇر.

ئۈچىنچى، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرى تارىخىي تېمىلارنى يورۇتۇشتا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ئۆز خاراكتېرى بويىچە نامايان قىلىنغان بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە رېئاللىققا زىت ياكى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ۋەقەلەر، ئىلاھلاشتۇرۇلغان، ساختىلاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىدە خېلى مۇكەممەل ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تۆتىنچى، مەمتېلىمۇھەممەتئېلى زۇنۇن درامىلىرىدا يەرلىك خۇسۇسىيەت، مىللىي پۇراق بىر قەدەر قويۇق، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، قۇرۇلمىسى ۋە پسىخىكىسىنى ياخشى ئىگىلەپ، شۇ ئاساستا مۇرەككەپ رېئاللىقنى ۋە ئادەملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى، شۇنداقلا ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىر قاتار دراما ئەسەرلىرى ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا، دەۋرنىڭ سىنىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرداشلىق بېرەلىدى. پىكىر جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇق، بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىك، شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك پەيدىنپەي بىر گەۋدىلىشىشكە باشلىدى. بىز ئۇنىڭ دراملىرىدىن مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي كۈرەش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن قىممەت قارىشىنى، ئېتىقادىنى، مىللىي روھىنى، گۈزەللىك ۋە ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە بولغان ئىنتىلىشىنى، شۇنداقلا بەزىبىر ئىپلاس ئىللەتلىرىنى تونۇپ يېتىمىز. بولۇپمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ياشاش شارائىتى ۋە يەرلىك تۇرمۇشى بىلەن بىر قەدەر مۇكەممەل ھالدا تونۇشۇپ چىقىمىز. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن بىر پارچە دراما ئەسىرىنى يازغاندا دەل ئاشۇ خىل ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلەرنى يۈكسەك بەدىئىي تەسۋىرلەر ئىچىدە يورۇتۇپ بەردى.

بەشىنچى، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن دراملىرىنىڭ لىرىكىلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك. دراما ئىجادىيىتى گەرچە ئېپىك ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ لىرىكىنى چەتكە قاقمايدۇ. لىرىك تەركىبلەر درامىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن دراملىرىدا مونولوگ، ناخشا، ئۇسسۇل قاتارلىق لىرىك تەركىبلەر ناھايىتى قويۇق بولۇپ، بۇ مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ باشقا دراماتورگلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ۋە ئۆزىگە خاس بولغان روشەن بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ھەممە دراملىرىدا دېگۈدەك گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

خۇلاسە قىلغاندا، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن نوقۇل ھالدا پارچە - پۇرات تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ياكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى بىر قەدەر ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي تراگېدىيىسىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان تېمىلارنى تاللاپ تەسىرلىك بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جانلىق گەۋدىلەندۈردى. ئۇنىڭ دراملىرى ئالدى بىلەن شەكىلۋازلىقتىن ۋە مەزمۇن تەكرارلىقىدىن خالىي بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. دراماتىك توقۇنۇشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ۋەقەلەرنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىشى، تىل جەھەتتىكى يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەت قاتارلىقلارنى ئىپادىلەشتە ئۇ ھەمىشە تىياتىرچىلىقنىڭ مىللىي خاسلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بىر قەدەر زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## 2. «كۆمۈلمەس ئىزلار» دراممىسى

«كۆمۈلمەس ئىزلار» پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىدىكى ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن يېزىلغان تراگېدىيە بولۇپ، بۇ ئەسەر مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ دراما ئىجادىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەسەردە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، تارىخىي ۋەقەلىك بىلەن

تارىخىي شەخسلەرنىڭ تىپىك پائالىيەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مىللىي قەھرىمان تۆمۈر خەلىپىنىڭ زوراۋانلىققا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن جاپاكەش دېھقانلارنى باشلاپ ياڭ زېڭشىن، شاھ مەخسۇتقا ئوخشاش ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرى ناھايىتى تەسىرلىك ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن.

تراگېدىيىنىڭ ئالدىنقى كۆرۈنۈشلىرىدە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى، شاھ مەخسۇت ۋەكىللىك قىلغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن قانلىق ئېلىشىش جەريانى كەڭ دائىرىلىك تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ قوزغىلاڭچىلار توسۇۋېلىشقا بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلانغان كۈچلۈك قورallıق قوشۇن سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خەلق دۈشمەنلىرى گەرچە كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورۇنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنى قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تراگېدىيىنىڭ كېيىنكى كۆرۈنۈشلىرىدە ياۋۇز كۈچلەر قوزغىلاڭچىلارنى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ئارقىلىق يوقىتىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن، شاھ مەخسۇتلار ھىيلىگەر لى شۈفۇنى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا ئەۋەتىدۇ. لى شۈفۇ بېشىغا سەللە ئوراپ، «قۇرئان» كۆتۈرۈپ، نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن ئەلچىلىككە كېلىدۇ. كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار داھىيسى تۆمۈر خەلىپە دۈشمەنگە ئوڭايلا ئالدىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرى ھامان خەلقنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىقى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان تراگېدىيىسى ھامان تارىخ تراگېدىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق تارىخىي تراگېدىيىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئاپتور ئەسەردە فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈم سۈرگەن قاراڭغۇلۇقنى رەھىمسىز تۈردە پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئىسيانكارلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇ يەنە تۆمۈر خەلىپىنىڭ ۋەھشىي دۈشمەن ئالدىدا ئالدىنىپ مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرماپ كەلگەن، دىنىي ئەقىدىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرنىمۇ ئاشكارىلىغان. مۇشۇنداق چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىدىيىنى ئاددىي سەھنە ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەش ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ ئەلۋەتتە ئاپتوردىن بىر قەدەر توغرا تارىخىي نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، تېخىمۇ مۇھىمى تارىخىي رېئاللىقنى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەينى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق بەدىئىي تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 1910 ـ يىللار ئەتراپىدىكى قۇمۇلنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىنى، يەرلىك زومىگەرلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى، دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ۋە زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان

باتۇرانە كۈرەشلىرىنى بىر قانچە پېرسوناژنىڭ ئوخشىمىغان ئىدىيىۋى ھالىتى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلىگەن. بولۇپمۇ تۆمۈر خەلىپە، ياڭ زېڭشىن قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا جانلىق ياراتقان، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەبلىرى ۋە مەغلۇپ بولۇش جەريانلىرىنى بىر قانچە مۇھىم دېتاللار ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن.

دېمەك، «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق بۇ دراما يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ۋە ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بەلگىلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ شەكىللەندۈرگەن.

بىرىنچىدىن، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇكەممەل، يەنى ئۇنىڭدا ناھايىتى زور كۆلەمگە ئىگە دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىخچام ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ۋەقەلىك بىر ـ بىرىگە ناھايىتى زىچ باغلانغان بولۇپ، دراماتىك توقۇنۇش ئەنە شۇ ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا راۋاجلاندۇرۇلغان.

ئىككىنچىدىن، تۆمۈر خەلىپە، ياڭ زېڭشىن، شاھ مەخسۇت، ئاماتقۇل، خامۇشبەگ، نىياز دورغا قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، كەچۈرمىشلىرى، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرى روشەن ھالدا سېلىشتۇرما قىلىنىپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئۈچىنچىدىن، بۇ تراگېدىيىدە پەردە ـ كۆرۈنۈشلەر مۇناسىۋىتى ۋە ۋاقىت ـ دەۋر مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي بەدىئىي لىنىيىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىنغان. بولۇپمۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىبارەت بۇ كۆلىمى زور تارىخىي ۋەقەنى يورۇتقاندا ئۇنى ئالاھىدە كۆرۈنۈش ئىچىدە تىپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ جانلىقلىقى ۋە تەسىرچانلىقى ئېشىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى رېئال ئەھمىيىتى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق بۇ تراگېدىيە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ، خەلقنىڭ ھۆرلۈككە، ئەركىنلىككە، ھەق ـ ئادالەتكە ۋە تىنچ تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن، زوراۋانلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان ياخشى ئەسەر. بىز بۇ تراگېدىيە ئارقىلىق مىللىتىمىزدە نەچچە ئەسىردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن روھىي ئىللەتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى بىلىپ يېتىمىز، شۇنداقلا تۆمۈر خەلىپىدىن ئىبارەت بۇ خەلقپەرۋەر قەھرىماننىڭ شانلىق ھاياتى ۋە كۈرەش تارىخى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرىنى ھېس قىلالايمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق بۇ تراگېدىيە ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي قىممەتكە، بەدىئىي قىممەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

## § 3 . تۇرسۇن يۇنۇس

ئۇيغۇر دراماچىلىقى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇر دراماچىلىقى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، ئەدەبىيات ئاساسەن شېئىرىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ، دراما قاتارلىق باشقا ژانىرلار تەرەققىي قىلالمىغان. پەقەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندىلا دراماچىلىق قايتىدىن گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. شۇندىن بۇيان ئۇيغۇر دراماچىلىقى خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى، تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئىدىيۋى ھېسسىياتىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، كۆنسېرى يېڭى سەۋىيە يارىتىپ، خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىش، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۈر ـ ژانىرلىرىنى رەڭدارلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ۋە بۈگۈنكىدەك كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىدە ھەرقايسى ئەدەبىيات دەۋرلىرىدە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان دراماتورگلىرىمىزنىڭ تۆھپىسى بار. ئەشۇ تۆھپىكار دراماتورگلىرىمىزنىڭ بىرى دەل تۇرسۇن يۇنۇس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

تۇرسۇن يۇنۇس 1942 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدە تېۋب ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 ـ يىلى يەكەن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ بېيجىڭ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغان، 1964 ـ يىلىغىچە شۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئاكتىيورلۇق كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، دراما ئۆمىكىدە ئىشلىگەن، كېيىن شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولغان. 1988 ـ يىلدىن كېيىن تەڭرىتاغ كىنو ستودىيىسىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

تۇرسۇن يۇنۇس بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان دراماتورگلىرىمىزنىڭ بىرى. گەرچە ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا ئاز بولمىغان ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى يەنىلا دراماچىلىقتا بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى دراما ئىجادىيىتىدە گەۋدىلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن.

تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ دراما ئىجادىيىتى 60 ـ يىللاردا باشلانغان، ئەمما ئۇ يىللاردا يازغان ئەسەرلىرى ئاساسەن ئۆلكىلىك تىياتىرلار قېلىپىدا بولغاچقا، ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمىغان. ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتىگە رەسمىي كىرىپ كەلگەن ۋە گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ۋاقتى يەنىلا 80 ـ يىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دراماتورگ «قانلىق يىللار» ، «مۇقام ئەجدادلىرى» قاتارلىق تارىخىي درامىلارنى ، «كۈتۈلمىگەن توي» ، «كارامەت بىر كۈن» ، «ئالتۇن بۆشۈك» ، «ھەسەن ـ ھۆسەن» قاتارلىق رېئال تېمىدىكى درامىلارنى يازدى ۋە مۇشۇ درامىلاردا قولغا كەلتۈرگەن گەۋدىلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ يېڭى دەۋرنىڭ باشلىرىدىكى يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قانلىق يىللار» ناملىق دراممىسى تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى سەلتەنەتلىكلىكى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتىكى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى، تۇرمۇشنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى ئۆزگىچىلىكى، تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئاساسىدا دەۋرىمىز كىشىلىرىگە تەربىيە بېرىشتىكى سەنئىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر دراماچىلىقىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. يازغۇچى «مۇقام ئەجدادلىرى» ناملىق دراممىسىدا، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇش، تارقىتىش. . . قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور ئەمگەكلەرنى قىلىپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئامانىساخان، قىدىرخان، ئابدۇرەشىتخان قاتارلىق سەنئەتكارلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق، 12مۇقامنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشىدىكى مۇرەككەپ تارىخىي قىسمەتلىرىنى دەۋرىمىز كىشىلىرىگە بەدىئىي يول بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن.

تۇرسۇن يۇنۇس 90 ـ يىللارغا كەلگەندە «قوغۇن پىشقاندا» ، «ئەگرى پاچاقتا دوناي توقماق» ، «گۈلدەستە» ، «دۇنياۋى تىلسىمات» قاتارلىق بىر تۈركۈم درامىلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر دراماچىلىقىغا پىكىر، مەزمۇن، قۇرۇلما، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، دراما تىلى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئاز بولمىغان يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ يىللاردا ئۇ ئاساسەن رېئال تېمىلاردا ئەسەر يېزىپ، ئەسەرلىرىدە ئالدىنقى باسقۇچتا ئاساس سالغان كومېدىيىلىك تۈسنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ «ئەگرى پاچاقتا دوناي توقماق» ناملىق دراممىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. يازغۇچى بۇ دراممىدا قاتتىق قەغەزدە ئاياغ تىكىپ ساتىدىغان كازىم بىلەن ئېشەك تۈكىدە گىلەم توقۇپ ساتىدىغان تەلەيخاندىن ئىبارەت ئىككى «كاززاپ»نىڭ ھۈنەر ـ تىجارەتتە ھەر خىل كۆز بوياmچىلىقلارنى قىلىپ، كىشىلەرنى ئالدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئالدانغانلىقى، ئاخىرقى ھېسابتا قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى پاش بولۇپ، ئوسال ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ۋەقەلىكنى كۈچلۈك كومېدىيىلىك تۈستە ھېكايە قىلىپ بەرگەن. يازغۇچى بازار ئىگىلىكى دولقۇنىدا كۆز بوياmچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھارام بايلىق كويىدا يۈرگەن كىشىلەرنىڭ كۆلكىلىك قىلمىشلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، چىنلىق بىلەن ساختىلىقنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسەتكەن. تۇرسۇن يۇنۇس ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق كومېدىيىلىك ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «قايچا قۇدا» ناملىق دراممىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يازغۇچى بۇ دراممىسىدا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى

نازۇك مەسىلە ھېسابلىنىدىغان ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىپ، تۇرمۇشتىكى كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆلمەس ئوبراز «سايىم نوچى» ئوبرازىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىجادىيىتىدە «دۇنياۋى تىلسىمات» ناملىق دراممىسى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دراما ئۇيغۇر دراماچىلىقىدا تۇنجى قېتىم يېڭىلىق يارىتىش خاھىشى بويىچە يېزىلغان دراما بولۇپ، ئۇنىڭدا غەرب دراماچىلىقىدىكى ئەپسانىۋى تەركىبلەر بىلەن رېئال تەركىبلەرنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش، ماكان ـ زاماننى تەرتىپسىزلەشتۈرۈپ، ئوخشىمىغان ماكان، ئوخشىمىغان زاماندىكى كىشىلەرنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىش، سىمۋوللاشتۇرۇش . . . قا ئوخشاش بىر قاتار ئۇسۇللار قوللىنىلغان. يازغۇچى بۇ دراممىدا نەچچە ئون يىللاردىن كېيىن تۇغۇلىدىغان گۈلجاھان ئىسىملىك قىزنى دراممىنىڭ باش قەھرىمانى قىلىپ، ئۇنى مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مورگان قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتتىن پەخىرلىنىش ئىدىيىسىنى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ياشلارنىڭ ئەجدادلار ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ گۈزەل كەلگۈسى يارىتىش ئۈمىدىنى؛ شۇنداقلا پۈتۈن خەلقنىڭ تۇرلۇك مەنىۋى ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ روناق تېپىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

تۇرسۇن يۇنۇس ئىجادىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە تارىخىي تېمىدا يېزىلغان دراممىلارنىڭمۇ، رېئال تېمىدا يېزىلغان دراممىلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ بىر پۈتۈن دراما ئىجادىيىتىدە رېئال تېمىدا يېزىلغان دراممىلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، مەلۇم دەرىجىدە ئىزچىللىققىمۇ ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. تارىخىي دراممىلىرى بولسا سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەس، پەقەت «قانلىق يىللار» دراممىسى بىلەن «مۇقام ئەجدادلىرى» دىن ئىبارەت ئىككى پارچە دراممىدىنلا ئىبارەت. ئەمما مۇۋەپپەقىيەت ۋە تەسىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ مۇشۇ ئىككى پارچە دراممىسى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى تارىخىي دراماچىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. ئۇنىڭ تارىخىي دراممىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، تەسىرى، ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، يالغۇز تۇرسۇن يۇنۇس ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دراماچىلىقىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## 2. «قانلىق يىللار» دراممىسى

«قانلىق يىللار» 6 پەردىدىن تەشكىل تاپقان، يارىتىلغان پېرسوناژلىرى كۆپ، ئەكس ئەتتۇرگەن تۇرمۇش ناھايىتى كەڭ بولغان يىرىك دراممىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر دراماچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر تارىخىي دراممىلارنىڭ بىرى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدۇ. بۇ دراما 1981 ـ يىلى يېزىلغان، 1982 ـ يىلى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان، 1985 ـ يىلى مەملىكەتلىك دراما مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر دراماچىلىقىغا چوڭ شەرەپ كەلتۈرگەن.

«قانلىق يىللار» تارىخىي چىنلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئەينى يىللار رېئاللىقى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دراما بولۇپ، ئۇنىڭدا يەكەننى مەركەز قىلىپ، خوجىلار ئوتتۇرىسىدا XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان ئۆتكۈر دىنىي زىددىيەتلەر، مۇرەككەپ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي كۈرەشلەر، بولۇپمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەكسىيەتچى، مۇتەئەسسىپ، مۇستەبىت دىنىي كۈچلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان قانلىق كۈرەشلىرى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ۋە بەدىئىيلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. درامىدا ئاساسلىق قىلىپ ئوردا ئىچىدىكى كۈرەشلەر تەسۋىرلەنگەن. درامىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى مۆھتەرەم خېنىم ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن پادىشاھلىق تەختىگە چىقىۋالىدۇ. زالىم، مۇستەبىت، مۇتەئەسسىپ تەلۋە بۇ پادىشاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن، قارا تاغلىقلار تەرەپدارلىرىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھلىنى، زۇلۇمغا، مۇستەبىتلىككە قارشى چىققان كىشىلەرنى تەلۋىلەرچە ئۆلتۈرىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئۆز سىڭلىسى پاخلاندۇ خېنىمنى مۇقام چالدىڭ، قارا تاغلىقلارغا يان باستىڭ، ماڭا قارشى چىقتىڭ دەپ، قايناۋاتقان داش قازانغا بېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. خانىم پادىشاھ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئۇ ئۇزۇن يىللار باشقا يۇرتلاردا جاھانكەزدى بولۇپ يۈرۈپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن، خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر شائىر زەلىلىگىمۇ زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇپ، سۇيىقەست پىلانلايدۇ. بۇنى بىلىپ قالغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر زەلىلىنى بۇ زىيانكەشلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. خانىم پادىشاھ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، پاخلاندۇ خېنىمنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان مۇقامچى نۇرئىمان خېنىم بىلەن ئۇنىڭ ئېرى شائىر ھەم مۇقامچى مۇرادىلغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدۇ. نۇرئىمان ئۈچۈن تەييارلانغان زەھەرنى مۇرادىل ئىچىپ سېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن نۇرئىمان قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئانىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىس بولۇپ چىققان خوجا مەھدى نۇرئىمانغا توي قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ. ئەمما نۇرئىمان بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. خوجا مەھدى قىزغا ھەر خىل قاتتىق، يۈمشاق ۋاسىتىلارنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان نۇرئىماننىڭ ئاپىسى مەريەمخان قىزىغا بۇندىن 19 يىل بۇرۇنقى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ: بۇندىن 19 يىل بۇرۇن خوجا مەھدى قورساقتىكى ئۈچ ئايلىق بالىسى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي، ئايالى مەريەمخاننى تالاق قىلىۋېتىپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. مەريەمخاننىڭ قورساقتىكى بالىسى دەل مۇشۇ نۇرئىمان ئىدى. نۇرئىمان بۇنى بىلگەندىن كېيىن خورلۇق، ئازاب ۋە غەزەپ دەستىدىن

زەھەر ئىچىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. خوجا مەھدىنىڭ زالىم، شەخسىيەتچى، باشباشتاق، نەپسانىيەتچىلىكى ئاپىسىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولۇپ، بۇنداق تەبىئەت بىلەن ئۇ ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك زىددىيەت شەكىللىنىدۇ. ئۇ ھوقۇق ۋە مال دۇنيانى دەپ ئاپىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىمۇ ئوغلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ… «قانلىق يىللار» دراممىسىدا مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دراممىنىڭ تارىخىي تۈسى ناھايىتى قويۇق.

تۇرسۇن يۇنۇس «قانلىق يىللار» ناملىق دراممىسىدا شىنجاڭدا XVII ئەسىردىن XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ قانلىق توقۇنۇش تارىخىنى تەسۋىرلەپ، شۇ چاغدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر ئېلىپ كەلگەن مىسلىسىز ئاپەتلەرنى تولىمۇ تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەردى. بۇ دراممىدا خان ـ پادىشاھلار، دىنىي ئۆلىمالار، ۋەزىرلەر، خوجا ـ ئىشانلار، شائىرلار، مۇقامشۇناسلار، تالىپلاردىن تارتىپ ئوردا ئەمەلدارلىرى، لەشكەرلەر ۋە ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە بولغان خىلمۇ خىل ئىدىيىگە، خىلمۇ خىل تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازى يارىتىلغان. ھېچقانداق بىر ئىجادىيەتچى ئېھتىيات قىلىپ چېقىلالمىغان «دىنىي قورغان» غا تۇرسۇن يۇنۇس بىرىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىپ، ئاشۇ بىر ئېچىنىشلىق تارىخىي رېئاللىقنى بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىگە ئۆز ئەينى بويىچە ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بەردى. بۇ تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ ئىككىنچى باسقۇچتىكى ئىجادىيىتىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغان، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىدىمۇ ئەڭ يۈكسەك بەدىئىي تەسىرگە ئىگە بولغان قىممەتلىك ئەسەردۇر. «قانلىق يىللار» دراممىسى ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تۇنجى قېتىم نامايان قىلدى.

«قانلىق يىللار» تۇرسۇن يۇنۇس دراماچىلىقىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ تارىخى دراما ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر. بىز تۆۋەندە مۇشۇ دراما ئاساسىدا تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ تارىخىي دراممىلىرىنىڭ بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ تارىخىي دراممىلىرى ئېپوس خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان شۇ بىر دەۋرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى، يەنى تارىخى، مەدەنىيىتى، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، دەۋرنىڭ ئاساسىي خاھىشى قاتارلىقلار تارىخىي يوسۇندا، شۇنداقلا نىسبەتەن كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ دراممىلارنى شۇ بىر دەۋرنىڭ بەدىئىي تارىخى دېسەكمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ «قانلىق يىللار» ناملىق دراممىسىدا، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، جاھالەت، زۇلۇم، قىرغىنچىلىق، دىنىي نىزالار بىلەن تولغان خوجىلار دەۋرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى دېگۈدەك قاپلىغان زىددىيەت ـ كۈرەشلەر ۋە بۇ زىددىيەت ـ كۈرەشلەرنىڭ خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرى تەسۋىرلىنىپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا جاھالەت دەۋرى دەپ ئاتالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«قارابەت» لەرنىڭ ماھىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ «مۇقام ئەجدادلىرى» ناملىق درامىسىدىمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كېيىنكى دەۋرلەرگە يېتىپ كېلىشىدە غايەت زور رول ئوينىغان ئامانىساخان، ئابدۇرەشىتخان، قىدىرخان قاتارلىق مۇقامشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىنىڭ ئومۇمىي سىياسىي - ئىجتىمائىي قىياپىتىنى، مەدەنىي ھاياتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. دېمەك، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ رېئاللىقىنى كەڭ كۆلەمدە، ئېپوس خاراكتېرىدە تەسۋىرلەش — تۇرسۇن يۇنۇس تارىخىي درامىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. تۇرسۇن يۇنۇس تارىخىي درامىلىرىنىڭ چىنلىق تۈسى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، شۇ دەۋردىكى تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر تارىختىكى بويىچە ئەينەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى تارىخى درامىلار بولۇشقا مۇناسىپ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان دەۋرى (1533 — 1570) دە مەخدۇم ئەزەم (1461 — 1542) قاتارلىق ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ئاتىۋالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر سەمەرقەنتتىن يەكەنگە كېلىپ، بۇ يەرلەردە مۇرت توپلاپ، ھەر خىل دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ھەم «خوجىلار» دەپ ئاتالغان. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە بۇ «خوجىلار» ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى نەتىجىسىدە «ئاق تاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» دەپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلار بارا - بارا دىنىي گۇرۇھتىن سىياسىي گۇرۇھقا ئايلىنىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى قولىغا ئېلىۋالغان. ئۇلارنىڭ زىددىيىتى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇرۇش - جېدەلنىڭ ئايىغى بېسىقمىغان. پۈتۈن ئەل - يۇرت زۇلۇم، جاھالەت، خۇراپاتلىق ئاستىدا قالغان. تۇرسۇن يۇنۇس «قانلىق يىللار» ناملىق بۇ درامىسىدا شىنجاڭ تارىخىدىكى مانا مۇشۇ ئالاھىدە تارىخىي دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، «خوجىلار دەۋرى» نىڭ بەدىئىي تارىخىنى يېزىپ چىققان. بۇ درامىنى بىرلا كۆرگەن ياكى بىرلا ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئادەم ئەشۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيىتى، ئالاھىدىلىكى ھەققىدە خۇددى تارىخى ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندەك ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولالايدۇ.

3. تۇرسۇن يۇنۇس تارىخىي درامىلىرىدا ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە مۇقاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇلاردا يازغۇچىنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

«قانلىق يىللار» درامىسىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ درامىدا ئاساسلىق قىلىپ يېزىلغىنى خوجىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت - كۈرەشلەر، خانىم پادشاھ، خوجا مەھدىلەرنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زالىم، ۋەھشىي، مۇتەئەسسىپلىكى پاش ۋە تەنقىد قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما يازغۇچى ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بولغان 12 مۇقامنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى تەقدىرىنى، مۇقام - سەنئەت

بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەپ، گەرچە خوجىلارنىڭ مۇقاملارنى، مۇقامچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشىي ۋاستىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ ئۆز ھاياتى بەدىلىگە مۇقاملارنى ساقلاپ قالغانلىقىدەك غايەت زور تارىخىي تۆھپىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. يازغۇچى «مۇقام ئەجدادلىرى» ناملىق دراممىسىدىمۇ ئاساسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىش، ساقلاپ قېلىش جەھەتلەردىكى ئەمگەكلەرنى، ئامانىساخان، قىدىرخان، ئابدۇرەشىتخان قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىسىنى ئۇلۇغلىغان. يازغۇچى بۇ بىر قاتار ئەسەرلىرىدە مۇقامغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى يېزىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخىنى يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى مۇقامنى سۆيۈشكە، قەدىرلەشكە چاقىرغان.

4. تۇرسۇن يۇنۇس تارىخىي دراملىرىنىڭ تراگېدىيىلىك تۈسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، كۈچلۈك تراگېدىيىلىك گۈزەللىككە ئىگە.

تۇرسۇن يۇنۇس تارىخىي دراملىرىنىڭ تراگېدىيىلىك تۈسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى تراگېدىيىلىك كەيپىياتتا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ تارىخىي دراممىچىلىقىنىڭ ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. درامىنىڭ بۇنداق تراگېدىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەلۋەتتە ئەينى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، يەنى تارىخىي چىنلىق بەلگىلىگەن. تارىخىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، «خوجىلار دەۋرى» ھەقىقەتەن پۈتۈنلەي پاجىئە بىلەن تولغان، ھەممە يەرنى ھۆكۈمران دىنىي كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى، قىرغىنچىلىقى قاپلىغان «پاجىئەلىك بىر دەۋر» ئىدى. يازغۇچى درامىنى تراگېدىيە قىلىپ يېزىش ئارقىلىق دەۋر ئالاھىدىلىكىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە درامىنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك تۈسى يالغۇز ئۇنىڭ يېشىمىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەسەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن ئەسەرنى ئۆزگىچە تراگېدىيىلىك گۈزەللىككە ئىگە قىلغان. ئەسەردىكى پاخلاندۇ خېنىم، نۇرئىمان، مۇرادىل قاتارلىق ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ ئۆلۈمى كىشىدە كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرەت پەيدا قىلسا، خانىم پادىشاھ، خوجا مەھدىلەرنىڭ ئۆلۈمى «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ.

5. تۇرسۇن يۇنۇس تارىخىي دراملىرىنىڭ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، كۈچلۈك دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. كۆپلىگەن ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق دەۋرنىڭ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى قانداقتۇر شەخسنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان زىددىيەتلىرى بولماستىن بەلكى دەۋر رېئاللىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن زىددىيەت ـ توقۇنۇشلاردىن ئىبارەت. درامىدا كۈچلۈك زىددىيەت ـ

www.uyghurkitap.com

توقۇنۇشنىڭ بولۇشى درامىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا درامىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ درامىلىرىدا زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، دراما ۋەقەلىكى مانا مۇشۇنداق كەسكىن زىددىيەت ـ كۈرەشلەر ئارقىلىق راۋاجلىنىپ بارىدۇ، پېرسوناژلار خاراكتېرىمۇ مانا شۇ زىددىيەت ـ كۈرەشلەر ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى ھەقىقەتەن ئالاھىدە گەۋدىلىك.

6. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ تارىخىي درامىلىرىدا ئۇيغۇرلار تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىرمۇنچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، بۇمۇ ئۇنىڭ تارىخىي درامىلىرىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «قانلىق يىللار» دراممىسىدا يارىتىلغان مۇھەممەد سىدىق زەلىلى؛ «مۇقام ئەجدادلىرى» دراممىسىدا يارىتىلغان ئامانىنىساخان، قىدىرخان، ئابدۇرەشىتخان قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ بىر قاتار ئوبرازلارنى ياراتقاندا، ئۇلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى، دۇنيا قارىشى ئىدىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، درامىدا بۇ تەرەپلەرنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ـ سەنئىتىگە قوشقان تۆھپىسىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، گەرچە تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ تارىخىي درامىلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئىجتىمائىي قىممەت ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن تارىخىي درامىلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان «قانلىق يىللار» دارمىسى ئۇيغۇر دراممىچىلىق تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## § 4 . تۇرسۇنجان لېتىپ

تۇرسۇنجان لېتىپ يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر دراممىچىلىقىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان دراماتورگلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ھەقىقەتەن گەۋدىلىك بولۇپ، مۇبادا ئۇنىڭ درامىلىرى بولمىغان بولسا، دراممىچىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بۇنچىلىك رەڭدارلاشمىغان، دراممىچىلىقىمىزدىكى يېڭىلىق يارىتىش خاھىشى ئۇچۇن بۇنچىلىك داغدام يول ئېچىلمىغان، دراممىچىلىقىمىزنىڭ كومېدىيىلىك تۈسى بۇنچىلىك يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلمىگەن بولاتتى.

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

تۇرسۇنجان لېتىپ 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان. 1952 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 ـ يىلىدىن تارتىپ باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1982 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. تەھرىر بۆلۈمىگە كېلىدىغان ھەر خىل سەۋىيىدىكى دراما ئەسەرلىرى ئۇنى بەزىدە خۇش قىلىپ ھاياجانغا سېلىپ، بەزىدە نارازى قىلىپ ئۇنى دراما ئىجادىيىتىگە قىزىقتۇرغان. مۇشۇ مەزگىللەردە يازغان بىر قىسىم دراما ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى بىلەن ئۇ 1988 ـ يىلى شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇشۇ ئورۇندا كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

تۇرسۇنجان لېتىپ دراما ئىجادىيىتىگە 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا كىرىشكەن. گەرچە ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى سەل كېيىنرەك باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى. 1983 ـ يىلى ئۇ «ئېزىتقۇ» ناملىق بىر پەردىلىك دراممىسىنى يېزىپ چىقتى. يازغۇچىنىڭ دراما ئىجادىيىتىدىكى تۇنجى سىنىقى بولۇشىغا قارىماي خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بۇ ئەسەر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ، سەھنىدە ئوينىلىپ كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. دراماتورگ بۇ دراممىسىدا، كومېدىيىلىك ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئالدامچى، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان يالغان سوپىنىڭ ساددا، نادان دېھقانلارنى ئالداپ، خۇراپاتلىق يولى بىلەن كېسەل داۋالايمەن دەپ، دېھقانلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقى ۋە ئاخىرىدا شەرمەندىلەرچە پاش بولۇپ، تېگىشلىك جازاسىنى تارتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىبرەتلىك ۋەقەنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، دىنىي تونغا ئورۇنىۋالغان ئالدامچىلىقنى ۋە خۇراپاتلىققا قارىغۇلارچە ئىشىنىشتەك نادانلىقنى كېلىشتۈرۈپ پاش ۋە تەنقىد قىلغان. بۇ كومېدىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تۇرسۇنجان لېتىپنى كومېدىيە ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ قىزىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن 1984 ـ يىلى «توختاڭ، توختىمەت» ناملىق يەنە بىر كومېدىيىسىنى يېزىپ چىقتى. بۇ كومېدىيىدە، ئۆز مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش تەمەسىدە يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بېسىپ جاھانسازلىق قىلىدىغان يېزا باشلىقى توختىمەتنىڭ خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن ناھىيە ھاكىمىنى ئۆيىگە باشلاپ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىش كويىدا پاي ـ پېتەك بولۇپ يۈرگەنلىكى، ئەمما ئۇنىڭ ئايالى ھېپىزىخاننىڭ ھاكىمنى ياغاچچى دەپ، ياغاچچىنى ھاكىم دەپ قاراپ، ئىككىسىگە قىلىنىدىغان پەرقلىق مۇئامىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ ئوسال ئەھۋالدا قالغانلىقى ۋە ئېرىنىڭ «شېرىن چۈش» لىرىنى بەربات قىلىۋەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنغان. بۇ دراممىنىڭ ئىجتىمائىي خاھىشى ئاكتىپ بولۇپ، ئۇنىڭدا توختىمەتكە ئوخشاش تۆۋەننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېسىپ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىدىغان، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئەمەل - ھوقۇقنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر قىسىم بيۇروكرات، چىرىك، ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلار مەسخىرە ئىچىگە قويۇلۇپ تەنقىد قىلىنغان؛ ئابدۇللا ھاكىمغا ئوخشاش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىم دەپ قارايدىغان، ئادىل، كەمتەر، سەممىي، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، پاك - دىيانەتلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ خاراكتېرى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان بۇ ئوبرازلار ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈش بىلەن بىرگە يەنە ئەسەر .مەزمۇنمۇ بەلگىلىك چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىنغان. تۇرسۇنجان لېتىپ ئىجادىيىتىدىكى رېئاللىققا يېقىنىدىن ياندىشىش، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئوخشاش خاھىشلار ئۇنىڭ مۇشۇ بىر قاتاردىكى دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىلا خېلى گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىغان. بۇ درامىنىڭ سۇژىتىدا «ئۇقۇشماسلىق» ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇقۇشماسلىق كومېدىيىلەردىكى مۇھىم بىر ماھىرلىق ھەم ۋاستە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ بۇ درامىسىدىكى ھاكىم بىلەن ياغاچچىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن كېلىپ چىققان بۇ ئۇقۇشماسلىق ئەمەلىيەتتە درامىنىڭ ھالقىلىق يېرى بولۇپ، بۇ بىر تەرەپتىن، درامىنىڭ كومېدىيىلىك تۈسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بەرگەن ھەمدە ئەسەردىكى دراماتىك توقۇنۇشنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرگەن. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ ئۇقۇشماسلىقتىن پايدىلىنىپ، بۇ ئارقىلىق بەدىئىي ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشى خېلى نەتىجىلىك بولغان.

«بىزگە ئىشىنەمسىز» ناملىق دراما تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ دراما ئىجادىيىتىدە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يول تاپقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. «بىزگە ئىشىنەمسىز» 6 كۆرۈنۈشلۈك، چوڭ ھەجىملىك كومېدىيە بولۇپ، 1986 - يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئىسكەندەر، خالىق، رابىيە، سانىيە قاتارلىق بىر تۈركۈم يېزا ياشلىرىنىڭ ئۆز يېزىسىدا سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن ئەگرى - توقاي، مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، يېزا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كونا - يېڭى ئىدىيە - قاراشلارنىڭ زىددىيىتى، يېزا ئىسلاھاتىدا دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەر، ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدىكى كۈرەشلەر، ئادەمىيلىك پەزىلەت، كەسىپ، مۇھەببەت. . . قاتارلىق كەڭ ئىجتىمائىي مەنزىرە ۋە مۇھىم ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. درامىدىكى ئاساسىي ۋەقەلىك زاۋۇت قۇرۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلىدۇ. شەھەر ئەتراپىدىكى مەلۇم يېزىدا باقمىچىلىق كەسپىمۇ خېلى راۋاجلانغان بولۇپ، دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ سۈتلىرىنى سېتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي كىرىم يارىتىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق بولغاچقا، سۇتلىرىنى تولۇق ساتالماي، كۆڭۈلدىكىدەك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمايدۇ، ھەتتا بەزىلىرى زىيان تارتىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ، دېھقانلارنى ئەمگىكىگە يارىشا مەلۇم كىرىمگە ئىگە قىلىش، يېزىدا ئىگىلىك تىكلەپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، يېزىدىكى بىر تۈركۈم ياشلار يېزىدا سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرماقچى بولىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن زاۋۇت قۇرۇشقا كېرەك بولىدىغان مەبلەغنى قانداق ھەل قىلىشتىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پۇل يىغىپ مەبلەغ توپلاش پىلانىنى بەزىلەر قوللايدۇ، بەزىلەر قوللىمايدۇ، ھەتتا بەزىلەر زاۋۇت قۇرۇش ئىشىغىمۇ قارشى چىقىپ، قەستەن قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئىسكەندەر قاتارلىقلار ئۆزلىرى باشلىغان ئىشنىڭ توغرىلىقىغا، دېھقانلارغا ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىپ، يېزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدۇ ھەمدە بۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىيىنچىلىق، توسالغۇلارغا باش ئەگمەي، ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئاخىرى زاۋۇتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇرۇپ چىقىدۇ. يازغۇچى درامىدا زاۋۇت قۇرۇش ئىشىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، ئۇلۇغۋار غايە، قەتئىي ئىرادىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلغان، خەلق مەنپەئەتى ۋە بەختى ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ھامان خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن، شۇنداقلا يەنە ئىسلاھات دەۋرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئىگىلىك تىكلەش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان، ئۆز ئىشلىرىدا نەتىجە يارىتىپ كىشىلەرگە بەخت يارىتىۋاتقان يېڭى دەۋر ياشلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستى، كۈچ - غەيرىتى، ئىرادە - غايىسى، نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. ئەسەردىكى ئىسكەندەر ئىسلاھات دەۋرىدە ئىگىلىك تىكلەپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ياشلارنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى يارقىن يارىتىلغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، ئىگىلىك تىكلەش، قېرىنداشلىرىغا بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايە بار. تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ ئەشۇ ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇپ قالمايدۇ، توسالغۇلاردا توختاپ قالمايدۇ. ياخشى نىيەت، قەتئىي ئىرادە، ئەمەلىي ھەرىكەت ئاخىرىدا ئۇنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ. خاراكتېر جەھەتتىكى مانا مۇشۇنداق بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىسكەندەر ئوبرازى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئىسلاھاتچى ياشلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالدى. بۇ دراما ئىسلاھات دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نىسبەتەن كەڭ، چىن، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈشتەك مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ درامىنىڭ دەۋر روھى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭى دەۋرنىڭ قاينام تاشقىنلىق، جەڭگىۋار تۇرمۇشى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، كىشىلەر ئىدىيىسىدىكى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى يۈزلىنىش، يېڭىچە قىممەت چۈشەنچىلىرىدىن تېگىرقاپ قېلىشتەك نىسبەتەن ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان روھىي

www.uyghurkitap.com

هالەتمۇ ئەينەن يېزىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرنىڭ هازىرقى دەۋر تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغان ياشلارنى ئاساس قىلىپ يېزىلىشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. درامىنىڭ خاتىمىسىدىكى زاۋۇتمۇ قۇرۇلىدىغان، تويمۇ بولىدىغان، كۆز قاراشلارمۇ بىرلىككە كېلىدىغان، هەممە خۇشاللىققا چۆمىدىغان مەنزىرە درامىنىڭ مۇكەممەللىكىنى سۇژىت ـ قۇرۇلما جەهەتتىن كۆرسىتىپ بەرگەن، ئۇنىڭدىن باشقا، درامىدا كومېدىيىلىك تۈسمۇ ناهايىتى قويۇق بولۇپ، هەر قەدەمدە كىشىنى هاياجانغا سالىدىغان، ئەسەردە قىزغىن كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان كۆرۈنۈشلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، «بىزگە ئىشىنەمسىز» درامىسى تۇرسۇنجان لېتىپ ئىجادىيىتىدىكى، شۇنداقلا يېڭى دەۋر درامىچىلىقىمىزدىكى بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەشۇ يىللاردا سەهنىلىرىمىزنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، تاماشىبىنلىرىمىزنى هاياجانغا سالغانىدى.

1990 ـ يىلى تۇرسۇنجان لېتىپ دراما ئىجادىيىتىدىكى، شۇنداقلا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر درامىچىلىقىدىكى خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. شۇ يىلى تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ناملىق درامىسى مەيدانغا كەلدى. مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە، ئۇسلۇبىدىن تارتىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگىچە يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ درامىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ يېڭى بىر يۇكسەكلىككە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان «تانسىكەش تۆمۈر خوتۇنلار» ناملىق درامىسىمۇ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. يازغۇچى بۇ درامىدا مۇبالىغە ۋاسىتىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، باشلىقلارنىڭ تانسا ئويۇنىشى ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلىنىپ ئىشلەپ چىقىرىلغان تۆمۈر خوتۇنلارنىڭمۇ تانسا ئويناشقا بەرداشلىق بېرىپ بولالمىغانلىقىدەك تەپسىلاتنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بيۇروكراتلىق، چىرىكلىكتىن ئىبارەت يامان ئىجتىمائىي ئىللەتنى مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان، ئاددىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە تەقدىرىگە هېسداشلىق قىلغان. دراماتورگنىڭ ئەڭ ئاخىرقى درامىسى هېسابلانغان «كەچكۈزدىكى غېرىبلىق» بىر پارچە لىرىك دراما بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئانىنىڭ روهىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق هازىرقى دەۋر تۇرمۇشىدىكى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى، جۈملىدىن ئادەمىيلىكتىكى ئىنچىكە ئەمما ماهىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى تەسىرلىك كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇلاهىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ دراما ئىجادىيىتى مۇنداق ئاساسلىق ئالاهىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ دراما ئىجادىيىتى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر درامىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات يولىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ دراما ئىجادىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇنداق ئەهۋاللارنى ئۇچرىتىمىز: ئۇ هەقىقىي مەنىدىكى يېڭى دەۋر دراماتورگى بولۇپ، 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ئۇنىڭ درامىچىلىقى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللەشكەن، ئەسەرلىرىدە يېڭى دەۋر

درامچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلەنگەن. ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى مەۋجۇت درامچىلىق ئەندىزىسىگە تەقلىدىي ياندىشىش، مەۋجۇت درامچىلىق خاھىشىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى يارىتىش، مەۋجۇت درامچىلىقتىن ھالقىپ چىقىپ، يېڭى درامچىلىق ئۇسلۇبى ئىزدىنىپ، بۇ جەھەتتە چوڭ مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش، دراماغا پەلسەپۋى مەنە ئېلىپ كىرىش، درامىنى لىرىكىلاشتۇرۇش، درامىدا ھەجۋى بىلەن فانتازىيىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرى بولغان بەدىئىي ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزگىچە بىر تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتى دەۋرى گەرچە ئۇيغۇر درامچىلىقى كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن، درامىنىڭ تاماشىبىنلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ، تىياتىرخانىلار چۆلدەرەپ كېتىۋاتقان شۇنداق بىر دەۋرگە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇشۇنداق كىرىزىس دەۋرىدىمۇ يەنىلا غالىب كېلىپ، كىرىزىس دەۋرىدىكى مۇنەۋۋەر دراماتورگلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

2. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ دراما ئىجادىيىتى يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىنتايىن باي. ئۇ ھەر بىر درامىسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭىلىققا باي دراملىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر درامچىلىقىنى ئەنئەنىۋى، قاتمال، بىر خىل ھالەتتە تەكرارلىنىپ بارىدىغان ھالەتتىن تەدرىجىي قۇتۇلدۇرۇپ باردى. ئۇنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى «بىزگە ئىشىنەمسىز» ، «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ، «تانسىكەش تۆمۈر خوتۇنلار» ، «كەچكۈزدىكى غېرىبلىق» قاتارلىق دراملىرىدا ئىزچىل ئىپادىلەندى. «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىنى مىسال ئالىدىغان بولساق، بۇ درامىدا ئۇ سۇژېتسىزلاشتۇرۇش، قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش، سىمۋوللاشتۇرۇش، بىمەنىلەشتۈرۈش قاتارلىق ھازىرقى دەۋر درامچىلىق ئۇسۇللىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى ئىپادىلىدى. ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى، دېكوراتسىيىدىكى يېڭىلىقلارمۇ نەتىجىلىك بولدى.

3. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ تېما تاللىشىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ رېئاللىققا، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ياكى كىشىلەرنىڭ ياشاش ھالىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، شۇ ئاساستا دىت تۇرغۇزىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ دراملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رېئال تېمىدا، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىۋى ئەھۋالى ئاساسىدا يېزىلغان دراملاردىن ئىبارەت. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇ دەسلەپكى دراملىرىدا ئاساسەن يېزا تۇرمۇشىنى يازغان بولسا، كېيىنكى دراملىرىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەر تۇرمۇشىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئىجادىيەت غايىسىنى كونكرېتلاشتۇردى.

4. تۇرسۇنجان لېتىپ دراملىرى يۇمۇرغا ئىنتايىن باي. شۇڭا ئۇنىڭ دراملىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك كومېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە. شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر درامچىلىقىدا ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇكسەك كومېدىيىلىك تۈس يارىتالىغان دراماتورگىلىرىمىزنىڭ بىرى دەل تۇرسۇنجان لېتىپ بولۇپ، ئۇنىڭ دراملىرىدىن قىزىقچىلىق ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان كۈلكە يېغىپلا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۈلكىلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن، يۇكسەك بولغان بەدىئىي دىتتىن ۋە نۇرغۇن تاللاش ـ تاۋلاشلاردىن كەلگەن بولۇپ، ئادەتتىكى چاقچاقتا، مەسخىرىگە، ھەزىلكەشلىككە زادى ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى قىزىقچىلىق، كۈلكىلەر ھەقىقىي مەنىدىكى سەنئەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەشۇ قىزىقچىلىقلارنىڭ، كۈلكىلەرنىڭ تېگىگە چوڭقۇر مەنىلەر يوشۇرۇنغان.

## 2. «قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى 1990 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، تۇرسۇنجان لېتىپ ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر دراماچىلىقىدىكىمۇ مۇنەۋۋەر دراملارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ درامىدا يازغۇچى ئەنئەنىۋى ۋە مەۋجۇت دراماچىلىق چۈشەنچىلىرى، شەكىللىرىدىن دادىللىق بىلەن ھالقىپ چىقىپ، درامىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەر بىر تەركىبتە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر دراماچىلىقىغا يېڭىچە تەركىبىي قىسىملارنى ۋە يېڭىچە دراماچىلىق چۈشەنچىلىرىنى ئېلىپ كىردى، شۇنداقلا ھازىرقى دەۋر غەرب دراماچىلىقىدا كۆپ قوللىنىلىۋاتقان سىمۋوللاشتۇرۇش، شۈزىتسىزلاشتۇرۇش، بىمەنىلەشتۇرۇش. . . كە ئوخشاش ھەر خىل بەدىئىي ئۇسۇللارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئۆزلەشتۇرۇپ، ئۇيغۇر دراماچىلىقىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىنمۇ كۆرۈنەرلىك بېيىتتى.

درامىنىڭ ۋەقەلىكى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان، ئىنسان ھاياتىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان توي ئەسەردىكى ئاساسلىق تېما قىلىنغان. دراما ۋەقەلىكى ئەشۇ توينى — باش قەھرىمان پازىلنىڭ توينى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلغان. پازىل مەلۇم تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرى. ئۇ توي قىلىش يېشىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقى، قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ كۆپلىكى، تويلۇق چىقىمىنىڭ ئېغىرلىقى، ئەتراپىدا توي ئىشىغا ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان ئادەمنىڭ يوقلىقىغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن توي قىلالماي، كىشىلەر تەرىپىدىن «قېرى يىگىت» دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇ ئاخىرقى قېتىم قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، روشەن بىلەن توي قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوخشاشلا توي قىلالمايدۇ. يازغۇچى پازىلنىڭ مۇشۇ جەرياندىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، جەمئىيەت ئەخلاقىنى بۇزۇپ، كىشىلەرگە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى، چاكىنا قائىدە ـ يوسۇنلارنى، بارغانسېرى باش كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ياتلىشىش ھادىسىسىنى قاتتىق مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان. دراما مانا مۇشۇ مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن خېلى

يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتتە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئەسەرنىڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى شۇكى، يازغۇچى درامىنىڭ مەنا قاتلىمىنى كۆپ قاتلاملاشتۇرۇپ، ئەشۇ مەركىزىي ئىدىيە ئاساسىدا يەنە بىر بالداق چوڭقۇرلاپ، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن توينى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە قىلغان. توي پازىل يەتمەكچى بولغان، ئەمما زادىلا يېتەلمىگەن بىر مەقسەتتىن، ئارزۇ ـ غايىدىن ئىبارەت. پازىل قانچە قېتىملاپ قەتئىي ئىرادىگە كەلسىمۇ، قانچە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتسىمۇ ئاخىرى يەنىلا توي قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئەسەردىكى توي يەنە بىر مەنا قاتلىمىدا ئادەملەر ئېرىشمەكچى، يەتمەكچى بولغان، ئەمما ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئېرىشەلمەيۋاتقان، يېتەلمەيۋاتقان، شۇنداقتىمۇ زادىلا ۋاز كېچەلمەيدىغان ھەر خىل مەقسەت، نىشانغا سىمۋول قىلىنغان. ئەسەردىكى كۆپلىگەن تەركىبىي قىسىملار، تەپسىلاتلار مۇشۇ سىمۋولنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، شۇنداقلا كىشىگە، تېخىمۇ توغرىراقى تاماشىبىنغا، ئارزۇ تۇرۇپ، مەقسەتمۇ بېكىتىلىپ، تىرىشچانلىقمۇ كۆرسىتىلگەن تۇرۇقلۇق پازىل نېمە ئۈچۈن توي قىلالمايدۇ؟ ياكى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ؟ دېگەن مۇھىم بىر سوئالنى قويىدۇ. بۇ سوئال تەبىئىي رەۋىشتە كىشىلەرنى دراماغا باشلاپ كىرىپ، دراماغا قاتناشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى كىشىلەرنى يەنە درامىدىن تارتىپ چىقىرىپ ھايات ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ئەسەردىكى سىمۋول بىر تەرەپتىن، ئەسەرنى كۆپ خىل مەنا قاتلىمىغا ئىگە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، درامىنى قويۇق پەلسەپىۋى تۈسكە ئىگە قىلغان.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا يازغۇچىنىڭ ماھىيەتلىك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. درامىدا پازىلنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقى، ئەمما ئېغىر تويلۇق، كىشىنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان قائىدە ـ يوسۇنلار، ھەر خىل ھەشەمەتچىلىكلەر، نەتىجىسىز مەسلىھەتلەر سەۋەبىدىن توي قىلالمىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قاتار ۋەقەلەر قىزىقارلىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى درامىدا توينى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە جەمئىيىتىمىزدە مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان توي ـ تۆكۈنلەردىكى ئېغىر سېلىق، ھەشەمەتچىلىكلەرنى، بىمەنىلىكى بىلەن كىشىنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدىغان قاملاشمىغان قائىدە يوسۇنلارنى، كىشىلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خارابلىققا باشلاۋاتقان تۈگىمەس ئولتۇرۇش ـ چايلارنى ۋە شۇلارغا ئوخشاش بىرمۇنچە زىيانلىق يۈزلىنىش ـ ئادەتلەرنى قاتتىق مەسخىرە، تەنقىد قىلغان. درامىدا يازغۇچى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئادەمىيلىك پەزىلەتلىرىدە ۋە مەنىۋى دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، يېڭىدىن توختاۋسىز شەكىللىنىۋاتقان ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى بەدىئىي يول ئارقىلىق مۇبالىغىلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىمۇ مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان. يازغۇچى درامىدا بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە توختالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتنىڭ ساپاسىغا، تەسىرىگە، ياشاش مۇھىتىغا بىۋاستە

www.uyghurkitap.com

تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەنىۋى ئىللەتلەر ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزگەن. يازغۇچى جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىشلار بىلەن مەنىۋىيەتتىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىپ، درامىدىكى تۇرمۇش ئاساسى كۈچلۈك، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور تەپسىلاتلار، خاراكتېرلار ئارقىلىق كىشىلەرنى جەمئىيەت ۋە باشقىلار ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا، مەنىۋىيەتتىكى ھەر خىل ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە چاقىرغان. ئەلۋەتتە بۇ چاقىرىقنى يازغۇچى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ياردىمىدە، يۇقىرى ماھارەت بىلەن، ئالدى بىلەن «قەلبنى ساپلاشتۇرۇش» يولى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىدا ئاپتور دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى، خاھىشلارنى؛ ئىنسانىي پەزىلەت، ئەدەپ ــ قائىدە قاتارلىق جەھەتلەردىكى بۇزۇلۇشلارنى؛ ھاياتنى بىھۇدە، مەنىسىز ئۆتكۈزۈشتەك ئېغىر ئىسراپچىلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. ئەسەردىكى ھەسەن ئاكا، سائادەت، تۇيغۇن، خالىسە، ئابلىمىت، ياشار، زىلەي، ھەسەلخان قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ ھازىرقى دەۋر ئەدەملىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توي ــ تۆكۈن، زىياپەت ــ ئولتۇرۇش، چاي ۋە باشقا رەسمىيەتلەردىكى ھاراق ــ شاراب، كەيپ ــ ساپالارنىڭ دەستىدىن باشلىرى ئاغرىپ، كۈچ ــ مادارىدىن قېلىپ، ئەقلىدىن ئادىشىپ، نورماللىقىنى يوقاتقان، كېسەلمەن بولۇپ قالغان كىشىلەردۇر. دراما باشلىنىشى بىلەنلا ياشار ئەسنەپ مۈگدەپ، ھەسەن ئاكا چۈشكۈرۈپ، يۆتىلىپ، زىلەي باش ئاغرىقى دورىسى ئىزدەپ، تۇيغۇن رەڭگىنى سارغايتىپكۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. ئۇلار بەس ــ بەس بىلەن ئاخشامقى ئولتۇرۇش ــ سورۇنلار ھەققىدە سۆزلىشىپ كېتىدۇ ھەمدە پازىلنىڭ يېڭىدىن سالدۇرغان ئالتۇن چىشىنىڭ چېيىنى ئىچىش مەقسىتىدە ھەر خىل قۇۋلۇقلارنى قىلىشىپ كېتىدۇ. ياشار ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ھەسەن ئاكا بولسا چۈشكۈرۈك كېسەل قوغلايدۇ، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ، ئابلىمىت بولسا رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىپ، ھەمدە خىياللارنى قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. ياشار ھاراق ئىچىشتە ھېچكىمدىن قېلىشمايدىغانلىقى، بىر ئۇخلىسا بىر سوتكا ئويغانمايدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. يازغۇچى ئەسەردە مانا مۇشۇنداق تەپسىلات ــ تەسۋىرلەر ئارقىلىق، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى كېسەللىك ھالەتلىرىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ۋەيران قىلىۋاتقان سەۋەبلەرنى بىزنىڭ مۇھاكىمىمىزگە قويغان. پازىلنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ بىر توپ كىشىلەر شۇنچىلىك پەرۋاسىز، شۇنچىلىك مەسئۇلىيەتسىز، شۇنچىلىك ئىشەنچسىز، شۇنچىلىك شەخسىيەتچى ھەم شۇنچىلىك بولۇمسىز. ئۇلاردا قەتئىي ئىرادە، مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق، ئۇلار پازىلنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى توي قىلىش

ئىككەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى پازىلنىڭ يېقىن دوستلىرى دەپ ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ توي قىلىشىغا ياردەم بېرىمىز دەپ داۋراڭ سالسىمۇ، مۇشۇ مەسلىھەتنى قىلىش ئۇچۇن ئاتايىن يىغىلىشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم قىلمايدۇ، مەسلىھەتمۇ بەرمەيدۇ. پازىلنىڭ توي قىلىشتا پۇلدىن قىسىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى يەنە ئورۇنسىز چاي ئۇچۇن پۇل خەجلەشكە قىستايدۇ، ئۇنى يېڭىدىن - يېڭى قەرزلەرگە بوغىدۇ. ئۇلار پازىلنىڭ توي ئىشىنى مەسلىھەت قىلىش ئۇچۇن سورۇن تۈزەيدۇ، ئەمما ھېچقانداق مەسلىھەت قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ مەنىسىز، پايدىسىز پارىڭىنى قىلىشىپ تارقىلىپ كېتىشىدۇ. ئۇلار پازىلغا ئەلچى بولۇپ روشەننىڭ ئۆيىگە بارغاندا، يالغان سۆزلەپ، پو ئېتىپ، چوڭچىلىق قىلىپ، تويلۇقنىڭ ئېغىر سېلىنىشىغا، پازىلنىڭ كۆپ پۇل خەجلىشىگە، ئاخىرىدا تويىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇلار ئاغزىدا تويغا ياردەملىشىمىز دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە تويىنى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۈرمەيدۇ. تويلۇقى، ھەشەمىتى بەكلا ئېغىر بولغان بۇ تويىنى قىلىشقا پازىلنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەندە بولسا ئۇلار پازىلنى نامراتلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالىدۇ. ئۇلار پازىلنىڭ توي قىلىۋېلىشىنى مەقسەت قىلىپ ئەمەس، بەلكى تويىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشىنى كۆزلەپ، پازىلنى نۇرغۇن قەرز ئېلىشقا قىستايدۇ. پازىل ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ ئۇ دۇنياغا كەتكەندە ، پازىلنىڭ جەسىدى ئۇلارغا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. پازىل ئۇ دۇنيادىن قايتىپ كەلگەندە بولسا، ئۇلار بۇ ئىشتىن خۇش بولماقتا يوق، ئەكسىچە ناھايىتى پاراكەندە بولۇپ كېتىدۇ، ياشار «نامازغا چاقىرغانلارنى ئەمدى قانداق قىلارمىز. . . » دەپ پەرىشان بولۇپ كېتىدۇ. قىسقىسى، يازغۇچى ئەسەردە ھەر خىل تىپىك كۆرۈنۈشلەر، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق ئادەملەردىكى مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ياردەم، مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئوخشاش ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ، ئەخلاقىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىكنىڭ ھاياتلىقتا قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن ھەم مۇشۇنداق قىممەتلىك نەرسىلەرنى يوقىتىپ بېرىۋاتقان ھازىرقى دەۋر ئادەملىرىگە قاتتىق ئېچىنغان؛ گەرچە پازىلنىڭ توي ئىشى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما، پازىل «ئۇ دۇنيا»غا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، «ھەركىم ئۆزى ئۇچۇن ھېچقانداق ئەجىر قىلماي، خاراب بولغان روھىنى كۆتۈرۈپ ئۇ ئالەمگە بارسا، ئۇ يەردىكىلەرمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن، . . . ئەڭ مۇھىمى مەن، ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر قېتىم تەربىيىگە ئىگە بولدۇم» دەيدۇ ھەم كىشىلەرنى «توي قىلىش»نىڭ ھەممىگە باپ كېلىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە چاقىرىشى ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ ھەم ئويغا سالىدۇ. بۇ يەردە يازغۇچى كىشىلەر ئۆز بەختى، ئۆز ئىشى ئۇچۇن كۈرەش قىلسا، ئاندىن ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئېشىپ، ئىشلىرى نەتىجىلىك بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، درامىدا تويىنىڭ بولماسلىقى يازغۇچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىچە ئىجادىيەت دىتىنىڭ ۋە بەدىئىي ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى درامىدا باش قەھرىمان پازىل ئوبرازىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ياراتقان. ئۇ بىز بىلەن بىللە مۇشۇ رېئاللىقتا ياشاۋاتقان ئاددىي بىر زىيالىي ياش. گەرچە ئۇ كۆڭلىگە توي قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى بىر نىيەتنى پۈككەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىدىكى، رېئاللىقتىكى، ئەتراپىدىكى كىشىلەردىكى ھەر خىل ئىللەتلەر تۈپەيلىدىن بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ھېسابتا ئۇ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيايىمىزدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرى گەرچە تىپىكلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە ئومۇمىيلىققا ئىگە. پازىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان «ئاددىي كىشىلەر» نىڭ بىرى. يازغۇچى ئەسەردە ئۇنى ناھايىتى ئادەتتىكى بىر ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ ئادەتتە ئەتراپىدىكىلەردىن ئاز ـ تولا ئۇستۇن تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ رېئاللىقتا تولىمۇ ئادەتتىكىچە ياشايدىغان كۆرىمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ سالاھىيىتى، خىزمىتى، سەرگۈزەشتىلىرى، تەقدىرى، خاراكتېرى دەۋرىمىزدىكى ئاددى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. شۇڭا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك قەھرىمانلىق خاراكتېرى يوق. ئەدىناسى، ئۆزى ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئەشۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ باتۇرلۇق بىلەن بىرەر تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ھالىتى، تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇرراق ئويلىنىپمۇ قويمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پازىل قەھرىمانسىزلاشتۇرۇلغان پېرسوناژ. ئۇ ئەمەلىي ئىش قىلىش روھىغا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ نە مۇستەقىللىقى، نە ئەمەلىي ئىش قىلىش روھى، نە ئۆز ھالىنى ياخشىلاش ئىرادىسى، نە كەلگۈسىگە بولغان مۇستەھكەم ئىرادىسى يوق. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشىنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ ئىشلىمەي، ھە دېسە باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىدىن، ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ھەممە ئىشنى باشقىلارغا تاشلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭدا، ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن دادىللىق بىلەن كۈرەش قىلىش روھى كەمچىل، ھەممىلا جايدا پاسسىپلىق بىلەن، ئامالسىز ياشاۋاتقاندەك ياشايدۇ. بىز ئۇنى دائىم ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنىڭ، خىيال بىلەن تۇرمۇشنىڭ، بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقىدا گاڭگىراپ يۈرگەن ھالەتتە ئۇچرىتىمىز. پېرسوناژ خاراكتېرىنى بۇنداق ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئوتتۇرىدا قويۇپ يېزىش درامىچىلىقىمىز ئۈچۈن بىر خىل يېڭىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق يېزىش ئۇسۇلى پېرسوناژنى تۇرمۇشتىكى ئادەملەرگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، تاماشىبىنلاردا غايىۋى ئەسەر تۇيغۇسى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تۇرمۇش چىنلىقى تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ. ئەلۋەتتە، يازغۇچى پازىلنى قەھرىمانسىزلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ چىنلىق تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان، ئەمما، بۇنداق قەھرىمانسىزلىقنى مەدھىيىلىمىگەن، مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن، بەلكى بۇنداق خاراكتېرنىڭ زىيىنىنى، ئاقىۋىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، پازىلنىڭ پۇشايمىنى، «ئۇ دۇنيا» دىن ئالغان تەسىراتى ئارقىلىق، دەۋرىمىز كىشىلىرىنى ھەر خىل ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئۆز

تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا، گۈزەل كەلگۈسى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان. پازىل ئوبرازىنىڭ قىممەتلىك تەرىپى دەل مۇشۇ يەردە.

«قىرى يىگىتنىڭ تويى» دراممىسى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققەتەن گەۋدىلىك دراما. ئالدى بىلەن درامىنىڭ قۇرۇلمىسى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەرقانداق بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسەر قۇرۇلمىسى ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. درامىدا بولسا تېخىمۇ شۇنداق. «قىرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسىنىڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدە ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسەر قۇرۇلمىسىدا مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىك بار: مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ ھېچ ئىش قىلىنمىغان دراما، چۈنكى، درامىدا تەسۋىرلەنمەكچى بولغىنى قىرى يىگىت پازىلنىڭ تويى. پېرسوناژلارنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمۇ، ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمۇ ئەشۇ توي ئۈچۈن بولىدۇ. ئەمما، 8 كۆرۈنۈشلۈك سەرگۈزەشتىلەر نەتىجىسىدىمۇ بەربىر توي قىلىنمايدۇ، ھەتتا توي قىلىش ئىشى بارغانسېرى كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، بۇ دراما تولۇقسىز ئاخىرلاشقان. پازىلنىڭ توي ئىشى ئاقمىغانلىقى، ئۇزاق مەسلىھەتلەرنىڭ نەتىجىسى چىقمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، دراما يەنە بىر چوڭ كۆلەملىك مەسلىھەت قىلىشىش مەقسىتىدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ مەسلىھەتكە پازىل سەھنىدىكى خىزمەتداشلىرىدىن باشقا يەنە تۆۋەندە ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنىمۇ تەكلىپ قىلىدۇ. دېمەك، ئەسەرنىڭ خاتىمە قىسمىدا، درامىدىكى ئاساسىي مەسىلە سۆپىتىدە ئىزچىللىشىپ بارىدىغان مەسلىھەت سەھنىدىن چۈشۈپ، درامىدىن چىقىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ. مەسلىھەت قىلىشىدىغان، ئۇنىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىدىغانلار ئەمدى تاماشىبىنلار — درامىنىڭ سىرتىدىكىلەر بولۇپ چىقىدۇ. دراما سەھنىدە ئاخىرلاشقاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى تاماشىبىنلار ئارىسىدا داۋاملىشىدۇ. دېمەك، بۇ بىر ئاخىرلاشمىغان، ھەم ئاخىرلاشمايدىغان دراما. ئەسەردە مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەمما ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، بەلكى ئۇ تاماشىبىنلارغا قالدۇرۇلغان. بۇنداق ئېستېتىك بوشلۇق بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تاماشىبىنلارنى ئەسەر ئىجادىيىتىگە قاتناشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇلارنى «قىرى يىگىتنىڭ تويى» دراممىسىدا قۇرۇلما ماھارىتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر سىناق ھەم مۇۋەپپەقىيەت دەپ باھالاش مۇمكىن.

«قىرى يىگىتنىڭ تويى» دراممىسىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىمۇ خېلى گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر دراماچىلىقىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. درامىدا يازغۇچى پېرسوناژلارنى ئاز ھەم ساز سۆزلىتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى ھامان ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ بارىدۇ. بۇ قىسقا دىئالوگلاردا كۈلكە، مەنا ھەممىسى تېپىلىدۇ. دراما تىلىنىڭ

يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، تىللار ئادەتتىكى مەنىسىدىن باشقا يەنە يوشۇرۇن مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ، ئەسەر تىلىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى بىۋاستە ئىپادىلەيدىغان مەنىسىدىن ئابستراكت، يوشۇرۇن مەنىسى كۈچلۈكرەك. «قىبرى يىگىتنىڭ تويى» كومېدىيىلىك ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلى يەنە ھەجىۋى تۈسكە، يۇمۇر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. درامىدا كۈلكە ئۈزۈلمەيدۇ، كۈلكە پۈتۈن ئەسەرگە سىڭىپ بارىدۇ. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ كۈلكىلىرى ھەزىل خاراكتېرىدىكى، كىشىنى غىدىقلاپ پەيدا قىلىنىدىغان سۇنئىي كۈلكە بولماستىن بەلكى، تۇرمۇشتىن كەلگەن، ھەقىقىي، سەمىمىي، ئۆتكۈر، سەنئەت تۈسىگە باي كۈلكىلەر بولۇپ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. بۇ كۈلكىلەرنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ كۈلكىلەر كىشىنى كۈلدۈرۈش بىلەنلا نەتىجىلىنىدىغان كۈلكىلەر بولماستىن بەلكى، چوڭقۇر پىكىر ـ مەزمۇنلارغا تويۇنغان كۈلكىلەردۇر. درامىدىكى كۈلكە كىشىنى كۈلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ، كۈلكە پەيدا قىلىدىغان تىل تەركىبلىرى ئۆزىنىڭ يەنە باشقىچە مەنىسى، مەقسىتى بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. دراما تىلى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىگە يېڭىلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. يازغۇچى ئەسەردە پېرسوناژلارنى سۆزلەتكەندە، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، پېرسوناژلارنى ئىخچام، تەبىئىي، يۇمۇرلۇق، تىل ئادىتىگە يېقىن قىلىپ سۆزلەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسەر تىلى مەلۇم دەرىجىدە ناتونۇشلاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم پەيدا قىلغان. درامىدا تىل پىكىر ـ ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنىڭ، ئۆزئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنىڭ ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ياتلىششنىڭ، چۈشەنمەسلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى قىلىنغان. شۇڭا، دراما تىلى ھازىرجاۋابلىقتا، دەللىككە، ئېنىقلىقتا ئىگە ئەمەس. تىلنى بۇنداق قوللىنىش ھازىرقى زاماندىكى ئېستېتىك پرىنسىپلارغا، ئەسەر ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئەسەر ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۇرۇشتە مۇھىم رول ئوينىغان. قىسقىسى، «قىبرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى يېڭى دەۋر درامىچىلىقىمىزدىكى بىر خىل تىل سىنىقى بولدى، بۇ سىناقتىكى مۇۋەپپەقىيەت درامىدا تىل ئىشلىتىشنىڭ يېڭىچە مۇمكىنچىلىكلىرىدىن بېشارەت بەردى.

«قىبرى يىگىتنىڭ تويى» درامىسى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە دراما. درامىنىڭ ئۇسلۇبىنى تراگېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە كومېدىيىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ كومېدىيىلەشتۇرۇلگەن تراگېدىيە. درامىدا نۇرغۇن كۈلكە بار، ئەمما بۇ كۈلكىلەرنىڭ ئاستىدا ھامان بىر تراگېدىيىلىك ـ كۆڭۈلسىزلىك تۇرغاچقا، بۇ كۈلكىلەرمۇ كىشىنى ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلدۈرەلمەيدۇ، ھۇزۇرلاندۇرالمايدۇ، ئۇيغۇرنىڭ كۈلكىسى ھامان مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. يازغۇچى درامىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان تراگېدىيىلىك ئامىللارنى ئازابلىق، ئېغىر، ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى، كۈلكىلىك، يۇمۇرلۇق، ھەجۋىي ئامىللار بىلەن ئىپادىلىگەن. درامىدىكى كۈلكىلەر كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ناچار ئىجتىمائىي، مەنىۋى ئىللەتلەرنىڭ بېسىمىدا قالغان، روھىي جەھەتتىن بىنورماللاشقان، ئادەمىيلىك سۈپەتلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان تراگېدىيىلىك ھالەتلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. تەبىئىيكى بۇنداق بىنورماللىق كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئازابلىق كۈلكىلەر ھەر قانداق كىشىنى ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلدۈرەلمەيدۇ، خۇشال قىلالمايدۇ. مىسال ئۈچۈن درامىدىكى مۇنداق بىر تەپسىلاتنى كۆرۈپ باقايلى: خالىسە پازىلغا نۇرغۇن باغاقلارنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ تېخى ھېلىلا ئالغان مائاشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇللىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ. خالىسە پازىلنىڭ ئېشىپ قالغان 5 يۈەن پۇلىنى بەرمەي چىقىپ كېتىۋاتقاندا، پازىل ئاچچىق ئىڭراپ، ئۇنىڭغا يېلىنىدۇ: «خالىسە، ئاشقان 5 كوي پۇلۇمنى بېرىۋېتىڭ

دەيمەن» . پازىلنىڭ بۇ ئىگرىشى كۆپلىگەن ئادەملەرنى كۈلدۈرىدۇ، نامراتلىق سەۋەبىدىن بولۇۋاتقان بۇنداق ئىگراش، كىشىلەر ئارىسىدىكى باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولماسلىقتەك سوغۇق مۇئامىلە، پازىلغا ئوخشاش ئۆزىگە ئىگە بولالمايۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىچارە ھالىتى كۈلكىمىزنى توختىتىپ، بىزنى سوغۇق رېئاللىققا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. كۈلكە ئادەمنى ئازابلايدىغان، پاجىئە كۈلكە ئارقىلىق كۆرسىتىلىدىغان بۇنداق ئۇسلۇب درامىنى ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە قىلغان.

«قېرى يىگىتنىڭ تويى» دراممىسى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نادىر درامىلارنىڭ بىرى. بۇ دراما مۇشۇ دەۋر رېئاللىقىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي، مەنىۋى مەسىلىلەرگە مۇراجىئەت قىلغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ياشاش ھالىتىدىن ئىبارەت چوڭ مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغانلىقى، دۇنيا دراممىچىلىقىدىكى يېڭى چۈشەنچە ـ خاھىشلار بىلەن ئەنئەنىۋى دراممىچىلىقنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ جەھەتتە چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، درامىنىڭ بەدىئىي ـ شەكىل ئامىللىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ جەھەتتە دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتالىغانلىقى، ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنى دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە قىلىش جەھەتتە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى. . . گە ئوخشاش تەرەپلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى نامايان قىلدى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىمۇ يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى، بۇ دراما، دراممىچىلىقىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى — ئەسەرلەردە خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان، دەۋر رېئاللىقى بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ھېسابلىنىدىغان مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەدەبىي ئەسەرنى بىر خىل ئىپادىلەش سەنئىتى دەپ قاراپ، يۇقىرى بولغان ئىپادىلەش ئۈنۈمى يارىتىش، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش ـ يېڭىلىق يارىتىش، پايدىلىق بولغان يېڭى چۈشەنچە، ئۇسۇل، ماھارەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق مىللىي تۇرمۇشنى، مىللىي ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر دراممىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
2. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر دراممىچىلىقى قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟
3. مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ دراما ئىجادىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
4. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن دراممىلىرى قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟
5. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن دراممىلىرى قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟
6. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ دراما ئىجادىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
7. «قانلىق يىللار» دراممىسىدا قانداق ۋەقەلىك يېزىلغان؟
8. تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ دراما ئىجادىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
9. تۇرسۇنجان لېتىپنى نېمە ئۈچۈن ئىزدىنىش روھىغا باي يازغۇچى دەپ ئاتايمىز؟
10. «قېرى يىگىتنىڭ تويى» دراممىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟
11. «قېرى يىگىتنىڭ تويى» دراممىسىدىكى پازىل ئوبرازىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# XI باب ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر نەسرچىلىكى

## 1 § . قىسقىچە بايان

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىكنىڭ «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى»غا ئوخشاش ئەڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېيىنكى ئەسىرلەردە بىر خىل ئەدەبىي شەكىل سۈپىتىدە داۋاملىشىپ بارالمىغان، شۇنداقلا بىر خىل تارىخىي ئەنئەنىمۇ شەكىللەندۈرەلمىگەن. ھەقىقىي مەنىدىكى نەسرچىلىك پەقەت ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ئاندىن مەيدانغا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئىجادىيەت ساھەسى بولۇپ شەكىللەندى. 30 ـ ، 40 ـ يىللاردا ئىجاد قىلىنغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئەجەل ھودۇقمىشىدا» ، « ‹پادىشاھ سامۇرايلىرى› ئېغىر ھالسىرايدۇ» ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «دېڭىزدىن سادا» ، «باش ئەگمەم» ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ نەسرلىرى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە ئاساس سالغان دەسلەپكى ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ھازىرقى زاماندىكى نەسرچىلىكنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، يېڭى دەۋر باسقۇچىغا كەلگەندە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ بىر ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى.

80 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر خىل قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى، بۇ خىل گۈللىنىشنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئەدەبىي ژانىر ـ شەكىللەرنىڭ تولۇقلىنىشى ۋە كۆپ خىللىشىشى بولدى. بىر مۇنچە ئەدەبىي ژانىر ـ شەكىللەر بۇ دەۋردە يېڭىدىن مەيدانغا كەلدى ياكى قايتىدىن جانلىنىپ گۈللەندى. نەسرچىلىكمۇ مانا مۇشۇنداق بىر ئەدەبىيات ئارقا كۆرۈنۈشىدە قايتىدىن جانلىنىپ گۈللىنىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر نەسر ئىجادىيىتىگە قايتىدىن كىرىشىپ، «شېئىر ۋە شائىر» ، «قاشتېشىغا مەدھىيە» قاتارلىق نەسرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىكنىڭ گۈللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەخمەت ئىمىنىنىڭ «قەلب

سادالىرى» ، «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا» قاتارلىق چاتما نەسرلىرى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ماۋزۇسى ئاستىدىكى بىر تۈركۈم نەسرلىرى، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» قاتارلىق نەسرلىرى، ئابدۇكېرىم ئەخمەتنىڭ «ئەتىرگۈل» قاتارلىق نەسرلىرى نەسرچىلىكتىكى مانا مۇشۇنداق گۈللىنىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، شۇنداقلا نەتىجىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىدى. بۇ نەسرلەردە چىن شۇنداقلا قايناق ھېسسىيات، يارقىن شېئىرىي مەنزىرە، پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئاتا قىلغان كۈچلۈك ھاياجان، رېئاللىق ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمە قاتارلىقلار ئىپادىلىنىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. شۇندىن تارتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىك بارا ـ بارا ئېتىبارغا ئېلىنىپ، «نەسرچىلىك قىزغىنلىقى» شەكىللەندى. نەتىجىدە، نەسر ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر خىل ئاساسلىق ئەدەبىي شەكىلگە ئايلاندى، شۇنداقلا بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. نەسرچىلىكنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە ئايرىم ساھە شەكىللەندۈرۈشى نەسرچىلىكىمىزنىڭ چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى، شۇنداقلا ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر ھادىسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈنكى زاماندىكى، جۈملىدىن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تېمىسى كۆپ خىل ھەم رەڭدار بولدى. يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ھاياتنىمۇ، تەبىئەتنىمۇ، جەمئىيەتنىمۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ـ ھېسسىياتىنىمۇ ئىپادىلىدى ـ ئەكس ئەتتۈردى؛ نەسر ئىجادىيىتى ئارقىلىق ھايات ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ باردى، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ماختىدى، جەمئىيەتتىكى تەرەققىيات ـ يېڭىلىقلارنى ئەكس ئەتتۈردى، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، پەلسەپىۋى تۈس ئالغان ياكى دىداكتىك قىممىتى يۇقىرى بولغان پىكىرلەرنى ئىپادىلىدى. شۇنداقتىمۇ، نەسرلىرىمىزنىڭ لىرىك تۈسى ناھايىتى قويۇق بولدى، نەسرچىلىكىمىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلدى، نەسرلىرىمىزدە چىن، سەمىمىي ھېسسىياتلارمۇ، دەۋر ئاتا قىلغان ھاياجانلارمۇ، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشلارمۇ، دەۋر مېلودىيىسىمۇ بار بولدى. كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە نەسرلىرىمىزدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، مۇھاكىمە قىلىش بىر خىل خاھىشقا ئايلىنىپ، مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىنى تۈزىتىش ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىغا ئايلاندى. بۇ خىلدىكى نەسرلەر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقى، تەسىرلەندۈرۈش ـ قايىل قىلىش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكى، كۆز قاراشلىرىنىڭ يېڭى ھەم ئۆتكۈرلىكى بىلەن ناھايىتى كىتابخانلىق بولدى. ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە، نەسرلەردە پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەش، مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى ھەققىدە ئويلىنىش، ئىنسان روھىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىش نەسر ئىجادىيىتىدىكى يېڭى بىر يۈزلىنىشكە ئايلاندى. ئەخمەت ئىمىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن نەسرلىرى بۇ خىل خاھىشقا ۋەكىللىك قىلدى.

www.uyghurkitap.com

بۇگۈنكى دەۋر، جۇملىدىن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچىلار ئاز ئەمەس. ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇلار مەلۇم كۆلەمگە، خېلى يۇقىرى ئىجادىيەت ساپاسىغا، گەۋدىلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە ئەدەبىيات ئىچى ـ سىرتىدا خېلى چوڭ تەسىرگە ئىگە بولغان نەسر ئىجادىيەتچىلىرى قوشۇنىنى شەكىللەندۇردى. بۇ قوشۇننىڭ ئەڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇچۇن نەسر ئىجادىيىتى «قوشۇمچە كەسىپ» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل ۋە مەخسۇس شۇغۇللىنىۋاتقان ئەخمەت ئىمىنىنىڭمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدىن ئىبارەت يەنە بىر پائالىيەت مەيدانى بار. ئۇنىڭدىن باشقا نەسرچىلىكىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بولغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، سەيپىدىن ئەزىزى، نۇرمۇھەممەت توختى، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىقلارنىڭ باشقا ئىجادىيەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى نەسر ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەسرچىلىكىمىزنىڭ ئەسىر ئاخىرىدىكى 20 يىلدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

بۇگۈنكى زاماندىكى، جۇملىدىن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىيات يولى ھەققىدە توختالغاندا ئالدى بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى تىلغا ئېلىش كېرەك. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە ئاساس سالغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 40 ـ يىللاردا «دېڭىزدىن سادا»، «باش ئەگىمە» قاتارلىق نەسرلەرنى يېزىپ، نەسرچىلىكىنىڭ شۇ يىللاردىكى يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان بولسا، ئارىدىن 40 يىل ئۆتۈپ، 80 ـ يىللارغا كەلگەندە قايتىدىن نەسر ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، «شېئىر ۋە شائىر»، «قاشتېشىغا مەدھىيە» ناملىق نەسرلەرنى يازدى. بۇ نەسرلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىقى، قوللانغان بەدىئىي ۋاسىتىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، تىل پاساھىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى نەسرچىلىكىمىزگە ئۈلگە بولۇش رولىنى ئوينىدى. «شېئىر ۋە شائىر» ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرىيەت قارىشى، تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئەدەبىيات قارىشى بەدىئىي يول بىلەن قويۇق ھېسسىيات ۋە پاساھەتلىك شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان نەسر بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچى ئاساسەن شېئىر قانداق بولۇشى كېرەك، شائىر قانداق بولۇشى كېرەك دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغان. بۇ مۇھاكىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ھەم لىرىك، ھېسسىيات تۇسىغا باي مۇھاكىمە، شۇنداقلا يەنە شېئىرىيەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان، ئەقىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھاكىمە. شۇنداق بولغاچقا، بۇ نەسردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شېئىرىيەت قاراشلىرى بۇ دەۋر شېئىرىيىتىگە، بۇ دەۋر شائىرلىرىنىڭ شېئىرىيەت قارىشىغا چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلدى.

«. . .     . . .

شېئىر — مارجان ئەمەس، يىپقا تىزىپ قويسا تۇرۇۋېرىدىغان، ياكى ئەزان ئەمەس،

قۇلاقنى تۇتۇپ ئېيتسا بولىۋېرىدىغان.

شېئىر — ئايەت ئەمەس، مەنىسىنى ئۇقماي ئوقىسا بولىۋېرىدىغان ياكى ماتا ئەمەس، دۇكان قۇرۇپ توقىسىلا چىقىۋېرىدىغان.

شېئىر — كەشتە ئەمەس، رەڭدار مەشۇت بىلەن لاتىغا تىكىپ قويىدىغان ياكى سۈرەت ئەمەس، قەغەزگە سىزىپ قويسىلا بولىۋېرىدىغان.

. . . . . . . . .

شېئىر — ھەم ھۆسنى، ھەم پۇرىقى، ھەم تىكىنى، ھەم يوپيۇرمىقى بار گۈلگە ئوخشىشىپ كېتىدۇكى، ھۆسنى بىلەن دىلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلار؛ پۇرىقى بىلەن جانغا راھەت ۋە ھۇزۇر بەخش ئېتەر؛ ئىشق ئەھلى ئۇنى قۇلاققا قىسار ياكى گۈلدەستە ياساپ جانانغا تۇتار؛ ياۋا توڭگۇز تۇمشۇقىنى تەگكۈزسە، تىكىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا سانچىلار، ھەتتا بۇرنىنى قانىتار.

شېئىر — خۇددى بىر مەشئەلدۇركى، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى ياكى بىر گۈلخاندۇركى، پايانسىز دەشتلەرنى يورۇتۇپ، سوغدىن تىترىگەن تەنلەرگە ئارام بەرگۈچى.

شېئىر — بىر قاينام بۇلاققا ئوخشايدۇكى، تەشنالارغا ئارام، دەردمەنلەرگە داۋا، بىمارلارغا شىپا، غەمكىنلەرگە شادلىق، ئاجىزلارغا ئۈمىد ۋە كۈچ بەخش ئەتكۈچى.

شېئىر — بىر گۈلدۇرمامىدۇركى، ئۇنىڭ ئاۋازى جاھاننى تىترىتىپ، خامۇش كۆڭۈللەرنى ئويغاتقاي، كىشىنى سەگەك قىلىپ جەڭگە ئۈندىگەي، ئەبەدىي ھاياتقا چاقىرغاي!

. . . . . » . (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى» توپلىمىدىن)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ نەسرىدە شېئىر ھەققىدىكى ئۆزگىچە قارىشىنى مەلۇم دەرىجىدىكى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل پىكىر قىلىش نۇقتىسىدىن چىقىپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ، نەسرچىلىكتە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى بىر خىل ماھارەت مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەسرنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭ تىلى شېئىر تىلىدەك نەپىس، ئاھاڭدار، ئىپادىلىك بولۇپ، كىشىگە مەنا ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسىمۇ بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا، بۇ نەسر نەسرلەرنىڭ ئەڭ نەپىس يېزىلغانلىرىنى تەرىپلەيدىغان «نەسرىي شېئىر» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

«قاشتېشىغا مەدھىيە» ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يەنە بىر پارچە مۇنەۋۋەر نەسرى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچى يۇرتىمىزنىڭ قىممەتلىك تەبىئەت مۆجىزىسى بولغان خوتەن قاشتېشىنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى، رەڭدارلىقىنى تەرىپلەپ، بۇ ئارقىلىق كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئېسىل ھۈنەر - تېخنىكىلىرى بىلەن قاشتېشىنى دۇنياغا تونۇتقان ئۇستىلارنى مەدھىيىلەپ، بۇ ئارقىلىق خەلققە بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. يازغۇچى بۇ نەسرىدە يەنە قاشتېشىنىڭ ھەر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەڭلىرىنى ئوخشىمىغان سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىگەن: ئاقلىقنى — پاكلىقنىڭ، سەمىمىيلىكنىڭ، ئۇلۇغۋارلىق، ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ؛ قارىلىقنى — مەدەنىيەتلىك، بۇيۇكلۇكنىڭ بەلگىسى دەپ؛ كۆكلىكنى — كەڭلىك، مەردلىك، چەكسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ؛ يېشىللىقنى — گۈزەللىكنىڭ، ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشەندۈرگەن. يازغۇچى بۇ رەڭلەرنىڭ مەنىسى ئارقىلىق پىكىردە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ، ھەر خىل رەڭدىكى قاشتاشلىرى مىسالىدا ئىنسان خاراكتېرىدىكى سۈپەتلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئادەمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى، جۈملىدىن ئادەمىيلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق يەنە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە تۇنجى بولۇپ رەڭ چۈشەنچىسىنى ئېلىپ كىرگەن ۋە رەڭ ئارقىلىق مەنا ئىپادىلىگەن.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (1934 — 1997) بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەكىلى. ئۇنىڭ «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ماۋزۇسى ئاستىدىكى نەسرلىرى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن نەسرلىرىنىڭ ئەڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى قويۇق پەلسەپىۋىلىككە، ھايات ھەقىقەتلىرىگە، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ نەسرلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ، ھاياتلىق ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنىڭ، ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىنىڭ ئەدەبىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەسر ئىجادىيىتىدىكى مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر نەسرچىلىكىدە ئۆزىگە خاس يول ئاچتى ھەم ئۇسلۇب ياراتتى. ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ تېمىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئادەم، تەبىئەت، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، تارىخ، روھ، مەنىۋىيەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ئىپادىلەنمەي، مۇھاكىمە قىلىنماي قالغان ھېچنەرسە يوق دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، مەيلى يازغۇچى نېمە ھەققىدە سۆزلىسۇن ، ھەر بىر پارچە نەسرىدە بىرەر پەلسەپە، بىرەر ھېكمەت ياكى بىرەر دىداكتىكا ئوتتۇرىغا قويماي قالمايدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنى پىكىر - ئىدىيە جەھەتتىن بېيىتىشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەسرلىرى ئومۇمەن لىرىك - مۇھاكىمىلىك نەسرلەر بولۇپ، ئېپىك تەركىبلەر يوق دېيەرلىك، ئۇنىڭ نەسرلىرىدە لىرىكىمۇ، مۇھاكىمىمۇ ھامان بىرەر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەسرلەر توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭ نەسر ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئۆزگىچە تۈزۈلۈشكە ئىگە توپلام بولۇپ، «كاككۇكنامە» ، «مارجاننامە» ، «سۇمۇرۇغنامە» ، «جاھاننامە» ۋە «نىجاتنامە» دىن ئىبارەت بەش بابقا بۆلۈنگەن. توپلامنى تەشكىل قىلغان نەسرلەر ئاساسەن قىسقا

ھەجىملىك نەسرلەر بولۇپ، ئۇلار ھەم نىسبىي مۇستەقىللىققا ھەم يەنە مەلۇم ئورتاق باغلىنىشقا ئىگە. يازغۇچى بۇ نەسرلەرنى 1967 ـ يىلى فېۋرالدىن 1977 ـ يىلى نويابىرغىچە بولغان ئاپەتلىك 10 يىلدا يازغان. بۇ ھەقتە يازغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تارىخنىڭ سەۋدالىق يىللىرى يېزىلغان تەئەججۇپنامە. بۇنداق يىللارنى ئاپەت دەپ ئاتىساق ئاپەتلىرى تولىمۇ پاجىئەلىك. بۇنداق يىللارنى ئامەتلىك دەپ ئاتىساق، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، زۇلمەتنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قوشقان تۆھپىسى ھېكمەتكە باي قىممەتلىك ئامەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن سەۋدالىق يىللىرى ئىدى. . . . . . . ‹سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى› تۇن مونولوگى سۈپىتىدە سەۋدالىق يىللىرىدىكى سەۋدالىق خاتىرىسى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىكى «ئاپتوردىن» دىن ئېلىندى).

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىكى نەسرلەردە مونولوگ شەكلىدە پىكىر ـ ھېسسىيات ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئاپەتلىك يىللاردىكى ئازابلىق ياشاش مۇھىتى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىلىپ، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش يورۇتۇپ بېرىلگەن، شۇنداقلا ئاساسلىق قىلىپ يازغۇچىنىڭ ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ ماھىيىتى، قىممىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى، تۇرمۇشتىن تاپقان ھەقىقەتلىرى، پەلسەپۋى ـ ئىجتىمائىي قاراشلىرى، ھەقىقەت يولىدا توختىماي ئىزدىنىشتەك ئۇمىدۋارلىق روھى تەئەججۇپ ئىچىدىكى ئازابلىق ئويلار ئارقىلىق گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. يازغۇچىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نەسردىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز:

«ئوت — تۆت زاتنىڭ ئەڭ يەڭگىلى.

ئوت، ئوت تولىرى تولا، پەرۋانىنىڭ زوقى ئۇچۇن پەقەت چىراغ ئوتىلا مۇقەددەس!

چىراغ ئوتى! پەرۋانىنىڭ مۇھەببەت شەيدالىقىدىن دېرەكسىز بىرەھىم مەشۇقە. سېنىڭ ئاشىققا بېغىشلىغان ئىلتىپاتىڭ ئۆلۈم خاتىرجەملىكى.

ئوت — تۆت زاتنىڭ ئەڭ يەڭگىلى.

ئوت، ئوت تۇرلىرى تولا. ئىنسانىيەتنىڭ زوقى ئۈچۈن پەقەت ئالەم مۇھەببىتى، ھايات سۆيگۈسى، زېمىن ئىشقى ئوتىلا مۇقەددەس!

زېمىن ئوتى! ئەي ئانا تۇپراق.

ھايات ئوتى! ئەي پۈتكۈل ئىنسانىيەت.

ئىنسانىيەت مۇھەببىتىنىڭ پەرۋانىدەك تەقدىرىنى تۈزىتىدىغان ئەڭگۈشتەر يوقمىدۇ؟!»
(ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» 124 ـ 125 ـ بەتلەر)

بۇ بىر تۈردىكى نەسرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلىش تەس ئەمەسكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن نەسرلىرىنىڭ ناھايىتى تىرەن بىلىم ئاساسى، ناھايىتى كەڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، خېلىلا سىستېمىلىق پەلسەپۋى سىستېمىسى، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىغا چېتىلىدىغان تارىخ جۇغلانمىسى بار. نەسر ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تەستىقلايدۇ.

مۇشۇ يىللاردا نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشكەن پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش نەسرچىلىرىمىزدىن سەيپىددىن ئەزىزى، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، نۇرمۇھەممەت توختى قاتارلىقلارمۇ مەزمۇن كەڭلىكى ۋە بەدىئىي ماھارەتلەر جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان نەسرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى. سەيپىددىن ئەزىزىنىڭ نەسرلىرىدە ئاساسلىق قىلىپ دەۋر ئاتا قىلغان ھاياجانلىق تەسىراتلار ئىپادىلەندى، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» قاتارلىق بىر يۈرۈش نەسرلىرىدە ھاياتلىق كۈيلىنىپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا يەنە ھاياتنىڭ قىممىتى پەقەت ياشاشتىلا ئەمەس، بەلكى قانداق ياشاشتا، ھاياتنىڭ لەززىتى ئەركىنلىك، ئازادلىقتا دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم «گۈزەللىم، كۆزۈڭنى ياشلىما» ناملىق توپلىمىدىكى نەسرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىنسان خاراكتېرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، ئادەمىيلىكتىكى ئۇلۇغ پەزىلەتلەر، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ھادىسىلەر، كەڭ تەبىئەت قاتارلىق نۇرغۇن تېمىلار ھەققىدە مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزگەن. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر» ناملىق توپلىمىدىكى نەسرلىرىدە ئاساسلىق قىلىپ ئالەمنىڭ مەركىزى ۋە ئەدەبىياتنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى بولغان ئادەم ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. يازغۇچى ئادەم ھەققىدىكى مۇھاكىمىسىنى ئادەم بىلەن، تەبىئەت بىلەن، جەمئىيەت بىلەن سىردىشىش ـ سۆزلىشىشتىن ئىبارەت يېڭىچە بىر نۇقتىدىن چىقىپ ئېلىپ بارغان. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ نەسرچىلىكتىكى روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ پىكىرنى تۇرمۇشتىكى، تەبىئەتتىكى ئاددىي شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ئېپىكا بىلەن لىرىكا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

90 ـ يىللاردىن باشلاپ نەسر ئىجادىيىتى ساھەسىگە ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەركىن نۇر، مۇختەر مەخسۇت، ئەنۋەر تاشتۆمۈر، ئەختەم ئۆمەر، زۇلپىقار، ئەنەيتۇللا قۇربان، ئوسمان قاۋۇل، مۇھەممەتجان ئابلىز بۆرىيار، قۇربان ئەمەت قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلار كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىزدىنىش روھىغا باي، پىكرى چوڭقۇر، پەلسەپىۋىلىكى چوڭقۇر، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا باي، ھېسسىياتى قايناق نەسرلىرى بىلەن نەسرچىلىك ساھەسىنى جانلاندۇرۇۋەتتى ۋە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتتى، شۇنداقلا ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئەتىسىگە نىسبەتەن ناھايىتى كۈچلۈك ئۈمىد پەيدا قىلدى. تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىك يارىتىش ئۈچۈن ئىزدەندى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر

نەسرچىلىكنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى.

ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ نەسرلىرى پەلسەپىۋى پىكىرگە بايلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلەندى. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «چالا كۆيگەن رىسالە» ، «ئاشىقلار تىلى» قاتارلىق نەسرلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. «ئاشىقلار تىلى» ناملىق نەسرلەر تۈركۈمىدە، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ۋە شەرق ئەللىرىدىكى ئۈنىڭدىنمۇ ئىلگىرىرەك دەۋرلەردىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر بىلەن ھازىرقى دەۋر تىلىدا سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى شەرھلىگەن. بۇ جەرياندا شەرق تەپەككۇر خەزىنىسىدىكى كلاسسىك ھېكايەتلەرگىمۇ، تەۋراتتىكى قەدىمىي قىسسەلەرگىمۇ مۇراجىئەت قىلغان، ئەمما مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ساداسىنى ياڭرىتىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇ بۇ بىر يۈرۈش نەسرلىرىدە ھاياتلىق پەلسەپىسىدىكى مۇھىم چۈشەنچە بولغان ئۆلۈم ھەققىدە كۆپرەك ئىزدەنگەن. نەسرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئۆلۈمدىن كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان دەرىجىدىكى قورقۇنچلۇق تەسىراتنى ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭ رەھمىتى ھېسابىدىكى گۈزەل ماھىيەتنى تونۇپ يەتكەن. بۇ خىل قارىشى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان «ئۆلۈم مەرىپەتنامىسى» ناملىق نەسرىدە ئۇ ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۇقۇم بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئۆزى تامامەن ئىككى خىل نەرسە دېگەن قارىشىنى تەھقىقلەپ، «ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۇقۇم بىزنى ئالدايدۇ ياكى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ. تۇرمۇش پەلسەپىسى ئۆلۈم ئۈستىگە قۇرۇلغان. پەقەت ئۆلۈملا ھەممىنى ئايرىيدۇ، ھەممىنى باراۋەر قىلىدۇ. ئۆلۈم — كامالەت. ھاياتنىڭ كامالىتى ئۆلۈم كامالىتى بىلەن تەڭداش بولغاندا، سەن ئۈچۈن ئۆلۈم مەۋجۇت ئەمەس» ، دەپ يازىدۇ. ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ نەسرلىرىدە ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ پىكرى چوڭقۇر، رىتىمى ئەركىن، تىلى پاساھەتلىك، ئوبرازلىرى يارقىن، مەنىسى كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، كىشىگە شېئىرىي لەززەت بېغىشلايدۇ.

ئەركىن نۇرنىڭ نەسرلىرى ئىنسان قەلبىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنى، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ھازىرقى دەۋر پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن چېقىپ، چىنلىق ۋە يارقىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ، ئىنساننى ئۆز ماھىيىتىگە، ئۆز تەبىئىيلىكىگە يېقىنلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنىڭ نەسرلىرى نەسرچىلىكىمىزدە «ئىنسان تەبىئىتىنى يېزىش» خاھىشىنى شەكىللەندۈرۈشتەك خاسلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى.

90 ـ يىللاردا نەسرچىلىك ئىجادىيىتىگە كىرىپ كەلگەن ياش يازغۇچى ئەنۋەر تاشتۆمۈر «تەنھا قىز» ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىكى زور بىر تۈركۈم لىرىك نەسرلىرىدە ياراتقان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن نەسرچىلىكىمىزدە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشتى. ئەنۋەر تاشتۆمۈر نەسرلىرىنىڭ لىرىك تۈسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلاردا يازغۇچىدىكى ئالاھىدە تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە گۈزەل بىر خىيالىي دۇنيا مەنزىرىسى يارىتىلغان، جەننەتسىمان بۇ خىيالىي دۇنيادا لىرىك قەھرىمان ھايات

www.uyghurkitap.com

سىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتىدا يېنىپ، ھىجران ئازابلىرىنى تارتىپ، يار ۋىسالىدىن ئۈمىدلەر كۈتۈپ، قەلبىدىكى ئىزتىراپ ـ تېگىرقاشلىرىنى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى، ئۈمىدسىزلىك كۆلىدىن پارلاپ قالىدىغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ تۈسى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، كۆپلىگەن نەسرلىرىدە ئۆزىنىڭ نازۇك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش، يېتىلىپ قويغان ئۆزىنى ئىزدەش ئاساسلىق تېما قىلىنغان. ئۇنىڭ نەسرلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان سىپتە ۋە ئىنچىكە ئىپادىلەنگەن نازۇك ھېسسىيات، ئىپادىلەشتىكى پاساھەت ئۇنىڭ ساپ سەنئەت خاھىشىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ نەسرلىرىدىكى بەدىئىي ئوبرازلار كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ھېسسىي ئوبرازلار ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، قەلبنى تېخىمۇ مۇڭلاندۇرۇۋېتىدىغان مۇزىكىلاردەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەر بىر يازغۇچىنىڭ ياكى ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىگە خاس بولغان مەلۇم خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلەرنى ھېس قىلماي قالمايمىز. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بىزنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى، جۈملىدىن يېڭى دەۋردىكى نەسرچىلىكىمىز ئومۇمەن ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، گەۋدىلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى، ئەدەبىياتىمىزدىكى تەرەققىيات ـ مۇۋەپپەقىيەتلەر نەسرچىلىكىمىزدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇ بولدىكى، ئۇيغۇر نەسرچىلىكى بىر مەزگىللىك ئىزدىنىش ـ تەرەققىيات ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ تېما دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، مەزمۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، پەلسەپىۋى تۈسى ئاشتى، بىلىم خاراكتېرى گەۋدىلەندى، ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى ئىپادىلەندى، نەسرلەرنىڭ ئۇسلۇبى رەڭدارلاشتى، تىلى تېخىمۇ تاۋلاندى، ئۇنىڭ «ئەدەبىي خاتىرىلەر»، «ئەبجەش خاتىرىلەر»، «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى» دېگەندەك يېڭىچە تۈرلىرى مەيدانغا كېلىپ، ئۇنىڭ شەكلى كۆپ خىللاشتى. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئىستىقبالى تېخىمۇ چەكسىز بولىدۇ.

## § 2 . ئەخمەت ئىمىن

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدىبلەر ئاز بولمىسىمۇ، ئەمما ئىزچىل شۇغۇللىنىۋاتقىنى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغىنى يەنىلا ئەخمەت ئىمىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى رەڭدار، نەپىس ۋە يۇقىرى

سەۋىيىلىك ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى.

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئەخمەت ئىمىن 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957 ـ يىلىدىن 1967 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن كېيىن، يېزىغا چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئالغان ھەم ۋاقىتلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەشۇ ئورۇندا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەخمەت ئىمىن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە ئۇچۇن يول ئاچقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. گەرچە، بۇ ئەسىردە ئۇيغۇر نەسرچىلىكى بويىچە ئاز بولمىغان ئىجادىيەت نەتىجىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا يەنىلا ئاجىز ساھە بولۇپ كەلگەنىدى. ئەخمەت ئىمىن مانا مۇشۇ ئاجىز ساھەنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ زېمىنى قىلىپ تاللاپ، بۇ ساھەدە جاپالىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئىجادىيەتتە ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۆزىگە خاس يول ئېچىپ، ئۇسلۇب يارىتىپ، مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر نەسر يازغۇچىسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «قەلب سادالىرى» (1985 ـ يىل)، «باھار تىنىقى» (1992 ـ يىل)، «جۇلدۇر كېپەن خوتۇننىڭ ساداسى» (2000 ـ يىل) قاتارلىق نەسرلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. «باھار تىنىقى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ناملىق نەسرى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا، «سادا»، «ئوۋ تاماشاسى» قاتارلىق نەسرلىرى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

ئەخمەت ئىمىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېلان قىلىنغان «قەلب سادالىرى» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدىكى نەسرلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن. «قەلب سادالىرى» ئۇيغۇر يېڭى دەۋر نەسرچىلىكى ئۇچۇن يول ئېچىش، نەسرچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىغان نەسرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شۇندىن تارتىپ ئەدەبىياتىمىزدا نەسرچىلىك بىر ئالاھىدە ئىجادىيەت ساھەسى سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېرىشتى ھەم ئەخمەت ئىمىننىڭ ئۆزىمۇ نەسرچىلىك ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەخمەت ئىمىننىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «قەلب سادالىرى» بىر پارچە چاتما نەسر بولۇپ، ئۇ «مۇقەددىمە»، «چوغ»، «سەئىدە»، «ناخشا»، «دەريا بويىدا»، «ساما تۇيغۇلىرى»،

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى www.uyghurkitap.com

«ئانامغا خەت» ، «يامغۇردىكى سەيلە» ، «باش باھار» ، «خاتىمە» قاتارلىق نەسرلەردىن تەشكىل تاپقان. بۇ بىر يۈرۈش نەسرلەر 1967 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىلدا يېزىلغان. شۇڭا بۇ نەسرلەردە ئازابلىق تۇيغۇ، كۈچلۈك ھاياجان، چىن ھېسسىيات، چوڭقۇر مۇھاكىمە ۋە ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدىكى ئازابلىق تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ئەشۇ يىللاردىكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى، دىل جاراھەتلىرى، شۇنداقلا قەلبىدە يالقۇنجىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. خۇددى يازغۇچى ئۆزى ئېيتقىنىدەك، بۇ نەسرلەردە ئىپادىلەنگىنى «دەھشەتلىك يىللارنىڭ قەلب سادالىرى؛ جاھالەت قەپىزىگە تۇتقۇن بولغان بۇلبۇللارنىڭ مۇڭلۇق ناۋالىرى» ئىدى. «قەلب سادالىرى» شۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان، شۇ يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولغان «جاراھەت تېمىسى»غا بېغىشلانغانلىقى، تۇرمۇشقا يېقىنلىقى، ھېسسىيات چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى، ھايات ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەرگە بايلىقى ۋە ھاياجانلىق شېئىرىي تىل قوللىنىلغانلىقى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە، شۇنداقلا كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى. شۇندىن كېيىن ئەخمەت ئىمىن يەنە «شۆھرەت» ، «مۇھەببەت» ، «مۇزىكىدىكى سۈرەت» ، «كېسەللەرگە دورا» ، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» قاتارلىق بىر تۈركۈم نەسرلەرنى يېزىپ، ھايات ھەققىدە، جۇملىدىن رېئاللىقىمىزدىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە بولغان مۇلاھىزىلىرىنى، قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «كېسەللەرگە دورا» ماۋزۇسى ئاستىدىكى «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا» ، «كۆيۈمسىز بالا» ، «يامانلاقتىكى ئايال» قاتارلىق نەسرلەردە يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدىغان ئائىلىلەرنى تېما قىلىپ، ئەخلاق ۋە ئادەمىيلىك مەسىلىلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مېھرىبانلىق، ئىنسانىي پەزىلەت، ئائىلە ئەخلاقى، پەرزەنتلەرگە كۆيۈنۈش ئاساس قىلىنغان «بەختلىك ئائىلە» قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ناملىق نەسرىدە، ئىنسان قەلبىنى ئىلىم ـ مەرىپەت، ياخشى پەزىلەتلەر بىلەن يورۇتقۇچى جاپاكەش ئىنسان — ئوقۇتقۇچىلار مەدھىيىلەنگەن.

ئەخمەت ئىمىننىڭ بۇ يىللاردا يېزىلغان نەسرلىرى ئىچىدە «مۇزىكىدىكى سۈرەت» ناملىق نەسرى ئالاھىدە خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ «لەيلىگۈل» سىمفونىيىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ھاياجانلىق تەسىراتى ۋە شۇ ئارقىلىق قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا پەيدا بولغان شائىرانە پىكىرلىرى ئىپادىلەنگەن. يازغۇچى بۇ نەسرىدە «ھېسسىياتلىق ئىنساننىڭ يۈرەك تىلى» ھېسابلىنىدىغان، «ئەڭ نەپىس، ئەڭ نازۇك، ئەڭ گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئىزھار قىلىدىغان» مۇزىكىنى سۈرەتچى قىلىپ، لەيلىگۈلنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قەيسىرانە كۈرەشلىرىنىڭ ئاجايىپ يارقىن، ئاجايىپ لىرىك، ئاجايىپ مەنالىق بەدىئىي كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

سىمفونىيىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى ۋە پەسىيىشى ئارقىلىق ، ئاپتور بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «مۇقەددىمە» ، «مۇھەببەت ھەم سۈيىقەست» ، «قايغۇ ۋە كۈرەش» ، «بوران ئۈۋىسىدا» ، «توي ۋە ئىنتىقام» ، «بەخت ئىزدەش» ، «خاتىمە» قاتارلىق بىر يۈرۈش سۈرەتلەرنى سىزىپ، ئۇلارنى چوڭقۇر مەنىلەر يىپى ئارقىلىق باغلاپ، ئوخشىمىغان كۈيلەر بىلەن چېتىپ، خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىك ۋە بەخت ئىزدەش يولىدا زالىم ھۆكۈمرانلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ، چىن مۇھەببەت يولىدا جان پىدا قىلىش بىلەن ئىپادىلىگەن ۋاپادارلىق، قەيسەرلىك خاراكتېرىنى ھاياجان بىلەن كۈيلىگەن.

ئەخمەت ئىمىنىنىڭ 80 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتى دەۋرنىڭ مۇھىم، ئاكتىپ تېمىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش، خەلق قەلبىدىكى جاراھەتلەرنى ئىپادىلەش، خەلقىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل ئەتىلەرگە ئۈمىدلەندۈرۈش، ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەللىكنى مەدھىيىلەپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يازغۇچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش، ھېسسىيات ئىپادىلەشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇش، پاساھەتلىك شېئىرىي تىل ئىشلىتىش. . . كە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى.

90 ـ يىللار ئەخمەت ئىمىن نەسر ئىجادىيىتىدە ماھىيەتلىك يۈكسىلىشلەر بولغان، شۇنداقلا نەسر ئىجادىيىتىدە ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن يىللار بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈش، چوڭقۇر، ماھىيەتلىك پىكىرلەرنى ئىپادىلەش، بەدىئىي ماھارەتلەرنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش خاھىشلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق يۈكسىلىشلەر ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان «غەپلەت ئۇيقۇسىدا» ، «باھار تىنىقى» ، «سادا» ، «ئوۋ تاماشىسى» ، «تۇپراق ساداسى» ، «مانا تاماشا» قاتارلىق نەسرلىرىدە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

«غەپلەت ئۇيقۇسىدا» ناملىق نەسرىدە يازغۇچى چۈش بىلەن رېئاللىقنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، چۈش مەنزىرىسىنى رېئاللىقتا ئۇستىلىق بىلەن تەققاسلاپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى ھەر خىل ئىللەتلەرنى، جۈملىدىن مەنىۋى جەھەتتە بەرباتلىقتا يۈزلىنىشىنى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشىنى كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى يازغۇچىلىق بۇرچىنى ئىپادىلىگەن. نەسردە چۈش مەنزىرىسى يېزىلغان، ئەمما بۇ چۈش ئۇيقۇلۇقتا كۆرگەن چۈش بولماستىن، بەلكى ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈش. ئەجدادلاردىن قالغان قىممەتلىك مىراسلارنى سېلىنچا، يېپىنچا، سايىۋەن قىلىپ، مۈگدۈك كۈيلەر بۆشۈكىگە بۆلۈنۈپ غەپلەت ئۇيقۇسىغا كەتكەن ئىنسان بەزىدە يولۋاسقا ئايلىنىپ، بەزىدە ئۆزىگە قايتىپ، دۇنيادىن بىخەۋەر، ھاياتلىق تەھدىتلىرىگە بىپەرۋا ھالەتتە« بەگدەك يېتىپ، بەگدەك يېتىپ »چۈش كۆرىدۇ.

« . . . . . . . . . . . .

يوغان بىر يىلان ۋىشىلداپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن يولۋاس يەنىلا ئۇيقىدا.

ھالاكەت مەبۇدىسى دېگەن يىلان مۇشۇ ئەمەسمىدۇ؟! يا ھەزرەت، نېمە دېگەن قارا، نېمە دېگەن توم، نېمە دېگەن ئۇزۇن!

يىلان سويلاپ كېلىۋاتىدۇ، يولۋاسنى مولجاللاپ كېلىۋاتىدۇ.

يولۋاس بولسا ئاتا مىراسلىرىنىڭ ئۈستىدە بەخىرامان ئۇخلاۋاتىدۇ، شېرىن چۈش كۆرۈۋاتىدۇ!

يىلان قانلىق ئاغزىدىن ئۇزۇن نەشتىرىنى چىقاردى، يولۋاس بولسا قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ يەنىلا ئۇخلاۋاتىدۇ.

توۋا، ئۇنى قارا باسمىدىمىكىنە؟!

مەن ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋەتمەكچى بولۇپ قولۇمنى ئاپىرىۋىدىم، ئۇ يولۋاس يەنە ئادەمگە ئۆزگىرىپ كەتتى. بىر قارىسام بالام! بىر قارىسام ئۆزۈم! بىر قارىسام ئايالىم!

. . . . . . . . . » . (ئەخمەت ئىمىن: «باھار تىنىقى»، 102 ـ بەت)

«غەپلەت ئۇيقۇسىدا» سىمۋوللۇق مەنىگە باي بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەسىر ئاخىرىدىكى مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى مۇھاكىمىگە قويۇلغان بىر پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەر. يىلان سىمۋولىدىكى ھەر خىل خىرىسلار كىشىلەرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ يىگىدىن ـ يىڭى قىيىن مەسىلىلىرىنى قويماقتا. ئەمما، بىز بولساق ئەجدادلاردىن قالغان مىراسلار بىلەنلا بەخىرلىنىپ، شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىشلىرىمىزدا ھېچ بىر يېڭىلىقلارنى ياراتماي، ماددىي تۇرمۇشىمىزنىڭ شۇنداقلا مەنىۋىيىتىمىزنىڭ كۆپ جەھەتلەردىن تېخى نامراتلىقتا قارىماي، كۆڭلىرىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇسى بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزنى يېزىپ، بۇ يولنىڭ ئادەمنى خارابلىققا، يوقلىشقا باشلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، دەۋرگە ماس كېلىدىغان، باشقىلار قاتارى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۈرىدىغان يېڭى بىر ھاياتلىق يولىنى تېپىپ چىقىشقا چاقىرغان. يازغۇچى بۇ يولنىڭ لايىھىسىنى سىزىپ، مۇنداق يازغان:

« ـ بالام قەغەز ئايروپىلانىڭنى تالادا ئۇچۇرساڭچۇ!

. . . . . .

راست، تالادا ئۇچۇر! ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇر! قەغەز ئۇچۇرغىنىڭ نېمىسى؟ تۆمۈرنى ئۇچۇر، پولاتنى ئۇچۇر!

مەن ئۇچۇرالمىغان پولاتنى بالام قانداق ئۇچۇرىدۇ؟ بوۋام ئۇچۇرالمىغان پولاتنى مەنمۇ ئۇچۇرالمىغانغا ئوخشاش ئىشقۇ ـ بۇ!

ھەي بوۋىلىرىم، بوۋىلىرىم! ئۆز ۋاقتىدا نېمە ئىش قىلغان بولغىيتتىڭلار؟ ساپاننى سۆرەپ، ۋاي دادىگە توۋلاپ، كالا ھارۋىڭلارنى قېتىپ، خورەكنى تارتىپ كېتىۋېرىپتىكەنسىلەر ـ دە.

. . . . . . . .

ـ قارا ئاپا، دادام خورەك تارتىۋاتىدۇ. دادامنى ئويغىتالماي، ماڭا ۋارقىراپ

يۇرۇيسەنغۇ!

. . . . . . . . .

راست، دادىلار ئۆيغىنىشى كېرەك! بالىلاردا نېمە گۇناھ؟!

ھەي، دادىلار ــ دادىلار! ئۇخلاپلا يۈرىسىلەر. سىــــلەرمۇ ئۆيغانساڭلار، خەقلەرگە ئوخشاش ئاسماندا ئۇچساڭلار بولمامدۇ؟! ئۆيغىنىڭلار، ئۆيغىنىڭلار!

. . . . . . . . . » (ئەخمەت ئىمىن: «باھار تىنىقى»، 100 ــ بەت)

يازغۇچىنىڭ بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويغىنى مىللەتنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ــ تۇرالماسلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان «غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئىلىم ــ پەن بىلەن قوراللىنىپ، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارى ياشاش ۋە بەختلىك ئەتە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» تىن ئىبارەت ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ، يازغۇچى بۇ مەسىلىنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى يەنە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىدىنمۇ بېشارەت بەرگەن. يازغۇچــــى بەرگەن بېشارەت غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، دۇنيا بىلەن ھەمنەپەس ياشاشتىن ئىبارەت بولغان. يازغۇچى كۆرسەتكەن ئويغىنىش يولى ئەمەلىيەتتە نەسردە «ئاسماندا ئۇچۇش» دەپ ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن ئىلىم ــ پەن بىلىملىرى ئارقىلىق، زامانىۋى ئىلغار ئاڭ ئارقىلىق، يۇقىرى پەن ــ تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تېپىش يولى بولۇپ، بۇ يول ھەم ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان «بىلىم ئارقىلىق بەختلىك بولۇش» ئىدىيىسىنىڭ، ھەم دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىلىم ــ پەن ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەخمەت ئىمىننىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىگە «سادا» ناملىق نەسرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ نەسردە يازغۇچى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى بىۋاستە ئىپادىلەش ئارقىلىق، مەۋجۇتلۇقىمىزغا ۋە تەقدىرىمىزگە ناھايىتى ئېغىر خەۋپلەرنــى ئېلىــــپ كېلىۋاتقان تەبىئەتتىكى بۇلغىنىش، مەنىۋىيەتتىكى بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ناھايىتــى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن تونجى قېتىم ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ دۇنياۋى تېمىلارغا ياندىششىنى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۈردى، نەسرچىلىكىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى يەنە بىر بالداق يۈكسەكلىككە كۆتۈردى، شۇنداقلا نەسرچىلىكىمىزنى پىكىر ــ ئىدىيە يېقىدىن تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى.

بۇ نەسردە لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ شەھەردىكى بۇلغانغان ھاۋادىن، قۇلاق ــ مېڭىنى يەپ، ئادەمگە ئارام بەرمەيدىغان ۋاراڭ ــ چۇرۇڭدىن، تار ــ قىستاڭ ئۆي، كوچىلاردىن، ئادەمنىڭ ھالىنى قويمايدىغان پەۋقۇلئاددە تېز تۇرمۇش رېتىمىدىن ۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەردىن بىزارلىق ھېس قىلىپ، تەبىئەت قوينىغا — تەڭرىتاغ باغرىغا كەلگەندىن كېيىنكى ھېس ــ ھاياجىنى، ئوي ــ خىياللىرى، پىكىر ــ ئىدىيىلــــرى ئىپادىلەنگەن. يازغۇچى بۇ نەسرىدە ئاساسلىق قىلىپ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ كىرىشىپ كەتكەن مۇناسىۋىتىنى، جۈملىدىن تەبىئەتنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، ياشاش

www.uyghurkitap.com

مۇھىتىمىزدىكى تەبىئىيلىكنىڭ بارغانسېرى يوقىلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇلغىنىشىنى ۋە بۇنىڭ ئادەمىيلىك سۈپەتلىرىمىزگە يەتكۈزۈۋاتقان يامان تەسىرلىرىنى شەھەر تۇرمۇشى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق جانلىق، ئوبرازلىق كۆرسىتىپ، ھاياتلىققا، ھاياتلىقنى ياشاش شارائىتىغا ئىگە قىلىدىغان تەبىئەتكە، ھاياتلىققا قىممەت، مەنا بېرىدىغان ئادەمىيلىك پەزىلەتلىرىمىزگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتەك مۇھىم بىر چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداقلا تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى قوغداش، تەبىئەت بىلەن بىرگە ياشاش، شۇ ئارقىلىق ئۆز ھاياتلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، تەبىئەتنىڭ سۈپەتلىرى ئاساسىدا ئادەمىيلىكىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت پىكىرنى ھەر قەدەمدە ئىلگىرى سۈرگەن. يازغۇچى بۇ نەسرىدە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا، تەبىئەتتىكى بۇزۇلۇشلارنىڭ سەۋەبچىسى، جىنايەتچىسى يەنىلا ئىنسانلار، تەبىئەتتىكى گۈزەللىكنى ساقلاپ قېلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشى، تەبىئەتنىڭ ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ۋە زۆرۈرلىكىنى ھەقىقىي مەنىدە تونۇپ يېتىشى كېرەك، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسر ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغان نەسرلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەخمەت ئىمىن ئەدەبىياتقا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان يازغۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسانىيەت كوللېكتىپىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۆزىگە، ئەتراپىتىكى ئادەملەر توپىغا، ئۇلار ياشاۋاتقان تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە ھەم شۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر ھەقىقىي ئىنسان. بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىنىڭ، بىر مەسئۇلىيەتچان ئادەمنىڭ ئەسىر ئاخىرىدىكى ھەر خىل خىرىسلار بىلەن تولغان، ھەر خىل مەنىۋى كرىزىسلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان كىشىلەرنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئازابلىق ئويلىنىشى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى ۋە مەقسىتى. شۇڭا، ئۇنىڭ نەسرلىرىدە شەخسىي تۇس ئالغان تۇيغۇ ـ ھېسسىياتلار، گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى پەيدا قىلغان ھاياجانلىق تەسىراتلار، ياكى قانداقتۇر بىر كۆرۈنۈشلەر ئېلىپ كەلگەن تاتلىق تۇيغۇلار ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە، ھاياتلىقىمىزنىڭ كاپالىتى بولغان تەبىئەتكە، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەسىلىلەر پەيدا قىلغان ئاچچىق نىدالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بىر قاتار نەسرلىرىنىڭ ھەممىسى دەل مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نەسرلەردۇر.

2. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدە تۇرمۇشتىكى ھەممىگە تونۇشلۇق كۆرۈنۈشلەر، ئەتراپىمىزدىكى ئادەتتىكى ئادەم ۋە ئىشلار، لاپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان تۈيغۇ - تەسىراتلار ئارقىلىق چوڭقۇر پىكىرلەر ئىپادىلىنىدۇ.

ئەخمەت ئىمىن ئۆزىگە خاس كۆزىتىش ئىقتىدارىغا، ئۆزىگە خاس تۇيغۇغا، ئۆزىگە خاس پىكىرگە ئىگە يازغۇچى بولۇپ، ئىجادىيەت خاسلىقى ئىنتايىن روشەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ باشقىلارغا ناھايىتىمۇ تەبىئىي كۆرۈنىدىغان ئادەتتىكى شەيئى - ھادىسىلەردىنمۇ، ئىش - ھەرىكەتلەردىنمۇ باشقىلار ھېس قىلىپ يەتمىگەن، ئادەمگە يېڭىچە تۇيۇلىدىغان، ئادەمنى چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىغان پىكىر - ئىدىيىلەرنى تاپالايدۇ. بۇ ھەقتە يازغۇچى ئۆزى مۇنداق دەيدۇ: ئۆز ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن «. . . يازغۇچىدا ئۆزىگە خاس كۆزىتىش بولۇشى، ھەممىدە ئۆز تۇيغۇسىنى ئاساس قىلىشى، ھەممىدە ئۆزىگە خاس پىكىرنى بايان قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا ‹ئۆزلۈك›نى، ئۆزىگە خاسلىقنى نامايان قىلغىلى بولىدىكەن.

ئۆزىگە خاس كۆزىتىش دېگەن نېمە؟ بۇ باشقىلار كۆزەتمىگەن ياكى باشقىلار ئېتىبار قىلمىغان نۇقتىدىن كۆزىتىش.

ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىنى ئاساس قىلىش ئۆز ھېسسىياتىغا سادىق بولۇش، سۈنئىيلىكتىن، رەڭۋازلىقتىن ساقلىنىش.

ئۆزىگە خاس پىكىرنى بايان قىلىش دورامچىلىق قىلماسلىق، ئۆزگىچە قارىشى بولسا دېيىش، تولا چاينالغان نەرسىنى ئېغىزىغا ئالماسلىق.» (ئەخمەت ئىمىن: «جۇلدۇر كېپەن خوتۇننىڭ ئالىنىڭ ساداسى» دىكى «مۇقەددىمە» دىن)

شۇڭا، ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ تېمىسى يېڭى، كۆزىتىش نۇقتىسى يېڭى، پىكرى يېڭى، ئوقۇرمەنگە بېرىدىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە بەدىئىي زوقى ھەم ئۆزگىچە.

3. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرى ھېكايە سۆزلەش ئارقىلىق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئۆزگىچە بايان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدە ئېپىكا بىلەن لىرىكا، بايان بىلەن مۇھاكىمە ناھايىتى ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە يازغۇچى ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇ نەسرلىرىنى ھە دېسە «ئاھ» ، «ۋاھ» بىلەن باشلاشقا، ھېسسىياتنى بىۋاستە ئىپادىلەشكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىگە، بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ھېكايەت ئارقىلىق ھېكمەت ئوتتۇرىغا قويۇشتەك شەرق نەسرچىلىكىنىڭ ئۇسلۇبىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ داڭلىق نەسرلىرىدىن بىرى بولغان «ئوۋ تاماشاسى» ناملىق نەسرىدە مۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. نەسردە مەن ئوۋچىغا ئەگىشىپ ئوۋغا چىقىدۇ. ئوۋ جەريانىدا ئوۋ قۇشىنىڭ توشقان ئېلىشى، ئەمما ئوۋ غەنىمەتلىرىگە ئوۋچىنىڭ ئىگە بولۇۋېلىشى؛ توشقانلارنىڭ ئۆلۈمگە تۇتقان ئوخشىمىغان پوزىتسىيىلىرى يېزىلغان. يازغۇچى مانا مۇشۇ كۆرۈنۈشلەرگە بىرلەشتۇرۇپ تۇرۇپ ھايات ھەققىدە ماھىيەتلىك، چوڭقۇر پىكىر -

www.uyghurkitap.com

مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا يازغۇچى بۇ دۇنيانى«. . . ھەم تاماشا قىلىپ ئوينايدىغان، ھەم تاماشا قىلىۋېتىپ ئويلايدىغان دۇنيا! » دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

4. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك. پەلسەپىۋىلىك بۈگۈنكى دەۋر نەسرچىلىكى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ ئۇق يىلتىزى بولۇپ، ئەدەبىي شەكىل، ۋاستىلەر ئارقىلىق پەلسەپىۋى پىكىر ئىپادىلەش بۈگۈنكى دەۋر نەسرچىلىكىنىڭ ئاساسلىق خاھىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەخمەت ئىمىن ئۆزۈن بىر مەزگىللىك ئىزدىنىش، تىرىشىش ۋە سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق، ئاخىرى بۇنداق دۇنياۋى خاھىشقا ياندىشىپ، ئۇيغۇر نەسرچىلىكى بىلەن دۇنيا نەسرچىلىكىنى مەلۇم جەھەتلەردىن ئورتاقلىققا ئېرىشتۈردى. ئەخمەت ئىمىن دەسلەپكى ئىجادىيىتىدە ئاساسەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىرات ـ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش، ئەڭ زور ئىش قىلىغاندا، ئەشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چۈقانىنى سېلىش ئارقىلىق ئىجادىيىتىنى خاراكتېرلىگەنىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە گەرچە ئۇ يەنىلا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇنداق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن زور تەسىر قوزغاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، مۇھاكىمە قىلىشتا كۆنسېرى يېڭىلىق يارىتىپ، بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھاياتلىق ھەققىدە، تەبىئەت ـ جەمئىيەت ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ باردى ۋە ئۆزگىچە پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەخمەت ئىمىننىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت جەريانى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## 2. «تۇپراق ساداسى» ناملىق نەسرى

ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسر ئىجادىيىتىدە 1998 ـ يىلى يېزىلغان «تۇپراق ساداسى» ناملىق نەسرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ نەسر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەسرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى بۇ نەسرىدە تۇپراقنىڭ ئىنسانغا قىلغان نىداسى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىن، ماھىيىتىدىن، تەبىئىيلىكىدىن، ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن يىراقلىشىپ، تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ھەتتا ئۆزىگە ئېغىر ۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت «ئىنسان ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى»دىن ئىبارەت ناھايىتى مۇھىم بىر مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەپەككۇرى، پەلسەپىۋى قاراشلىرى نۇقتىسىدىن چىقىپ ياندىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دۇنياۋى مەسىلىگە بولغان قارىشىنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە ئوتتۇرىغا قويغان.

يازغۇچى نەسردە باشتىن ـ ئاخىر زېمىن بىلەن ئىنساننى بىر گەۋدە قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، زېمىن مەۋجۇتلۇقى ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىغا ئىجادىي يانداشقان. ئادەم بىلەن تۇپراقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يازغۇچى تۇپراق تىلىدىن بېرىلگەن مۇنۇ نىدا ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان:

«مېنى خارلىما ئىنسان، مېنى خارلىغىنىڭ، ئەسلىڭنى خارلىغىنىڭ!

مەن — تۇپراق يەنىلا مەن؛ سەن — ئىنسان، لېكىن سەن مۇقەددەم، ئاخىر يەنىلا مەن.

مەن سېنىڭ جىسمىڭ؛ مەن سېنىڭ رىزقىڭ؛ مەن جەننىتىڭ؛ مەن لەھتىڭ؛ مەن سېنىڭ بارلىقىڭ، ئىنسان!».

يازغۇچى تۇپراقنىڭ ساداسى ئارقىلىق، زېمىن بىلەن ئىنساننىڭ بىر گەۋدىلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلەندۈرىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ، ئېتىقادىنى بوشاشتۇرۇپ، مۇقەددەس زېمىننى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشلىرىنى توختىتىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ، ھاياجانلىق، چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«رەھىم قىل، ئىنسان، ماڭا رەھىم قىل، بۇنىڭدا ئاناڭغا رەھىم قىلغاننىڭ ساۋابى بار. رەھىم قىل ئىنسان، ئۆزۈڭگە رەھىم قىل، بۇنىڭدا ھەممىگە رەھمەت قىلغاننىڭ ساۋابى بار!

باغرىمنى تىلغىما، ئىنسان! ئىچ ـ باغرىمنى قوچۇما، ئىنسان! سۈلىرىمنى بۇلغىما، ئىنسان! ھاۋالىرىمنى ئوغلىما، ئىنسان! ماڭا زەخمەت قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە زەخمەت قىلغىنىڭ! ماڭا رەھمەت قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە رەھمەت قىلغىنىڭ!

ساڭا رەھمەت ياغسا، مېنىڭ روھىم يايرىدى. ساڭا بالا كەلسە، مېنىڭ جېنىم قاقشىدى. مەن كۈلگەندە سەنمۇ كۈلگەن ئىدىڭ، ئىنسان، ئەمدى مەن يىغلىغاندا سەنمۇ يىغلىماسسەنمۇ؟»

«تۇپراق ساداسى» ناملىق بۇ نەسرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مۇھاكىمىگە قويغان مەسىلىلىرىمۇ كۆپ تەرەپكە چېتىلىدۇ. يازغۇچى تۇپراق بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىدىن كېيىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنسان ھەققىدە توختىلىدۇ: «ئاللا ساڭا نەپسىنى ئوتتىن بەرگەن. بۇ ئوتتا ئەقىدە ـ ئىمانى بىلەن بولسا، پەرىشتىلەردەك ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشىدىغان، ئەقىدىسىنى يوقىتىپ ئۆز ماھىيىتىگە ئاسىيلىق قىلسا، شەيتان لەئىنىدەك شۇملۇققا قالىدىغان خۇسۇسىيەت بار ئىدى.

بۇ ئوت سېنىڭ قاراڭغۇلۇقىڭنى يورۇقلۇققا ئىگە قىلدى. بۇ ئوت سېنىڭ جىسمىڭنى ئىللىتتى. بۇ ئوت سەن ئۈچۈن تاشنى ئېرىتتى. خۇلاسى كالام، بۇ ئوت جىق مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئوت بىلەن سەن مەرىپەت شامىنى ياندۇرغاندا، سەندىن سۆيۈنگەن ئىدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى نەپسانىيەت ئوتىنى ئۆلغايتقىنىڭدا سەندىن چۆچۈدۈم، ئىنسان!

نەپسانىيەت ئوتىنى ئۆلغايتما، ئىنسان. ۋەھشىيەت يالقۇنىنى گۈكىرەتمە، ئىنسان. مېنى كۆيدۈرگىنىڭ ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگىنىڭ، ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگىنىڭ ھەممىنى كۆيدۈرگىنىڭ! » .

نەسىردە زېمىن ئادەم ھەققىدە سۆزلەيدۇ، ئادەمنىڭ ئۇلۇغ، مۇقەددەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇغانلىقى، ئادەمىيلىككە يات ئىدىيىسى ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەپ، ئىنساننى ئادەمىيلىككە، ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ. «ئىنسان ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇشىڭ كېرەك! » دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يازغۇچى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىنساننىڭ روھى ھەققىدە، ئىنساننىڭ جەمئىيەت، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ۋە ئاخىر بېرىپ پەيدا بولغان «ئىنسان خاراكتېرىدىكى ياتلىشىش» ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ:

«ئۆمىلىكىڭنىڭ قۇدرىتى ئاشقانسېرى سېنىڭ زېمىندىكى تەختىڭ ئېگىزلىدى. يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى زېمىندىكى مەۋجۇدات، مەخلۇقاتلار تولىمۇ كىچىك ۋە ئەرزىمەس بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. باشقا يارالغۇچىلارنىڭمۇ خۇددى ئۆزۈڭدەك ئەزىز ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇلارسىز جاھاننىڭ رەڭسىز ۋە كەمتۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سەن بارا - بارا ئۇنتۇشقا باشلىدىڭ. ئىچىڭدە نەپسى بالا ئوتىنىڭ ئاچ كۆز چوغلىرى يېلىنجاشقا باشلىدى. هازازۇلنىڭ كىبرى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا كۆچتى. سەن هازازۇل - شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئېزىپ، بېھىشتىن قوغلانغان ئاچچىق ساۋىقىڭنى ئۇنتۇدۇڭ.

سەن ئەسلى مەندەك تۇپراقتىن پەيدا بولغان. مەن كىچىك پېئىل ئىدىم، سەن تەكەببۇر بولدۇڭ. مەن شەپقەتلىك ئىدىم، سەن شەپقەتسىز بولدۇڭ. شۇنداق قىلىپ، سەن مەندىن ئايىندىڭ، ئەسلىڭدىن ئايىندىڭ. بۇ ئايىنىش سېنى تەبىئەتتىن، تەبىئىتىڭدىن يىراقلاشتۇردى. »

يۇقىرىقى پارچىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، يازغۇچى بۇ يەردە يەنىلا ئىنساننى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، تۇپراقنىڭ نەزەرى ئارقىلىق ئىنسان ھەققىدە، ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياتلىشىش ھەققىدە گەپ قىلىدۇ.

نەسىردە يازغۇچى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىجتىمائىيلىشىپ كەتكەن ئادەم بىلەن تەبىئىتىنى ساقلىغان ئادەم ھەققىدە توختىلىپ، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاساسىدا، ئىنسان ھوقۇقىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ تېمىغا ئۆزگىچە پىكىر بىلەن يانداشقان:

«چىن ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆز ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقىنى تەكىتلەيدۇ. جەمئىيەت ئىنسان ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئىنسان جەمئىيەت ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىنسان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بوينى باغلاقلىق ئىتى ئەمەس. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەر بىر ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ جۇغلىنىشىنىڭ

مەھسۇلى ياكى ئۇنىڭ چوڭايتىلغان شەكلى. ئىنسانلار ئۆزىدىكى چەكسىز تەبىئىي خۇسۇسىيەتنى نامايان قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئىنسانىيەت ئەركىنلىكى ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى.

تەبىئەت رەھىمدار. ئۇ رەھىمدار بولغانلىقى ئۈچۈنلا كۆز ئالدىمىزدا جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرلا خىل رەڭلىك بولسا ئىدى، كىشىلەر ئىلغا قىلىش سېزىمىنى يوقاتقان بولاتتى. جەمئىيەتمۇ شۇنداق. ئۇ رەھىمدارلىقى بىلەنلا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنسان جەمئىيەتنىڭ بىر قېلىپتا قويۇپ چىقىرىدىغان كېسەكى ئەمەس، ئۇ تەپەككۇر ئەركىنلىكىگە ئىگە. تەپەككۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا روھ بىلەن تەڭ كىرگەن. . . . ئىلاھىي قۇدرەتمۇ يوقىتالمىغان تەپەككۇر ئەركىنلىكىنى يوقاتماقچى بولغانلار تەبىئىيلىكنىڭ لەنەت - قارغىشىغا ئۇچرىماي قالارمۇ؟ !

تەپەككۇرنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەرمەسلىك، ئاللىقانداق نوپۇزلۇق ماركا چاپلانغان تەپەككۇرلارغا ئۆزلۈك تەپەككۇرىنىڭ بوينىنى باغلىتىپ قويۇش ئىنساننىڭ خاسلىقىنى يوقىتىدۇ. خاسلىق ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ھەر بىر ئىنساننىڭ خاس ئىچكى مۇۋازىنىتى يىغىلىپ، ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇۋازىنەت تەڭشىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. . . . ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۆزۈڭنىڭ ھوقۇقۇڭ. ئۆزۈڭنىڭ بۇ ھوقۇقۇڭنى تونىمىغىنىڭ ئۆزۈڭنى تونىمىغىنىڭ. . . . جەمئىيەت پەقەت ئىنساننىڭ ئىنسان سۈپىتىدىلا ياشىشىغا مەسئۇل. شۇندىلا ئۇ ئىنسان جەمئىيىتى بولالايدۇ.

مەن سېنىڭ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىۋاتقانلىقىڭدىن، خاسلىقىڭدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىڭدىن ئەنسىرەيمەن، ئىنسان! »

«مانا بۇ بايانلاردا يازغۇچىنىڭ ئىنسان ئېكولوگىيىسى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلىرى پىشىپ ۋايىغا يەتكەن. بىز بۇ يەردە ئىنسانىي خاسلىقلارنىڭ تەڭكەشلىكىدە ياڭرىغان ئالەمشۇمۇل رەھىمدارلىق گارمونىيىسىگە يۈكسەك بەدىئىي دىت بىلەن رېژىسسورلۇق قىلىۋاتقان ئاپتورغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. بۇ يەردە ئاپتور قايناق ھېسسىياتنىڭ كۈچى بىلەن ئالەمشۇمۇل رەھىمدارلىققا چۆمۈپ كېتىۋاتىسمۇ، ئارقىدىنلا ئۆزى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان تېمىغا خاس ھالدا ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقتا دەلدۈگۈنۈپ كەتمەي تىك تۇرغان ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئۆز خاسلىقىنى، ئۆزلۈك ئېڭىنى تېپىۋالغان رەۋىشتە ئىنسانىي رەھىمدارلىقنىڭ ئالەمشۇمۇل گۈلگۈنلىكىگە قوشۇلۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. توغرا، ھەر كىم ئۆز تەڭشىكىنى كۆتۈرۈپ، ئالەمشۇمۇل رېتىمغا يانداشمىقى لازىم. مانا بۇ ئىنسان ئېكولوگىيىسى ئۇقۇمىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە ۋايىغا يەتكەن شەرھىسى. » (باتۇر روزى: «نەسرچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتى ۋە ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» دىن. «تەڭرىتاغ» 2000 - يىللىق 2 - سان) .

يازغۇچى نەسرىنىڭ ئاخىرىدا ئىنسانلارنى مۇنداق بىر ھەقىقەت بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە مۇشۇ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن ئەسىرىنى تاماملايدۇ:

«ئويلان: سەن كىم ئىدىڭ؟ كىم بولدۇڭ؟ يەنە كىم بولماقچى؟

ئەسلى كىملىكىڭنى ئۇنتۇما، ئىنسان. بۇنى ئۇنتۇغىنىڭ ئەسلىڭنى ئۇنتۇغىنىڭ، ئەسلىڭنى ئۇنتۇغىنىڭ مېنى ئۇنتۇغىنىڭ، مېنى ئۇنتۇغىنىڭ ھەممىنى، ھەممىنى ئۇنتۇغىنىڭ.

مەن تۇپراق يەنىلا مەن، سەن — ئىنسان، لېكىن سەن مۇقەددەم ئاخىر يەنىلا مەن.»

«تۇپراقساداسى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن بىر پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەر، شۇنداقلا ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان ئەسەر. ئەخمەت ئىمىن «تۇپراق ساداسى» ناملىق بۇ نەسرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەت قارىشى، ئادەم قارىشى، روھ قارىشى ۋە باشقا قاراشلىرى نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئادەم بىلەن زېمىننىڭ، تەن بىلەن روھنىڭ، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ، ئىنسانىيەت بىلەن شەخسنىڭ، ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ، ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ھاياتلىق ھەقىقەتلىرى ھەققىدە ماھىيەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىيات ۋاستىسى ئارقىلىق پەلسەپىۋى پىكىر ئىپادىلەشتە يېڭى بىر پەللە ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىنساننىڭ ئەسلىنى، ئۆزىنى، ئادەمىيلىك تەبىئىتىنى يوقىتىپ بېرىۋاتقانلىقىدەك بىر خىل ياتلىشىش ھادىسىسىنى باشتىن ـ ئاخىر مۇھاكىمىنىڭ مەركىزىگە قويۇپ، ئىنسانغا مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا بۇ نەسردە ئەدەبىي قىممەت، پەلسەپىۋى ھېكمەت ۋە ئىجتىمائىي مەسىلە، مەنىۋى كرىزىس تولىمۇ ئۇنۇملۇك ھالدا بىرگەۋدە ھالىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم مۇھاكىمە قىلىنغان.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
2. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر نەسرچىلىك تارىخىدىكى ئورنى قانداق؟
3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن نەسرلىرى قانداق ئۆزگىچىلىككە ئىگە؟
4. ئۇيغۇر نەسرچىلىكى قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟
5. ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسر ئىجادىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
6. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟
7. «تۇپراق ساداسى» ناملىق نەسرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىڭ.

# XI باب ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى

## 1 § . قىسقىچە بايان

ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەتتا ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسى يوق ئىدى. بۈگۈنكى زاماندىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسى بار بولدى ھەم ئاز بولمىغان نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شۇندىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاش ئەدەبىيات دېسە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلىق تەڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى، بۇنداق چۈشەنچىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر چوڭ ئىلگىرىلەش سۈپىتىدە كۆرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە.

50 ـ يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن باشلانغان بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىر پۈتۈن ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئادەتتە ئەدەبىيات رېئاللىقىدىكى ھەر خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلىدۇ ۋە شۇ ئاساستا ئۇلارغا مۇناسىپ باھالارنى بېرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى سۇبيېكتىپ تەسىراتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئىلمىي ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدىغان، چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر خىل ئەدەبىياتشۇناسلىق پەنىدۇر. ئەدەبىيات رېئاللىقىدا مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىش ئاساسىدا ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا نەزەرىيىۋى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، ئەدەبىياتنىڭ بەزى ئورتاق قانۇنىيەتلىك نەزەرىيىۋى مەسىلىلىرىنى خۇلاسىلەش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىش، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي زوقىغا يېتەكچىلىك قىلىش — ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى

www.uyghurkitap.com

باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۆزىنىڭ بۇنداق خاراكتېرىنى دېگەندەك گەۋدىلەندۈرەلمىدى. دەرۋەقە، بۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئەمدىلا تىن شەكىللىنىۋاتقان بولغاچقا، بۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولۇپ كېتەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى ھېچ بولمىسا بۈگۈنكى زاماندىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزگە نىسبەتەن يول ئېچىش خاراكتېرى بىلەن بولسىمۇ قىممەتلىك ئىدى. گەرچە بۇ يىللاردا رېئال ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدە، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە، ئىجادىيەتتە ساقلىنىۋاتقان بەزى يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدە يېزىلغان بىر تۈركۈم ياخشى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى مەيدانغا كېلىپ، دەسلەپكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئاز - تولا جانلىنىش ۋەزىيىتى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بارا - بارا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۆز قانۇنىيىتىدىن، ئۆز خاراكتېرىدىن يىراقلىشىپ، شۇ يىللاردا ئەۋج ئالغان ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق يازغۇچى - شائىرلارنى، «تۇگىمەس ناخشا»، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان بىر مەيدان باش - ئايىغى چىقماس ئەدەبىيات - سەنئەت كۈرىشى قىزىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل ئىنقىلاب، كۈرەشلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ۋاستە قىلىپ ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈنمۇ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ تەسىرى يامان بولدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يەنىلا 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ باشلانغان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى ۋە گەۋدىلىك نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ كېيىنكى 20 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق, ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مۇۋەپپەقىيىتىنى ھېس قىلالايمىز:

بىرىنچىدىن، يېڭى دەۋر باسقۇچىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى ھەم نىسبىي مۇستەقىل بولغان بىر ساھەنى شەكىللەندۈردى.

بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئورنىنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە مۇناسىپ تەسىرگە، قىممەتكە ۋە ئورۇنغا ئىگە بولغان - بولمىغانلىقى بىلەن ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىزدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئاكتىپلىق ئەدەبىياتشۇناسلىق پائالىيىتى سۈپىتىدە قولغا ئېلىنىپ، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى، بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىدىكى ئورنىنىڭ مۇئەييەنلىشىشى ۋە مەلۇم كۆلەم، مەلۇم سەۋىيىدىكى ساھە بولۇپ شەكىللىنىشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ئەمەلگە

ئاشتى. «. . بىزدە ھەقىقىي، ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىد چىن مەنىسى بىلەن پەقەت 70 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ شەكىللىنىپ راۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئۆز ئىشىغا ۋىجدان ۋە بۇرۇچ تۇيغۇسى بىلەن ياندىشقان بىزنىڭ تەلەپچان ئوبزورچىلىرىمىز ئېلىمىز زېمىنىنى قاپلىغان ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللەنگەن يېڭى دەۋرىنى يارىتىش دولقۇنىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسىدە ھەر خىل روھىي بويۇنتۇرۇقلارنى يىمىرىپ، ئىدىيىۋى قاتاللىق ۋە مەنىۋى تۇرغۇنلۇق ھالەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىجادىي ئىزدىنىش ۋە مۇستەقىل پىكىر قىلىشنىڭ ئىستىقباللىق يېڭى يولى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرى بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ، بەدىئىي پىكىر ۋە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ يېڭى پەللىسىگە قاراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى، ئىجادىي ئەدەبىياتىمىزدىن تېما ۋە مەزمۇن ئېلىپ، كىتابخان ئەقلىنى يېڭى ھېكمەتلەر بىلەن بېيىتقان بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئېرىشتۈردى. نەتىجىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىش پەللىسى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ بەدىئىي يارقىنلىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، تەنقىد بىلەن ئىجادىيەت بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان مۇكەممەل ئىلمىي گەۋدىگە ئايلاندى. بۇ ماھىيەتتە، بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ يېڭى، بەدىئىي، ئىلمىي ھەقىقەتلەر زېمىنىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى.» (مۇھەممەت پولات: «يېڭى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز» دىن). دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ مۇستەقىل، ئىلمىي ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسى بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىدە ئالاھىدە ئېتىبارلىق بولۇشى يېڭى دەۋر باسقۇچىدا ئەمەلگە ئاشتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مۇھىم بىر ۋەقە بولۇپ قالدى.

ئىككىنچىدىن، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا بىر تۈركۈم ئەدەبىي تەنقىدچىلەر تەنقىدچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان تەنقىدچىلەر قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. مەلۇم سانغا ۋە ساپاغا ئىگە بولغان تەنقىدچىلەر قوشۇنىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىغا، قانداق بولۇشىغا بەلگىلەش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى دەۋر باسقۇچىغا كەلگەندە بۇ ساھە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم تەنقىدچىلەر مەيدانغا كەلدى. يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ باشلامچىلىرى ۋە تۆھپىكارلىرىدىن بولغان مۇھەممەت پولات، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇكېرىم راخمان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ماخمۇتجان ئىسلام، مۇھەممەت زۇنۇن، ئابلەت ئۆمەر، ئابدۇۋەلى كېرىم. . . قاتارلىق پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ئەدەبىي تەنقىدچىلەر يول ئېچىش خاراكتېرىدىكى جاپالىق، ئىلمىي

www.uyghurkitap.com

ئىزدىنىشلىرى، مول تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىنى تىكلىدى. بۇ تەنقىدچىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتى ئارقىلىق 80 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات ساھەسىنى خېلىلا جانلاندۇردى، شۇنداقلا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلدى. 90 ـ يىللارغا كەلگەندە بۇ ساھەگە بىر تۈركۈم ياش كۈچلەر كېلىپ قېتىلدى. ئازاد سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، يالقۇن روزى، ئابدۇللا مەتقۇربان، مۇھەممەت ئەيسا، خەلچەم رېشىت، ئارزىگۈل تۇراپ، ئەكبەر قادىر، ئېزىزجان توختىھاجى. . . قاتارلىق ئوتتۇرا ياش، ياش تەنقىدچىلەر 90 ـ يىللاردا ناھايىتى جانلىنىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى. بۇ تەنقىدچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مول ۋە ئەتراپلىق بىلىمى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە بولغان ئۆتكۈر كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، باھالاش ئىقتىدارى، يېڭىچە كۆز قاراش ۋە تەنقىدچىلىك ئۇسۇللىرى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئېلىپ بېرىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى يېڭىچە قىياپەتكە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتتى. كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزىقىدىغان ياشلار بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەدەبىيات كەسپى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەنگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ساھەگە كىرىپ كېلىشى بىلەن تەنقىدچىلىك قوشۇنىمىز بارغانسېرى زورىيىۋاتىدۇ ۋە سەرخىللىشىۋاتىدۇ. پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلاردىن تەشكىل تاپقان بۇ قوشۇن ئۆزىنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۇنۇملۇك ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز مۇشۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات رېئاللىقىغا، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە يېقىندىن ياندىشىپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئەدەبىيات رېئاللىقىدىكى ھەر خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە قارىتا تەھلىل ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز بۇ جەھەتتە ئاز بولمىغان ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، ئەدەبىيات رېئاللىقىغا يېقىندىن ياندىشىپ. يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە مۇشۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بولغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، خالىدە ئىسرائىل، مۇھەممەت باغراش، ئەختەم ئۆمەر قاتارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، ئەدەبىيات قارىشى قاتارلىقلار ھەققىدە تەتقىقات ـ تەنقىدلەر ئېلىپ بېرىلدى؛ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەنقىدچىلىكنىڭ نەزەرىدە بولدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، كېيىنكى يىللاردا دەۋرىمىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەنقىدچىلىك ـ تەتقىقاتنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر تۈركۈم مەخسۇس

تەتقىقات ئەسەرلىرى مەيدانغا كېلىپ، تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ مەلۇم پەللىسىنى ياراتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق پروزىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات مۇساپىسى، قولغا كەلتۈرگەن ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پروزىچىلىقىمىزنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرى، ئۇلار ئىجاد قىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان مەخسۇس ئەسەر «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا»؛ ھازىرقى - بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە قوشۇپ كېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى،نىسبەتەن سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان، بىزدىكى يازغۇچىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى تۇنجى ئەسەر «ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»؛ ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى، ھەر قايسى ئەدەبىي ژانىر - شەكىللەرنىڭ نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرى، خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلىرى، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدىبلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان، ھېسابتا بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇلدا يېزىلغان تارىخى ھېسابلىنىدىغان مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»؛ دەۋرىمىزدە ياشاپ ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھەققىدە تۇنجى قېتىم مەخسۇس ۋە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي ئەسەر «ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە»؛ ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يازغۇچىلار قوشۇنىنى، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى نىسبەتەن كەڭ دائىرىدە كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر تۇنجى لۇغەت «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى لۇغىتى» قاتارلىق تەنقىدچىلىك - تەتقىقات نەتىجىلىرى مانا مۇشۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن گەۋدىلىك نەتىجىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەتىجىلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋر باسقۇچىدا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ ئۇتۇقلىرى بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا ھېچقانداق بىر دەۋرىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نەتىجىلىرى مۇنداق مول ھەم گەۋدىلىك بولۇپ باقمىغان.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى بويىچە تارقىتىلىدىغان تەسىرى چوڭ مۇكاپات — «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر مۇھاكىمە سورۇنى بولۇپ كەلدى، بۇ سورۇندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى، ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى.

تۆتىنچىدىن، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەنقىد - تەتقىقات سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ باردى، تەنقىد - تەتقىقات ئۇسۇلى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ باردى.

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئەدەبىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىجادىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىدىكى ئىلمىي ھالسىزلىق ۋە پىكىر نامراتلىقى ھالىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتتى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز ئەنئەنىۋى قاتمال چۈشەنچىلەر دائىرىسىدىن چىقىپ، ئىجادىي، ئىلمىي ئىزدىنىش يولىغا كىرىپ، ئەدەبىياتىمىزدا يۈز بەرگەن ھەر بىر ئۆزگىرىش ۋە يۈزلىنىشنى يېڭىچە پىكىر ۋە يېڭىچە تەپەككۇر يولى بىلەن يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتى»، «ھازىر بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۇزاقتىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ساددا قىزغىنلىقنىڭ ئورنىنى تەبىئىي ئەقلىي ئىزدىنىش؛ ئادەتتىكى ئومۇمىي پىكىر، چۈشەنچىلەر ئورنىنى ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمىدىن تۇغۇلغان ئىجادىي، ئىلمىي ھەقىقەت؛ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇردىكى بىر خىللىق، تۇرغۇنلۇقنىڭ ئورنىنى ئەقلىي كەڭلىك ۋە پىكىر رەڭدارلىقى ئىگىلىدى. بۇ ھال ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ باردى.» (مۇھەممەت پولات: «يېڭى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز» دىن).

يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى، تەنقىدچىلىك ـ تەتقىقات ئۇسۇللىرى قوللىنىلىپ، ئەدەبىياتىمىزغا، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزگە مەلۇم دەرىجىدە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئەنئەنىۋى تەنقىدچىلىك ئۇسۇللىرىدىن باشقا يەنە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى، كىتابخان ئىنكاسى تەنقىدچىلىكى، روھىي ئانالىز تەنقىدچىلىكى، ئىنسانشۇناسلىق تەنقىدچىلىكى، بايانچىلىق تەنقىدچىلىكى، ئەسلى تىپ تەنقىدچىلىكى، ئېستېتىك تەنقىدچىلىككە ئوخشاش ھازىرقى ـ بۈگۈنكى دەۋر تەنقىدچىلىكىنىڭ بىر قىسىم ئۇسۇللىرى مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلىپ، تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىمىزدا كۆپ خىللىشىش ھالىتى شەكىللەندى. بۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش نەتىجىسىدە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەنقىد ئوبيېكتى، تەتقىقات دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. ئەسەر سۇژېتىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ مەنىۋى قاتلىمى، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ـ فولكلور تەركىبلىرى، ئەسەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان پەلسەپىۋى ـ ئەخلاقىي ئىدىيىلەر، ئەسەردىكى بايان ـ قۇرۇلما ماھارەتلىرى، ئەسەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئۇدۇم ـ ئەسلى تىپ تەركىبلىرى قاتارلىقلار تەنقىد ـ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ قاتلىمى كۆپ خىللاشتى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى بۇنداق يېڭىلىق ـ يۈكسىلىشلەر ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

بەشىنچىدىن، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا بىر قىسىم ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس تەنقىدچىلىك قارىشى، تەنقىدچىلىك ئۇسلۇبى ـ ئالاھىدىلىكى شەكىللەندى. ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئۆزگىچە تەنقىد قارىشىغا، تەنقىدچىلىك ئۇسلۇبى ـ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىش بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۇنۇملۇك ھالدا ئەمەلگە ئاشتى. مۇھەممەت پولاتنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە، ھەر بىر يېڭىلىقىغا، گەۋدىلىك نەتىجىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات رېئاللىقى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا شەكىللەندۈرگەن تەنقىد تىلى بار، بۇ تىل ھەم ئەدەبىي ئەسەر تىلىدەك ئوبرازلىق، جانلىق، پاساھەتلىك، شۇنداقلا يەنە ئىلمىي ئەسەر تىلىدەك مەنتىقىلىق، قايىل قىلارلىق. ئازاد سۇلتان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەسىرات تۈسى كەم، تەتقىقات تۈسى قويۇق، ئۇ ئاساسەن ئەدەبىيات تارىخىدىكى داڭلىق ئەدىبلەر ئىجادىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى، ئورنى، ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ تەنقىد قارىشى يېڭى، تەنقىد ئۇسۇلى ئەركىن، باھالىرى دەل جايىدا بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ تەنقىدچىلىكى قويۇق پەلسەپىۋى تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇ تەنقىد ماقالىلىرى ئارقىلىق ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. يالقۇن روزىنىڭ تەنقىدچىلىكى جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى باھالارغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراش ۋە تەنقىدىي روھقا، ئىنكارچىلىق جۈرئىتىگە باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ تەنقىد ئوبيېكتلىرىغا نىسبەتەن ئىنچىكىلەپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلىنىڭ تەنقىد ماقالىلىرى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن چىقىپ باھالاشتەك ئۆزگىچىلىككە ئىگە. مانا مۇشۇنداق روشەن خاسلىق ـ ئالاھىدىلىكلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

ئالتىنچىدىن، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۆزى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىپ، ئۆزىنى قۇرۇپ چىقىش، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى، تەنقىد ئۇسۇلىنى يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدىنىپ، ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئۆز ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتىدىن نەزەرىيىۋى يەكۈنلەرنى خۇلاسىلەپ چىقىش، ئۆزى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىش — ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز قىسقىغىنە بىر مەزگىللىك جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۇنۇملۇك چىقىپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىلىرىگە دىققەت قىلىپ، بۇ ھەقتە تەنقىد ـ تەتقىقات ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئۆز مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەمەلىي، ماھىيەتلىك مەسىللىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى. ئۇنىڭدىن باشقا،

جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى يېڭى ئېقىملار، يېڭى چۈشەنچىلەر، يېڭى ئۇسۇللار تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپ، پايدىلىق تەرەپلىرى قوبۇل قىلىندى. بۇ ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى تېخىمۇ پۇختىلاندى، تەنقىد ـ تەتقىقات ئۇسۇللىرى كۆپ خىللاشتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى يېرىم ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان زور بىر تۈركۈم تەنقىدچىلەرنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز.

بۈگۈنكى زاماندىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرى روزى قاسىم بولدى. روزى قاسىم 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1954 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە خىزمەت قىلغان. مۇشۇ مەزگىللەردە «تارىم» ژۇرنىلىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان. 60 ـ يىللاردا سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، 1966 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋاپات بولغان. روزى قاسىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە «چېگرىدىن خەت»، «يېزامدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ ئەدەبىيات ساھەسىگە تونۇلغان بولسا، كېيىنچە «پوئېزىيىمىزدىكى بەزى ئېغىشلار»، «پروزىمىز ھەققىدە بىرقانچە پىكىر»، «يېڭى ھاياتىمىزغا مەدھىيە»، «ماكسىم گوركىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا» قاتارلىق بىرمۇنچە ياخشى ئىلمىي ـ تەنقىدىي ماقالىلەرنى يېزىپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە ئاساس سالغان. روزى قاسىم ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ تەنقىدچىلىككە كىرىشكەندىن تارتىپلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئال، ئەمەلىي مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، شۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان؛ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەجەللىك يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن؛ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشتەك ئالاھىدە رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۈچ چىقارغان؛ تەنقىد ئەخلاقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تەنقىدنى ئىلمىي ئېلىپ بېرىشتا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە كۆپلىگەن تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتى نەتىجىسىدە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسى ناھايىتى جانلاندى. مۇھەممەت پولات، ئابدۇكېرىم راخمان، مۇھەممەت زۇنۇن، قاۋسىلقان قامىجان، ئابدۇۋەلى كېرىم،

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ماخمۇتجان ئىسلام، ئازاد سۇلتان قاتارلىق بىر تۈركۈم تەنقىدچىلەرنىڭ ئەمگىكى گەۋدىلىك بولدى.

ئابدۇكېرىم راخمان 1941 - يىلى قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1959 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۆزى ئوقۇغان فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچى بولغان. هازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى. ئابدۇكېرىم راخمان 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر ماقالىلىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، بولۇپمۇ 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، فولكلور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەلەرنىڭ ھەرقايسىسىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇ «چىنلىق — ئەدەبىياتنىڭ جېنى»، «تىپىك پېرسوناژ ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم»، «ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر ئاملى تىل»، «شېئىر ئىنچام بولۇشى كېرەك»، «ئۇيغۇر هازىرقى دەۋر پوئېزىيىسىدە داستانچىلىقنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر بىرقاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر هازىرقى دەۋر پوئېزىيىسىدە داستانچىلىقنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى» ناملىق ماقالىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر هازىرقى - بۈگۈنكى دەۋر داستانچىلىقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، تەرەققىيات مۇساپىسى ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، XX ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بىر قىسىم مۇنەۋۋەر داستانلار مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە باھالانغان. ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى مۇكەممەل نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر»، «يازما ئەدەبىيات ۋە فولكلور» قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

بۇ يىللاردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مۇناسىپ تەسىرگە ئىگە تەنقىدچىلەرنىڭ يەنە بىرى مۇھەممەت زۇنۇن. ئۇ 1937 - يىلى قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى نەزەرباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1954 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1958 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 80 - يىللاردىن باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى پائالىيىتى 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ باشلانغان. 80 ـ يىللاردا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «شېئىرىي ئوبراز توغرىسىدا»، «يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىنلىقى ۋە خاھىشچانلىقى توغرىسىدا»، «ئەدەبىي تەنقىدتە خۇشپۇراق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك»، «‹چېنىقىش› ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى بېيىتىش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان.

بۇ يىللاردا كۆزگە كۆرۈنگەن تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بولدى. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 1943 ـ يىلى بۆرتالادا تۇغۇلغان. كانچىلىق تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ئۇزۇن مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1983 ـ يىلىدىن بېرى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغان. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ھەققىدە»، «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟»، «ھەۋزىخان خاكتېرى — ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ مەھسۇلى»، «تېما تاللاش توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى» قاتارلىق كۆپلىگەن تەنقىد ـ نەزەرىيە ماقالىلىرىنى يېزىپ، مەلۇم تەسىر قوزغىغان. 1993 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناش پائالىيىتىدە «كىتابخانلار ياخشى كۆرىدىغان تەنقىدچى» بولۇپ باھالانغان. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات رېئاللىقىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ـ مەسىلىلىرىگە ئوبيېكتىپ دىققەت قىلىش، تەنقىدنىڭ يېتەكچىلىك، تەربىيىلەش رولىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق بىرقاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ «ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچى» (1987 ـ يىل)، «ئەدىب، ئەسەر ۋە باھا» (1993 ـ يىل) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە «‹تارىم› ۋە مەن»، «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» قاتارلىق كىتابلارنى نەشرگە تەييارلىغان.

ماخمۇتجان ئىسلام تونۇلغان شائىر، يازغۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئەدىبنىڭ بۇرچى»، «ئوبزورچىلىقىمىزدىكى بەزى ئېغىشلار توغرىسىدا»، «ئەلقەم ئەختەم ۋە ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى»، «رومانچىلىقىمىزنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم»، «ئەدەبىي تەنقىدنى توغرا ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى»، «ئۇيغۇر

يازغۇچىلىرى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەمدۇ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىي تەنقىد ـ نەزەرىيە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم تەنقىدچىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ـ تەتقىقات جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ئىچىدە ئابلىمىت ئىسمايىل بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ناملىق كىتاب مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر ھازىرقى دەۋر، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەھمەد زىيائى، نىمشېھىت، زۇنۇن قادىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوپ، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر. . قاتارلىق 69 نەپەر ئەدىبنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەت يولى، ۋەكىللىك ئەسەرلىرى بايان ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان. بۇ كىتاب ئارقىلىق ھازىرقى دەۋر، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھەققىدە تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنىڭ يازغۇچىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى چوڭ بىر بوشلۇقى دەسلەپكى قەدەمدە تولدۇرۇلدى.

80 ـ يىللاردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ھېزىم قاسىمۇ بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ 1942 ـ يىلى قەشقەرنىڭ پەيزىۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 60 ـ يىللاردا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1985 ـ يىلدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ ئەدەبىيات ساھەسىگە 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن كىرىپ كەلگەن. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي قانۇنىيەتلەر توغرىسىدا»، «چىنلىق قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسلىرى»، «ھەقىقىي شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم شېئىرلار»، «كومېدىيە ۋە ئۇنىڭ تۈپ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى يازغان. ھېزىم قاسىمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بىر تەرەپتىن، ئاساسەن نەزەرىيىۋى تەنقىدتىن ئىبارەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جەڭگىۋارلىققا باي، «پورۇخ ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان» تەنقىدتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ «تاڭ شەبنەملىرى» (ماخمۇتجان ئىسلام بىلەن بىللە، 1987 ـ يىل)، «ئەدەبىي ئىجادىيەت پرىنسىپلىرى» (1990 ـ يىل)، «دەرۋازا ئالدىدىكى خىياللار» (1990 ـ يىل) قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزورلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

يېڭى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەنقىدچى قاۋسىلقان قامىجان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قاۋسىلقان قامىجان 1945 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان، 60 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ دەسلەپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئىشلىگەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

www.uyghurkitap.com

فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. قاۋسىلقان قامىجاننىڭ ئەدەبىي تەنقىد ھاياتى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ باشلانغان. گەرچە ئۇ قازاق مىللىتىدىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى ئىچىدە «تېيىپجان ئېلىيوپ تەتقىقاتى»، «ئىز ۋە ئۇلگە» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ بۇ كىتابىدا ئۇيغۇر بۇگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە بايان بەرگەن، جۈملىدىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە نىسبەتەن كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن. قاۋسىلقان قامىجاننىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بولغان ئەخەت تۇردى، زوردۇن سابىر قاتارلىق يازغۇچىلار ھەققىدە يازغان ماقالىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ «ئىزدىنىش»، «قەلەم ۋە قەدەم»، «ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە بەدىئىي زوق» قاتارلىق ئوبزورلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئازاد سۇلتان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە قوشۇپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى يېڭىچە قىياپەتكە ۋە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلىشىدە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. ئازاد سۇلتان 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1973 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1978 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە تيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كېيىن فاكۇلتېت مۇدىرى، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ھازىر دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق كەسىپ — «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى» نىڭ يېتەكچىسى، دوكتور يېتەكچىسى شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئازاد سۇلتاننىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. ئۇ شۇندىن تارتىپ، «غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ھەققىدە»، «يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ پروزا ئىجادىيىتى ھەققىدە»، «يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ھەققىدە»، «شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۈلتۇز — يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل توغرىسىدا»، «بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم يىرىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ماقالىلىرى مەملىكەت دەرىجىلىك يادرولۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنى مەملىكەتكە ۋە خەلقئاراغا تونۇتۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. 90 ـ

يىللاردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئازاد سۇلتان يەنە «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى ـ بۈگۈنكى زاماندىكى مۇھىم ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، «ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلىگەن. ئازاد سۇلتان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدىبلەرنى تەتقىق قىلىش، ئەدەبىي تەنقىدكە بىر خىل ئەدەبىيات تەتقىقاتى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش، تەنقىد ئوبيېكتىنى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مۇھاكىمە قىلىش، يېڭىچە ئەدەبىيات قاراشلىرىنى، تەنقىد چۈشەنچىلىرىنى قوللىنىش، مۇھاكىمىنىڭ چوڭقۇر، باھانىڭ ئادىل بولۇشىغا دىققەت قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ئازاد سۇلتانىنىڭ «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئىلمىي ئەسەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 1949 ـ يىلىدىن ئەسىر ئاخىرىغىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسى بايان قىلىنىپ، مۇشۇ يېرىم ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئاساسلىق ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك بولغان نىمشېھىت، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، خېۋىر تۆمۈر، ئابدۇكېرىم خوجا، مۇھەممەتجان سادىق، بوغدا ئابدۇللا، قۇربان بارات، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، خالىدە ئىسرائىل، ئەختەم ئۆمەر، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، تۇرسۇن يۇنۇس قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى، ۋەكىللىك ئەسەرلىرى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنغان. «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق بۇ ئەسەر ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە، نىسبەتەن سىستېمىلىق ۋە تارىخىي يوسۇندا تەتقىق قىلىنغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، نەزەرىيىۋى ئاساسىنىڭ يېڭىلىقى، مۇھاكىمىلىرىنىڭ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇرلۇقى، باھالىرىنىڭ ئىلمىيلىكى، يېزىش ئۇسۇلىنىڭ راۋانلىقى بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى، شۇنداقلا مەملىكەتلىك 5 ـ قېتىملىق «تۇلپار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەنقىدچىلىك ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولدى. گەرچە ئۇنىڭ ئەدەبىيات رېئاللىقىغا يېتىشىپ بولالماسلىق، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدە كۆپ قاتلاملىق، چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرگە ئۇلگۇرۇپ بولالماسلىق، ئىجادىيەتكە نەزەرىيە ۋە تەجرىبىلەر نۇقتىسىدىن يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ بولالماسلىقتەك بەزىبىر يېتەرسىزلىكلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ يېتەرسىزلىكلەر بۇندىن كېيىنكى

تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارا ـ بارا تولۇقلىنىپ، تۈزىتىلىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر باسقۇچىدا، ئەدەبىيات تارىخي تەتقىقاتىدىمۇ ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق مېھنىتى سۈپىتىدە بىرمۇنچە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتىكى تۇنجى يىرىك تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققىنى شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» (1 ـ قىسىم، 1982 ـ يىل) ناملىق ئەسەر بولدى. شەرىپىدىن ئۆمەر ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» (2 ـ قىسىم)، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (2 قىسىم)، « XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (3 قىسىم) قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن گەۋدىلىك هەسسە قوشتى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە ئوتتۇرىغا چىققان يەنە بىر گەۋدىلىك نەتىجە ۋاھىتجان غوپۇر بىلەن ئەسقەر هۈسەيىن بىرلىكتە يازغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تىزىسلار» ناملىق ئەسەر بولدى. بۇ هېسابتا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى بولۇپ، بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ هازىرغىچە ئىزچىل تۈردە مۇشۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئابدۇرېھىم سابىت يازغان تۆت توملۇق «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتاب ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ موللىقى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدىبلەرنى، ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇشتىكى ئىنچىكىلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىك بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ساھەدە غەيرەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىمۇ نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات بويىچە مەيدانغا كەلگەن يۇقىرى سەۋىيىلىك يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ ئەسەردە ئالىم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنى يورۇتۇپ بېرىش ئاساسىدا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلغان. بۇ ساھەدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئەرزىيدىغىنى تەتقىقاتچى نۇرمەھەممەت زاماندۇر. ئۇ ئۇيغۇر هازىرقى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈستىدە مەخسۇس ئىزدىنىپ مۇھىم نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بۇ ساھەدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ بەزىبىر ئىلمىي ئەمگەكلەر قىلىندى. بۇ باسقۇچتا ئابلەت ئۆمەر، سالىھ خۇدابەردى، مۇھەممەتئېلى قادىر قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى مەيدانغا كېلىپ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدا ئاز بولمىغان ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلدى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس بولغان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى يارىتىش ئۈچۈن

تىرىشتى. بۇ ساھەدىكى ئەمگەكلەرنى تىلغا ئالىدىغان بولساق، 1984 - يىلى ئابلەت ئۆمەر يازغان «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى؛ 1990 - يىلى ئابلەت ئۆمەر، ئابدۇكېرىم راخمان، سالىھ خۇدابەردى، تۇرسۇن قۇربان قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار كوللېكتىپ تۈزگەن ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» نەشر قىلىندى، بۇ دەرسلىك مۇكەممەل، سىستېمىلىق يېزىلغانلىقى بىلەن بىرگە يەنە نەزەرىيىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەمەلىيىتىگە دادىللىق بىلەن تەتبىقلانغانلىقى بىلەنمۇ ياخشى باھالارغا ئېرىشتى؛ 1997 - يىلى ئابلەت ئۆمەر باش تۈزگۈچى بولغان، ئابلەت ئۆمەر، ئابدۇكېرىم راخمان، ھەسەن ماموت، ئازاد سۇلتان، ھەسەنجان سادىق، كېرىمجان ئابدۇرېھىملار تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» ناملىق 2 قىسىملىق دەرسلىك كىتاب نەشر قىلىندى. بۇ دەرسلىك كىتاب ئىلگىرىكى دەرسلىكنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا يېڭىدىن مەيدانغا چىققان نەزەرىيىلەرنى قوشۇپ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى كونا چۈشەنچىلەردىن ھالقىپ چىقىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلەندى.

## § 2 . مۇھەممەت پولات

مۇھەممەت پولات ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تەنقىدچىسى. ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتى ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە، ھەم ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە. ئۇ ئەدەبىيات ساھەسىگە دەسلەپ ھېكايە ئىجادىيىتى ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە تەنقىدچىلىك ساھەسىگە ئۆتۈپ، مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى باشلىغان ۋاقتى بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلانغان ۋاقتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق يېڭى دەۋر تەنقىدچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ دەۋرىمىزدىكى تەنقىدچىلەر ئىچىدە تەنقىدچىلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ گەۋدىلىكلىكى، تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئىزچىللىقى، ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى ئۆتكۈرلىكى، تەنقىدچىلىكتە ئۆزىگە خاس تەنقىد تىلى شەكىللەندۈرگەنلىكى ۋە تېخىمۇ مۇھىمى تەنقىدچىلىكتىكى ئادىللىقى، تەنقىدنى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ ئېلىپ بارىدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدچىلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۇنىڭ تەنقىدلىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بېلىنسكىسى» دەپ ئاتىشى ئاساسسىز ئەمەس.

مۇھەممەت پولات 1941 - يىلى 9 - ئايدا تۇرپاننىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇپ تاماملاپ، 1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2 ـ دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇغان. 1959 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. بىر مەزگىل شىنجاڭ «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلىگەن. 1975 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ مۇھەررىر ۋە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

مۇھەممەت پولات ئەدەبىيات ساھەسىگە دەسلەپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە پروزا ئىجادىيىتىنى تاشلاپ، مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ناھايىتى ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكى ھەر بىر قەدىمى بىر يېڭىلىق بولدى، ھەر بىر يېڭىلىقىدا بىر مۇۋەپپەقىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى، ھەر بىر مۇۋەپپەقىيىتىدە بىر قىممەت ياراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەنقىدچىلىك ھاياتىدا ھامان بىر قەدەمنى باشقىلاردىن بالدۇر ۋە نەتىجىلىك باستى. ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزگە نۇرغۇن «بىرىنچى»لەرنى ئېلىپ كىردى. 1981 ـ يىلى ئۇنىڭ «ياخشىراق يازايلى، قىسقىراق يازايلى» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ توپلام يالغۇز مۇھەممەت پولاتنىڭ تۇنجى ئوبزورلار توپلىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى، شۇنداقلا پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكىمۇ تۇنجى ئوبزورلار توپلىمى بولۇپ قالدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزىنىڭ تەنقىد ئوبيېكتى قىلىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەرگە نەزەرىيىۋى جەھەتتىن جاۋاب بېرىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بۇ توپلام ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۈچۈن يول ئېچىش رولىنى ئوينىدى ۋە ئۇنىڭغا پۇختا ئاساس سالدى.

1985 ـ يىلى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھاياتىدىكى مۇھىم بىر ۋەقە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكىمۇ چوڭ بىر ۋەقە بولدى. بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنى ئوبيېكت قىلىپ يېزىلغان مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى بولماسلىقتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى. بۇ ئەسەرنىڭ قىممەتلىك يېرى يالغۇز ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا ئەدەبىياتىمىزدىكى پروزا ژانىرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەر خىل ئاساسلار، رېئالىستىك پروزىچىلىقنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، تەرەققىيات مۇساپىسى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، پروزىچىلىقنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئەدەبىيات باسقۇچلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق يازغۇچىلار، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك

ئەسەرلىرى؛ شۇنداقلا پروزىچىلىقتا مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىۋى، ئەمەلىي مەسىلىلەر نىسبەتەن ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەھلىل - تەتقىق قىلىنىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات يولى ۋە ئىستىقبالى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ چوڭ بىر ئۇتۇقى شۇكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ شۇ يىللارغىچە بولغان ئومۇمىي ئەھۋالى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن؛ قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن؛ ھەر خىل ئىجادىيەت ھادىسىلىرى، جۈملىدىن پروزا ئەسەرلىرى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە تەھلىل - تەتقىق قىلىنغان؛ ساقلانغان ئەمەلىي مەسىلىلەرمۇ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قىسقىسى، مۇھەممەت پولاتنىڭ بۇ ئەسىرى بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ، شۇنداقلا ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنىڭ چوڭ بىر ئۇتۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1990 - يىلى مۇھەممەت پولاتنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ناملىق ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. بۇ توپلام ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىسىنىڭ خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان تۇنجى ۋە بىردىنبىر ئوبزورلار توپلىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى ئېلىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتچىلىرىغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. خەنزۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىرى بۇ كىتابقا تەقرىز يېزىپ، مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى يۇقىرى باھالىدى. مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە بۇ كىتاب مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ ئەدەبىياتىمىزدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسى بويىچە مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۇنجى كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر ماقالىلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلاملار ئىچىدە «ئەدەبىيات ۋە دەۋر» ناملىق توپلىمى ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك ھاياتىدا، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تەنقىدچىنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش — رومانچىلىقىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى»، «تەنقىدنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى»، «يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى» قاتارلىق ماقالىلىرىدىن بىز ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ئۇسلۇب - ئالاھىدىلىكلىرىنى، شۇنداقلا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. چۈنكى بۇ توپلامغا ئۇنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىلەردە ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئۇسلۇب - ئالاھىدىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يازغۇچى ئۈچۈن قانچە مۇھىم بولسا، تەنقىدچى ئۈچۈنمۇ شۇنچە مۇھىم. چۈنكى ئەشۇ ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىقلا ئاندىن ئەدەبىيات ساھەسىدە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ؛ شۇ ئۇسلۇب ـ ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆزىنىڭ سۆزىنى سۆزلىگىلى، پىكرىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. مۇھەممەت پولات ئەنە شۇنداق ئۆزىگە خاس تەنقىدچىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تەنقىدچى. ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيەتتە مۇشۇ دەۋر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولغاچقا، تەنقىدچى بولغان ئادەم چوقۇم مۇشۇ دەۋر ئەدەبىياتى ھەققىدە نىسبەتەن چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە، بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ئەدەبىيات رېئاللىقى ھەققىدە ئومۇمىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، ئايرىم ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئومۇمىي گەۋدە ئىچىگە قويۇپ باھالىيالايدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات رېئاللىقىدىن كەڭ دائىرىلىك خەۋەردار بولۇش تەنقىدچىگە قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەت پولات تەنقىدچىگە قويۇلىدىغان بۇ خىل شەرتنى ئەڭ ياخشى ھازىرلىغان تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقىغا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەت، ھەر بىر يېڭىلىق، ھەر بىر مەسىلە ھامان ئۇنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرىدۇ، ئەدەبىيات ھادىسىسى ھېسابلىنىدىغان ھەر بىر ئىشنى ئۇ تەنقىدچىگە خاس سەزگۈرلۈك بىلەن تەھلىل ـ تەتقىق قىلىپ، باھالاپ تۇرىدۇ. ھېسابتا ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى قاراۋۇلى. پەقەت شۇ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەدەبىياتىمىز تەنقىدسىز قالمايدۇ، تەنقىدچىلىكىمىز توختاپ قالمايدۇ، دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىللىك ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، يېڭى دەۋردىكى ئەسەرلىرىمىزنى، ئەدىبلىرىمىزنى ئۇ ئەڭ كۆپ باھالىدى، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك ياكى ئۆزگىچە بولغان، ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە بولغان ھەر بىر ئەدىب ۋە ئەسەر ئۇنىڭ دىققىتىدىن سىرتتا قالمىدى؛ يېڭى دەۋردە پەيدا بولغان ھەر خىل ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى ئۇ ئەڭ كۆپ مۇھاكىمە قىلدى، «رومانچىلىق قىزغىنلىقى»، «گۇڭگا شېئىرلار»، «ئىزدەنمە ھېكايىلەر» ھەققىدە مۇھىم قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە مەيدانغا كەلگەن نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۇ ئەڭ كۆپ گەۋدىلەندۈردى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن بەك سۆيۈندى. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەنقىدچىلىكىنى ئاساسەن داڭلىق ئەدىبلىرىمىزنى، مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىمىزنى تەتقىق قىلىپ باھالاشقا، شۇ ئاساستا ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بېغىشلىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە. ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدىغان زوردۇن سابىر، تېيىپجان ئېلىيوپ، زۇنۇن قادىرى، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، خالىدە ئىسرائىل، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئوسمانجان ساۋۇت . . . قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ياكى ئايرىم

ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ تەنقىدلىرى ئاساسىدا مۇئەييەن باھالىنىشقا ئېرىشتى ۋە ئۆز قىممىتىنى تاپتى. ئەدەبىيات رېئاللىقىمىزدىكى داڭلىق يازغۇچى ـ شائىرلارنى، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان مۇشۇ بىر قاتار ماقالىلىرى بىلەن ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات تارىخىنى ئۆزىگە خاس بىر خىل ئۇسۇلدا يېزىپ چىقتى.

مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە تولىمۇ سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان تەنقىدچى. ئۇ ئەدەبىي تەنقىدنى سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئىلمىي مۇھاكىمىگە تايىنىپ ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلىرى، باھا ـ قاراشلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ، شۇنداقلا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە قايىللىقىغا ئىگە. تەنقىدچىلىك بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت بولغاچقا، باشقىلارغا، باشقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە باھا بېرىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغاچقا، ئۇنىڭدا ئىلمىيلىك، توغرىلىق، ئادىللىق، سەمىمىيلىك. . . نى ئاساس قىلغان تەنقىدچىلىك پەزىلىتىنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم. تەنقىدچىنىڭ پەزىلىتى تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن تەنقىدچىلىكنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇھەممەت پولات بۇ جەھەتتىمۇ تەنقىدچىلىرىمىزگە ئۈلگە بولۇپ كەلدى.

مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتەئۆزىگە خاس تەنقىد تىلى شەكىللەندۈرگەن تەنقىدچى. ئۇنىڭ تىلى بىزدىكى ئۆلچەملىك تەنقىد تىلى بولۇپ، مەنتىقىگە، مۇھاكىمىگە باي، شۇنداقلا يەنە كۈچلۈك نەزەرىيىچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭ تەنقىد تىلىدىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر خىل كۈچلۈك ھاياجان ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، بۇ ھاياجان ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشتىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ھاياجان ئەسەر ياكى يازغۇچى ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى كىتابخانىنىڭ قەلبىگە بىر خىل لىرىك ھالەتتە ئېلىپ كىرىپ، مۇھاكىمە ۋە بايانىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە پۇختا بولغاچقا، بۇ ھال ئۇنى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ قىممىتىنى باھالاشتا پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە قىلغان. ئەمما، ئۇ كىتاب، ماقالىلىرىدا نەزەرىيىنى پەش قىلمايدۇ، ئۇنى ئۆلۈك قوللانمايدۇ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى نەزەرىيىگە بېقىندۇرىدىغان، نەزەرىيە ئارقىلىقلا چۈشەندۈرۈپ كونا ئۆلچەملەرگە سېلىپ باھالايدىغان بىلىمسىزلىكنى ئۇ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزى ئۇلارنى باھالاشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنى ئەڭ چۈشىنىدىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇرلار مۇھىتىدا قويۇپ تەتقىق قىلىشنى بىلىدىغان تەنقىدچى. شۇ سەۋەبلىك گەرچە ئۇنىڭ ماقالە ئەسەرلىرىدىن ھازىرقى ئەدەبىياتنىڭ بەزى يېڭى چۈشەنچىلىرىنىڭ، ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرەلمىسەكمۇ، لېكىن، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭى شەيئى ـ ھادىسىلەرنى يەنىلا شۇنداق ياخشى چۈشەندۈرەلەيدۇ، ھەممىنى قايىل قىلغۇدەك باھالىيالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەدەبىيات رىئاللىقىدىكى مۇھىم، ماھىيەتلىك ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بولغاچقا، تەنقىدچى ئۈچۈن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە بولغان ھازىرجاۋابلىق ناھايىتى مۇھىم. مۇھەممەت پولات بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئەڭ ياخشى ھازىرلىغان تەنقىدچى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر ياخشى ئەسەر مەيدانغا چىقتىمۇ، باشقىلار ئۇنى ئوقۇپ بولغۇچە، مۇھەممەت پولات ئۇنى تەنقىدچىلىك نەزەرى بىلەن باھالاشقا ئۈلگۈرىدۇ. بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيانقى چوڭراق ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھېسابلىنىدىغان «داغ» ، «قۇم باسقان شەھەر» رومانلىرى ھەققىدە ئالدى بىلەن ئۇ ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدچىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھازىر جاۋابلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە ھېس قىلدۇرۇپ تۇردى. ئەسىر ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئويلىنىشتىمۇ ئۇ يەنىلا ئاۋانگارت بولدى.

مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش جەھەتلەردىمۇ ئاز بولمىغان ئەمگەكلەرنى سىڭدۈردى. بۇ ئەمگەكلىرى ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مۇنەۋۋەر يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئاساسىدا «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» ناملىق يىرىك ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىدى؛ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تارىخىدىكى داڭلىق شائىر تېيىپجاننى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال، تېيىپجاننىڭ ماقالە، ئەسلىمە، ھېكايىلىرىنىڭ ئومۇمىي توپلىمى «تېيىپجان ئېلىيوپ ئەسەرلىرى»نى نەشرگە تەييارلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ، «ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزدى، نەشرگە تەييارلىدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى، ئۇ يېقىندا خەنزۇ تەنقىدچىلىرى ـ ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھەققىدە ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ـ ئەسەرلىرى ھەققىدە يازغان تەنقىد ـ تەتقىقات ماقالىلىرى ئاساسىدا «ساداقەت زېمىندا ساقلىنىدۇ» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. بۇ توپلامدىكى ماقالىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خەنزۇ ئەدىبلىرى ـ كىتابخانلىرى قەلبىدىكى ئورنىنى چۈشىنىپ بېقىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۇنىڭدىكى تەسىرىنى بىلىش، شۇنداقلا ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇھەممەت پولاتنى XX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ۋەكىلى دېسەك، بۇ قارىشىمىز ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى باشلامچىلىق ئورنى، تەنقىدچىلىكىمىزگە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدى، بارلىقىنى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئەگەر بىزدە مۇشۇنداق تەنقىدچىلەردىن كۆپرەك بولغىنىدا ئىدى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى يەنە باشقىچىرەك بولغان، يەنى تېخىمۇ گۈللەنگەن بولاتتى. قىسقىسى، مۇھەممەت پولات ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، ئۇنى بىر خىل ئەدەبىياتشۇناسلىق پېنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بويىچە قانداق ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا چىقتى؟

2. يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

3. بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدىكى نەتىجىسى گەۋدىلىك تەنقىدچىلەر قايسىلار؟

4. «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابنى نېمە ئۈچۈن ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ئىلمىي ئەسەر دەيمىز؟

5. مۇھەممەت پولاتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟

6. مۇھەممەت پولاتنىڭ ئاساسلىق تەنقىد ئالاھىدىلىكى نېمە؟

7. مۇھاكىمە سوئالى: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەنقىدچىلىك ساھەسىگە قانداق قارايسىز؟

# مەنبە قىلىنغان، پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار


1. ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.

2. ئازاد سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» (دۆلەتلىك تەتقىقات تېمىسى)، قولىيازما نۇسخا.

3. ئابلىمىت ئىسمايىل، ماخمۇتجان ئىسلام: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ نەشرى.

4. مۇھەممەت پولات: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

5. مۇھەممەت پولات: «ئەدەبىيات ۋە دەۋر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

6. مۇھەممەت پولات: «ئەدەبىيات — چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.

7. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئەدەبىيات توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

8. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى لۇغىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.

9. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.

10. ئابدۇللا مەتقۇربان: «زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: تۇنىياز ئابىد
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ


# ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك
# ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى


تۈزگۈچى: ئازاد سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم


---


شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)
(ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومىرى 830046)
شىنجاڭ ئالتۇن يارۇق مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مم، 1/16، باسما تاۋىقى: 23.5
2002 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 2500 — 0001

---

ISBN 7 — 5372 — 3427 — 2/G • 165
باھاسى: 38.00 يۈەن